ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت



# ئاي پەيلى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

# 71 — 100

# 维吾尔原创文学作品精选

ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت

# ئاي پەسلى

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

月亮季节：维吾尔文 / 阿提坎木·斯迪克著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2015.9
ISBN 978-7-228-19557-2

Ⅰ. ①月… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第222527号

— 现实题材作品

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 阿依古丽·阿西木 |
| 特约校对 | 阿不力孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 13 |
| 版　　次 | 2016年10月第1版 |
| 印　　次 | 2016年10月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 37.00元 |



ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت 1969 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىردە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1983 ـ يىلىغىچە ئوپال يېزىلىق باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1983 ـ يىلى كونىشەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمى كەسپىنى مەخسۇس كۇرس بويىچە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇپ پۈتكۈزگەن. ئۇ ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

1996 ـ يىلى «يېزا پۇل مۇئامىلە گېزىتى»دە، «دوستۇمغا» ناملىق ساتىراسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ژۇرناللاردا «رەڭ»، «مۇھەببەتنىڭ پايانى» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «ئېرىمنىڭ كىچىك خوتۇنى»، «شورلۇق» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «دادامنىڭ سايىسى»، «مىراجخان»، «مەن ھېچنېمە دېمىدىم» قاتارلىق شېئىرلىرى، «يۈرەك نىدالىرى»، «ھايات كۆندۈرگۈچى» قاتارلىق نەسرلىرى بولۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 2005 ـ يىلى بىر تۈركۈم شېئىرلىرى 14 ـ قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 2010 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئەدىب» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب  يامغۇردىكى قىز ........................... 1
ئىككىنچى باب  تەلەي ........................................ 18
ئۈچىنچى باب  شەمشىدىن ھاجىم ......................... 30
تۆتىنچى باب  ۋىسال ...................................... 36
بەشىنچى باب  قىز كۆرىكى .............................. 53
ئالتىنچى باب  كەچتىكى پاراڭلار ....................... 65
يەتتىنچى باب  تويلۇق ئالتۇن ............................ 74
سەككىزىنچى باب  توي ...................................... 81
توققۇزىنچى باب  يۈز ئاچقۇ .............................. 97
ئونىنچى باب  قەشقەر كوچىلىرىدا ....................... 113
ئون بىرىنچى باب  ئىچ پۇشۇقى ........................... 140
ئون ئىككىنچى باب  يوقلاق ............................... 148
ئون ئۈچىنچى باب  كەتمەن بازىرىدا ..................... 158
ئون تۆتىنچى باب  قايتىش ................................ 175
ئون بەشىنچى باب  كېلىنلىك كوچىسى ................... 187
ئون ئالتىنچى باب  ئېھسان ................................ 208
ئون يەتتىنچى باب  ئاينىگار خېنىم ...................... 218
ئون سەككىزىنچى باب  پىچاق يارىسى ..................... 228
ئون توققۇزىنچى باب  ئازنا ................................ 244
يىگىرمىنچى باب  ھىجران .................................. 249
يىگىرمە بىرىنچى باب  چېقىلغان ئۆي ..................... 262
يىگىرمە ئىككىنچى باب  ئىسسىقلىق ئاش .................. 269
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  ناتىۋان ............................ 276

يىگىرمە تۆتىنچى باب  ئات قويۇش چېپىشى ........................ 283
يىگىرمە بەشىنچى باب  ئاي پەسلى ........................ 300
يىگىرمە ئالتىنچى باب  زەللە قىينىقى ........................ 326
يىگىرمە يەتتىنچى باب  ئىپتار ........................ 335
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  ھېيتلىق گىزەك ........................ 342
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  روزا ھېيت ........................ 347
ئوتتۇزىنچى باب  سەۋدا ........................ 357
ئوتتۇز بىرىنچى باب  ياش يۈرەكنىڭ دەردى ........................ 367
ئوتتۇز ئىككىنچى باب  ئەپۇ سوراش ........................ 380
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  ئاشكارا مەخپىيەت ........................ 385
ئوتتۇز تۆتىنچى باب  زاۋالدا ........................ 398
ئوتتۇز بەشىنچى باب  دىل رەنجى ........................ 404

# بىرىنچى باب

## يامغۇردىكى قىز

يامغۇر يېغىۋاتاتتى. گۈلزىننەت كونا دەرۋازا كوچىسىدىن چىقىپ دوقمۇشتىكى دۆڭدە گۈزەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن يا تۆۋەندىكى يولدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە، يا چاۋاك مەھەللىسىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان قىزغۇچ بىنالارغا، يا كوزىچى ياربېشىدىكى قەۋەت - قەۋەت ئۆيلەرگە ۋە ياكى يامغۇردىكى شەھەرنىڭ نەمخۇش گۈزەللىكىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندەك ھېسسىز، جەزبىسىز ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چىڭىۋالغان ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان چاچلىرىدا يامغۇر تامچىلىرى تۇرۇپ قالغان، ئۇستىبېشى ئازراق ھۆل ئىدى.

دۆڭنىڭ گىرۋىكىگە تىزىپ قويۇلغان گۈللەردىكى يامغۇر تامچىلىرى سۇس يالتىرايتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە ماشىنىلار، توكسىكلىتلار، ۋېلسىپىتلەر توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئۇلارغا چۈشكەن يامغۇر بىلەن گۈللەرگە چۈشكەن يامغۇر باشقا - باشقا ئىقلىمدا ياغقان يامغۇرلاردەك ئادەمگە بېرىدىغان تۇسى پەقەت ئوخشىمايتتى.

گۈلزىننەت يامغۇرنى ياخشى كۆرەتتى، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ ئۇزاق ئايلانغۇسى، يىراقلارغا كەتكۈسى، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئىسسىق قوللىرىنى تۇتۇپ، نامەلۇم بىر چىغىر يولدا ئايلىنىپ يۈرگۈسى كېلەتتى.

ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىمۇ يامغۇر ياغسىلا يامغۇردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئوينايتتى. بەزىدە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ يامغۇرغا يۈزىنى تۇتاتتى، يۇزىدىن، يۇمشاق چاچلىرىدىن، چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىدىن سارقىغان يامغۇر سۇلىرى قوينىغا كىرىپ كەتسە ئەندىكىپ تۇرۇپ ئۆزىچە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. يامغۇردا يۈگۈرۈپ ئوينىغىنىنى ياكى ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ يۈزىنى يامغۇرغا تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئانىسى: «ئۇنداق قىلما، قىزىم، ئاغرىپ قالىسەن، نېمىشقا يامغۇرغا بۇنچە ئامراقلىق قىلىدىغانسەن» دەپ ئۇنى مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتەتتى. دادىسى بولسا: «مەيلى، يامغۇر سۈيى تەننى ساق قىلىدۇ، يامغۇردا بەك ئۇزاق تۇرۇۋالماي بىردەم ـ يېرىمدەم تۇرغاننىڭ زىيىنى يوق» دەيتتى.

گۈلزىنەت بويىغا يېتىپ خىجىل بولۇشنى بىلگەندىن بېرى يامغۇردا يۈگۈرۈپ باقمىدى.

بۇ دۆڭدە تۇرۇپ قارىسا، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. چوڭ يولدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار، توكسىكلىت، موتوسىكلىت مىنىۋالغان ئادەملەر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تولىمۇ تېزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. سۈيى ئازلاپ، قىنى تارىيىپ كېتىۋاتقان تۈمەن دەرياسى شاۋقۇنسىز ئاقاتتى. ھۆكۈمەت خېلى كۈچەپ قىنىنى كېڭەيتىپ چېپىپ، ئەتراپىنى قاشالاپ باققان بولسىمۇ سۇ باش تەرەپتىنلا ئاز بولغاچقا يەنىلا ئۇنۇمى بولمىدى. ياز كۈنلىرى لايقىپ ئاققان سۇ بىردەمدىلا دەريانى تىندۇرۇپ قوياتتى. شۇڭا، بۇ يەردىن دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئەسلا ئاڭلىغىلى بولمايتتى. قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدىلا ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەتتا نەچچە قېتىم سالقىن ھەم پاكىز كۆرۈنىدىغان مەكتەپ قورۇسىغا بويۇنداپ قاراپمۇ باققانىدى. ئۇنىڭغا خۇددى مەكتەپنىڭ ھويلىسىدا قۇياش باشقىچە

پارلايدىغاندەك، ئاسمان باشقىچە سۈزۈك بولىدىغاندەك، دەرەخلەر باشقىچە ئېگىز، گۈللەر باشقىچە رەڭدار ئېچىلىدىغاندەك بىلىنگەن، بۇ يەردە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان ياكى ئايلىنىپ يۈرگەن باللار ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى گۈللۈكتە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەردەك كۆرۈنگەنىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇ نېمىشقىدۇر مەكتەپ تەرەپكە قارىمىدى.

بۇ يامغۇردا باللىق ۋاقتىمدىكىدەك يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرەلمىسەممۇ، سىرتنى بىر ئايلىنىپ كېلەي دەپ ئۆيدىن چىققان گۈلزىنىنەت بۇ دۆڭدە خىيالچان، ئۈمىدسىز، روھسىز تۇراتتى. ئەمدى يامغۇر ياغقان بىلەنمۇ يامغۇردا ئايلىنىپ كەلگۈدەك پۇرسەت قانچىلىك دەيسىز؟ رەسىدە بولغان قىزلار يۈرۈش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ. ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا: «قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى، ئۇزاق ئوقۇسا بولمايدۇ، قىز بالا ناماز شامدىن كېيىن تالاغا چىقسا بولمايدۇ، قىز بالا ئەر كىشىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىسا بولمايدۇ، قىز بالا ئادەم كۆپ جايدا قاقاھلاپ كۈلسە بولمايدۇ، قىز بالا چوڭلار بىلەن گەپ تالاشسا بولمايدۇ، قىز بالا ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىسە بولمايدۇ، يۇيۇقسىز قاچا - قۇچىنى، كۆلنى، ئەخلەتنى ئۆيدە بىر كېچە ساقلىسا بولمايدۇ ...» دەپ ھەر بىر قەدىمىگە ئىرماش - چىرماش ئېھتىيات سىزىقى سىزىپ، تاس قالدۇ ئولتۇرغان جايىغا كۆزگە كۆرۈنمەس مىخ بىلەن مىخلىۋەتكىلى.

كۈچەيگەن يامغۇر ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا تارسىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ گويا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق غەم - قايغۇلىرىنى، ھەسرىتىنى يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك يامغۇردا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تۇردى.

بۇ شەھەردىكى كوچىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. خېلى يەرلىرىگىچە دەل - دەرەخ، ئېرىق - ئۆستەڭ ياكى باغىبارالڭ يوق. لېكىن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە ياكى ئىشىك باشلىرىغا قويۇپ قويۇلغان گۈللەر ۋە

يامدىكى ئەنجۈر ياكى ئۈزۈملەر بۇ كوچىلارغا ئۆزگىچە تۈس بېرىدۇ. يانمۇ يان تۇرىدىغان، بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆيلەر، تۇتاش ئۆگزىلەر، ھەيۋەتلىك قوش قاناتلىق ئىشىكلەر، ئۈستى يېپىلغان گىرىمسەن كوچىلار مۇشۇ كوچىدىكىلەرنىڭ ئۆزگىچە ياشاش ئەنئەنىسىنى، ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇلىنى، جاھاندارچىلىق ئەندىزىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

بۇ كوچىلاردىكى ئەرلەر ئاساسەن دېگۈدەك سودا ـ تىجارەت، ھۈنەر بىلەن، بەزىلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالا بېقىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، بەزىلىرى دوپپا تىكىپ ياكى يېڭىدىن چىققان خەرىتىلىك كەشتىلەرنى تىكىپ سېتىپ، ئائىلىسىنىڭ ئۇششاق چىقىملىرىنى قامدايدۇ.

بۇرۇن ئۇششاق سودا ـ سېتىقنىمۇ ئەرلەر قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا بارىدىغان توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرى بولمىسىلا، ئاياللار ئۆيدىن چىقمايتتى. بىرەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، ئوغۇل بالىلارنى، پەقەت بولمىغاندا كىچىك قىزلارنى چىقارتىشاتتى. چوڭ ئاياللار ياكى رەسىدە بولغان قىزلار ئاساسەن ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، ئاكىلىرىدىن بىسوراق تالاغا چىقمايتتى. توي ـ تۆكۈنلەرگە كېلىنى ياكى قىزلىرى بىلەن ئەپىيەڭگىلەر بىللە باراتتى.

ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ئاڭقىرىپ قالغان ۋاقتى بۇ مەھەللىدە، ئادەملەردە خېلىلا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان چاغ ئىدى. كۆرۈنۈشى تېز ئالماشقان، ۋەقەلىكى جىددىي كىنولارغا شۇنچە قادىلىپ ئولتۇرۇپمۇ ھېچنېمىنى ئېسىدە تۇتالمىغان تاماشىبىندەك، ئۇ شۇنچە كۆزىتىپ، كاللىسىدا قالغىنى تارىخ كىتابىنىڭ ئىچكى مۇقاۋىسىدىكى مەشھۇر مۇزېينىڭ مۇكەممەللىكىگە ھەۋەس قىلغانچىلىك بىر تۇيغۇ ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا كەلگۈسىلا بار، بۇ كەلگۈسى پايانسىز دېڭىزدىكى ماياكتەك ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنى كۆۋەجىتىپ تۇراتتى.

نىمىشقىدۇر بەزىدە ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە چۆمۈلۈپ، ئارامبەخش كىرىسلودا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچكۈسى، دېڭىز ساھىللىرىدا ئاپتاپقا قاقلانغۇسى، ھەشەمەتلىك تىياتىرخانىلاردا بالېت كۆرگۈسى، پاراشۇتتىن سەكرىگۈسى، تاغلارغا يامىشىپ ھاياجانغا چۆمۈلگۈسى كېلىپ قالاتتى. بۇلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىيال ئىدى، خالاس .

بۇ كوچىلاردىن بارا - بارا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان قىزلار، كېلىنلەر چىقىۋاتاتتى. ئۇلار ئەتىگىنى ئىشقا بېرىپ كەچتە قايتىپ ئەرلىرى بىلەن تەڭ ئائىلىسىنى قامدايتتى. بەزى ئائىلىلەردە ئەر - ئايال تەڭ تىجارەت قىلاتتى، ئۆز ئالدىغا يۇرت ئارىلاپ ھەتتا چەت ئەللەرگىچە چىقىپ تىجارەت قىلىدىغان ئاياللارمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئىشلار ئاياللارنىڭ يالغۇز سىرتقا چىقىشىغا بولمايدىغان قائىدىنى تۈيدۈرمايلا بۇزۇپ تاشلىدى.

بۇ كوچىلاردا تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلار تىلى، ئايىغى چىققاندىن باشلاپلا دادىلىرىنىڭ، ئاكىلىرىنىڭ كەينىدىن دۇكاندا، بازاردا يۈرۈپ سودىغا پىشىدۇ. شۇڭا، بۇ بالىلار ئون - ئون بەش ياشلىرىدىن باشلاپلا ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلالايدۇ. بالاغەتكە يېتىپ ئەر بولغۇچە ئىشلارغا كۆزى يېتىپ، خېلى - خېلى ئىشلارنى دىتلاپ بولالايدۇ. شۇڭا بۇ كوچىلاردا ھۈنەرسىز، سودا - تىجارەتسىز ياشايدىغان ئائىلىلەر كەمدىن - كەم. ھېچ بولمىسا بىر ئۆيدىن چوقۇم بىرەر - ئىككى بالىسى تىجارەتچى، سودىگەر، بىر- ئىككى بالىسى ھۈنەرۋەن، كاسىپ بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مانا ئەمدى بالىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئائىلىلەرمۇ بارلىققا كەلدى. يەنە تېخى بىر مەھەللىدە بىرەردىن بولسىمۇ چېگرا سىرتى بىلەن سودا قىلىدىغانلار، چەت ئەلدە ئوقۇيدىغانلارمۇ بار بولدى. لېكىن ھەربىر ئائىلىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاتا كەسپى ياكى تىجارىتى يەنىلا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ

كېلىۋاتاتتى.

ئاتا ـ ئانىلار قىزلارنى كۆزى ئېچىلغاندىن باشلاپلا قائىدە ـ يوسۇنلۇق تەربىيەلەيدۇ. ئاش ـ تاماق، يىڭنە ئىشى، ئۆي تۇتۇش، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، گەپ ـ سۆز، ئادەملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتىن تارتىپ ئۇششاق ئىشلارغىچە ئۆگىتىدۇ.

زامان يېڭىلىنىقلىرى ئەسلىدىكى ياشاش ئەندىزىسى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، توي ـ تۆكۈنلىرى، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە ھېيت ـ ئايەملىرى شەھەرنىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ماكانغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇرۇن بۇ كوچىلاردا ياشايدىغانلار «بىز دېگەن خان ئەۋلادى» دېيىشىپ باشقا يەردىن كەلگەنلەر بىلەن ئاساسەن قۇدا ـ باجا بولۇشمايتتى، بۇ شەھەردىكى باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ كوچىلىقلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە زىل قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ماسلىشىپ بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قۇدا ـ باجا بولۇشنى خالاپ كەتمەيتتى. ھازىر ئۆزئارا قۇدا ـ باجا بولۇش، ئارىلىشىپ ياشاش خېلى ئومۇملىشىپ، قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

تەرەققىيات بۇ كوچىلارنى رەڭدار خىشلار بىلەن بېزەپ، ئۆيلەرنى يېڭىلىدى. دۇكانلار شىركەت ـ كارخانىلارغا، سودىگەر ـ تىجارەتچىلەر كارخانىچى غوجايىنلارغا ئۆزگەردى. ھۈنەرۋەنلەر كەسىپلەشتى. كىچىك غالتەكلىك تىجارەتچىلەرمۇ چىرايلىق دۇكانلارغا كىرىپ ماكانلىشىپ ئۆز ئەجرىنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

ھەممە ئۆزگىرىۋاتاتتى. شۇ قاتاردا بۇ كوچىلاردىكى قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ ئۆزگەردى، تەرەققىي قىلدى. قائىدە ـ يوسۇنلاردىكى نامۇۋاپىق ئۆزگىرىشلەر كويزا ـ كىشەنلەرگە ئوخشاش شۇ قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئىجاد قىلغانلارنىڭ، قارىغۇيۇق قوبۇل قىلغانلارنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى مەھكەم چۇشىدى. بەزىلەر بۇ قائىدە ـ يوسۇنلارغا بويسۇنغۇسى كەلمىسىمۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ

بىرنىمە دەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بەزىلەر بىلىپ ـ بىلمەي قوشۇلۇپ، قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ جارچىسى، ئىجراچىسى، ئىجادچىسىغا ئايلىنىپ ھەم ئۇنى تېخىمۇ «بېيىتىپ» ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئالدىراش قىلىۋەتتى.

گۈلزىننەت دائىم ئائىسىنىڭ تويغا ماڭسا ھاشارغا ماڭغاندەك بىرمۇنچە كوتۇلداپ، بىرنىمىلەردىن قاقشاپ ماڭغىنىنى كۆرەتتى، خان ئاچىسى خۇرشىدە خېنىمنىڭ ھازىرقى مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالاتتى.

ئەنە شۇ شەرەنداز ئاياللار ئاشۇ قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمايتتى. بەزىلىرى ھەتتا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقى ئاز قېلىۋاتاتتى. بەزىلەر ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەق ئۈچۈن ياشاشنى تاللايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. «خەق شۇنداق قىپتۇ، خەق شۇنداق كىيىپتۇ، خەق شۇنداق يەپتۇ ...» شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ كىيىدىغانلىرىمۇ ئوخشاش، يەيدىغانلىرىمۇ ئوخشاش، دەيدىغانلىرىمۇ ئوپئوخشاش بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

يەنە تېخى ئۆيلەرنىڭ لايىھەسى، بېزىلىشى، جابدۇلۇشىمۇ ئوخشاش ئىدى. بىر ئۆيدە مېھمانغا ئېتىلىدىغان غىزا بىلەن يەنە بىر ئۆيدە ئېتىلىدىغان غىزا ئوخشاش ئىدى. ھېيتتا داستىخانغا تىزىلىدىغان مەزە، گىزەك، مېۋە ـ چېۋىلەرمۇ ئوخشاش، تويلارمۇ ئوخشاش، چايلارمۇ ئوخشاش ئىدى. ئەگەر ئوخشىماسلىق بار بولسا، بۇ چوقۇم يېڭى بىر قائىدىنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىدىن بولاتتى.

بەزىلەر ئۆز ئېھتىياجى، ئۆز كۆڭۈل رايى بويىچە ئەمەس، خەق قىلغاننى قىلىپ «سەندىن مەن قالامتىم» دەپ ياشاشقا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتى. باشقىلار قىلغاننى قىلمىسا، ئۇلار قىلغاننى

قىلالمىغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز ئېھتىياجى بويىچە ئەمەس، خەقنىڭ قىلغىنى بويىچە قىلىشاتتى. بەزىلەر «خەق»تىنمۇ ئاشۇرۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ «خەق»تىنمۇ ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى، ئىش بىلىدىغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىشاتتى.

كۆپ ساندىكى ئادەملەر يېڭى قائىدە - يوسۇنلاردىن بىزار بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە «خەق نېمە دەپ قالىدۇ» دەپ، ئۆزى خالىمايدىغان ئاشۇ قائىدىلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بەجا كەلتۈرەتتى.

گۈلزىنەت گۈزەرگە چۈشىدىغان دۆڭدە كۆز ئالدىدىكى دۇنياغا خۇددى سىرتتىن كېلىپ قالغان تاماشىبىندەك قاراپ تۇراتتى. يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ يولدا ئادەملەر يەنىلا نۇرغۇن ئىدى، كىشىلەر يولىنى ئالدىراش داۋام قىلاتتى. دوپپىسىنىڭ ئۈستىگە يالتىراق خالتىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ مېۋە سېتىۋاتقان باققاللار، ناۋايلار، لىغىرداقچىلار، ئۆپكە - ھېسىپچىلارنىڭ سودىسى يامغۇرنىڭ تەسىرىدە كاساتلىشىپ قالغانىدى. يېقىنىلا يەردىكى ئانار شەربىتى ساتىدىغان كىشىمۇ ئىستاكانلارغا سىقىپ قويغان ئانار شەربىتىنىڭ ئۈستىگە نېپىز يالتىراق يېپىپ قويغانىدى.

توكسىكلىتتا كىرا قىلىدىغان كىراكەشلەر شەھەر باشقۇرغۇچىلار كېلىپ ھارۋىلىرىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ يېنىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئادەمگە:

— كىرا! كىرا... بىر يەرگە بارسىلا ئاپىرىپ قوياي، — دەيتتى ئۆزىمۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك تۆۋەن ئاۋازدا.

تۈركىيە كىنولىرىنى كۆرۈش قىزغىنلىقى سىنتەخسە ساتقۇچىلارنى كىچىككىنە جان بېقىش بوشلۇقىغا ئېرىشتۈرگەنىدى. ئۇلار ئوغرىلىقچە كۆپەيتىلگەن ئەرزان باھالىق سىنتەخسىلەرنى سېتىشاتتى. بۇنداق سىنتەخسىلەرنىڭ خېرىدارلىرى ئەسلى نەشردىكى سىنتەخسە خېرىدارلىرىدىن

كۆپ ئىدى. ئۇلار خېرىدارلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن:
— «سەلتەنەتلىك يۈز يىل»نىڭ ئاخىرى چىقتى... ھۆررەم خانىش يوقىلىپ كەتتى... — دەپ توۋلاپ قوياتتى. نىمكەش يانفونلارنى قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرغان يانفونچىلار يېنىدىن ئۆتكەنلەرگە:
— ساتىدىغان تېلېفون بولسا ئېلىپ قوياي، — دېيىتتى ھېسسىز، زېرىكەرلىك بىر خىل ئاۋازدا. ئۇلارنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىدىن بۇ سۆزمۇ تىترەپ تەستە چىقاتتى.
تۇرمۇش غېمى تىترەتكەن، يۇگۈرتكەن، تەرلەتكەن، يەنىلا ھەممىگە چىداپ تىك تۇرغان بۇ ئادەملەر كۆپرەك پۇل تېپىپ تۇرمۇشنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىدە يامغۇردىمۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈن رىزقىنى ئىزدەپ مىدىرلاپ يۈرۈشەتتى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر خىل نەم، مۇڭلۇق ھالەت پەيدا قىلغانىدى. ئىچىگە لىققىدە ئادەم تولغان ئاپتوبۇسلار ئېغىر گەۋدىسىنى تەستە سۆرەپ ئىرغاڭلاپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. يېشىل رەڭلىك چىرايلىق تاكسىلار بۇ يامغۇرلۇق كۈننى خۇشخۇي بىر تۇستە بېزەپ ئادەمگە بىرخىل ئازادە تۇيغۇ بېرەتتى.
گۈلزىننەت تەشتەك بازىرى تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ نەم ئۆگزىلىرىگە، ئاشخانىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا جايلاشتۇرۇلغان قاسقاندىن ئۆرلەۋاتقان قويۇق ھورغا، پەلەمپەيسىمان تىزىپ قويۇلغان تەشتەك، كۈپ، كوزا، خۇمىرا، تاۋاق، سوزما، ساپال تەخسە، ساپال چەينەك، ئىۋرىق ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ھەر خىل ساپال بۇيۇملارغا قاراپ قويۇپ شۇ تەرەپكە قاراپ دۆڭدىن پەسلىدى.
كەتمەن بازىرى بىلەن تەشتەك بازىرى تۇتىشىدىغان دوقمۇشتا بىر ساتىراشخانىنىڭ ئالدىدا ئىككى - ئۈچ ئايال ئەدىيالغا مەھكەم يۆگەلگەن بوۋاقلارنى كۆتۈرگىنىچە نۆۋەت ساقلىشىۋاتاتتى. ئۇلار يامغۇردا بالىلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ

كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بالىلىرىنى مەيدىسىگە چىڭ تېڭىۋالغانىدى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇ ساتىراشخانىغا كالتىسى كەملىكتىن چېچى شالاڭ بولۇپ قالغان بالىلىرىنىڭ بېشىنى چۇشۇرۇش ئۈچۈن كېلەتتى. ھازىر بۇنداق بالىلار كالتىسى تولۇقلاش ئارقىلىق ساقىيىدىغان بولسىمۇ ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار كالتىسى بەرگەن بىلەن يەنىلا شەرتىنى قىلىۋەتمىسە، بالىلىرىنىڭ كۆزى ئالىغاي بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر چارشەنبە، شەنبە كۈنلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ، شەرتىنى قىلاتتى.

ئۇ تەشتەك بازىرىدىن ئۆتۈۋېتىپ بىر ئۆينىڭ تېمىغا قىسىلىپ تۇرغان ئۇجمە دەرىخىنىڭ تېخىچە يېشىل پېتى تۇرغان يوپۇرماقلىرىغا قاراپ قويدى. ئۆي ئىگىسى ئۇجمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تامنى ئاتايىن ئۇجمىدىن ئەگىتىپ ئەتكەنىدى.

چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ كوزىچى ياربېشىدىن ئۆتسىلا تۇمەن دەرياسى ئىدى. ئۇ كوزىچى ياربېشىنى ئارىلاپ ئالتە قىرلىق سېرىق خىش بېسىلغان تار كوچىدىن يۇقىرى ئۆرلىدى. ساياھەتچىلەر بولسا كېرەك، بويىنىغا ئاپپارات ئاسقان، راھەت كىيىملەرنى كىيىۋالغان سېرىق چاچ ئادەملەر ئاپپاراتلىرىنى ئۇنىڭغا توغرىلىۋىدى، ئۇ يۈزىنى يانغا بۇراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئادەم بۇنداق كوچىلاردا ئاۋايلاپ ماڭمىسا ئېزىپ قالاتتى. شۇ كوچىدا ياشايدىغانلار كوچىغا بېسىلغان خىشنىڭ قىرىغا قاراپلا ئاخىرىغا چىققىلى بولىدىغان كوچا ياكى خالتا كوچا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. يېڭى كىرگەن ئادەم بولسا ئېزىپ قېلىپ چىقىپ كېتىدىغان ئېغىزنى تاپالمايتتى. قىيا ئۈچۈق ئىشىكلەردىن بۆشۈكچىلەر، تۇماقچىلار، ماتاڭچى، پەشمەتچىلەرنىڭ ھۈنەر قىلىۋاتقىنى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن بەزى ئۆيلەر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، قەدىمىي ئاسارىئەتىقىلەر بىلەن بېزەلگەن، ھويلىلىرىغىچە ساياھەت بۇيۇملىرى ئېسىۋېتىلگەن بولۇپ، خۇددى كىچىك بازارغىلا

ئوخشايتتى.

ئۇ بۇرۇنمۇ مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ تۇمەن دەرياسىغا باراتتى. شۇڭا، بۇگۇنمۇ دەريا بويىغا بارىدىغان يولنى ئاسانلا تېپىپ، كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى داڭلىق كۇلالچىنىڭ كوچىنى يېپىپ سېلىنغان ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى پەلەمپەي بىلەن دەريا بويىغا چۈشتى.

بۇگۇن تۇمەن دەرياسىدا سۇ كۆپىيىپ قالغانىدى، مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۇنلەردە سۇ كۆپىيىپ قالغان بىلەن ئادەتتە سۇ ئاز ئىدى. ئۇ ئىلگىرى دەرس تەكرار قىلغىلى كېلىدىغان كىچىك كۆل بويىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ئىلگىرى ئۇ دوستلىرى ھەببە خېنىم، رەيھانگۇل، باھارگۇللەر بىلەن بىللە كېلىپ مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايتتى. كۇلىدىغان گەپكىمۇ، كۇلمىسىمۇ بولىدىغان گەپكىمۇ كۇلۇشۇپ كۇنلىرىنى شۇنچىلىك غەمسىز ئۆتكۇزگەنىدى. ئۇ ھازىر ئويلاپ شۇ چاغدا زادى نېمىگە كۇلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇيدىغان، ئاتا - ئانىسى ھۇنەر - تىجارەت قىلىدىغان تۆت قىزدىن باھارگۇللا ئوقۇشقا كەتتى، قالغان ئۇچ قىز دەردى ئىچىدە قالدى.

يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ تاش ئورۇندۇقتا مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى، يامغۇر ئۇستىبېشىنى تامامەن ھۆل قىلىپ بولدى. ئاندا - ساندا ئۆتۇپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار: «بۇ قىز نېمىشقا يامغۇردا ئولتۇرىدىغاندۇ؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويۇشاتتى.

ئۇدۇلدىكى دوختۇرخانىنىڭ كۇل رەڭ بىنالىرى يامغۇردا نەمدىلىپ تېخىمۇ قېنىق كۆرۇنەتتى، دوختۇرخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئۇستى يېپىق چوڭ بازاردا دادىسى بىلەن ئاكىسى تىجارەت قىلاتتى. بۇ بازارنى ھۆكۇمەت «ئوتتۇرا

ئاسىيا سودا بازىرى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاچقان بولسىمۇ كىشىلەر «يېڭى بازار» دەپ ئاتاپ كۆنۈپ قالغانىدى. بۇ بازارنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپلا قالماستىن، ماللىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، ھەرقانداق نەرسە تېپىلاتتى.

ئۇ تىترەشكە باشلىدى، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىدى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يۈزىنى يامغۇرغا تۇتتى.

ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپۈكتەك توزۇغان، كۆڭۈل دېرىزىسىدە يېتىشتۈرگەن گۈللەر قۇرۇپ پەقەت خىرە بىر بوشلۇقلا قالغانىدى. ئۇ ئاشۇ خىرە بوشلۇققا تىكىلىپ ئولتۇرغىلى ئۇزاق بولدى، كۆزىنى شۇ يەردىن زادى يۆتكىگۈسى كەلمەيتتى. تۇيۇقسىز ئۇ بوشلۇقتا قۇياش پارلاپ ئىللىق نۇر چۈشىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپمۇ قالاتتى.

«ئەگەر ... »دىن باشلىنىدىغان خىياللار ئۇنى قىينايتتى. «ئەمدى ... »دىن باشلىنىدىغان خىياللارنىڭ قىينىشى تېخىمۇ ئازابلىق ئىدى. «ئەگەر ... » بىر يورۇق نۇقتىدا پارلاپ ئۇنى خىيالىي دۇنياسىدا مەست قىلسا، «ئەمدى ... » ئۇنىڭغا بىر قاراڭغۇ خەرىتىنى تاشلاپ بېرەتتى. ئۇ سىزىقلىرى بەزى كۆرۈنۈپ، بەزى كۆرۈنمەيدىغان ئاشۇ قارا خەرىتە ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرۈۋاتاتتى.

«ئەگەر ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگەن بولسام ھازىر قەيەردە بولار ئىدىم؟ ساۋاقداشلىرىم ئوقۇۋاتقان شەھەرلەردىمۇ يامغۇر ياغقانمىدۇ؟ ئۈرۈمچىنى يامغۇر كۆپ ياغىدىغان شەھەر دەپ ئاڭلىغانىدىم... ئەگەر ئالىي مەكتەپكە بارالىغان بولسام، بەلكىم شۇ تاپتا كۈتۈپخانىدا ياكى سىنىپتا ۋە ياكى ياتاقتا ... ئىشقىلىپ قولۇمدا كىتاب بولاتتى، مەن كەلگۈسۈمنىڭ خەرىتىسىگە بىر چېكىت ـ بىر چېكىتتىن ئىز سېلىپ بەخت ئارىلىمىنى ياساپ چىقاتتىم. ئىسىت، نېمىشقا قورقۇنچاق بولۇپ قالغان بولغىيدىم ـ ھە؟ ئەگەر تەشۋىشلىنىش كېسىلىم بولمىغان بولسا؛ ئەگەر

ئىمتىھان كۈنى ھوشۇمدىن كەتمىگەن بولسام؛ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلىگەن بولسام؛ داداممۇ باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ دادىلىرىغا ئوخشاش ئازراق «يول» مېڭىپ كەملەپ قالغان بىر نەچچە نومۇرۇمنىڭ ئورنىنى قىلىپ بەرگەن بولسا، مەنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولار ئىدىم.»

دەريادىكى سۇ يۈزىگە چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى سۇدا ئازراقلا تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ دەريانىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ يىراقلارغا ئېقىپ كېتەتتى. گۈل - گىياھلارنىڭ يوپۇرماقلىرىدا يامغۇر تامچىلىرى تۇرۇپ قالغانىدى، يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار تېخىمۇ يېشىل كۆرۈنەتتى ...

«ئېھ، قىسمەت، مېنى نېمە كۈنلەرگە دۇچار قىلارسەن؟ ئون سەككىز يېشىمدا ماڭا نېمىلەرنى بىلدۈرۈپ، نېمىلەردىن مەھرۇم قىلارسەن؟ گۈلزىننەت، سەن كىملەرنىڭ ھاياتىغا زىننەت بولۇپ، ھايات بېغىڭنى ئاۋات قىلارسەن؟» ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشلار يامغۇر سۈيى بىلەن ئارىلىشىپ ئېتىكىگە چۈشتى. يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى.

ئۇ دەرسلەردە خېلى ياخشى ئىدى، لېكىن دائىم ئىمتىھان ۋاقتىدا جىددىيلىشىپ دىققىتىنى يىغالمايتتى. نېمە بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كاللىسى ئاق قەغەزدەك قۇپقۇرۇقلا بولۇپ قېلىپ ھېچ نەرسىنى ئېسىگە ئالالمايتتى، يوشۇرۇن بىر تەشۋىش ئۇنىڭ كاللىسىنى ھەرىكەتتىن توختىتىپ قوياتتى. سەل نورماللىشىپ جاۋابلارنى يېزىشقا باشلىغاندا بولسا ئىمتىھان ۋاقتى توشۇپ كېتەتتى.

سىنىپ مۇدىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىلغان، پىسخىكا مەسلىھەتچىلىرىنى ئىزدەپ ئۇنىڭدىكى بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلغانىدى.

ئۇ بۇرۇنقىدىن سەل - پەل ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ

يەنىلا جىددىيلىشىشتىن، تەشۋىشلىنىشتىن، ئىچىدىكى تۈگمەس قورقۇنچتىن قۇتۇلالماي، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندا ھوشىدىن كەتتى. مەكتەپتە ئۇنىڭچىلىكمۇ ئوقۇيالمىغان، ئىمتىھاندا ئۇنىڭچىلىكمۇ نومۇر ئالالمىغان ساۋاقداشلىرىمۇ ئالىي مەكتەپلەرگە كېتىشتى، لېكىن ئۇ قاتارلىق بىرنەچچە بالا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئالىي مەكتەپكە بارالمىدى.

ئالدىنقى ھەپتىدە ساۋاقدىشى ھەبىبەنىڭ توي بولدى. ئالىي مەكتەپكە بارالمىغان ئىككى قىز تويدا ھەبىبەگە ھەمراھ بولۇشتى. ھەممىسىنىڭلا روھى چۈشكۈن، چىرايىدا ھېچبىر توي خۇشاللىقى جىلۋىلەنمەيتتى.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ كەينىگە «ئەمدى ...» دېگەن ئەندىشىلىك ئويلار كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسى ھەم قەلبى خۇددى ئىمتىھان مەيدانىدىكىگە ئوخشاشلا قۇپقۇرۇق ئىدى.

«ئەمدى نېمە ئىش قىلىپ ئۆتەرمەن؟ مېنىمۇ ھەبىبەدەك كىچىكلا ياتلىق قىلىۋېتەرمۇ؟» دېگەن خىيال كاللىسىغا كەلگەن ھامان قەلبى تەشۋىشكە تولدى.

توي بولدى دېگەن گەپ ئانىسىغا، خان ئاچىسىغا ئوخشاش چوڭ بولدى دېگەن گەپ. تويۇقسىزلا ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىن قېچىپ يىراقلارغا كەتكۈسى كەلدى، خۇددى ھېلىلا بىر توپ يىگىتلەر قىيقاس سېلىپ توي تارتىپ كېلىپ ئۇنى كۆچۈرۈپ كېتىدىغاندەك ئەندىكتى.

ئۇ ئاكىسىنىڭ، ئاچىسىنىڭ توي بولغاندا كىچىك ئىدى. تويى بولغان قىزلارنىڭ توي كۈنى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدى. جىققىدە ئالتۇنلارنى ئاسقان قىزقىزىل كۆڭلەك، ئاق غىجىم رومال ئىچىدە سىرلىق بىر ھالدا يۈزىنى يېپىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا تويى بولغان قىزلارنىڭ شۇ تۇرقى بەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. يۈزىنى ئوراپ ھېچكىمگە گەپ

قىلماي ئولتۇرغان قىزلارنىڭ تويى كۈنىدە نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بەكمۇ بىلىپ باققۇسى كېلەتتى.

ئاكىسىنىڭ تويى بولغاندا يېڭى كېلىنىنىڭ يۈزىنى ئۇ ئاچقان، ئۇ ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ يېڭى كېلىنىنىڭ يۈزىگە يېپىلغان قىزىل رەختنى قايرىپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئەتراپىدىكىلەر: «خان ئاچىلىرىنى سۆيۈپ قويسىلا ! » دېگەندىن كېيىنلا ئېسىگە كېلىپ پەرىدەك چىرايلىق خان ئاچىسىنى سۆيۈپ قويغانىدى.

«مېنىڭمۇ تويۇمنى قىلىۋېتەرمۇ؟ » ئۇ بۇ خىيالدىن يەنە تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى.

بۇرۇن ئۇ سىنىپتا ئولتۇرسا تۇيۇقسىز ئورۇندۇق سۇنۇپ كېتىدىغاندەك، ماشىنىغا چىقسا ماشىنىنىڭ چاقى چىقىپ كېتىپ ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ياكى دېرىزىدىن نامەلۇم بىر نەرسە كىرىپلا ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىدىغاندەك، پىيادە ماڭسا كەينىدىن بىرەر ماشىنا كېلىپلا ئۇنى سوقۇپ مىجىۋېتىدىغاندەك، ياكى ئالدىدىكى يولدا تۇيۇقسىز بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ نامەلۇم تەشۋىشلەردىن قورقۇپلا يۈرەتتى.

«تويۇمنى قىلىۋېتەرمۇ؟» دېگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغاندىن بېرىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق ئويلار كېلىشكە باشلىدى. خىيالىدا گاھ يۈزىنى قاپقارا ساقال باسقان، كۆزلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان بىر تەلۋە ئەر ئۇنى قوغلايتتى، ئۇ قاچاتتى. گاھ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ھاراق پۇراپ تۇرغان بىر ئەر ئۇنى خۇددى قوناق سوققاندەك كومشىتىپ ئۇراتتى، گاھ كۈلۈپلا تۇرىدىغان بىر ئەر قۇلىقىدا ئۇزۇن ھالقىسى ساڭگىلاپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىزنى بۇ مېنىڭ

كىچىك خوتۇنۇم دەپ ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلەتتى ... ئىشقىلىپ قاچانلاردىدۇر چوڭ ئايالالارنىڭ پاراڭلىرىدىن قۇلىقىغا كىرىپ قالغان ئاشۇنداق ئىشلارنى ئۆز بېشىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرىكىنى مۇجۇپ قورقۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ ئۆيگە قايتقان ۋاقتىدا ئۈستىبېشى ھازىرلا سۇدىن چىققاندەك چىپ - چىپ ھۆل ئىدى، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ، تىترەپ كەتكەنىدى.

— ۋاي بالام، ئۇزاق يوقىلىپ كەتتىڭ، نەلەرگە بېرىپ كەلدىڭ؟ سېنى ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى، — دېدى قوشنىسى ھاۋا خېنىمنى ئۇزاتقىلى چىققان ئانىسى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ، — نەگە بارىدىغىنىڭنى دەپ قويساڭ بولمامدۇ؟

— يامغۇردا بىردەم ئايلىنىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ ئانىسىغا ھاۋا خېنىم بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشكەچ.

— قىز بالا يوغانلا بولۇپ قالغاندىمۇ يامغۇردا لەلەڭشىپ يۈرەمدىغان؟ خەق كۆرسە نېمە دەپ قالىدۇ؟ قاچان چوڭ بولارسەن - ھە؟!

ئانىسى داۋاملىق ئىككى گەپنىڭ بىرسىدە «قىز بالا بولغاندىكىن» دەيتتى، خۇددى قىز بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنى گۇناھتەك.

ئانىسىنىڭ گېپىگە گۈلزىننەتنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئەزەلدىن ئاتا - ئانىسىغا تىك بېقىپ قارىمايدىغان، گەپ ياندۇرمايدىغان گۈلزىننەت ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— ماڭ، ئىتتىك كىرىپ كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ، چاي ئىچىپ ئىسسىنىۋال، بولمىسا زۇكامداپ قالىسەن، — ئانا شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ كېلىنىگە قارىدى:

— دورا - دەرمەكنى قېنىقراق قىلىپ ناۋات بىلەن چاي دەملەپ بەرسىلە، بالام، بۇ قىز يامان چاغدا ئاغرىپ قېلىپ يۈرمىسۇن.

ئانىسىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ «يامان چاغ» دەۋاتقىنىنى گۈلزىننەت بىلەلمىدى. چوڭلار دائىم شۇنداق، بەزى گەپلەرنى دەۋېرىدۇ، بەلكىم كۈزدە ئاغرىپ قالسا قىشچە كېسەلدىن ئۆرە بولالمايدۇ دەۋاتقاندۇر.

ئۇ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ سۇپىدا دېرىزىگە قاراپ ئولتۇردى. يامغۇر دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلۇپ ئاستا پەسكە سارقىۋاتاتتى. دېرىزىگە قارىسا، يامغۇر سۇيىدە خىرەلەشكەن ئەينەكتىن دۇنيا يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىمۇ يىغلاۋاتاتتى.

# ئىككىنچى باب

## تەلەي

گۈلزىننەت ھۆل كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغۇسى كەلمەي ئېزىلىپ ئولتۇرغاندا خان ئاچىسى كىرىپ كەلدى.

خۇرشىدە خېنىم يىگىرمە بەش ياشلاردا بار، چىرايى سوزۇق، ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ باغرىنى سۇۋاپلا تۇرىدىغان، قانىتى يەتسۇن، يەتمىسۇن ھەممە ئادەمگە ياپقۇسى كېلىدىغان سۆيۈملۈك چوكان ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇستىباشلىرى يەنە شۇ ھۆل پېتىغۇ! — خان ئاچىسى ئاسقۇدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ نەم چاچلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىنى ئىسسىق ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — گۈلزىننەت خېنىم، بەك تەلەيلىرى بار ئىكەن جۇمۇ! — دېدى.

گۈلزىننەت خان ئاچىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا دېگەن بۇ گېپىدىن ئەجەبلەندى، تەلەي كەلگۈدەك نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— قانداق تەلىيىم بارئىكەن، خان ئاچا؟ — دېدى گۈلزىننەت تەئەججۇپ بىلەن .

ئۇنىڭچە بولغاندا ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشلا بەخت ھېسابلىناتتى.

«دادام ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇم ئۈچۈن بىرەر يول تاپقانمىدۇ؟ ئالدىنقى يىلىمۇ قوشنىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن قىزى خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ،بىر سان ھەل بولۇپ

قالدى، دەپلا ئالىي مەكتەپكە كەتكەن. ماڭىمۇ شۇنداق «ھەل بولۇپ
قالغان، ساندىن بىرەرسى چىققانمىدۇ؟» ئۇ شۇلارنى خىيال
قىلىپ خان ئاچىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ھۆل چاچلىرى
پېشانىسىگە چاپلىشىپ كۆزلىرى مۆلدۈرلەپلا قالغانىدى.

— گۈلزىنىنەت خېنىم، سىلى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدىم
دەپ بەك پۇشۇقۇنۇپ كەتتىلە. ئوقۇشۇمغا يول ماڭمىدى، دەپ
دادامدىن، ئاكىلىرىدىن رەنجىپ يۈرىۋاتىلا. ماڭا دېسىلەچۇ، سىلى
راستىلا خىزمەتچى خانىم بولۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلامىلا؟ — خان
ئاچىسى سۆزمەن ئىدى. ئۇ گۈلزىنىنەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش
ئۈچۈن چەينەكتىكى چاينى تاۋلاپ ئولتۇرۇپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — سىلى كەچكىچە ئىت قوغلىغاندەك چېپىپ
يۈرىدىغان ئاشۇ خانىملاردەك ياشىماقچىمىتىلە؟ ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇپ، ئاخىرىدا يەنە شۇنداق ئاياللاردىن بولماقچىمۇ؟ سىلىچە
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلار بەختسىز بولۇپ قالارمۇ؟ ماڭا
قارىسىلا، بەخت دېگەن بىر ئايالنىڭ نىكاھتىكى ھەمراھى ۋە شۇ
ھەمراھى بىلەن بىللە قۇرغان ئائىلىسى. ئەگەر مۇشۇ
ئىككىسىنى توغرا قىلالمىسا، ئالىي مەكتەپتە ئەمەس،
ئامېرىكىدا ئوقۇسىمۇ بەختىنى تاپالمايدۇ. كۆرۈپ يۈرىۋاتىمىز،
ئايال كىشى دېگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ چەت ئەللەردە
ئوقۇپ، ئالىم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ھامان يەنە توي قىلىپ،
بالىلىق بولىدىغۇ؟ بىر ئەر بىلەن بىللە ياشايدىغۇ؟ بىرمۇنچە جاپا
تارتىپ يەنە شۇ ئەرگە تېگىدۇ، ئۆي تۇتىدۇ، بالا باقىدۇ. ئەگەر
ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇ نورمال ئايالمۇ بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە،
جاپا تارتمايلا ياخشى بىر ئەرگە تېگىپ، ئۆي تۇتۇپ، بالا بېقىپ
ياشىغاننىڭ نېمىسى يامان؟ ئەرگە تېگىش ئۈچۈن ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوققۇ؟!

مېھىرلىك، سۆيۈملۈك، چىقىشقاق خان ئاچىسى شۇ تاپتا
ئۇنىڭغا باشقىچە يات بىلىندى. چۈنكى، ئۇ خان ئاچىسىنى بۇنداق
سۆزلەرنى قىلىدۇ دەپ ئويلىمايتتى.

گۈلزىننەتنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى قىزغۇچ گۈلگۈن شولا ئۆچتى. ئۇ كۆزلەر ئەزەلدىن نۇرلىنىپ باقمىغاندەك جىمجىت ھەم قاراڭغۇ بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈمۈنۈشلىرى يەنىلا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. دېمەك، ئۇ تەلمۈرگەن، ئىنتىزار بولغان گەپ ئالىي مەكتەپ ھەققىدىكى گەپ ئەمەس ئىدى.

خۇرشىدە خېنىم ئەدىيالنى ئېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېپىپ قويۇپ:

— سىلىچە مەن بەختسىز ئايالمۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە باقتى.

بۇ كۆزلەرنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەكچىدەك گۈلزىننەتمۇ بۇ كۆزلەرگە تىكىلدى. ئۇ يۈز ئاچقۇ كۈنى كۆرگەن خان ئاچىسىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، چىرايلىق يۈزىنىڭ قېنى قاچقان، چاچلىرىنىڭمۇ رېڭى توزۇغانىدى.

«خان ئاچام بەختسىز ئايالمۇ؟» ئۇ خان ئاچىسىنى ھېچقاچان بەختسىز ئايال دەپ ئويلاپ باقمىغان. «ئەمىسە خان ئاچام بەختلىك ئايالمۇ؟ بەلكىم بەختلىكتۇر ... لېكىن ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان ... ئەمىسە بىلىم ئېلىش بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟»

«بار ! زىچ مۇناسىۋىتى بار ! » نەلەردىندۇر ئۇنىڭغا شۇنداق بىر غايىب ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. بەخت پەقەت خاتىرجەم ياشاش، ھايات كەچۈرۈش بولسا، خان ئاچىسىنىڭ دېگەنلىرىنىمۇ خاتا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇنداق ياشاشنىڭ ئۆلۈمنى ساقلاشتىن نېمە پەرقى؟ بۇ پەقەت ئۆلۈم كەلگۈچە ئاچ قالماي، يالىڭاچ قالماي دالدىنىپ تۇراي دېگەنلىك بولۇپ قالامدۇ؟ گۈلزىننەت شۇلارنى خىيال قىلىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى مېھرىنۇر مۇئەللىمنىڭ «ئادەم توختىماي بىلىم ئېلىشى، ئۆز نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، تىرىشىشى كېرەك» دېگەن گېپىنى ئەسكە ئالدى.

خۇرشىدە خېنىم گۈلزىننەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى.

— بىلىلا، ئاكىلىرى تىجارەت قىلىپ، جاپا تارتىپ پۇل تېپىپ بىزنى باقىدۇ. مەن ئۆيدە بالا بېقىپ، چوڭلاردىن خەۋەر ئالىمەن، ياراتقۇچىدىن ئېرىمنىڭ ساقلىقىنى، تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىنى، كۆڭلىنىڭ مەندىن باشقىغا يۈگۈرۈپ قالماسلىقىنى تىلەشتىن باشقا بىرەر ئىشنىڭ غېمىنىمۇ يېمەيمەن. سىلىچە بۇ بەخت ئەمەسمۇ ؟ ئايال كىشى ئۈچۈن خاتىرجەملىكنىڭ ئۆزى بەخت.

يۈزى سەل قىزىرىپ ئېسىلگەن خان ئاچىسى ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى. كۆزلىرىدە نۇر يېلىنجاپ ئىچكى ھاياجىنىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

گۈلزىننەت بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرى يامغۇر بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەندەك روھسىز ئولتۇراتتى. خان ئاچىسىنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرى ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەكلا ئېتىبارسىز ئىدى.

— مېنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەپ ئىدارىدە پالاقشىپ، ئۆيگە قايتقاندا ئاش - تاماق ئېتىپ، بالا بېقىپ ھالىدىن كېتىدىغان، يەنە تېخى تاپقان پۇلىنى ئېرىدىن سوراپ خەجلەيدىغان؛ كېچىسى بىرەر كۈن خاتىرجەم ئۇخلاپ باققىنىنى، بىرەر كۈن پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ خاتىرجەم ئاپتاپسىنىپ باققىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاشۇ خىزمەتچى خانىملارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. يەنە تېخى ئەرلەردىن ئىش تالىشىپ رىقابەتلىشەرمىش ... نېمە جاپا؟ ! ھەر قانچە رىقابەتلەشسىمۇ ئۇلار ئەر كىشى بولۇپ قالمايدۇ - دە ! بىچارىلەر كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ كېلىپ تاماق ئېتىدۇ، يېرىم كېچىگىچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، بالىسىنى باقىدۇ، سەھەر تۇرۇپ بالىسىنى مەكتەپكە ياكى يەسلىگە توشۇيدۇ. بىچارە بالىلارغا تېخى ئۇۋال. چۈشتە ئۆيدە تاماق يېيەلمەي، ئاشخانىلاردا بويۇن قىسىپ تەمتىرەپ

يۈرگەن، مەكتەپتىن كەلسە ئىشىك ئېتىك، تالادا شۈمشىيىپ تۇرغان، شۇمۇ كۈنمۇ؟! ئەرلىرى ئىشتىن كەلسە ئۆيدىن كۈلۈپ چىقىپ هاردۇق سورايدىغان ئايال يوق، بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچەي دېگەندە قويۇپ بېرىدىغان ئايال يوق... بىردەم مۇڭدىشاي دېسە تۈگمەس ئۆي ئىشىنىڭ دەردىدە پالاقشىپ يۈرۈپ چىراي - تۇرقىدىن كەتكەن ئاياللىرىدىن دىلى سۇ ئىچمەي، باشقا يەرلەردە يۈرگەن ئەرلەرمۇ ئاز ئەمەس، شۇمۇ كۈنمۇ ؟!... ئەخمەق بولمىسىلا، ئۆي خوتۇنى دېگەن خان خوتۇن، هەممە نېمىسى تەييار، بوران - شامال كۆرمەي گۈلدەك ياشايدۇ ...

گۈلزىننەتنىڭ ئىسسىغان تېنىنى ئۇيقۇ بېسىپ كېتىۋاتاتتى. خان ئاچىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇيقۇنى سەزمىگەندەك گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئايالى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كۈتىدىغان ئەرلەر ئۆزىنى خۇددى پادىشاهتەك سېزىدۇ. ئۇ ئۆز ئىلكىدىكى شۇ ماكانىنى قوغداش، گۈللەندۈرۈش، شۇ ماكان ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. خىزمىتى يوق ئاياللارنى سەل چاغلىمىسىلا، بۇنداق ئاياللارمۇ داۋراڭ سېلىپ يۈرمىگەن بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ. بىر ئائىلىنى گۈللەندۈرۈش، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلەش، چوڭلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش، بىر ئائىلىنى خاتىرجەم قىلىپ، جەمئىيەتنى جەمئەتكە ئۇلاشمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. يەنە كىچىكلىك قىلىپ خىيال سۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرمىسىلا، باشلىرىنى ئەگىپ ئۇچۇۋاتقان «بەخت قۇشى»نى قانداق قىلىپ قوللىرىغا قوندۇرۇشنى ئويلىسىلا. ئايال كىشى هەرقانچە ئىشچان، تىرىشچان بولغان بىلەن ئەردىن تەلىيى كەلمىسە، ئۆمرى ئازابتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قانداق ياشاشنى ، ئۆينى قانداق ئۆي قىلىشنى بىلمەيدىغان ئەر جانغا جاپا. ئايال كىشىنى ياشاش نىشانىنى بىلمەيدىغان ئەرگە تېگىپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن.

خورشىدە خېنىمنىڭ ئېرىدىن، تۇرمۇشىدىن پەخىرلىنىشلىرى، ئىدارە ـ ئورگانلاردا خىزمەت قىلىدىغان ئاياللارغا ئىچ ئاغرىتىشلىرى، بەخت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى گۈلزىننەتنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىغانىدى. خان ئاچىسى قېنىق دەملەنگەن چايدىن قۇيۇپ گۈلزىننەتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى:

— چاينى قىزىق ئىچىۋالسىلا، زۇكامداپ قالسىلا بولمايدۇ.

گۈلزىننەت بۇ ھەقتە خان ئاچىسى بىلەن گەپ تالىشىشقا كىچىكلىك قىلاتتى. شۇڭا، كۆڭلىدىكى «مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئۇلار ئەمەس، مېنىڭ بىزنىڭ مۇئەللىمدەك بالىلارغا ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارغا بىلىم ھەم مېھىر بېرىدىغان، سۈپسۈزۈك ئەينەكلىرى چاقناپ تۇرغان سىنىپلاردا بالىلارنىڭ سەبىي چىرايىغا، سۈزۈك كۆزلىرىگە قاراپ دەرس سۆزلەيدىغان، ئۇلارنىڭ گۈلزارلىقتىكى كېپىنەكلەردەك يايراپ يۈرگىنىنى؛ ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىلىرىدەك ئالىي مەكتەپلەرگە ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئەجرىدىن پەخىرلىنىدىغان ئوقۇتقۇچى بولغۇم؛ ئۇلاردەك ياشىغۇم، ئۇلاردەك ئۆز ئىشلىرىمنى ئۆزۈم قىلغۇم، يىراق يۇرتلارنى كۆرۈپ باققۇم، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، كىتابلاردا ئوقۇغان، كىنولاردا كۆرگەن ئاياللاردەك ئەركىن، خۇشال ياشاپ باققۇم بار ...» دېگەن گەپلىرىنى دەپمۇ يۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممە نەرسە بەرىبىر دەكلا ئىدى.

گۈلزىننەت خان ئاچىسىنىڭ ئەزەلدىن شۇنداق گەپكە ئۇستا ئىكەنلىكىنى ياكى بۈگۈن تۇيۇقسىز شۇنداق گەپدان بولۇپ كەتكىنىنى بىلەلمەي ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ئاچىسىدەك بولۇپ قالغان بۇ ئايالنىڭ ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك سۆزلىگىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ھاۋا خېنىم ئاچام سىلىگە لايىق تونۇشتۇرۇپ كىرىپتۇ! — دېدى خان ئاچىسى ئاخىر ئايانچلىق بىر خۇشاللىق بىلەن.

— ھە، ماڭىمۇ ؟ — دېدى گۈلزىنىنەت ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ. باياتىنقى گەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ئىكەن ـ دە ئەسلى ! دېمەك، ئوقۇيمەن دەپ يۈرمە، ئەمدى توي قىل دېمەكچى ئىكەن ـ دە.

ھەبىبەنىڭ تويى بولغان كۈنى ئۆزىنىڭمۇ ئەمدى ئۇزاققا قالماي تويى بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن، لېكىن بۇنچە تېز بولار دەپ ئويلىمىغانىدى، ئۇنىڭدا تېخى بىرەر يات جىنسقا كۆڭۈل يۈگۈرتكۈدەك تەييارلىقمۇ يوق ئىدى. خىيالىدىكى ھېلىقى ھەر خىل سىياقتىكى ئەرلەر ئۇنى قورقۇنچقا سالاتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ شۇنچە ئويلىنىپمۇ ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر ئەرنىڭ سىيماسىنى كۆڭلىدە پەيدا قىلالمىغانىدى.

— ھەئە، سىلىگە، — دېدى خۇرشىدە خېنىم، — ئۇ يىگىت ئۆستەڭبويىلىق باھادىرخان ھاجىمنىڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن. كەچتە دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماقۇللۇق بەرسە ئۆگۈنلۈككە كۆرۈشۈپ باقىدىغان بولدۇڭلار. ئۇ بالا ئاكىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ دادىسىنىڭ توپ تارقىتىش دۇكىنىغا تۈركىيەدىن مال يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. تۈركىيەدىمۇ بىر دۇكىنى بار ئوخشايدۇ، بەزىدە تۈركىيەدە تۇرۇپ شۇ دۇكىنىغا قارايدىكەن. بۇ دېگەن شەھىرىمىزدىكى نى ـ نى قىزلار ئارزۇ قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان لايىق جۇمۇ ! بايا شۇڭا سىلىنى «تەلەيلىرى بار ئىكەن» دېدىم. كېيىنچە سىلىنىمۇ تۈركىيەگە ئاچىقىپ كېتەمدۇ تېخى ! ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىلىمۇ بۇنچىلىك تەلەيگە ئېرىشەلمەيتتىلە، يوق، بىلگىلى بولمايدۇ ... باياتىن شۇنچە كۆپ سۆزلىگىنىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنلا؟ ئالىي مەكتەپنى خام خىيال قىلىپ دېرىزىگە قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەي، كۆز ئالدىلىرىدىكى تەلەيلىرىنى قانداق قىلىپ تۇتۇۋېلىشنىڭ غېمىنى قىلسىلا.

خۇرشىدە خېنىمنىڭ ئاۋازىدىن، چىرايىدىن خۇددى ئۆز قىزىغا بىرەر ياخشى يەردىن ئەلچى كەلگەندەك خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

گۈلزىننەتنىڭ سىنىپىدا مۇھەببەتلەشكەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېلى ئامراقلىشىپ، ھېلى ماي تارتىشىپ، ھېلى بىر - بىرىنى كۈنلىشىپ، ئۇرۇشۇپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. ئەگەر دادىسى ماقۇللۇق بىلدۈرسىلا، ئەمدى ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋېتەتتى.

«تويۇم بولارمۇ؟... قىزلارنى نېمىشقا چوڭ بولسىلا باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىۋېتىدىغاندۇ؟ ئاتا - ئانىلار قىزلىرىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش ئۈچۈنلا شۇنداق ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلامدىغاندۇ؟» گۈلزىننەت ئۆز - ئۆزىگە ئاشۇنداق گۆدەكلەرچە سوئال قوياتتى.

— ھاجىم، گۈلزىننەت خېنىمغا ئېپىدە بىر لايىق چىقىۋاتىدۇ، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم كەچقۇرۇندا ئېرىگە، — سىلى مۇۋاپىق كۆرسىلە كۆرۈشۈپ باقسۇنمىكىن؟

ھەسەن ھاجىم ئوتتۇرا بوي، ئورۇقراق كەلگەن، كەكە ساقىلىنى دائىم چىرايلىق ياسىتىپ، كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىپ، تەڭتۇشلىرى ئىچىدە قەدىر - قىممىتى بىلەن يۈرىدىغان ئادەم ئىدى.

— كىمنىڭ بالىۋاقىسى ئىكەن؟ نېمە ئىش قىلىدىغان بالا ئىكەن ئۇ ؟ — دېدى ھەسەن ھاجىم خوتۇنىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، — گۈلزىننەت خېنىم تېخى كىچىك ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئاندىن توي ئىشىنى ئويلىشارمىز دەپ ئويلىغان، — دادا قىزىنىڭ تويىنى قىلىشقا تېخى بالدۇر دەپ ئويلايتتى.

بۇرۇن قىزلار ئون تۆت - ئون بەش ياشتىن ئاشمايلا ياتلىق

قىلىناتتى. ھازىر قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ياكى ھۈنەرۋەنلەردىن ھۈنەر ئۆگىنىدىغان بولغاچقا ، ئون سەككىز ياكى ئون توققۇز ياشلىق قىزلارنىڭ تويىنى قىلىش تولىمۇ بالدۇرلۇق قىلاتتى.

— ئۇ خەقنى سىلى بىلىلا، ھاجىم، ئۈستەڭبويىدىكى باھادىرخان ھاجىمنىڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن. ئۇ بالا دادىسى، ئاكىسى بىلەن بىللە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئوخشايدۇ. مەنمىغۇ گۈلزىننەت خېنىمنى تېخى كىچىك، تويىنى ئالدىرىماي قىلارمىز دېگەن، ھاۋا خېنىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار قول ـ ئىلكىدە بار، ئېسىل ئادەملەرىمىش. گۈلزىننەت خېنىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىدى. ھۈنەرگە بېرەيلى دېسەكمۇ ئەمدى ھۈنەرنى دەستىگە ئېلىپ بولغۇچە يەنە باش ئاغرىقى بولىدىغان گەپ ئىكەن. قۇدا بولغۇچى تەرەپ يۈز ـ ئابرۇيلۇق، قول ـ ئىلكىدە بار ئادەملەر بولغاندىكىن، قىزىمىزنى ئاشۇ ئائىلىگە ياتلىق قىلساق كېيىنلىكى ياخشى بولارمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— سۈرۈشتە قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟ باھادىرخان ھاجىمغۇ ياخشى ئادەم ئىدى. ھازىرقى باللارغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بالىسى قانداقراق بالا بولدىكىن؟

— ھاۋا خېنىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بالىمۇ ئوبدان بالىمىش، تىجارەتكىمۇ بەك ئېپى بارىمىش. قالغىنىنى ئەتە خۇرشىدە خېنىم ئۈستەڭبويىدىكى ھاممىسى ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلماقچى. سىلىمۇ تونۇشلار ئارقىلىق بالىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرسىلە، ھاجىم. دىتىمىزدىكىدەك چىقسا، ھامان قىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن قىلساقمىكىن ...

زىبىرنىسا خېنىم ئورۇن سېلىپ ئېرىنىڭ ئۇخلىغاندا كىيىپ ياتىدىغان تۇمىقىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپ، كېچىدە ئىچىدىغان سوغۇق چېيىنى ئەكىرگىلى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ئويلىشىپراق قىلايلى، خوتۇن. بالا نازۇكراق چوڭ بولۇپ قالدى، ئازار كۆتۈرەلمەيدۇ. كېلىن بولماقمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، يېشى تېخى كىچىك...

— ئەتە - ئۆگۈن ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدانراق سۈرۈشتۈرۈپ مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەرمىز.

گۈلزىننەت كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى، يا سۈرگەن خىيالىنىڭ تايىنى بولمىدى. ئون سەككىز ياشلىق بىر قىزنىڭ يۈرىكىدە بولىدىغان سۆيگۈ ھېسلىرى ئۇنىڭدا تېخى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بارى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئىنتىراپ، تەلپۈنۈش، ئارزۇ - ئارمان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى، ھەسرىتى ئۇلغايدى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ ئارزۇسى يوققا چىقىپ ئىچىنى بوران ئۇچقاندەك قۇرۇقتىۋەتكەنىدى.

ئۇ خان ئاچىسىنىڭ بۇگۈنكى گەپلىرىنى ئويلىدى، ئەمدى خان ئاچىسىدەك ئويلىمايمۇ بولمايتتى. خان ئاچىسى ئېيتقاندەك ئالىي مەكتەپنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. يا ھۈنىرى بولمىسا، يا خىزمىتى بولمىسا، يا قولىدىن باشقا بىرەر ئىش كەلمىسە، كەلگەن لايىققا تېگىپ شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۆيىنى تۇتۇپ ئولتۇرمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟!

گۈلزىننەتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھامان بەتبەشىرە بىر ئەر كۆز ئالدىدا زاھىر بولاتتى.

«ۋاي خۇدايىم! مەن نېمىشقا شېرىن خىيال سۈرەلمەيدىغاندىمەن؟ نېمىشقا بىرەر كېلىشكەن يىگىت خىيالىمغا كەلمەيدۇ؟ داۋاملىق قورقۇنچلۇق ئەرلەرلا خىيالىمغا كىرىۋالىدۇ؟ دادام، ئاكام يا ئۇنداق بەتخۇي، ئەسكى ئادەم بولمىسا، مەن نېمە دەپ مۇشۇنداق ياۋۇز ئەرلەرنى خىيال قىلىدىغاندىمەن - ھە!» گۈلزىننەت ئۆزى قىلغان خىيالىدىن

ئۆزى چۆچۈپ كەتتى.
بۇ ئائىلە ئاتا مىراس يىپ رەخت ساتىدىغان جەمەتتىن ئىدى. دادىسى بىلەن ئاكىسى ئەتىگەندىلا دۇكانغا كېتەتتى. مۇشۇ جەمەتتىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەختچىلىك قىلاتتى.
بۇ كوچىلاردىكى نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئاساسەن ئوغۇللار ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن بىر قورۇدا ياشايتتى. ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمەيتتى. نەۋرىلەر ئارىلىشىپ چوڭ بولۇشاتتى. بۇنداق ئائىلىلەر ئائىلە ئىگىلىكىنى نەچچە ئەۋلاد مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كېلەتتى. كېلىنلەر قېيىنئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆي ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشاتتى. شۇلارغا ئوخشاش گۈلزىننەتنىڭ ئاكىسىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئىنىسى تېخى كىچىك ئىدى.
چوڭ قىزى گۈلزىبا خېنىم قاغىلىقتىكى بىر باي ئائىلىگە كېلىن بولغانىدى، شۇڭا ئايدا بىرەر قېتىم كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئازنىسىنى تۇگىتىپ قايتىپ كېتەتتى. ئىنىسى نۇردۇنجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى.
خۇرشىدە خېنىم ئۆستەڭبويىدىكى ھاممىسىغا تېلېفون قىلىپ باھادىرخان ھاجىملارنىڭ ئائىلىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇچۇرغا ئېرىشتى:
— خۇرشىدە خېنىم، قېيىنسىڭىللىرىنىڭ بەك تەلىيى كەپتۇ! — دېدى خۇرشىدە خېنىمنىڭ ھاممىسى، — باھادىرخان ھاجىملار تېگى ـ تەكتىدىن ئېسىل ئادەملەر. شەمشىدىن ھاجىممۇ يىگىتلەرنىڭ كۆزى دېسىلە، ھەممە سالادا بار! شۇغىنىسى سۇلتانىسىپ خېنىم زىلراق ئايال. كىمنىڭ ئۇنچىلىك ئەيىبى يوق دەيلا، ئىزدەپ كەلسە ھەممىمىزدە ئەيىب بار. ئىككىلەنمەي قۇدا بولساڭلار بولىدۇ. بايلىقىنىڭ سانىنى بىلمەيدۇ بۇ خەق. بىر ئۆمۈر بالىلىرىمىزنى ياخشىراق كۈن

كۆرەمدىكىن دەپ پالاقلاپ ياشايمىزغۇ شۇ. بۇ ئۆيگە كېلىن بولغان قىز ھېچ نەرسىنىڭ غېمىنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ …

ھەسەن ھاجىملار گۈلزىنىنەتنى باھادىرخان ھاجىمنىڭ كىچىك ئوغلى شەمشىدىن ھاجىمغا ياتلىق قىلىشقا مەسلىھەت قىلىشتى.



ئۈچىنچى باب

# شەمشىدىن ھاجىم

باھادىرخان ھاجىمنىڭ تۆت پەرزەنتى بار ئىدى. چوڭ قىزى مەينىگار خېنىم تۈركىيەدە، ئىككىنچى قىزى ئاينىگار خېنىم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مۇشۇ شەھەردە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغانىدى. ئۈچىنچى بالىسى قۇتبىدىن ھاجىم بىلەن كەنجى بالىسى شەمشىدىن ھاجىم نۆۋەت بىلەن تۈركىيەگە بېرىپ يۇرتتىكى دۇكانغا مال يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ يەردىكى دۇكانلارغا ئاتا ـ بالا بىللە قارايتتى، دۇكاندا ئۇلارغا ئىشلەيدىغان بالىلارمۇ بار ئىدى. تۈركىيەنىڭ ئەر ـ ئاياللار كىيىملىرى تازا دەۋر سۈرۈپ كەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ سودىسى خېلىلا ياخشى ئىدى.

باھادىرخان ھاجىم ئەل قاتارى ھالال ياشايدىغان، تۆتىنىڭ بىرى سانىلىپ شەھەردە خېلىلا ئىناۋەت تاپقان ئادەم ئىدى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ چەت ئەلنىڭ ماللىرىنى ساتىدىغان كىشىلەر ئىدى، باھادىرخان ھاجىم كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا دادىسىغا ئەگىشىپ كارۋان تارتىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ نۇرغۇن يۇرتلارغا بارغانىدى. بەزىدە يىللاپ ـ يىللاپ ئۆيگە قايتماي ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا، بۇ يۇرتتىن ئۇ يۇرتقا مال توشۇپ سودا قىلىپ يۈرەتتى.

دادىسى كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۆزى تېخى يۇرت سىرتىغا چىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا چېگرا تاقىلىپ سودىسىمۇ توختاپ قالدى. كېيىنچە بازارمۇ تاقىلىپ قالدى. لېكىن باھادىرخان ھاجىم شۇ

يىللاردىمۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تۇرمۇشىنىڭ ئېپىنى تېپىپ، كۆڭۈللىرىنى گۈلدەك ئۆتكۈزگەنىدى. نەلەردىندۇر ئەكەلگەن ماللىرىنى يەنە بىر ئامالىلاپ سېتىپ چىقىراتتى. بەزى تويى ـ تۆكۈن قىلىدىغان كىشىلەر يىرىم كېچىلەردە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تويلۇققا مال ئېلىپ كېتەتتى. رەخت بېلىتى، ئاشلىق بېلىتى، چىبەرقۇت، دۇخاۋا، ھەتتا بازاردىن چىنە ـ قاچىلارنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان شۇ يىللاردا بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىن ھەممە نەرسە تېپىلاتتى.

ئوغلى شەمشىدىن ھاجىم يىگىرمە بەش ياشلاردىن ئېشىپ قالغاندى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش تەلىپىنى ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق رەت قىلىپ يۈردى. باھادىرخان ھاجىم تۈركىيەدە بىرەر قىز بىلەن كېلىشىپ قالدىمىكىن دەپ تۈركىيەدىكى قىزى مەيىنگار خېنىمدىن سۈرۈشتە قىلىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنداق ئەمەس بولۇپ چىقتى. لېكىن ئوغلى تويى قىلىشنىڭ گېپى چىقسا جىملا تۇرۇۋالاتتى. كېيىن «ئوقۇغان، يۇقىرى مەلۇماتلىق قىز بىلەن توي قىلىمەن» دېگەن گەپنى تېپىپ ئاتا ـ ئانىسى تاپقان لايىقلارغا قوشۇلماي يۈردى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسى: «ۋاي، تازا بەلەن گەپ ئىكەن ئەمىسە، مۇھەممەتئېلى مۇئەللىمنىڭ قىزى بىلگىنۇر خېنىمنىلا بالا قىلىۋالايلى. ئۇلۇغىنىسا خېنىممۇ تولا ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ كەتتى. سىلىمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا دائىم قولىدىن يېتىلەپ كوچىمۇ كوچا ئويناپ يۈرەتتىلە ئۇ قىز بىلەن. شۇنداق چىرايلىق قىز بوپتۇ، ئۆزىنىڭ ئوڭلۇقلۇقى، سالام ـ سەھەتنىنىڭ چىرايلىقلىقچۇ تېخى... » دېدى خۇشال بولۇپ.

دادىسىمۇ: «بالام، ئەسلىدە ئوغۇل ئۆيلەشتىن ئاۋۋال ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ، قولۇم ـ قوشنىنىڭ، دوست ـ بۇرادەرنىڭ ئىچىدە رەسىدە بولغان قىز بار ـ يوقلۇقىغا قارايمىز، شۇلارنىڭ ئىچىدە رەسىدە بولغان قىز بولمىسا ئاندىن سىرتقا قىز سوراپ چىقىدىغان ئىش بار. مۇھەممەتئېلى مۇئەللىممۇ ياخشى ئادەم،

قىزىمۇ ئالىي مەكتەپنى تۈگەتتى، ساڭىمۇ تازا ماس كېلىدۇ. باشقا نىشانىڭ بولمىسا، مۇشۇ قىزنىلا بالا قىلىۋالايلى» دېدى خوتۇنى بىلەن دېيىشىۋالغاندەكلا.

شەمشىدىن ھاجىم بۇ گەپ توغرۇلۇق ئاتا ـ ئانىسىغا ھېچنېمە دېمىدى. لېكىن، ئەتىسى ئايىنگار خېنىم كېلىپ دادىسى بىلەن مۇڭدىشىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ گەپ قايتا ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

شەمشىدىن ھاجىم بىلگىنۇرنىڭ ئۆزىدىن بالدۇر توي قىلىشنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن توي قىلىپ ئۇ قىزغا ئەلەم قىلىپ قويغۇسى يوق ئىدى. ئۇ بىلگىنۇرنى ئويلىسىلا ئىچى ئاچچىق بولاتتى. يا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك يېقىنلىشالمايتتى، يا يىراقلاپ كېتەلمەيتتى. «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قىز بىلەن توي قىلىمەن» دېيىشىدىمۇ مەلۇم سەۋەب بار ئىدى.

كېيىن ئانىسى تونۇشتۇرغان خېلى كۆپ قىزلار بىلەنمۇ كۆرۈشتى، لېكىن قويغان ئېھتىنىنىڭ تايىنى يوق رەت قىلاتتى.

— سىلى زادى قانداق قىز بىلەن توي قىلىلا، بالام؟ — دېدى بىر كۈنى سۇلتانىنىسىپ خېنىم، — گۈلدەك چىرايلىق قىزلارغىمۇ باش لىڭشىتمىسىلا، مەن زادى كىمنى كېلىن قىلىشنى بىلەلمىدىم. يا ئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرى بولسا دېسىلە، بولمىسا بىزنى قىينىمىسىلا. قىز بالا دېگەنىنىمۇ تەستە بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. قىز بالا دېگەن باغدىكى ئالما ياكى بازاردىكى مال ئەمەس، كۆرۈشۈپ يۈرىشەرسىلە ئۇلارغىمۇ ئازار بېرىپ قويىلا. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بار، ئۇمۇنۇپ قالىدۇ. شۇڭا، تولا كۆرۈشۈپ تاللاپ يۈرىشەرمىسىلە. ئەمدى جاۋاب بەرسىلە، بالام . بولمىسا كۆرۈشمەيلا قويسىلا، تويدىن كېيىنلا كۆرسىلە، بىزمۇ سىلىگە لايىق كەلمىگۈدەك قىزلارنى سايە قىلمايمىز. خېلى كۆپ يېقىن ـ يورۇقلىرىمىز مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك بىزدىن كۆڭۈل ئاغرىتىپ قالدى. يا كۆرۈشمەيلا تۇرماپلا، ئەمدى جىممىدە بولۇۋالساق خەققىمۇ ئەلەم بولىدۇ... بىز يەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشىمىزنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ ياشىمىساق بولمايدۇ. خوتۇن دېگەن جانغا ئەسقاتقۇدەك، كۆڭۈلنى چۈشەنگۈدەك، ئۆمۈر بويى ھەمدەم بولۇپ ياندا تۇرالىغۇدەك بولسىلا بولىدى. بىز ئارتىس تاللاۋاتمايمىز ياكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىۋاتمايمىز، سىلىگە مەھبۇب، بىزگە بالا بولالىغۇدەك، شەرم ـ ھاياسى، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بىر قىزنى ئۆيگە ئەكىرسەكلا بولىدۇ، باشقا ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئۆز يولى بويىچە ماڭىدۇ... ئەمدى بىزنى تەڭقىس قىلىۋەرمىسىلە.

ئانىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنى ئويغا سالدى. ئۇ كۆرۈشكەن قىزلارنى جاۋابسىزلا قالدۇرۇپ جىمجىتلا كېتىپ قېلىشىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى، قىزلارنى ئازابقا سالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

«بۇ قىزلارنىڭ يات بىر ئوغۇل بالا بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلمىكىمۇ ئاسان ئەمەس، ئۇلار بەخت، خاتىرجەملىك ئاتا قىلالايدىغان، ئۆزىگە مەڭگۈلۈك يار ـ يۆلەك بولالايدىغان بىر ئەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقىدۇ ئەمەسمۇ !» ئۇ بىلىپ ـ بىلمەي نەچچە قىزنىڭ دىلىنى چىگىپ قويغىنىدىن ئۆكۈندى.

«ئەمدى ‹كۆرۈشۈپ باقسىلا› دېسىلا كۆرۈشۈپ يۈرمىسەم بولغۇدەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئويلىشىپ كۆرۈشەي، كۆرۈشۈشتىن ئاۋۋال مەنمۇ شۇ قىزنى بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي. ‹دىل ئازار، خۇدا بىزار› ئەمەسمۇ ! ئەمدى ھېچكىم ئازار يېمىسۇن، مەنمۇ ھەم...» شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشۈشكە چىققىلى ئۇنىمىدى.

ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە ناشتا قىلىپ بولۇپ دۇكانغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ئانىسى چاقىردى:

— شەمشىدىن ھاجىم ! يېنىمغا كىرسىلە، بالام.

ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىردى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— بالام، كونادەرۋازا كوچىسىدىكى ھاۋا خېنىم

قوشنىسىنىڭ قىزىنى سايە قىلىۋاتىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى بۇ يىل پۈتكۈزگەن قىز ئىكەن. سورۇشتۇرسەم نام ـ نەسەبىمىزمۇ ئۇدۇل كەلگۈدەك، تېگى ـ تەكتى چوڭ ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەن. بۇرۇن قەشقەرنىڭ يىپ رەختچىلىكىنى شۇلار چۆرگۈلىتىپ كەلگەن. ئۇ قىزنىڭ ئانا تەرەپ تۇغقانلىرىمۇ باي ئۆتكەن ئېسىل خەق. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈلزىننەت خېنىممۇ تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇغان ھەم تولىمۇ چىرايلىق قىز ئىكەن، مانا ماۋۇ سۈرىتى، كۆرۈپ باقسىلا، ـــ ئانا شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا گۈلزىننەتنىڭ ئىككى سۆڭلۈق كىچىك سۈرىتىنى سۇندى.

قىزنىڭ ئالمىدەك سۈزۈك يۈزى، ھال رەڭ نېپىز لەۋلىرى، قىزغۇچ قوڭۇر چاچلىرى، سەبىي تۇرقى، قايرىما بوستان كىرپىكلىرى ئادەمگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ سۈرەتتىكى قىزغا قاراپ خۇددى سىڭلىسىنى كۆرگەندەك يېقىملىق تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

ـــ مەن ئويلىنىپ باقاي، ئانا، ئەمدى ئالدىراپ بىرسى بىلەن كۆرۈشمەيمەن، ئەگەر كۆرۈشسەم، كۆرۈشكەن شۇ قىز بىلەن توي قىلىمەن. شۇڭا، مەن ئويلىنىۋالاي ...

خۇرشىدە خېنىم گۈلزىننەتنى بازارغا ئاچىقىپ، بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋالدى، ئاندىن بېشىدىكى كىچىك ياغلىقنى رىمنىڭ چوڭ يىپەك ياغلىقىغا ئالماشتۇردى. ئۇ بۇ كىيىملەر بىلەن چوڭ بولغان رەسىدە قىز سىياقىغا كىردى .

بۇ كوچىلاردىكى قىزلار مۇشۇنداق ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى. تويدىن كېيىن ئەرلىرى قانداق كىيىنىپ يۈر دېسە شۇنداق كىيىنەتتى. گۈلزىننەت يېڭىدىن سېتىۋالغان بۇ كىيىملەردىن ئانچە خۇش بولمىدى.

ئۇ ئوقۇغان كىتابلاردا رەسىدە بولغان قىزلار شېرىن، گۈزەل خىياللارنى سۈرەتتى. لېكىن، ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگىنىنى، ئىمتىھاندا ھوشىدىن كەتكىنىنى ... ئىشقىلىپ قالايمىقان، ئاچچىق خىياللارنى سۈرەتتى. ئالىي مەكتەپكە

ئۆتەلمىگىنىدىن ئۆكۈنەتتى.

— ھاۋا خېنىم ئاچام تونۇشتۇرغان لايىق بىلەن ئەتە كۆرۈشىدىغان بولدۇڭلار، ياخشى ئۇخلاپ، چىرايلىق قوپسىلا، — دېدى خان ئاچىسى ئۇنىڭ ئاچچىق خىياللىرىنى ئۈزۈپ، — كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، مۇگدەپ ئولتۇرغان قىزلار ئادەمگە ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ، شۇڭا بالدۇرراق ئارام ئالسىلا.

— كىتاب ئوقۇپ ياكى ئۆي ئىشى قىلىپ چارچاپ، مۇگدەپ قالغان قىزلارمۇ يامان قىزمۇ، خان ئاچا؟ — ئۇنىڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر بىركىملەر بىلەن گەپ تالاشقۇسى، قارشىلاشقۇسى كېلىپ تۇراتتى. بۇ قەلبىدىكى ئاجىزغىنە قارشىلىقمۇ ياكى شۇنداقلا سوراپ قويغان سوئالمۇ ئۆزىمۇ بىلمىدى.

— ياق، لېكىن ھەر قانداق ئىشتا دىققەت قىلىش يامان ئىش ئەمەس، — خان ئاچىسى شۇنداق دەپ ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

گۈلزىننەتنىڭ كاللىسىغا يەنە قالايمىقان خىياللار يوپۇرۇلۇپ كەلدى. «تويۇم بولۇپ قالسا مۇشۇنداق چوڭ سۇپەت كىيىملەرنى كىيىپ، مۇشۇ كوچىلاردىكى — مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ كوچىلاردىكى ئانامدەك، ئاچامدەك، خان ئاچامدەك ئاياللارغا ئوخشاش خېنىم بولدۇم دەپ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرارمەنمۇ؟ مەن خېنىم بولالارمەنمۇ؟ ‹خانىم›غۇ بولالمىدىم، خېنىم بولالارمەنمۇ؟» خېنىم بولۇپ ياشاشنىڭمۇ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ئانامدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ قانداقراق يىگىتتۇ؟ ئوقۇغانمىدۇ، قانچىلىك ئوقۇغاندۇ؟ تۇركىيەدە تىجارەت قىلىدۇ دېگەنگە قارىغاندا چوقۇم ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن. »

گۈلزىننەتنى سۈر باسقاندەك بولدى. باللىقتىن رەسىدىلىككە تېخى تولۇق ئۆتۈپ بولالمىغان قەلبى ساراسىمىگە تولدى.

# تۆتىنچى باب

# ۋىسال

گۈلزىننەت تۈزۈك ئۇخلىيالماي تاڭ سۈزۈلمەستە ئورنىدىن تۇرۇپ مەنزەر ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئاي نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان ھويلىغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇ دادىسى ياكى ئاكىسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن خىجىل بولۇپ پەسكە چۈشەلمەيۋاتاتتى.

قىزلار دادىسىدىن، ئەر بىر تۇغقانلىرىدىن بەك ھايا قىلىدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ تويىنىڭ گېپى چىقىپ قالسىمۇ دەرھال چىقىپ كېتىدۇ ياكى چوڭلارمۇ قىزلار بار يەردە ئۇنداق پاراڭلارنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

دەرۋازا ئېچىلىپ دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ مەسچىتكە ماڭغان تىۋىشى ئاڭلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئاستا پەسكە چۈشتى. ئانىسى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى. خان ئاچىسى ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن خان ئاچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا كاسىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان كەشتىلىك ئاق كوپتىسىنى، شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك يوپكىسىنى كىيدى. بۇ كىيىملەر ئۇنى تېخىمۇ زىلۋا، نازاكەتلىك كۆرسەتكەنىدى. ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان تەبىئىي بۇدۇر چاچلىرى پېشانىسىدە گۈللەردەك غۇژمەكلىشىۋالغانىدى.

ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن يولنىمۇ رۇس ماڭالمايۋاتاتتى. قوللىرىنى قانداق قىلىشنى زادى بىلمەيۋاتاتتى. يانچۇقىغا سېلىۋالاي دېسە كىيىمنىڭ يانچۇقى يوق ئىدى. ھېچ قولاشماي

قوللىرىنى ھېلى ئىككى يېنىغا تاشلاپ ماڭاتتى، ھېلى گىرەلەشتۈرۈپ باقاتتى، شۇنچە قىلسىمۇ ھېچ قاملاشمايۋاتاتتى. ئۇ تىرناقلىرىدىكى يېڭىلا قويۇۋالغان سۈزۈك خېنىگىمۇ ئۆچلۈك قىلدى. ئاخىر بىرىپ سەللا ئالدىدا كېتىۋاتقان خان ئاچىسىنى قولتۇقلىۋېلىپ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈشتى.

— قاراڭ، يىگىت كېلىپ بوپتۇ، — دېدى خان ئاچىسى تۆۋەن ئاۋازدا، — ئەجەب كېلىشكەن بالىكەنا! كىنو ئارتىسلىرىدەكلا...

گۈلزىننەت ئىختىيارسىز ئۇدۇلىغا قارىدى. «تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىمىزغا ئەجەب ئوخشايدىكەنا!» نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قەلبىدىكى تەشۋىشلەر يوقىلىپ يۈرىكى ئىسسىق بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ بالا ئۇنىڭ خىيالىدىكى ھېلىقى بەتبەشىرە ئەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە مەكتىپىگە بۇلتۇر ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن قىزىقچى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىغا ئوخشاش يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇقمۇ؟ — دېدى خان ئاچىسى يىگىت بىلەن سالام - سەھەت قىلىشقاچ. گۈلزىننەت ئۇيىلىپ يەرگە قارىۋالدى.

— ياق، مەنمۇ ھازىر كەلگەن، — يىگىت شۇنداق دەپ گۈلزىننەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

خان ئاچىسى تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ كىچىككىنە ئىشىم بار ئىدى، بىرىپلا كېلەي، سىلەر بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرۇڭلار، ھازىرلا كېلىمەن، — دەپلا كېتىپ قالدى.

— بىللە تاماق يەيلى، ئاندىن بارسىلا ...

خۇرشىدە خېنىم يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىماسقا سالدىمۇ ئۇلاردىن يىراقلىدى.

گۈلزىننەت گاڭگىراپ قالدى. ئۇ خان ئاچىسىنىمۇ

كۆرۈشۈشتە بىز بىلەن بىللە بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. خان ئاچىسىغا مەن بىلەن بىللە بارسىلا، مەن بۇ بالا بىلەن يالغۇز تۇرۇشتىن خىجىل بولىمەن دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— سىلى دېمەي، سىزلەپ گەپ قىلسام رەنجىمەيدىغانسىز؟ — دېدى يىگىت ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ.

گۈلزىننەت يىگىتنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى، لېكىن جىددىيلىشىپ كەتمىدى.

— ... ياق، رەنجىمەيمەن.

— قەيەرگە بارغۇڭىز بار؟ تاماق يەيمىزمۇ ياكى چاي ئىچىمىزمۇ؟

— مەيلى ...

گۈلزىننەت تارتىنىپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، ئاۋازىمۇ ئۆزىلا ئاران ئاڭلىغۇدەك چىقتى. لېكىن، شەمشىدىن ھاجىم ئۇنىڭ بۇ تۈۋەن، لەرزان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

گۈلزىننەتكە ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بۇ يىگىت بىلەن نېمىشقا بىللە تۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ خىجىللىقتىن يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

— قەشقەردە «مەيلى» دەيدىغان جاي بارمۇ؟ ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟ — يىگىت قىزغا سەل يېقىن كېلىپ ئاۋازىنى پەسرەك چىقىرىپ چاقچاق قىلىشقا باشلىدى، — بۇگۈن «مەيلى» دېگەن جايغىمۇ بارمايلى، مەن بىر يەرنى بىلىمەن، شۇ يەرگە بېرىپ تاماق يېگەچ چاي ئىچەيلى، بولامدۇ؟ — ئۇنىڭ گۈلزىننەتكە قارىغانچە مەستلىكى كەلدى.

قىز ھېلىلا پۈرلىدە ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشتەك ئۇنىڭغا يانتۇ قارىغان بىر ھالەتتە تۇراتتى. قىزىرىشلىرى، تەمتىرەشلىرى شۇ قەدەر ساددا، يانتۇ قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلىشلىرى، ھايا ئىلكىدە تىترەشلىرى يىگىتكە ئاجايىپ سۆيۈملۈك تۇيۇلدى.

— ئىسمىڭىز گۈلزىننەتمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم شەمشىدىن ھاجىم، دادام قويغان ھاجىم جۇمۇ، ھەج قىلىش تېخى نېسىپ بولمىدى.

— ھەئە... گۈلزىننەت.

گۈلزىننەت ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ھەيران قالدى. ھېچ ھېيىقماي بۇ يىگىتكە گەپ قىلىشى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلماقتا ئىدى. «بۇ مەنمۇ؟ چوڭ كوچىدا ھېيىقماستىن بىر يىگىت بىلەن گەپلىشىپ تۇرۇپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان تېخى... »

— يۇرۇڭە، گۈلزىننەت، بۇ يەردە ئەمدى تۇرىۋەرمەيلى.

يىگىتنىڭ «گۈلزىننەت» دەپ چاقىرىشى ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى. گۈلزىننەت ئۇنىڭ ئاشۇنداق چاقىرىشىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

ئۇ شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كەينىدىن ئارىلىق تاشلاپ ماڭدى، يىگىت يات ـ يات كەينىگە قايرىلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ قوياتتى ـ يۇ، ئارتۇق گەپمۇ قىلمايتتى.

چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گۈلزىننەتتىكى قورۇنۇش سەل پەسەيدى، ئۇ دېرىزىلەرگە تىزىلغان گۈللەرگە، نەپىس چاي چەينەكلىرىگە، دېرىزىنىڭ چۈچىلىق ناۋات رەڭ پەردىلىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. شۇنداق قاراپ كېلىپ كۆزلىرى تۇيۇقسىز شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

قەھۋە رەڭ كۆزلەر بىلەن قاپقارا كۆزلەر بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يات ئەر زاتىنىڭ كۆزلىرىگە شۇنداق ئۇزاق، شۇنداق بىمالال تىكىلىشى ئىدى. شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۆزلىرى خۇددى چىرايلىق بىر مەنزىرىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېھىر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىدە خۇددى گۈلزارلىق باردەك، گۈلزىننەت ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن قايتىپ چىقالمايلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقاندەك، قاغجىراق قەلبىنى ئۇ كۆزلەردىكى نەمخۇش، راھەتبەخش نۇرغا قاقلايتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئوتلۇق، كۆيدۈرگۈچى كۆزلىرىدىن دەرھال تارتىۋالدى.

«ۋايتوۋا، مەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم ئەمدى؟ ! » ئۇ خىجىللىقتىن دەرھال شىرەگە سېلىنغان داستىخانغا قارىۋالدى، شۇ تاپتا يۈرىكى تاتلىق سېزىمدىن مەستخۇش ئىدى.

«كۆزمۇ شۇنداق يېقىملىق بولىدىكەن دېسە ! »

ـــ گۈلزىننەت، نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟

ـــ يامغۇرنى ...

«ئاپلا ! ـــ ئۇ يەنە خاتا سۆزلەپ قويغانىدى، ـــ شۇنداقمۇ جاۋاب بەرگەن بارمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق تاققا ـ تۇققا سۆزلەپ يۈرىدىغاندىمەن؟ ئانام بىلەن خان ئاچام 'گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلسىلا' دەپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلغان بولمىسا.»

ـــ ئەجەب ياخشى ! ئەمىسە ئالىقىنىڭىزنى ئېچىڭ، ـــ دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ مەندە تېخى ھېچبىر گۈلگە چۈشمىگەن يامغۇر بار، تۇتۇۋېلىڭ.

گۈلزىننەت نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. شەمشىدىن ھاجىمنىڭ بۇنداق جايدا چاقچاق قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ خاتا سۆزلەپ قويدۇم دېگەنىبىلەن بۇ سۆز ئۇنىڭ كېيىنگە ئوبدانلا ماس كەلگەنىدى.

ـــ خالىمامسىز؟ سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا يامغۇر تۇتۇپ ئويناپ باقمىغانمۇ؟ مەندە پەقەت بىر تامچىلا يامغۇر بار، خالىسىڭىز تۇتۇۋېلىڭ، ـــ شەمشىدىن ھاجىم يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا گۈلزىننەتنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك باقتى، ـــ مەن ئاخىر يامغۇرۇمنى ساقلىغان كۆڭلۈمدىكى گۈلۈمنى تاپتىم.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى ۋە

كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە: «شەمشىدىن، بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۆزۈڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ تېخى ئۇنى ھېچقانچە چۈشەنمەيسەنغۇ؟ ھازىر تېخى بۇ گەپنى دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدىغۇ!» دېدى.

ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ يۈزى، يارىشىملىق بۇرۇتى، يېڭىلا ياسىتىلغان پاكىز چاچلىرى چىراغ نۇرىدا ۋىل - ۋىل پارقىرايتتى. گەپ قىلغاندا ئۇزۇن قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى كۈلەتتى.

گۈلزىننەتنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزاردى، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش تولدى. ئۇ ئىزا تارتسا كۆزلىرىدە ئاشۇنداق ياش لىغىرلاپ كېتەتتى. ئۇ ياشلىرىنى يوشۇرۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇرىۋالدى.

— پەقەت يامغۇرنىلا ياخشى كۆرەمسىز؟ — يەنە سورىدى شەمشىدىن ھاجىم.

— ياق، كىتاب ئوقۇشنى، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ياخشى كۆرەتتىم ...

— ئەمىسە نېمىشقا ئۆرلەپ ئوقۇمىدىڭىز؟ ياكى ئۆيدىكىلەر قوشۇلمىدىمۇ؟

— نومۇرۇم چەككە يەتمەي قېلىپ ئالىي مەكتەپكە بارالمىدىم ...

گۈلزىننەت بۇ سۆزلەرنى ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئەلەم بىلەن تولىمۇ پەس ئاۋازدا ئېيتتى.

شەمشىدىن ھاجىم بۇ سوئالنى سوراپ قىزنىڭ قەلب يارىسىنى تاتىلاپ قويغىنىدىن كۆڭلى خىرەلەشتى - يۇ يەنە لەپپىدە ئەسلىگە قايتىپ، ئارىدىكى كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق قىلدى. ئۇ بىر ئىشقا ئەپسۇسلىنىپ، ئازابلىنىپ يۈرمەيتتى. ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا خۇشال بولغۇدەك ئىشتىن يەنە بىرنى تېپىپ قىلسىلا ئورنى تولىدۇ، دەپ قارايتتى.

— ھە، بوپتۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمايمۇ يەنە نۇرغۇن

نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مۇھىمى ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسى، تىرىشچانلىقى. مەن نۇرغۇن كاتتا بايلارنى، داڭلىق شەخسلەرنى، چولپانلارنى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنى بىلىمەن. ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى كۆپ ئوقۇيالمىغان، لېكىن ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ نەتىجە قازانغانىكەن. مەنمۇ ئون نەچچە يېشىمدىن باشلاپلا تىجارەتكە كىرىشىپ كەتكەن. مانا ھازىر بىر ئوبدان كېتىۋاتىمەن. يەنە نۇرغۇن پىلانلىرىم، ئارزۇلىرىم بار. ئەگەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىمىدىم دەپ ئەپسۇسلىنىپ، ھەسرەت چېكىپ ئالتۇندەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋەتسە تېخىمۇ ئېچىنارلىق ئىش بولىدۇ. دادامىمۇ بەك تەلەپچان ئادەم. دادامنىڭ دەۋىتى بىلەن كۇرسلاردا ئۆزلۈكۈمدىن تىل ئۆگەندىم. ھازىر ئانا تىلدىن باشقا تۈرك، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىنى بىلىمەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن پۇختىراق بىلىدىغىنىم يەنىلا تۈرك تىلى. تىل ئۆگىنىشتە تىل مۇھىتى بەك مۇھىم ئىكەن . ئەمدى، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلايمىكىن دەيمەن.

شەمشىدىن ھاجىم قىزغىن ھەم ئىشتىياق بىلەن سۆزلەيتتى. گۈلزىننەتمۇ بۇ يىگىت بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن كۆرۈشكىلى كەلگىنىنى ئۇنتۇپ، خۇددى سىنىپىدىكى ساۋاقدىشى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ئەركىن بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئازادە بىر تۇيغۇدا بولۇۋاتقىنىدىن ھەيران قالدى.

«تۇۋا، بۇ يىگىت بىلەن بۇرۇن بىرەر يەردە ئۇچرىشىپمۇ باقمىغان تۇرسام، بۇگۈن تۇنجى كۆرۈشۈپلا ئەجەب ئەڭ يېقىن ئادىمىم بىلەن پاراڭلاشقاندەك ئۆزۈمنى شۇنداق ئازادە ھېس قىلىۋاتىمەنغۇ؟ بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ »

ئۇ كۆزىنى شەمشىدىن ھاجىمدىن ئۈزۈپ، دېرىزىدىكى يىل بويى ئېچىلماي يېشىللا تۇرىدىغان گۈللەرگە قارىدى.

— سىلى نېمىشقا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان؟

گۈلزىننەتنىڭ ئۈنىڭدىن سورىغان بىردىنبىر سوئالى مۇشۇ بولدى.

— دادام ئاچىلىرىمنى ئوقۇتۇپتىكەن، ئاكام ئىككىمىزنى «ئوغۇل بالا دېگەن جاھان كېزىپ، ئەل ئارىلاپ ئادەم بولۇشنىڭ ئالىي مەكتىپىنى پۈتكۈزسە بولدى» دەپ ئوقۇتماي تىجارەتكە سالغان، ھازىر تىجارىتىمىزمۇ شۇنداق ياخشى.

ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ھەم سۆزلىرىدىن دادىسىدىن، ئائىلىسىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

گۈلزىننەت شارائىتى بارلىكى ھەممە ئادەمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسىچۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغىنى ئۇنى ئەپسۇسلاندۇردى.

— سىز خەنزۇچىنى خېلى ياخشى بىلىدىغانسىز؟ — دېدى شەمشىدىن ھاجىم، — مەن مەكتەپتە كۆپ ئوقۇمىغاچقا خەنزۇچىنى ياخشى ئۇقمايمەن، شۇڭا ھەربىر قەدىمىمدە خەنزۇ تىلىنى بىلمەسلىكنىڭ دەردىنى تارتىمەن.

گۈلزىننەت ئۇنىڭغا تارتىنىپ يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ گېپىنى باشلىدى، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى سەبىي ھەم غەمسىز كۈلكىلىرى بۈگۈن چىرايىدا يەنە جىلۋە قىلغانىدى:

— مەكتەپتە خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەنىدىم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىغا قاتناشقان، گۇۋاھنامىمۇ ئالغان... ئالىي مەكتەپكە بارالمىغاندىن كېيىن بىرەر يەردە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشلەپ تۇراي دېسەم، دادام ئۇنىمىدى. ھازىر مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى زايە بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن.

— ئۆگەنگەن بىلىمنى ھامان ئىشلىتىدىغان ئورۇن چىقىدۇ، ھەرگىزمۇ زايە بولۇپ، قىممىتى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ . بىلىم دېگەن سىزنىڭ شەكىلسىز مۈلكىڭىز، سىز ھامان ئۇنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان يەرنى تاپالايسىز.

بىر ھېسابتا ئىشلىمىگىنىڭىزمۇ بوپتۇ، قىز بالىنىڭ ئۇششاق غوجايىنلارغا ياللىنىپ ئىشلىشى ئاسان ئىش ئەمەس، ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەك ئېھتىياجى بولمىسىلا، قىز بالا، بولۇپمۇ سىزدەك ساددا قىزلار ئىشلىمىگىنى تۈزۈك. خۇدايىم قىزلارنى نازۇك ھەم ئۇلۇغ ياراتقان. نازۇكلۇق دەل ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى. نازۇك نەرسىلەر ئاسرىلىدۇ، قوغدىلىدۇ. قىزلار ئاسرىلىشى، سۆيۈلۈشى، قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ياشىشى كېرەك. چۈنكى، قىز بالا ھامان ئانا بولىدۇ، ياخشى تەربىيەلەنگەن، ئاسرالغان، كۆيۈمگە، سۆيۈمگە ئېرىشكەن قىزلاردىن روھى ھەم تېنى ساغلام پەرزەنتلەر تۇغۇلىدۇ، ياخشى تەربىيەگە ئېرىشىپ، ياخشى ئادەم بولىدۇ. ئانىسى ھۆرمەتلەنگەن باللار غۇرۇرلۇق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولىدۇ. بۇنداق باللاردىن ئالىم، يازغۇچى، شائىر، كارخانىچىلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى گۈزەل، ساددا، يۈزى تۆۋەن سۆيۈملۈك قىز گەرچە كۆپ ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئاشۇ ساددا، گۈزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىپ ئۇنىڭ كۆڭۈل قەسرىگە كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يىللاردىن بېرى رەنجىش ئىچىدە چېچىلىپ يۈرگەن يىگىتلىك تۇيغۇلىرى مۇشۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى ساددا نۇردا ئەملىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

گۈلزىنەت شەمشىدىن ھاجىم بىلەن ئازادە پاراڭلاشتى، ئۇلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان تۇرقى تېخىمۇ چىرايلىق ئىدى. گۈلزىنەت مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن بېرى ھېچقاچان، ھېچكىم بىلەن بۇنچىلىك ئازادە مۇڭدىشىپ باقمىغانىدى. بۈگۈن ھەممە قېيىداشلىرى تۇمانىدەك تىمۇشىسىز تارىدى.

ــــ گۈلزىنەت، تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بېرەمسىز؟ يەنە ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.

شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۆزلىرى ھەم سۆزلىرىدىن بىر خىل

سۆيۈنۈش تۆكۈلەتتى.

گۈلزىنىنەت قىزىرىپ كەتتى:

— مېنىڭ تېلېفونۇم يوق ئىدى، — دېدى ناقىس بىر هالەتتە.

— راستىما؟ — شەمشىدىن هاجىم نېمىشقىدۇر ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى، — راستلا تېلېفونىڭىز يوقمۇ؟ هازىر سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە تېلېفونى يوق قىزلارمۇ بارمىدۇ؟ — ئۇ تېخىمۇ هاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — مەيلى، تېلېفونىڭىز بولمىسىمۇ مەن سىزنى ئىزدەپ تاپالايمەن.

گۈلزىنىنەت ئۇنىڭغا خۇددى خىلۋەت بىر باغدا پىنهان ئۆسكەن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان رەيهانگۈلدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قىزلارنى ئالىمەن دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، گۈلزىنىنەتنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى.

بايىقى ئۇچراشقان جايدا خان ئاچىسى گۈلزىنىنەتنى ساقلاپ تۇراتتى، شەمشىدىن هاجىم گۈلزىنىنەتنى خان ئاچىسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ خوشلاشتى.

— قانداق بولدى، بۇ يىگىت قانداقراق ئىكەن؟ — خۇرشىدە خېنىم ئىككى قەدەممۇ ماڭمايلا سوراشنى باشلىدى.

— بىلمىدىم، — دېدى گۈلزىنىنەت خىجىللىقتىن هۇپپىدە قىزىرىپ.

— كۆزلىرى كۈلۈپ، چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ! شەمشىدىن هاجىممۇ شۇنداق خۇشال كۆرۈنىدۇ، كېلىشىپ قالغان ئوخشايسىلەر، شۇنداقمۇ؟ «كۆزنىڭ كۆڭلى چۈشمىسە ئۆزنىڭ كۆڭلى چۈشمەس» دەيدىغان گەپ بار. راست گەپ قىلسىلا، گەپ - سۆزلىرىڭلار بىر يەردىن چىقامدىكەن؟ ئۇ يىگىتنىڭ ئولتۇرۇپ - قوپۇشى، گەپ - سۆزلىرى قانداقراق ئىكەن؟ بۇ يۇرت كۆرگەن، كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ بالا، سىلىمۇ كەچكىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالمىسىلا، هازىرقى

قىزلار سىلىدەك «بەخت ئالدىمغا كەل» دەپ ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ، ئۆزلىرى ئىزدەپ تاپىدۇ.

گۈلزىننەت يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي جىممىدە تۇرىۋالدى. ئۇ چايخانىدىكى كۆڭۈللۈك كەيپىياتتىن تېخى تولۇق ئۆزىگە كېلىپ بولالمىغانىدى.

— خېنىم، ھېلى ئانام مەندىن سورايدۇ، نېمە دەيمەن؟ گەپ قىلسىلىچۇ؟ — دېدى خۇرشىدە خېنىم، — قارىسامغۇ توغاچ چېچىكىدەك ئېچىلىپ كېتىپلا ...

— بولىدىكەن ... — گۈلزىننەت ئۆز گېپىدىن چۆچۈپ خان ئاچىسىغا قارىدى. ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇ گەپنى دەپ تاشلىغىنىنىمۇ تۇيماي قوللىرى بىلەن ئاغزىنى تۇتتى. «بۇ قانداق بولغىنى؟ مەن نېمە دېيىشنى ئويلاشمىغانىغۇ؟ » ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوت ئېلىپ، يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە بېرىپلا مەنزەر ئۆيگە چىقىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئولتۇرىۋالدى. «بولىدىكەن» دېگەن سۆزنى ئۆيدىكىلەر ئاڭلىسا نېمە دەپ قالار دەپ خىجىل بولۇۋاتاتتى.

«توۋا ... ئۇ گەپ قانداقلارچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەندۇ؟» ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياستۇققا باش قويۇشىغا شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى، يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى، «قىزلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى نازۇكلۇقىدا ... ئانىسى ھۆرمەتلەنگەن بالىلاردىن ئالىم چىقىدۇ ... » دېگەن سۆزلىرى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتتى.

ئۇ كۆزلەر شۇنداق يېقىملىق ئىدى، ئاشۇ سۆزلەر ئۇنى ھاياجانغا سالغانىدى، ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن بۇ يىگىت گۈلزىننەتنىڭ قەلب قەسرىنى چېكىپ ، ئۇنى ياشلىق بېغىغا ئەكەتتى.

ئەتىسى سەھەردە ھاۋا خېنىم كىرىپ شەمشىدىن ھاجىمنىڭ گۈلزىننەت خېنىمنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى،

باھادىرخان ھاجىم ئائىلىسىنىڭمۇ بۇ خەۋەردىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى. ئۇ يەنە «شەمشىدىن ھاجىم قەشقەردىكى پۈتۈن رەستىدە بولغان قىزلار بىلەن كۆرۈشۈپمۇ ھېچكىمگە ماقۇللۇق بەرمىگەن، گۈلزىننەت خېنىم تەلەيلىك بولغاچقا، شەمشىدىن ھاجىم بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قاپتۇ» دېمەكچىدى، لېكىن ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ گەپنى يۇتۇۋەتتى.

زىبىرنىسا خېنىم قىزىنى توي قىلغىلى ئۇنىماي يىغلاپ، ئالەمنى مالەم قىلارمۇ، قايتا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن دەپ تۇرىۋالارمۇ، توي قىلىشقا قوشۇلماي تۇرىۋالسا قانداق قىلارمىز، دەپ نەچچە كۈندىن بېرى غەم يەپلا يۈرگەنىدى. كېلىنىدىن گۈلزىننەتنىڭ قوشۇلغىنىنى ئاڭلاپ چىرايى يامغۇردىن كېيىن چىققان ئاپتاپتەك ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

ئەمدى قىز - يىگىت ئىككى تەرەپنىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى تويىنىڭ گېپى، تويىنىڭ غېمى بولۇۋاتاتتى.

قەشقەردە قىز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشتىن بەكرەك ياتلىق قىلىش تەس. قائىدە - يوسۇنلار جانىنى قاقشاتقۇدەك دەرىجىدە ئېغىر. قىزى بار ئائىلىلەر بىر قىزىنى تالالىق قىلىش جەريانىدا تاس قالدۇ بىر ئۆمۈر يىغقان - تۈگكىنىنى سەرپ قىلىپ ۋەيران بولۇپ كەتكىلى.

بۆرۈنقى قائىدە - يوسۇنلار ئاز كەلگەندەك، يېڭىدىن - يېڭى قائىدىلەر پەيدا بولۇپ تۇراتتى. مۇشۇ شەھەردىكى بىر قىسىم ئىقتىسادى ياخشى ئائىلىلەر، شۇ ئائىلىلەردىكى شەرەنداز ئاياللار ئاساسلىق قائىدە - يوسۇن «ئىجادچى»لىرى ئىدى. ئاتا - ئانىلار «بالىمىزنىڭ ئىززىتى» دەپ بىر ئۆمۈر جان تىكىپ تاپقان پۇللىرىنى بالىلىرىنىڭ تويلىرىدا خەجلەپ تۈگىتەتتى. ھەتتا قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ھەسەن ھاجىملارنىڭ گەرچە شەھەردە نام - ئاتىقى بار كىشىلەر بولسىمۇ، يېپ رەختچىلىك سودىسى كاساد بولۇپ

قالغىنى خېلى يىللار بولغانىدى. مارجان تۈتۈلغان، ئۈنچە بېسىلغان، زەر قويۇلغان ئېسىل رەختلەر، تۈركىيە، دۇبەي، پاكىستانىنىڭ، ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ تەييار كىيىملىرى بازارلارغا تىقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، تاس قېلىشاتتى بەزىبىر خېنىملار قىلغىنى ئىش تاپالماي كىيىملىرىگە ئالتۇن يالىتىپ تىكتۈرگىلى.

يىپ رەختلەرنىڭ بازىرى ياخشى بولمىسىمۇ، ئۇلار «ئاش بەرگەن قاچىنى چاقمايمىز» دەپ ئاتا كەسپىنى ئەلا بىلىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ھەر خىل يوللار، چارە – ئاماللارنى ئىشلىتىپ تىجارىتىنى توختىتىپ قويماي ئايلاندۇرۇپ كېتىپ باراتتى.

بۇ بەرىكەتلىك شەھەردە مىدىرلىغانلا ئادەم نېسىۋىسىز قالمايتتى. ئەجىرنىڭ مېۋىسىنى كۆرەتتى. شۇڭا، تىجارەتچىلەر مەيلى قانداق تىجارەت قىلسۇن، قاقشىماي داۋاملاشتۇرۇپ، ئاغرىنماي يول تېپىپ ياشايتتى. كېيىنچە ھەسەن ھاجىملار تىجارىتىنى كېڭەيتىپ يىپ رەختچىلىكتىن سىرت، خوتەن ئەتلىسى، خاڭدەن، دۇخاۋا، تەتىللا، شىپۇڭ دۇخاۋىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان بولدى. ھازىرقى كۆرپە – يوتقان تىكەلمەيدىغان خانىم، خېنىملارمۇ بۇلارغا تىجارەتنىڭ يېڭى بىر يولىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار مۇشۇنداق يوتقان – كۆرپە تىكەلمەيدىغان خېنىملارغا يوتقان – كۆرپىلەرنى تىكتۈرۈپ تەييار قىلىپ بېرەتتى.

خۇرشىدە خېنىم گۈلزىننەتنى تېلېفونغا چاقىردى:

— گۈلزىننەت خېنىم، دوستلىرىمىكىن، بىر قىز سىلىنى ئىزدەۋاتىدۇ ، تېلېفوننى ئالسىلا.

تېلېفوننى قولىغا ئالغان گۈلزىننەتنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈكۈلدەپ سوقۇپ، ۋۇجۇدى يېنىك تىترەپ كەتتى. تېلېفوندىن

شەمشىدىن ھاجىمنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بوش ئاڭلىنىۋاتاتتى.
— گۈلزىننەت، تالاغا چىقالامسىز؟ سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەنىدىم.
— چىقالماسمەنمىكىن... نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ تېلېفوندا دېسىلە بولماسمۇ؟
ئۇ گوپپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ خان ئاچىسىغا قاراپ قويدى، خورشىدە خېنىم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى.
— يېرىم سائەتلىككىلا چىقىڭە، كۆرۈشۈپلا كېتىمەن، ھايال قىلمايمەن، بولامدۇ؟
— سىلى قەيەردە؟ — دېدى ئۇ ئىككىلىنىپرەك.
— سىزگە قەيەر قولايلىق بولسا شۇ يەرگە بارسام بولىدۇ.
— باشقىلار كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ ...
— چىقىڭە، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ تۇرىمەن، كۆرۈشۈپلا كىرىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، بىر كىم كۆرۈپ بولغۇچە كىرىپ كېتىسىز.
ئۇ خان ئاچىسىغا: «دوستۇم گوزەردە ساقلاپ تۇرۇپتۇ، كۆرۈشۈپلا كىرەي» دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. خۇددى يالغان ئېيتىپ شەمشىدىن ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭغىنىنى خان ئاچىسى بىلىپ قالىدىغاندەك خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.
شەمشىدىن ھاجىم بۇگۈن ئاق مايكا بىلەن پادىچىلار شىمى كىيىۋالغانىدى. بۇ كىيىم ئۇنى تېخىمۇ بەستلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. گۈلزىننەت ئۇنىڭ يېنىدا گۈل شېخىدەكلا نازۇك كۆرۈنەتتى.
گۈلزىننەت سالاملىشىپ بولۇپلا ئەتراپقا ئەندىشە بىلەن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.
— ئېلىڭ، بۇنى سىزگە ئەكەلدىم، تويىمىز بولغۇچە يەنە

بىرەر ئاي ئۆتمىدۇ، ئاۋازمۇ يېرىم دىدار، يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ تۇرالمىساقمۇ پات ـ پات پاراڭلىشىپ تۇرايلى، بولامدۇ؟

گۈلزىننەت توي دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا قىزىرىپ كەتتى. خىجىل بولغىنىدىن شەمشىدىن ھاجىمغىمۇ قارىيالماي يەرگە قاراپ تۇرىۋالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ توغاچ چىچىكىدەك قىزارغان تۇرقى شەمشىدىن ھاجىمنى ئەقلىدىن ئازغۇدەك مەپتۇن قىلاتتى.

بىر قېتىملىق دوستلار يىغىلىشىدا شەمشىدىن ھاجىمنىڭ بىر دوستى: «ھازىر قىزىرىپ، يەرگە قاراپ تۇرىدىغان قىزلارنى تېپىش تەس. ئادەمنىڭ كۆزىگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىدىغان قىزلارنى كۆرسەملا ئۆزۈمنى تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەندەك ئىچ ـ ئىچىمدىن بىئارام بولىمەن. شۇڭلاشقىمۇ ھېچبىر قىزغا مەيلىمنى بېرەلمەي قېرى يىگىت بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايمەن» دېگەنىدى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ چاقچىقى بولغىيتتى ياكى راست سۆزى بولغىيتتى. لېكىن، شەمشىدىن ھاجىم شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشكەنلىكى قىزلارنىڭ قىزارغان ـ قىزارمىغانلىقىغا دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قېرىشقاندەك خېلى كۆپ قىزلار ئالاھىدە ياسىنىپ، پەردازلىنىپ كېلىشەتتى. ئۆزلىرىنى بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، زامانغا لايىق كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. بەزىلىرى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى ئاشكارا ئىپادە قىلىپ ئۇنى قايتا ـ قايتا ئىزدەپمۇ باققانىدى. قىزلار تەشەببۇسكار بولغانچە شەمشىدىن ھاجىم جىم تۇرىۋالاتتى.

ئۇ يىگىتلەر بىلەن بەك ئەركىن ـ ئازادە مۇئامىلە قىلىشىدىغان، ئالاقە دائىرىسى كەڭ قىزلارنى ئانچە ياقتۇرمايتتى.

ئوقۇغانلىق ـــ ئەرلەر بىلەن تەڭ تۇر، گەپ تالاش، ئەرلەر نېمە قىلسا شۇنى قىل دېگەنلىك بولمايدۇ ـ دە! ياراتقۇچى

ھەممىنى ئۆز ئورنى بىلەن ياراتقان. قىزلار قىزلىق نازاكىتىنى، شەرم - ھاياسىنى يوقاتماسلىقى، ئۆز نازۇكلۇقىنى، مۇلايىملىقىنى، مېھرىبانلىقىنى ھەر زامان ئەرلەرگە ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك، بۇ شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كاللىسىدىكى ئايال ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىدى.

گۈلزىننەت يەر تېگىدىن قايرىلىپ قاراپ ئۇنىڭ قولىدىكى يالتىراق خالتىنى ئالدى - دە:

— رەھمەت سىلىگە، مەن كىرىپ كېتەي! — دەپلا ئۆيى تامان يۈرۈپ كەتتى. شەمشىدىن ھاجىم بىردەم ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

گۈلزىننەت دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇللا ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى، نەدىنىدۇر يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئۇ خالتىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى، خالتىدا قىزىل رەڭلىك كىچىك بىر يانفون سايراۋاتتى.

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سىنىپىدىكى خېلى كۆپ باللارنىڭ يانفونى بار ئىدى، لېكىن گۈلزىننەت يانفون ئىشلىتىشكە قىزىقمىغانىدى.

ئۇ يانفوننى قولىغا ئېلىپ ئېكرانىدا لەيلەپ تۇرغان «شاھزادەم» دېگەن خەتكە قاراپ قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن يانفوننى ئاستا قۇلىقىغا تۇتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئاۋازى خۇددى گۈلزىننەتنىڭ يېنىدا تۇرغاندەكلا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — گۈلزىننەت نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ياقتۇردىڭىزمۇ؟ چىرايلىقمىكەن؟

— ھەئە، بەك چىرايلىق ئىكەن، رەھمەت...

— ئەمدى ھەر كۈنى پاراڭلىشىپ تۇرالايمىز، ۋاقتىڭىز چىققاندا ماڭا تېلېفون قىلىڭ، بولامدۇ؟

— ئۆيدىكىلەرگە بۇ تېلېفوننى كۆرسىتەلمەيمەن ھەم

سىلىگە تېلېفونمۇ ئۇرالمايمەن...
— شەمشىدىن ھاجىم ھەدىيە قىلدى دېسىڭىز بولىدۇغۇ.
— خىجىل بولىمەن.
— خىجىل بولماڭ، بىز بەربىر توي قىلىدىغان بولغاندىكىن ئۆيدىكىلەرمۇ رەنجىپ كەتمەس...
شۇنداق قىلىپ ئىككى ياش ئۆبدانلا كېلىشىپ قالدى.

بەشىنچى باب

# قىز كۆركى

ھاۋا خېنىم ئىككى كۈندىن كېيىن سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ قىز كۆرۈشكە كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— ئۇلار گۈلزىننەت خېنىمغا بىر سەر بىلەزۈك تەييارلاپتۇ، — دېدى ھاۋا خېنىم ، — سىلەرمۇ مېھمانلارغا ئوبدانراق تەييارلىق قىلساڭلار بولىغۇدەك. سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا بىر يېرىم مىسقاللىق ئۈزۈكتىن بىرنى ئالدىكەنسىلەر، ئىككى قىزىغا بىر مىڭ بەش يۈز كويلۇق دۇبەيىنىڭ مارجان باسقان چېكىنى، سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئانىسى بىلەن كېلىن خېنىمغا مىڭ كويلۇق مارجان چېكەندىن، باشقا مېھمانلارغا خوتەن ئەتلىسىنىڭ ئوخشاش نۇسخا، ئوخشاش رەڭلىكىدىن ئالسا دەيدۇ. كۈيۇ ئوغۇل بولىدىغان غوجامغا داڭلىق ماركىلىق شىم - كاستۇمدىن بىر يۈرۈش ئالىدىكەنمىز. باشقا ئەرلەرگىمۇ ئەلۋەتتە لايىقىدا ئالساق بولىدۇ. باشقا ئىشلارنى مەن دېمىسەممۇ سىلەر شەھەردە ئېقىۋاتقاننى بىلىسىلەر، شۇ بويىچە بولىدۇ. لېكىن كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياخشىراق تەييارلىق قىلايلى.

— ھاۋا خېنىم، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم تەستە ئېغىز ئېچىپ، — ئۈزۈكنىغۇ ئالىمىز، لېكىن مېھمان خېنىملارغا قويىدىغان خوتەن ئەتلىسى سەل ئېغىر بولۇپ كەتتىمۇ، قانداق؟ ھېچ يەردە تېخى ئەتلەس قويىدىغان ئىش چىقىپ باقمىغان.

— ئەمدى بۇمۇ گۈلزىننەت خېنىمنىڭ ئىززىتى. ھېچكىم قىلمىغاننى قىلساق تېخى ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەتلەس دېگەن

سىلىنىڭ دوكاندىلا بار تورسا، بوپتو، بىر قېتىم چىدىسىلا. موشو بىر قېتىم چوڭ چاينىڭ مېھمىنىنى ئۆزىتىۋالسىلا بوننىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئەل نەرخىدە بولىدۇ. تونجى ئىش پوچەك بولوپ قالمىسون. قانداق دېدىم، خورشىدە خېنىم؟ — ھاۋا خېنىم بىر ياندا گەپ قىلماي ئولتورغان خورشىدە خېنىمغا قاراپ قويدى.

خورشىدە خېنىمنىڭ ئونى ئىچىگە چوشوپلا كەتتى. ئوتتوزدىن ئارتوق مېھمانغا بىر كىيىملىكتىن خوتەن ئەتلىسى قويسا ئېشىپ كەتكەنلىك بولماي نېمە؟ لېكىن بو ھاۋا خېنىمنىڭ گېپى ئەمەس، ئو دېگەن ئوتتورىدا تورىدىغان ئايال، ئومو قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى يەتكوزىدو. بو تونجى قېتىملىق ئىشتا قودىنىڭ ئالدىغا ئوتوپ بو ئىش ئېغىر بولوپ كېتىپتو دېيىش تېخى سەت تورىدىغان ئىش.

مېھمانلار كېلىدىغان كونگىمو ئاز قالغانىدى. نەرسىلەرمو شولارنىڭ تەلىپىدىكىدەك تەييارلاندى. بولغوسى قودىلارنىڭ تونجى كېلىشى بولغانلىقى ئوچون تەييارلىقنى ئالاھىدە قىلىش كېرەك ئىدى. تونجى تەسىر ھەممىدىن موھىم ئىدى ، كېيىنكى ئىشلار قائىدە ـ رەسىم بويىچە ئېلىپ بېرىلسا بولاتتى.

زىبىرنىسا خېنىم بىلەن خورشىدە خېنىم تەييارلىق ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى، گولزىبا خېنىممو قاغىلىقتىن ئەتىسىلا يېتىپ كەلدى.

ئاياللار قولمو قول ئويلەرنى قايتىدىن تازىلاپ، تام ـ تورۇسلارنى سوپورۇپ، دېرىزە ئەينەكلىرىنى، ئىشىكلەرنى سۇرتتى، يېڭىدىن قودا كورپىلىرىنى تىكتى، پەردىلەرنى يودى، ھويلىغا بېسىلغان ھەربىر تال كېسەكنىمو پاكىز يويوپ چىقتى. ئاندىن ساڭزا ـ سامبوسا، باقالى، قاتقات، قويماق، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى پىشورۇشتى.

قودىلار كېلىدىغان كونى سەھەردە كەشتىلىك چوڭ ئاق داستىخاننى چوڭ مېھمانخانىغا سېلىپ ئوستىگە نېپىز

يالتىراق ياپقاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا بىر خون مەزە، ئىككى تەرىپىگە ساڭزا قويدى. پىستە بادام، ياڭاق مېغىزى، ئۆزبېكىستاننىڭ ھەسەل كەمپۈتى، تۇرپاننىڭ سۆزۈك كىشمىشى، قومۇلنىڭ سورتلۇق چوڭ چىلىنى ئوخشاش پاسون، ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ئېگىز پۇتلۇق چوڭ خىرۇستال ۋازىلارغا قاچىلىنىپ، مەزەنى چۆرىدەپ قويۇلدى. ئۇنىڭ يېنىغا چوڭ ئىككى باسىن تەخسىگە دوخوپكىدا پىشۇرۇلغان سامسا، يەنە چوڭ ئىككى باسىن تەخسىگە يۇزلىرىگە غۇچچىدە شېكەر يالىتىلغان چوڭ پىرەنىك تىزىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ تەخسىلەرگە دۇبەي، تۇركىيە، ئىراننىڭ خالتىلارغا قاچىلانغان ھەر خىل پىرەنىكلىرى تىزىلدى. بۇ خالتىلىق پېچىنىلەر، سامسىلار ئاساسلىقى ئايالالارنىڭ زەللىسىگە سېلىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. شۇڭا، قول يەتمىسىمۇ بولىدىغان جايغا چوڭ تەخسىلەردە تىزىلاتتى. داستىخاننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى چىقىرىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ رەت - رەتكە قۇيماق، باقالى، بال پىرەنىك، قاتقات، شاكىلاتلىق تورتلار، لىغىرداق، قېتىق، مۇراببا، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت، قوغۇن - تاۋۇزلار تىزىلدى. داستىخاننىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئېگىز پۇتلۇق قاپارتما گۈللۈك چوڭ چىنە ۋازىلارغا بانان، ئاپېلسىن، ئالما، ئانارلار تىزىلدى. تام ياقىلىتىپ سېلىنغان يېشىل رەڭلىك يىپەك خاڭدەندىن تىكىلگەن كۆرپىلەر كۆپۈپ، كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

گۈلزىبا خېنىم بىلەن خۇرشىدە خېنىم داستىخاننى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ رەتلىدى، يىرىم كۆرۈنگەن ۋازىلارنى، تەخسىلەرنى لىقلىدى، بەزىلىرىنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ رەڭ، تەم ياكى تۈرىنى ماسلاشتۇردى. داستىخان مول، كۆركەم تىزىلغانىدى.

ئىككى ئايال تەرلىرىنى سۈرتتى، ئۇلار داستىخاننى تىزىپ بولغۇچە جۇلۇقى چىقىپ كەتكەنىدى.

قۇدىلارغا ئېتىلىدىغان تاماقلار ئاساسەن ھەممە ئۆيلەردە

ئوخشاش بولاتتى. بەكرى قارىي قۇدىلارغا خام قويىدىغان قوينىڭ پۇت گۆشلىرىنى ئەكىردى. بۇ شەھەردە يېڭىدىن شۇنداق قائىدە چىققانىدى.

كېلىن ئاغىچا پەردە خېنىمغا بىر كىلوگىرام گۆش، ھامما خېنىملارغا يېرىم كىلوگىرامدىن گۆش خونچىلايدىغان بولۇشتى. ئادەتتىكى مېھمانلارغا ئۈچ يۈز گىرامدىن پارچىلانغان گۆشلەر ئايرىم ـ ئايرىم تەييار قىلىنىدى.

قۇدا مېھمىنىنىڭ كۆتۈرۈشىنىڭ، قۇدا داستىخىنىنى تولدۇرۇشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىپ تۇرسىمۇ، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك يەنە يېڭىدىن قائىدىلەر پەيدا بولۇپ، ئىشلار تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىپ باراتتى.

ياردەملەشكىلى كەلگەن ئاياللارنىڭ بىرقانچىسى چۆچۈرە تۈگۈۋاتاتتى، بىرسى لەڭمەننىڭ خېمىرىنى، بىرسى پېتىر مانتىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇردى، كاۋاپنىڭ گۆشىنى ئاياللار چوڭ ـ كىچىك توغراپ قويىدۇ، دەپ ئەرلەردىن بىرسى توغراپ تەييارلاپ بەردى. ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئوتياشلارنى ئادالىدى، بەزىلىرى لىغىرداقلارنىڭ دورا ـ دەرمەك، ئاچچىقسۇلىرىنى تەڭشىدى، پىيالىلەرگە قېتىق بۆلدى... شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ بىرسىمۇ بىكار تۇرمايتتى.

قازان قايناپ، چۆچۈرىلەر تۈگۈلۈپ تەييار بولغاندا مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى، كونا قۇدىلار بالدۇرلا كېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

يېڭى قۇدىلارنىڭ قولىدىكى ئاپپاق داستىخانلار ئۆيگە تۇشۇلدى. ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مېھمانلار ئۆيگە كىردى. سەمرىگەن، ئاق يۈزى ئوخشىغان ھالۋىدەك ۋىلىلداپ تۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى كېلىننى پەردە خېنىم قولتۇقلىۋالغانىدى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن سۇلتانىنىسىپ خېنىم

پەلتوسىنىمۇ سالماي، رومىلىنىمۇ ئالماي تۆرگە جايلاشتى. كېلىنلەر ئانىسى ھەم قېيىنئانىسى بىلەن بىللە مېھماندارچىلىققا بارسا، چوقۇم قېيىنئانىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، بىللە قايتاتتى.

ھەر كىم ئۆز ئورنىنى تېپىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سالام ـ سەھەت، تۇزۇت، تەۋازۇ قىلىشتى.

بۈگۈن زىبىرنىسا خېنىممۇ، ئۆيدىكى ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋاتقان ئاياللارمۇ قىممەت باھالىق ئىبغىر ئۈنچە چېكەنلەردىن كۆڭلەك كىيىپ، ئالتۇن جابدۇقلىرىنى تولۇق تاقاپ، ياقۇتلۇق شارپىلىرىنى ئارتىپ ئالىيچە ياسىنىۋېلىشقانىدى.

مېھمانلار پەلتولىرىنى سېلىپ جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن «تۇرمۇشى قانداقراق كىشىلەركىن» دېگەندەك ئۆينىڭ ياسىلىشى، بېزىلىشى، تۇزۇلۇشى، جابدۇلۇشلىرىغا ھەتتا داستىخاننىڭ سېلىنىشى، گېزەك، پىشۇرۇقلارنىڭ تۈرلىرى، مېھمانلارغا قويۇلىدىغان زەللىلەرنىڭ تۈرلىرى ... ھەممىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىپ پىچىرلىشىپ ئولگۇرۇشتى. بىلەك، بارماقلاردىكى قوش ـ قوش بىلەزۈك، ئۈزۈكلەر جىرىڭلاپ، بويۇنلاردىكى، قۇلاقلاردىكى ئالتۇن زەنجىر، سۆكىلەر يالىلداپ كۆزنى چاقنىتاتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم پېتىمدىن چۈشمەي تىككىمدە ئولتۇراتتى. ئاپپاق يۈزىگە سۈس پەرداز قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆمرى راھەت ئىچىدە ئۆتكەنلىكىدىنمۇ چىرايى نۇرلۇق، جىلۋىلىك ئىدى. چىرايىدىن خۇشلۇقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، لېكىن خانىشلاردەك ئالىيچە ھالەتنى بۇزماي ئولتۇراتتى.

پەرىدە خېنىم داستىخاندىكى ئەڭ چىرايلىق مېۋىلەرنى، ئەڭ ئوخشىغان سامسىلارنى، پىشۇرۇقلارنىڭ يېيىشلىك، يۇمشاقلىرىنى تاللاپ كىچىك تەخسىدە خونچىلاپ تۇرۇپ

قېيىنئانىسىغا سۇناتتى. ئادەتتە پەردە خېنىملا ئەمەس، بارلىق كېلىنلەر قېيىنئانىلىرىغا مۇشۇنداق قىلىشاتتى. چوڭ كېلىنلەر كەلگۈسىدە قېيىنئانىسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بولغاچقا، قېيىنئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ھەر زامان بۇيرۇقىدا تۇراتتى.

زىبىرنىسا خېنىم مېھمانلاردىن بىر - بىرلەپ ھاردۇق سوراپ بولۇپ ھەممەيلەننى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— سۇلتاننىسىپ خېنىم، تىنچ - ئامان كەللىمۇ؟ باھادىر- خان ھاجىم، باللار ئوبدان تۇرىۋاتامدۇ؟ قېنى داستىخانغا قول كەلتۇرۇپ بەرسىلە ... — زىبىرنىسا خېنىم شۇنداق دەپ باشقا مېھمانلارغا يۈزلەندى، — قېنى مېھمانلار، داستىخانغا قول كەلتۇ- رۇشسىلە، سۇلتاننىسىپ خېنىم، ئاۋۋال ئۆزلىرى قول كەلتۇرۇپ بەرسىلە ... — ئۇ قول باغلىغان ھالەتتە تەبەسسۇم بىلەن مېھ- مانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

مۇشۇنداق سورۇنلاردا مەخسۇس بىر ئايال مېھمانلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي مېھمان كۈتەتتى. بۇنداق ئاياللار چوقۇم شەرەنداز، شىرىنسۆخەن بولمىسا بولمايتتى. ھەر بىر تاماقنى ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا تەۋازۇ، ئىززەت بىلەن سۇناتتى، چاينى پات - پات يېڭىلاپ قۇياتتى، بىكار بولغان چىنە - پىيالىلەرنى، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى مېۋە شۆپۈكلىرىنى، قول سۈرتكەن قەغەزلەرنى بىردەممۇ توختاتماي ئاچىقىۋېتەتتى.

گۈلزىبا خېنىم پات - پات كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ: «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ مەزەگە تەكلىپ قىلاتتى، چاي قۇياتتى.

زىبىرنىسا خېنىمغا ياردەملىشىۋاتقان قوشنىلار، ھامما خېنىملار پەتنۇسلاردا مېغىزلىق ھالۋا ئەكىرىشتى، ياڭاق مېغىزى قوشۇپ ئېتىلگەن ھالۋىنى كۆرگەنلا ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلەتتى. گۈلزىبا خېنىم داستىخاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ

مېھمانلارغا ئالاھىدە دەملىگەن زەپە چاينى سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ھالۋىنى سۇندى.

تاماقلار تەرتىپى بىلەن كىرەتتى. ھالۋا، ھالۋىنىڭ كەينىدىن چۆچۈرە، ئۇنىڭ كەينىدىن لەڭمەن، ئاندىن پىتىر مانتا، كاۋاپ، ئۆپكە ـ ھېسىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن توخۇ كاۋىپى دېگەندەك.

مېھمانلار لىغىرداق، قېتىق، ھالۋا، مېۋە ـ چىۋە، تاتلىق ـ تۈرۈملاردىن يەپلا تويۇپ قېلىشتى، شۇڭا يېگىنىنى يەپ، يەپ بولالمىغانلىرىنى زەللە قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان نانىنىڭ ئارىسىغا سېلىشاتتى. مېھمانلار ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇشۇپ ئۆز پارىڭىغا چۈشكەندى. ئۇلار ئالتۇن باھاسىنىڭ يەنە ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، كىمنىڭدۇر ئېرىنىڭ كىچىك خوتۇنىغا قايسى ئولتۇراق رايوندىن ئۆي تۇتۇپ بەرگەنلىكى، بۇ يىل قانداق چېكەننىڭ مودا بولغانلىقى، دۇبەي شارپىلىرىنىڭ قايسى دۇكاندا سەرخىل ئىكەنلىكى، بۇ يىل كىمنىڭ ھەجگە ماڭغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە تۈركىيەدىن كېلەلمىگەن قىزى مەينىگار خېنىم ھەم شەمشىدىن ھاجىمغا نېسىۋە قىلىنغان زەللىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەندى.

ھەر بىرسى بەش كىلوگىرام ئەتراپىدا كېلىدىغان قوينىڭ ئارقا پۇتى ، يەنە پەتنۇس ـ پەتنۇس پىشۇرۇق، كەمپۈت، بادام، ياڭاق، سېۋەتلىرى بىلەن قوشۇپ چىرايلىق ئورالغان مېۋە قاتارلىقلار قويۇلغاندى.

گۈلزىبا خېنىم باسمىن تەخسىلەردىكى مېۋە، سامسا، سامبۇسا، قۇيماقلارنى ھەربىر مېھمانغا بىر ـ بىرلەپ سۇندى، تەخسىلەر، پەتنۇسلار بىر باشتىن بىكارلىنىپ ئىشىك ئالدىدا چىنە ـ تەخسىلەرنى يىغىپ ئاچىقىپ كېتىشنى ساقلاپ تۇرغانلارغا سۇنۇپ بېرىلدى.

پەتنۇسقا سېلىنغان گېزەكلەر سۇلتاننىسىپ خېنىم،

ئاينىگار خېنىم، پەرىدە خېنىم ۋە سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئانىسىغا قويۇلدى. بۇ مېھماندارچىلىقتا قۇدىلارغا ئالاھىدە خونچىلايدىغان گېزەكلەر ئىدى. بۇگۈن قىز تەرەپ قانچە ئادەمگە قانچە پەتنۇس گېزەك قويۇپ خونچىلىغان بولسا، يۇز ئاچقۇ كۈنى ئوغۇل تەرەپمۇ قىز تەرەپكە شۇنچە پەتنۇس گېزەك خونچىلايتتى.

ئاياللار گېزەكلەرنى تۈرلىرى بويىچە ئايرىم خالتىلارغا قاچىلاپ زەللىسىنىڭ قاتارىغا قويۇپ قويدى. ھەر مېھماننىڭ زەللىسى ئولتۇرغانلارنىڭ بويى بىلەن تەڭ كەلگۈدەك ئېگىزلىكتە دۆۋىلىنىپ كەتتى.

ئاخىرىدا ھەربىر مېھمانغا كىچىك خالتىلارغا قاچىلانغان خام گۆش قويۇلدى. ئەسلىدە بۇ گۆشلەر شورپا قىلىناتتى ، لېكىن يەيدىغان نەرسىنىڭ تۈرى كۆپىيىپ كېتىپ قورساقتا پاتقۇدەك يېرى قالماي قىينىلىپ كەتكەن خېنىملار مۇشۇنداق ئەپچىل چارىنى ئويلاپ تاپقانىدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولغىنى، شورپا سېلىنغان بولسا يەپ بولالماي ئېشىپ قېلىپ ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى.

ھەممە تاماقلار تارتىلىپ بولدى، زىبىرنىسا خېنىم كىرىپ:

— سۇلتانىنىسىپ خېنىم، مېھمانلار، ھەربىرلىرىنى لايىقىدا كۈتەلمىدۇق، كەم - كوتا بولۇپ قالغان جايلىرى بولسا رازى بولۇپ كېتىشسىلە، — دەپ مېھمانلارغا تەۋازۇ قىلدى.

مېھمانلار بىر ئېغىزدىن:

— ئۇنداق دېمىسىلە، بەك كايىپ كېتىپلا ...

— شۇنداق مول تەييارلىق قىلىشىپلا ...

— رەھمەت، — دېيىشىپ رەسمىيەت سۆزلىرىنى تۈگەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، زىبىرنىسا خېنىمغا قاراپ قول باغلاپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى:

— بەك چىرايلىق مېھمان بولدۇق ، ھەربىرلىرىگە كۆپ رەھمەت. بۇگۈن بۇ يەرگە ئۆزلىرىدىن بالا سوراپ كەلدۇق. ھەر قايسىلىرىنىڭ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان پەرزەنتى گۈلزىنەت

خېنىم رەسىدە يېشىغا يېتىپتۇ، ئوغلىمىز شەمشىدىن ھاجىمغا لايىق كۆرۈپ ، بالا قىلىۋالساق دېگەن ئۈمىد بىلەن ئالدىلىرىدا قول باغلاپ تۇرۇپتىمىز. مەقبۇل كۆرۈشسىلە، بالىلارنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ بېشىنى قوشۇپ قويساق، — ئۇ مېھمانلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، زىبىرنىسا خېنىمغا بۇرالدى، — لايىق كۆرۈشەرلىمۇ؟

زىبىرنىسا خېنىم يەڭگىلگىنە ئېگىلىپ تۇرۇپ :

— ھەربىرلىرىنىڭ بىزنى ئادەم ئېتىپ كېلىشكەنلىرىگە مىڭ مەرتەم ھەشقاللا. بالا ئۆزلىرىنىڭ، ھەربىرلىرىدىن بالا ئايىمايمىز ، — دېدى.

— مۇبارەك بولسۇن !

— مۇبارەك بولسۇن !

— گۈلى گۈلىگە كەلدى... — دېيىشتى مېھمانلار .

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئايىنىگار خېنىم پەتنۇسقا سېلىپ تەييارلاپ قويغان نەرسىلەرنى زىبىرنىسا خېنىمغا سۇندى:

— قىزىمىز گۈلزىنىنەت خېنىمغا ئاز بولسىمۇ بىر سەر ئالتۇن بىلەزۈك، دۇبەيىنىڭ چېكىنىدىن بىر كۆڭلەكلىك، ھەرەمنىڭ يىپەك شارپىسىدىن بىر تال، پۇتىغا بىر جۈپ ئايىغىمىز بار ئىكەن، ئاز بولسىمۇ قوبۇل كۆرۈشەرلا...

ئادەتتە «ئاز بولسىمۇ» دېيىش بىر خىل كەمتەرلىك، ئەمما بۇ نەرسىلەر ھەرگىزمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

— رەھمەت، سۇلتانىنىسىپ خېنىم، كايىپلا، بۇنچە كايىمىسىلىمۇ بولاتتى، — زىبىرنىسا خېنىم شۇنداق دېگىنىچە پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى يېنىدا تۇرغان گۈلزىبا خېنىمغا بەردى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم باشقىلارغا ئاتىغان نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ قويۇشقا باشلىدى:

— ئۆزلىرىگە ئاز بولسىمۇ بىر كىيىملىك چېكەن، ھەسەن ھاجىمغا ئاددىي بولسىمۇ پەلتولۇق گاباردىيون، بەكرى قارىمغا پەلتولۇق سارجا، گۈلزىبا خېنىمغا بىر كىيىملىك چېكەن،

خۇرشىدە خېنىمغا بىر كىيىملىك چېكەن...

بۇ نەرسىلەر پەتنۇس بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن سۇنۇلۇپ تۇردى.

— رەھمەت، كايىشىپلا... بالا ئۆزلىرىنىڭ ئىدى، بۇنچە كايىمىسىلىمۇ بولاتتى، رەھمەت... — دېدى زىبىرنىسا خېنىم قولىدىكى رەختلەرنى خۇرشىدە خېنىمغا بېرىپ.

ئەمدى زىبىرنىسا خېنىمنىڭ رەخت قويۇش نۆۋىتى كەلگەندى.

— سۇلتانىنىسىپ خېنىم، ئۆزلىرىگە بىر پەلتولۇق گاباردىيۇن بىلەن بىر تال ئۆزۈكىمىز بار ئىكەن، لايىقلىرىدا قىلالمىغان بولساقمۇ مەنزۇر تۇتارلا...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۆزۈك بىلەن رەختنى ئالدى، لېكىن «رەھمەت» دېگەن گەپ ئاغزىدىن تولىمۇ تەستە چىقتى.

— باھادىرخان ھاجىمغا، قۇتبىدىن ھاجىمغا بىر پەلتولۇقتىن گاباردىيۇن، ئوغلىمىز شەمشىدىن ھاجىمغا بىر قۇر شىم ـ كاستۇم، مەيىنگار خېنىم كېلەلمەپتۇ، بۇ ئاز بولسىمۇ مەيىنگار خېنىمنىڭ نېسىۋىسى. ئايىنگار خېنىم، ئاز بولسىمۇ بۇنى ئۆزلىرىگە تەييارلىغان، — قىممەت باھالىق ئېغىر رەختلەر بىر ـ بىرلەپ قويۇلدى.

مېھمانلار يالتىراق خالتىلارغا قاچىلانغان ئوخشاش رەڭلىك ئەتلەسلەرنى قولىغا ئېلىپ پىچىرلىشىپ كەتتى. ئالغاندا ئەلۋەتتە ھەركىم خۇش بولىدۇ، لېكىن ھامان بىر كۆڭۈل ئۆزىمۇ مۇشۇنداق قايتۇرىدۇ. ئاسان ئەمەس ـ دە ! بۇ يىل خوتەن ئەتلىسىنىڭ باھاسى بىراقلا ئۆسۈپ كەتتى. ئەتلەس تېخى بەزى تويلاردا قىز ـ كېلىنلەرگە قويۇلۇۋاتقان، بۈگۈن بولسا ئادەتتىكى مېھمانلارغا قويۇلدى.

— رەھمەت، — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم يەنە بىر قېتىم.

— رەھمەت، بەك كايىپلا، جىق جاپا تارتىپلا، زىبىرنىسا خېنىم.

مېھمانلار بىر - ئىككى ئېغىزدىن ھۆسىلە قىلىشتى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ بېرىشكەن بولسىلا، پولۇغا قازان ئاسقان، بىر دەم مۇڭداشقۇچە پىشىدۇ، — دېدى گۈلزىبا خېنىم.

— ۋاي ياق، توق قورساققا ئىسراپ قىلىپ پولۇ ئەتمەيلى، — دېيىشتى مېھمانلار.

«پولۇ ھازىرلا پىشىدۇ » دېگەنىبىلەن ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ئۆيدىكى مېھماندارچىلىقلاردا پولۇ ئېتىلمەيتتى.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ گېپى بويىچە ئەمىسە پولۇ ئەتمەيلى. ئەتىسەكمۇ توق قورساققا يېيىلمەي ئېشىپ قالغۇدەك. ھەرقايسىلىرىغا خاتىرە بولۇپ قالسۇن دەپ تەييارلىغان كىچىككىنە كۆڭلىمىز بار ئىدى، — گۈلزىبا خېنىم شۇنداق دېگىنىچە، مېھمانلارغا بىردىن كىچىك مىس چەينەك قويدى.

ئەتىگەن ئىشىكتىن يېنىك كىرگەن مېھمانلار ئەمدىلىكتە ئېغىر قەدەملەر بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆيدىن چىقىشتى.

زىبىرنىسا خېنىم، گۈلزىبا خېنىم، خۇرشىدە خېنىملار ئىززەت - ئىكرام، تەۋازۇ بىلەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغۇچە، چارچاپ ھوشىدىن كېتىشكە ئازلا قالغانىدى.

ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىغا مېھمانغا ئىشلەتكەن پىيالە، تەخسە، چىنىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. قوشنىلار، تۇغقانلار بىردەم بۇگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ پارىڭىنى قىلىشقاچ ئولتۇردى. بۈگۈن مېھمانلارنىڭ تىنچ ئۇزىغانلىقىدىن ھەممەيلەن خۇشال ئىدى.

— ئۇھ، قىز چىقارماقنىڭ تەسلىكى.

— ئېسىل خەق بولغاچ، گۈلزىنىنەت خېنىمنىڭ ئىززىتىنى بەك قىپتۇ.

— بىزمۇ ئاشۇرۇپ قىلدۇقمۇ ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى.

— شۇنداق دېگەنبىلەن، قىلغاننى بىلىدىغان ئادەم باشقا. بىلەزۈك بىر سەردىنىمۇ چوڭمۇ نېمە؟ چېكەنىنىمۇ تاللاپ ئاپتۇ.

— شۇنداق دېگەنبىلەن ھەممىسى گۈلزىنىنەت خېنىم بىلەن بىللە كېتىدۇ. قىزىمىزغا ئازار بەرمىسە بىز شۇنىڭغا خۇش.

— ئۇغۇ شۇ. قىز بالا ئاجىز، ئازار يەپ قالمىسىلا مەيلى ...

ئۇلار پاراڭلاشقاچ قاچا ـ قومۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى قولمۇ قول يۇيۇپ، سۇرتۇپ، جاي ـ جايىغا تىزىپ بولدى. شۇنداق قىلىپ قىز كۆرەك غەلۋە ـ غوۋغاسىز، خاپىلىقسىز ئاياغلاشتى.



# ئالتىنچى باب

# كەچتىكى پاراڭلار

كەچ. ئۆيدە ھەسەن ھاجىم بىلەن ئوغلى بەكرى قارىي بۇگۇنكى مېھماندارچىلىق توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— مېھمانلار تىنچ ئۇزاپتۇمۇ، بالام؟ بىرەر گەپ - سۆز بولمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ھاجىم.

— ياق، دادا، تىنچ ئۇزاپتۇ ، ھەممە ئىشلار ئوبدان بولدى.

— قانچىلىك چىقىم بوپتۇ؟

— ھەممىنى خاتىرىلەپ ماڭغان، بايا ھېسابلاپ باقسام، بۇگۇنكى مېھماندارچىلىققا يىگىرمە بەش مىڭ كوي كېتىپتۇ.

ھەسەن ھاجىم ھەيرانلىق بىلەن ئوغلىغا قاراپ سورىدى:

— بۇگۇنكى مېھماندارچىلىققىلا شۇنچە كۆپ پۇل كەتتىمۇ؟ يىگىرمە - ئوتتۇز ئايال يېرىم كۈن مېھمان بولغانغا يىگىرمە بەش مىڭ كوي كەتكەن بولسا، قانداق ئىش بۇ؟ بالام، ئېنىق كەتمىگەنسەن ؟

— ئازمىدىم، دادا، سوۋغا - سالاملارمۇ بار ئەمەسمۇ؟ قايتا - قايتا ھېسابلىدىم، مانا كۆرۈپ باقسىلا...

ھەسەن ھاجىم خاتىرىگە قارىمايلا:

— توي - تۆكۈندىكى رەسمىيەتلىرىمىز بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپ بارىدۇيا، — دېدى چاچلىرى پاكىز چۈشۈرۈۋېتىلگەن بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — بىرمۇنچە پۇل شامالدا سورۇلغاندەك، ئىككى نانىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۈگەپ كېتىدىكەن. ئاشۇ پۇللار بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا خەجلەنگەن

بولسىمۇ ھاردۇقى چىقاتتى ئادەمنىڭ. قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئېغىرلىقىدىن ئوغۇللىرىنى ئۆيلىيەلمەي، قىزلىرىنى ياتلىق قىلالماي قىيىنچىلىقتا قالغان ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن بۇ كەمدە. ئاشۇنداق ئائىلىلەردىكى بالىلار يامان يوللارغا كىرىپ، گۇناھلىق ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالمىسا بولاتتى. بىر چىرايلىق قائىدىلىرىمىز بولىدىغان، نەدىن چىقتى بۇ قاملاشمىغان قائىدىلەر؟ ئاشخانا ئۆيدە قوينىڭ ئارقا پۇتىدىن نەچچىسى تۇراتتى، ئۇنى نېمىگە ئىشلەتتىڭلار؟

— يېڭى قۇدىمىز بىلەن كونا قۇدىلىرىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا قويۇپتۇ، بۇ يېڭى چىققان قائىدىمىش...

— خام گۆشمۇ قويامدۇ، بالام؟ بۇ ھۆرمەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇزاپ چىققاندا قارىسام مېۋىلەرنىمۇ سېۋەتتى بىلەنلا كۆتۈرگۈزۈپ قويۇپسىلەر، ئۇنداق قىلساق، بىزنى زاڭلىق قىلىپ خام گۆشلەرنى قويغاننىڭ ئۈستىگە، مېۋىلەرنىمۇ سېۋەتتى بىلەنلا كۆتۈرگۈزۈپ قويدى دەپ، قۇدىلار خاپا بولمامدۇ؟

— ياق، دادا، ئەكسىچە تېخى ئىززىتىمىزنى قىلدى دەپ خۇشال بولارىمىش.

— ۋاي بالام، ئىززەت ـ ھۆرمەت دېگەن يېگەن ـ ئىچكەن بىلەن ئۆلچىنەمدىكەن؟

— جاھان شۇ ئىكەن، دادا، ئەل ئاققان كېچىكتە ئاقمىساق بولمايدىكەن. بۇ ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇپ سەل قىيىنىلىپ قالامدۇقمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ھەسەن ھاجىم توي ـ تۆكۈنلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى باردى ـ كەلدى چايلارغا قاتنىشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، باشقا ئەرلەرگە ئوخشاشلا توي جەريانىدىكى بۇنداق ئۇششاق قائىدىلەرنى بەك بىلىپ كەتمەيتتى.

— ئاياللارنى سەللا مەيلىگە قويسا مۇشۇنداق جاھانغا پاتماي قالىدۇ. ئەسلىدە سىڭلىڭنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالدىم. پۇل ئۈچۈن ئەمەس، قىز

بالا ئاجىز، يىراق يۇرتلاردا يامان كۆزلەرگە چېلىقىپ، يامان يوللارغا كىرىپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم. تويغا بۇ بالا ئۆزى رازىلىق بېرىپتۇ، شۇڭا بوپتۇ دېدۇق. قىينالساقمۇ يەنە بىرەر يىلدا ئەسلىمىزگە كېلىپ بولارمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە باھادىرخان ھاجىم يۇرت كۆرگەن، چوڭ ئۆتكەن ئابرۇيلۇق ئادەم، شۇڭا بالىسىمۇ چوقۇم ياخشى بالا بولغاندۇ دەپ ئويلايمەن. قىز بالا ئۇچۇن ياخشى ئەرگە ياتلىق بولۇش مۇھىم ئىش، ئەر كىشىنىڭ پۇلى بولمىسىمۇ، دېتى بولسا پۇل دېگەننى تاپالايدۇ. بۇ بالىنى دېتى بار ئوبدان بالا دەيدۇ. شۇڭا، جاپا تارتىپ قالساقمۇ سىڭلىڭنىڭ ئىززىتىنى ئوبدان قىلىپ شۇلارنىڭ ئۆيىگە چىرايلىق ئۇزىتىپ قويايلى. مۇشۇ قىزىم خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشسە كۆڭلۈم جايىغا چۈشىدۇ.

— بۇگۇن بىر قېتىملىق چوڭ مېھماندارچىلىق تۇگىدى، ئەمدى توينى تۇگەتسەك بەك چوڭ چىقىممۇ بولماس، دادا. بوپتۇ، بۇمۇ ئۆتۇپ كېتەر، شەھىرىمىزدە ئېقىۋاتقىنى شۇ بولغاندىكىن.

— يەنە تېخى ئاش ـ سۇ، تويلۇق ئەكېلىدىغان ئىش بار ئەمەسمۇ، بالام، — دېدى ھەسەن ھاجىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

— ئەرلەرنىڭ مېھماندارچىلىقى ئاياللارنىڭكىدەك زىل ئەمەس، دادا، ھە ـ ھۇ دەپ تۇگەپ كېتەر، — بەكرى قارى شۇنداق دەپ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان بىلەن، بۇ ئىشتا ئۆزىمۇ غەم قىلىۋاتاتتى.

كەچ. باھادىرخان ھاجىملارنىڭ ئائىلىسى.

— قۇدىلار قانداقراق ئادەملەر ئىكەن، خوتۇن، مېھمانلار تىنچ ـ ئامان ئۇزىغاندۇ؟ — دېدى باھادىرخان ھاجىم يۇتىغا مۇشتلاپ ئولتۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا.

— مەن ئۇ خەقنى ئاتا ـ بوۋىسى چوڭ ئۆتكەنلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ، يوغان بىلىپ كېتىپتىكەنمەن. تېگى ئانچە چىڭ ئادەملەرمۇ ئەمەس ئىكەن، ھەر ھالدا كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ بولغاچقا،

بۇگۈنكى مېھمانلارنى ئوبدان ئۇزاتتى.
— مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالمىغانلا بولسا بولدى. سەنمۇ ھەسەلدىن قىل ئىلغىما، ئىشلار ئۆز يولىدا بولسىلا كۇپايە. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە مېھىر ھەققىنى مۇۋاپىق بېرىپ رازى قىلىشى كېرەك، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن قىز تەرەپتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىش ھارام. شۇڭا، تويلۇقنى پۇتۇشكىلى بارغاندا كۆپ تالىشىپ كەتمەڭلار، بولسا ئايىنىگار خېنىمنى ياكى بولمىسا پەردە خېنىمنى ئېلىپلا بارساڭ بولىدى. يەنە ئادەم كۆپەيتىپ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۇرۇپ يۈرمە. بىزلەرگە بىرنەرسە قىلمىز دەپمۇ ئاۋارە بولمىسۇن، كېلىن قىزىمىزنىڭ كەم - كوتىسىنى راسلاپ توينى قىلىپ بەرسىلا بولىدۇ، — دېدى باھادىرخان ھاجىم ئوڭ قولىدا تەسۋى سىيرىغاچ ئولتۇرۇپ، — سەن ئەزەلدىن شەرەندازلىقنى ئاشۇرۇۋېتىسەن، بۇ تويدا دىققەت قىل. شەمشىدىن ھاجىم نەچچە يىلدىن بېرى ئاران مۇشۇ قىزغا ماقۇللۇق بەردى. ئارىلىقتا ئىش تېرىپ يۈرمە جۇمۇ.
— شۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ھاجىم، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەن قىز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا خانىش بولۇپ كىردىم دەپ بىلسە بولىدۇ. ئوغلىمىزنىڭ ھەربىر قەدىمىدىن تىللا تۆكۈلىدۇ، تىللا! ئۇنداق ئەمەسمىتىيا؟ بىزدەك نام - نەسەبلىك، ئابرۇيلۇق ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇۋاتقاندىكىن، قائىدىدە بارنى قىلمىسىمۇ بولماس؟ شەمشىدىن ھاجىممۇ نى - نى قىزلارغا نەزەر - گۆزىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغانىدى، ئەمدى كېلىپ بۇ سېرىق ئاسلان قىزغا مەھكەم چاپلاشتى.
— ئۇنداق دېمە، سۇلتان، — باھادىرخان ھاجىم خوتۇنىنىڭ گەپلىرىگە كايىپ، تەسۋىسىنىمۇ سانىماي سۆزلەشكە باشلىدى، — خۇدايىم بالا - قازا بېرىدىغان بەندىسىگە ئاۋۋال كىبىر بېرىدۇ دەيدۇ، كىبىرلىك قىلما. ئىگىمىز بايلىقنى بىزگە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلاپ گۇناھكار بولسۇن دەپ ئەمەس، ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ساۋابلىق ئىشلارغا

ئىشلەتسۇن دەپ بەرگەن. مەن قۇدا بولغۇچىلارنى بىلىمەن، ئۇلار پاكىز ياشايدىغان ئادەملەر. سىنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭ سېنى هەر كويغا سالىدۇ، دىققەت قىل. يەنە شەمشىدىن هاجىمنىڭ يېنىدا كېلىن بولغۇچى قىزىمىزنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ يۈرمە، تېخى ئۆيگە كەلمىگەن ئادەمنى ئاقچى - كۆكچى دېيىشكە باشلىدىڭ، ئۇنداق قىلما. شەمشىدىن هاجىم كۆزلۈك بالا بولدى، ئۆمۈرلۈك هەمراهىنى هەرگىز خاتا تاللىمايدۇ.

باهادىرخان هاجىم بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆكۈچ يېلىنجاپ تۇرىدىغان، كەكە ساقاللىرى چىرايلىق ياسىتىلغان، ئوتتۇرا بوي، بەستلىك، ئەقىدە - ئىخلاسى كامىل، هوشيار ئادەم ئىدى.

ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا دادىسىغا ئەگىشىپ چەت ئەللەرگىچە چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، يۇرت كۆرگەن بولغاچقا، تىجارىتىنى ناهايىتى پىلانلىق، ياخشى باشقۇراتتى. خوتۇن - بالىلىرىغا، قىز - كېلىنلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ خەج - خىراجىتىنى ئۆكسۈتمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ سۇلتانىنىسىپ خېنىم بوغچا يىغىشقا ئامراق چىقىپ قالدى. ئېرى توسۇغانچە، ئۇ ئاشكارا - مەخپىي هالدا ئېرى چەكلىگەن ئىشلارنى ئاشۇرۇپ قىلاتتى. شۇندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈيتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم پەرىدە خېنىم بىلەن ئايىنىگار خېنىمنى ئېلىپ، هەسەن هاجىملارنىڭكىگە يەنە كەلدى. داستىخان سېلىنىپ تاماقلار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، سۇلتانىنىسىپ خېنىم سۆلتىنى بۇزماستىن ئورنىدىن ئازراق قىمىرلاپ قويۇپ:

— زىبىرنىسا خېنىم، باهادىرخان هاجىم بالىلارنىڭ تويىنى بەك كېچىكتۈرمەي قىلىۋەتسەكمىكىن دەيدۇ. هەربىرلىرىنىڭ باشقىچە پىكرى بولمىسا، قىزىمىزنىڭ مېهىر هەققىنى دەپ بەرگەن بولسىلا، تويلۇقنى ئەكېلىۋەتسەك، ئاندىن مۇۋاپىق بىر

كۆننى بېكىتىپ، تويىنىمۇ ۋاقتىدا قىلىشۋەتسەكمىكىن دەپ ئويلىشىۋاتىمىز، ھەر بىرلىرى قانداق قارىشىلىكىن؟ — دېدى.

ئاينىگار خېنىم بىلەن پەرىدە خېنىم بولۇنۇۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

زىبىرنىسا خېنىم داستىخاننىڭ چۆچىسىنى غىجىملاپ ئولتۇراتتى، سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ گېپى تۈگىگەن ھامان بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى:

— قىزىمىز تېخى يېڭىلا مەكتەپ پۈتكۈزگەن، ئوقۇيمەن دەپ تولا ۋاقتى مەكتەپتە ئۆتۈپ، ئۆي ئىشلىرىغا بەك پىشىپمۇ كەتمىگەن، شۇڭا بىرەر يىل تەربىيەمىزدە بولار دەپ ئويلىغانىدۇق. ھەر قايسىلىرى بۇنداق دېيىشسىلە، قاراپ تۇرۇپ يەنە ياق دېيىشكە تىلىمىز كۆيىدۇ. مەن ھەسەن ھاجىمغا دەي، ھەممە ئىش ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى. ھامان قىلىدىغان توي بولغاندىكىن قىلساق قىلارمىز.

— ھازىرقى بالىلارغا بۇرۇنقىدەك تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ، مەنمۇ قىز چوڭ قىلىپ باققان، بۇنداق ئىشلارنى بىلىمەن. ئەنسىرىمىسىلە، گۈلزىنىنەت خېنىم ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئويناپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە پەرىدە خېنىممۇ بار، تېزلا كۆنۈپ قالىدۇ، — سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ چىرايىدىن يېقىملىق كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — ئەمىسە مېھىر ھەققىگە ئېغىز ئېچىپ بەرسىلە، — دېدى ئۇ پېتىدىن چۈشمەي.

— بىزگە ئادەم مەنزۇر، بالا ئۆزلىرىنىڭ، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم داستىخاندىن كۆزىنى ئالماي. ئۇنىڭ تۇرقىدىن رايىشلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئارىلىقتا گۈلزىبا خېنىم بىلەن خۇرشىدە خېنىممۇ كىرىپ زىبىرنىسا خېنىمنىڭ يېنىغا يۇكۇندى.

— بىر نېمە دەپ بەرسىلە، زىبىرنىسا خېنىم. ھەممە ئىش ئالدىمىزدا ئېنىق بولۇپ كەتسە، توي جەريانىدا ئۇقۇشماسلىقتىن، كۆڭۈلسىزلىك كېلىپچىقىشتىن ساقلانغىلى

بولىدۇ. بولمىسا سىلى دېمەي، بىز بىلمەي، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن.

قىز ـ كېلىنلەر ئىككى ئانىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. زىبىرنىسا خېنىم بىرنېمە دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سىلىنىڭمۇ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ، سۇلتانىنىسىپ خېنىم، ئەل قىلغاننى قىلايلى. ھازىر ئېقىۋاتقىنى نېمە بولسا، شۇ بولسۇن، باللار ئەپلىشىپ قالسا ھەممىدىن ئەۋزىلى شۇ.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم زىبىرنىسا خېنىمنىڭ تويلۇق توغرۇلۇق پۇلغا ئېغىز ئاچمايدىغانلىقىنى پەملەپ:

— ئەسلىدە سىلى ئېغىز ئېچىپ بىرنېمە دەپ بەرسىلە بولاتتى. سىلى دېمىگەندىكىن مەن دەپ باقاي. گۈلزىنىنەت خېنىمنىڭ مېھىر ھەققى ئۈچۈن ئۈچ سەر ئالتۇن ئالساق ھەرقايسىلىرىغا مەنزۇر كېلەرمۇ؟ ھازىر شەھىرىمىزدە مېھىر ھەققى شۇنچىلىك بولۇۋېتىپتۇ، — دېدى گەپنى سوزماسلىق ئۈچۈن.

— ھەشقاللا، سىلى دېگەندەك بولسۇن، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم ئارتۇق گەپمۇ قىلماي ئورنىدىن ئارراق قوزغىلىپ.

گۈلزىبا خېنىم قىمىرلاپ قويدى ـ يۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئۈچ سەر ئالتۇنمۇ شۇ كۈنلەردە نورمال تويلۇق ھېسابلىناتتى. ئانچە پۇل بەرسىلە، مۇنچە پۇل بەرسىلە دەپ تالىشىپ تويلۇق بېكىتىشنى زىبىرنىسا خېنىم ياقتۇرمايتتى. قىز بالا مال بولمىسا باھا قويۇپ «ئاز بولدى، كۆپ بولدى» دەيدىغان. مېھىر ھەققى لايىقىدا بولسا كۇپايە ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتانىنىسىپ خېنىممۇ شەرەنداز ئايال بولغاچقا، تويلۇق مۇنچە پۇل بولسۇن دېمەي ئۈچ سەر ئالتۇن دېدى. ئۈچ سەر ئالتۇن ھازىرقى باھادا ئوتتۇز مىڭ كوي بولىدۇ. بۇ، تويلۇق ئوتتۇز مىڭ كوي بولسۇن دېگەندىن چىرايلىقراق ئاڭلىناتتى.

بىردەم ـ يېرىمدەم تۈزۈتتىن كېيىن تويلۇققا ئۈچ سەر

ئالتۇن، ئاش ـ سۇ ھېسابىدا بىر كالىنىڭ يېرىمى، بىر تاغار گۆرۈچ، بىر تاغار ئۇن، ئوتياش ـ چۆنەك، ياغ بولۇپ ھەممىسىگە بەش مىڭ يۈەن بېرىدىغان قىلىپ بېكىتىلدى.

— يۈز ئاچقۇ كۈنى گۇلزىننەت خېنىمغا بەش مىسقاللىق ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن بىر يۈرۈش كىيىم قويۇپ قويىمەن، — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم «سىلى دەپ بەرسىلە» دەپ تۇزۇت قىلىشنى قويۇپ، — ئىككى بالا سۈرەتكە چۈشۈپ، توي خېتى ئالىدىغان كۈنى شەمشىدىن ھاجىم گۇلزىننەت خېنىمغا خاتىرە ئۈچۈن بىر تال ئۈزۈك، بىر يۈرۈش كىيىم، بىر تال سومكا ئېلىپ بەرسۇن. سىلى شەمشىدىن ھاجىمنى جابدۇسىلا، مۇشۇنداق بېكىتسەك بولارمۇ؟ ئولتۇرساق ئولتۇرۇپ كېتىدىكەنمىز، شۇڭا مەنلا دېدىم، مۇۋاپىق كەلمىسە سىلىمۇ دەپ باقسىلا، قىزلارمۇ بولغاندىكىن بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلىمىز.

— گۇلزىبا خېنىم، ئاينىگار خېنىم، سىلەرمۇ دەپ بېقىڭلار. بىز كىچىك ئادەملەر ئەمەس، ئۆزىمىزگە لايىق ئىش قىلمىساق بولمايدۇ، — قوشۇپ قويدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم.

— مۇۋاپىق بولدى، — گۇلزىبا خېنىممۇ باشقا گەپ قىلماي شۇنداق دېدى.

بۇلار تويلۇق ھەم توينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنى ھەر ھالدا خېلى مۇۋاپىق، چىرايلىق بېكىتىشتى. بەزى تويلاردا مەسلىھەتلىشىپمۇ يەنە بىر يەرگە كېلەلمەي، كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

يىگىتنى جابدۇشتا بىر قۇر شىم ـ كاستۇم، ئاياغ، كۆڭلەك، گالىستۇك، دوپپا قاتارلىقلار ئېلىناتتى. بۇ ئاساسەن ھەممە تويلاردا ئوخشاش ئىدى.

— ئوبدان، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم، — يۈز ئاچقۇ كۈنى قولغا سۇ بېرىدىغان خېنىمغا بىر تال ئۈزۈك ئالسام، شەمشىدىن ھاجىم بالامنى جابدۇسام، باشقا ئىشلار قائىدە بويىچە بولسا

بولارمۇ، سۇلتانىنىسىپ خېنىم؟ سىلى، بىز ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن ئادەملەر، ئوقۇشماي بىرەر سەۋەنلىك بولۇپ قالسىمۇ ئۆز ئىچىمىزدە تۈزىتىۋالارمىز. يەنە باشقا ئىشلار بولسا ھاۋا خېنىم دىككىدە خەۋىرىنى بېرىۋەتسە تولۇقلىۋالىمىز، يا بولمىسا ئاينىگار خېنىم بىلەن گۈلزىبا خېنىم مەسلىھەت قىلىشار...

— شۇنداق بولسۇن، زىبىرنىسا خېنىم، توي ۋاقتىغىچە يەنە ئىش بولسا مەسلىھەت قىلىشارمىز.

بۇنداق كىچىك رەسمىيەتلەرنى تويدىن ئاۋۋال ئۆزئارا دېيىشىپ كېلىشىۋالسا، تويدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. شۇڭا، ھازىر ھەممە ئىشنى ئۆزئارا كېلىشىۋېلىپ ئاندىن رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىشاتتى، بۇنداق تويلار ئاغرىق - ئاداۋەتسىز، چىرايلىق تۈگەيتتى.

باھادىرخان ھاجىملار تەرەپتىن يىگىرمە ئادەم، ھەسەن ھاجىملار تەرەپتىن ئوندەك ئادەم بولۇپ، ئوتتۇز ئەر كىشى بىر كۈن مېھمان بولۇپ، تويلۇق، ئاش - سۇ ئەكېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتى.

شەمشىدىن ھاجىم بىلەن گۈلزىنىنەت بىر - بىرىنى تۇنجى كۆرۈشىدىلا ياقتۇرۇپ قالغاچقا خېلىلا چىقىشىپ قالدى، ئۇلار كۈندە تېلېفون قىلىشاتتى، گەپلىرى تۈگىمەيتتى، ئارىلاپ ئۇچرىشىپمۇ تۇراتتى.

يەتتىنچى باب

# تويلۇق ئالتۇن

تويىنىڭ لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن كۈندە بازارغا چىقىش، دۇكان ئارىلاش باشلاندى.

— گۈلزىننەت خېنىمغا دېسىلە، بۇرۇنراق تەييارلىق قىلسۇن، بۈگۈن چىقىپ ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىۋېتەيلى، بالام، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم خۇرشىدە خېنىمغا.

— ماقۇل، ئاپا، ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىشقا پۇللا بولسا ۋاقىت كۆپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ۋاقتىمىزغا قاراپ باشقا سودىلىقلارنىمۇ قىلىۋېتەيلى. كۆرپىلىك يىپەك خاڭدەننى قارىم دۇكاندىن ئەستىرى بىلەن كىرگۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. پاختا ئۇقۇشالىساق تورنىمۇ ياسىتىپ، تىككىشكە تۇتۇش قىلايلى، — خۇرشىدە خېنىم ناشتىلىقنىڭ قاچىلىرىنى يىغاچ شۇنداق دېدى.

— كۆرپىدىن قانچىنى تىكسەك بولار، بالام؟

— ھاۋا خېنىم ئاچام: «شەمشىدىن ھاجىم بىلەن گۈلزىننەت خېنىمغا چوڭ بىر ئۆينى ھۆجرا قىلىپ بېرىپتۇ، كۆرپىنى شۇ ئۆينى ئۆلچەپ تىكەرسىلەر» دەيدۇ. يېكەندازدىن تۆتنى، يوتقاندىن ئىككىنى تىكىدىكەنمىز، يەنە تويدىن كېيىن ئون بەش كۈنلۈكنى قىلغاندا قويۇپ قويىدىغانغا ئۆينى مېتىرلاپ خوتەننىڭ ئېكسپورت گىلىمىدىن ئالىدىكەنمىز.

— ۋاي ئانام! ھۆجرىسى چوڭ بولسا گىلەم ئېلىشقىلا خېلى كۆپ پۇل كېتەرمۇ؟ نەدىن چىقتى ئەمدى بۇ ئىش؟

— هازىر خوتەننىڭ ئېكسپورت گىلەمچىلىكىدە بىر كىۋادرات مېتىرى بىرمىڭ بىر يۈز كوي ئەتراپىدا ئىكەن. باشقا قىز چىقارغانلار تېخى توغلاتقۇ، كىر ئالغۇ، تېلېۋىزور، يەنە باشقا نەرسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئالارمىش ... گۈلزىننەت خېنىم ئايرىم ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرمىغاندىكىن گىلەم ئالساقلا بولىدىكەن. يا بولمىسا هازىرلا تېلېفون قىلىپ سوراپ باقايمۇ، هۆجرا ئۆي قانچىلىك چوڭلۇقتىكىن؟ هامان بازارغا چىقاندىكىن گىلەمنىمۇ كۆرۈپ تاللاپ قويساق، دادام بىلەن بەكرى قارىم چىقىپ ئەكىرەر.

زىبىرنىسا خېنىم ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرۇپلا قالدى، ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا بۇ توينى قىلماي بولمايتتى. قىلغانىكەن، قۇدىلارنىڭ دېگىنىدەك قىلمىسا، قىزى كېيىن ئۇ ئۆيدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيتتى. شۇڭا، جان چىقىپ كەتسىمۇ توينى چىداپ ئوبدان قىلىپ، قىزىنىڭ بەختىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك ئىدى.

— ماقۇل، بالام، هۆجرا ئۆيىنىڭ ئۆلچىمىنى سوراپ باقسىلا، قول كەسمىسە قان چىقمايدۇ، چىدايلى ئەمدى. «كېتەر ـ كېتەر شەهەر كېتەر» دەپتىكەن، كەتسە كېتەر، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ،

جاهاننى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغاندەك گىدىيىپ ئولتۇرغان زەرگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدىكى هەر خىل نۇسخىدىكى زىبۇ ـ زىننەتلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇلار دۇكانلارنى ئارىلاپ مېڭىپ دائىم زىننەت بۇيۇمى ئالىدىغان زەرگەر تونۇشىنىڭ دۇكىنىغىلا كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! هاجىم، ئوبدان تۇرۇپلا؟ ئۆيئىچى، بالىچاقىلار تىنچلىقمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! كېلىشىسلە، كېلىشىسلە... بەك چىرايلىق ماللار كەلگەن، تازا ۋاقتىدا كېلىشتىلە.

زەرگەر ئاقپىشماق، سىمىز ئادەم ئىدى، پۈلتىيىپ تۇرغان

كۆزلىرى ئادەمگە بىلىقداندىكى بېلىقلارنىڭ سۇزۇك كۆزلىرىنى ئەسلىتەتتى.

— ھاجى خېنىم ئاچا، بۇگۈن بۇياققا قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ، قانداقراق مال كۆرسىتەي؟ — زەرگەر قىزغىنلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچىگە لىققىدە ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر تىزىۋېتىلگەن ئەينەك پوكەينىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تويلۇق مال كۆرەيلى، ئۇكام، قىزىمنىڭ تويىنى قىلماقچىدۇق.

— تويلۇققا لايىق تازا ئېسىلماللار بار، ماسلاشتۇرۇپ بېرەي. تويى بولىدىغان خېنىم مۇشۇ شۇمۇ؟ — دېدى زەرگەر گۈلزىننەتكە قاراپ قويۇپ.

— ھەئە، كىچىك قىزىم ئىدى، لايىقى ئېپىدە بولۇپ قېلىپ تويىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق.

— ئوبدان قىلىشىپلا، پەرزەنتلەرنىڭ تويىغا ئالدىرىغۇلۇق، — زەرگەر ئالتۇنلىرى ئارىسىدىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللىغاچ سۆزلەۋاتاتتى، — قىزلىرى كىچىك ئىكەن، بەك چوڭلىرىنىمۇ ئالمىسىلا، — زەرگەر شۇنداق دەپ ئەينەك پوكەينىڭ ئىچىگە رەت - رەت تىزىقلىق ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەردىن ھەر خىل نۇسخىدىن بىرنەچچە تالنى پوكەي ئۈستىگە ئالدى.

ئۇنى ئېسىپ، بۇنى تاقاپ ئاخىرى ئالىدىغان ماللار بېكىتىلدى.

— ھېسابلاپ باقسىلا، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم ئەتىگەن قول ياغلىققا چىگىپ سومكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان پۇللارنى ئالغاچ.

— بىر يۈز ئون گىرام مال ئوتتۇز ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز كويلۇق بوپتۇ، پارچىلىرىنى دەپ يۈرمىدىم جۇمۇ، — زەرگەرنىڭ ئالتۇنلارنىڭ پۇلىنى دەۋاتقاندىكى ھالىتى خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇقىنىڭ باھاسىنى دەۋاتقاندەك ئېتىبارسىز ئىدى.

زىبىرنىسا خېنىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بولدى، بۇنداق كۆپ ئالمايلى، ئانا، كىچىكرەكلىرىنى ئالايلى، چوڭلىرىنى ئاسمايمەن، — گۈلزىننەت شۇنداق دېۋىدى، خۇرشىدە خېنىم:

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئۇكام، كەينىمىزدىن گەپ بولىدۇ، تويلۇقنى شۇنچە ئوبدان بەرسەكمۇ ئالغان نەرسىسىنىڭ تايىنى يوق، قىزنى شۇنداقلا چىقىرىپ بېرىپتۇ، دېسە، نە ئات ـ نە نومۇس بىزگە! بىزنى ياشىغىلى قويسىلا، — دېدى گۈلزىننەتكە قاراپ.

زىبىرنىسا خېنىم:

— تويدىن كېيىنلا ئۆي كۆرسىتىش باشلىنىدۇ، بارغانلا يەردە ئاسقان، تاقىغان، كىيگەنگە سەپسالىدۇ، بالام، — دېدى ـ يۇ، ھەممىنى ئالايلى دېيەلمىدى.

زىبىرنىسا خېنىمنىڭ سومكىسىدا ئەتىگەندە ھەسەن ھاجىم تويىنىڭ چىقىملىرىغا ئىشلىتىڭلار دەپ بەرگەن ئون مىڭ يۈەن، تويلۇققا قويۇلغان ئوتتۇز مىڭ يۈەن بولۇپ قىرىق مىڭ يۈەنلا بار ئىدى. بۇ پۇللارغا باياتىن مىڭ تەستە تاللىغان ئالتۇن بۇيۇملارلا كېلەتتى. يەنە تېخى كۈيۈ ئوغلىنى جابدۇيدىغانغا كىيىم ـ كېچەك، قولغا سۇ بېرىدىغان خېنىمغا قويىدىغان ئالتۇن ئۈزۈك، ھۇجرا ئۆيگە كىيىم ئىشكاپى، پەردە، كارىۋات ياپقۇچ، گۈلزىننەتكە تويلۇق كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالمىسا بولمايتتى.

بۇلارنى ئويلاپ زىبىرنىسا خېنىمنىڭ چېكىلىرىدىن تەر چىقىپ كەتتى. «گۈلزىبا خېنىمنى چىقارغاندا بۇنچە كۆپ چىقىم بولمىغان، جاھان قىممەتچىلىك بولۇپ كېتىپتۇ، رەسىم ـ قائىدىلەرمۇ نېمانچە كۆپ ئەمدى؟ بۇرۇن كۆرپىنى بىز تىكسەك، يوتقاننى ئوغۇل تەرەپ تىكەتتى. ھازىر بىر ماشىنا كۆرپە تىكىدىكەنمىز. ھەممىدىن يامىنى زەللە. زەللە تولدۇرۇش باش قېتىنچىلىق بولدى كىشىگە، نەدىن چىقتى بۇ چەت ئەلنىڭ

پىچىنىلىرىنى زەللە قىلىدىغان ئىش مېھماندارچىلىقنى تەسلەشتۈرۈپ؟ قىممەتلىكىچۇ تېخى، ھەربىر زەللىگە بەش ـ ئالتە بولاق سالمىسا تېخى بولمايدىكەن، خام گۆش قويىدىغان ئىشمۇ بار تېخى. ۋايتوۋا...» زىبىرنىسا خېنىم خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ زەرگەرگە:

— بىلەزۈكتىن بىرسى تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىنچە تولۇقلاپ بېرەرمەن. ماۋۇ مېنىڭ ئۈزۈك ـ بىلەزۈكلىرىمنىمۇ ھېسابلاپ باقسىلا، ئۇكام، — دەپ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىدىكى بىلەزۈك بىلەن بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلەرنى چىقاردى.

— ئانا! ئۇنداق قىلمىسىلا، باردى ـ كەلدىلىرىمىز كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندا، سىلى جابدۇقلىرىنى سېتىۋەتسىلە بولمايدۇ. مەن بەكرى قارىمىغا دەي، پۇل ئەكېلىپ بەرسۇن، — خۇرشىدە خېنىم زىبىرنىسا خېنىمنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئەينەك پوكەي ئۇستىدىن ئېلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— بولدى، بالام. قېرىغاندا ئالتۇن تاقىسىمۇ يارىشىپ كەتمەيدىكەن، سىلەر تاقاڭلار ... — زىبىرنىسا خېنىم ئۇ نەرسىلەرنى يەنە زەرگەرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ئانىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىدە ئىلاجسىزلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت بار ئىدى. ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھەممىگە چىدايتتى.

يانچۇق قۇرۇقدالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بازار ئارىلاشمۇ خۇشياقماي ئۆيگە قايتىپ كېلىپ چۈشلۈك تاماققا تۇتۇندى.

كەچ. ھەسەن ھاجىم خوتۇنىدىن تويلۇق ئالتۇن سېتىۋېلىش ئىشىنى ئاڭلاپ جىمىپلا كەتتى.

— ھاجىم، ئون بەش كۈنلۈكىنى قىلغاندا يەنە بىر پارچە گىلەم قويىدىكەنمىز، خوتەننىڭ ئېكسپورت گىلىمىدىن قويسۇن دەپتۇ. تۆت مېتىردا تۆت مېتىرلىق ئۆي ئىكەن. بۈگۈن ھاۋا خېنىم تېلېفون قىلىپ شۇنداق دەپتۇ، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي خۇددى بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك، — يەنە يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ئىشكاپى،

پەردە، كارىۋات ياپقۇچلارغىمۇ پۇل كەتكۈدەك، چىقىم سەل ئېشىپ كېتىپ بارىدۇ، قانداق قىلارمىز؟ يا بۇ چاغ بولغاندا يېڭىۋالغىلى بولمىسا، لايىقىمىزدىراق ئادەملەر بىلەن قۇدىلاشساقمۇ بوپتىكەن، بۇنداق ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ ئۆزىمىزنى قىيناپ يۈرگۈچە، — دېدى خورسىنىپ.

— خوتۇن، مەيلى كىم بىلەنلا قۇدىلىشايلى، ئالىدىغاننى ئالماي بولمايدۇ. كېتەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئامال بار ئېلىڭلار، گۈلزىنىنەت قىزىمىز كېيىن شۇ ئۆيدە ياشايدۇ، تىلى تۇتۇلۇپ، بېشى ئېگىلىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن. سىلەر غەم قىلماي قىلىدىغان تەييارلىقلارنى قىلىۋېرىڭلار، بەكرى قارىينى چاقىرىۋېتىڭلار، يېنىمغا كىرسۇن، ئۇنىڭغا ئازراق گېپىم بار، — دېدى ھەسەن ھاجىم خوتۇنىغا.

زىبىرنىسا خېنىم چىقىپ ئوغلىنى چاقىرىپ كىردى.

— دادا، مەسلىھەت بارمىدى؟ — بەكرى قارىي بىرەر زۆرۈر ئىش بولمىسا، دادىسىنىڭ بۇنداق كېچىدە ئۆزىنى چاقىرتمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئەتە بىر يەردىن ئازراق قەرز پۇل تاپقىن، تويىنىڭ بىز ئويلاپ باقمىغان چىقىملىرى چىقىپ قېلىۋاتىدۇ.

— يەنە نېمە چىقىم، دادا؟

— چىللاق قىلغاندا كىلەم قويىدىكەنمىز، يەنە باشقا چىقىملارمۇ بار ئوخشايدۇ، يىگىرمە مىڭ كوي بولسا يېتەر ...

— ماقۇل، دادا. ئون بەش كۈنلۈكىنى قىلغاندا كىلەم قويىدىغان ئىش چىقىپتۇمۇ ئەمدى؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ، ئاناڭ شۇنداق دەيدۇ. ھاۋا خېنىم كۆتۈرۈپ كىرگەن گەپ ئىكەن. قۇدىلار شۇنداق دېگەندۇ ھەرقاچان.

ئەسلىدە تويى بولغان قىزنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى بىر تال مەرەپ ياپقۇچقا يۆگەپ ئاپىرىدىغان بۇ قائىدە تەرەققىي قىلىپ يۇڭ ئەدىيالغا، خوتەننىڭ ئادەتتىكى يۇڭ گىلىمىگە، ھازىر

تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ خوتەننىڭ ئېكسپورت قىلىدىغانغا توقۇلغان ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ گىلىمىگە ئۆزگەرگەنىدى، تېخى بەزى پۇلدارلار تويدا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنىمۇ قويۇپ يۇرۇشەتتى.

پۇلى بارلار ھېچ ئويلانماي ئۆيلەرنى، ماشىنىلارنى، گىلەملەرنى قويغان بىلەن، سېرىقتال ياشاۋاتقان كىشىلەرگە بۇ چوڭ بېسىم ئىدى. توي - تۆكۈنلەردىكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن مۇشۇنداق قائىدە - يوسۇنلار نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا بەزى تويلار بۇزۇلۇپ بىر ئوبدان كېلىشىپ قالغان قىز - يىگىتلەر بەختسىز بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ھەسەن ھاجىملار ئارتۇقچە قائىدىلەردىن قاقشاپ يۈرۈپ، يەنە ھەممىنى جايىدا قىلىپ ئاخىرى تويىنىڭ ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى.

تويىنىڭ چىقىملىرىنى غەملەپ بولغۇچە ھەسەن ھاجىم بىلەن بەكرى قارىي كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى. تويىنىڭ قازىنى ئوچاق بېشىغا چىققۇچە يەنە نەچچە قېتىم قەرز پۇل ئىزدەپ چاپتى. توي قىلمىز دەپ ئائىلىسىنىڭ جان تومۇرى بولغان دۇكاننى تاقاپ قويسا بولمايتتى، تويىنى قىلمىسا تېخى بولمايتتى.

بۇ شەھەردە نۇرغۇن ئادەم تىجارەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە كىشىلەردە زاپاس پۇل بولمايتتى، زاپاس پۇللىرىنىمۇ داۋاملىق تىجارىتىگە قوشۇپ تىجارەت دائىرىسىنى، تۇرنى، يوللىرىنى كېڭەيتىپ باراتتى ياكى زېمىن، دۇكان، ئۆي ئېلىپ مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سالاتتى. شۇڭا، بۇ ئاتا - بالىمۇ بۇ پۇللارنى غەملەش جەريانىدا كۆپ رەنج - مۇشەققەتلەرنى تارتتى.

# سەككىزىنچى باب

## توي

توي كۈنى ئەتىگەندە باھادىرخان ھاجىم ئوغۇللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا ھەسەن ھاجىملار بىلەن بىر سەپ بولۇپ قول باغلاپ تۇرۇشتى.

بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ يەنە شۇنداق بىر قائىدىسى بار ئىدى، ئوغۇل تەرەپ توي باغقىغا قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ تارقىتاتتى، توي كۈنى سەھەردە ئوغۇل تەرەپنىڭ بارلىق ئەر مېھمانلىرى قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ توي تامىقىغا داخىل بولۇشاتتى. بىرنەچچە مەسچىتنىڭ جامائىتى قوشۇلۇپ توي باغقى تاپشۇرۇۋالغان بارلىق ئەر كىشىلەر ھەسەن ھاجىملارنىڭ ئۆيىدە تويغا قاتناشتى.

بۇ ۋاقىتتىكى مېھمانغا بىرمۇ ئايال ئارىلاشماي، ھەممىنى ئەرلەر ئۆزلىرى قىلاتتى. قولغا سۇ بېرىش، داستىخانغا باشلاش، مەزە راسلاش، چاي قۇيۇش، ئاش تارتىش، ئاشتىن يانغان مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش ... ھەممە ئىش پۈتى - پۈتىغا، قولى - قولىغا تەگمەيۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئىجراسىدا رەتلىك ھەم چىرايلىق ئاخىرلاشتى.

قوزىچۇش بولغاندا نىكاھ قىلىش باشلاندى. يۈزى يېپىلغان گۈلزىننەتنى دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغان ئۆيدىن نىكاھ ئوقۇلىدىغان ئۆينىڭ ئىشكى ئالدىغا ئەكېلىپ، ئىشىك يېنىدا

ئولتۇرغۇزدى. هەممەيلەن جىمجىت هالدا نىكاھ قىلىدىغان قارىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

— ئەمدى، — دەپ گەپ باشلىدى كاستۇم - بۇرۇلكا، چىمەن دوپپا كىيگەن ياش قارىم، — ئون مىنۇت ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ ئازراق سۆزلەيمەن، رۇخسەت قىلىڭلار. بۇلارنى مۇشۇنداق سورۇندا چوقۇم سۆزلىمىسەك بولمايدۇ. ياشلىرىمىز ئاڭلىسۇن، ئاتا - ئانىلارمۇ ئاڭلىسۇن، هەممەيلەن ئاڭلايلى...

ياش قارىم خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولسا كېرەك، هەدىس شەرىفتىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن نىكاھ هەققىدە مىسال ئېلىپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن نىكاھنىڭ خاسىيىتى هەم هۆرمىتى هەققىدە سۆزلىدى:

— ياشلار، توي قىلىڭلار، توي قىلىپ تەنهالىقنى ئاخىرلاشتۇرۇڭلار. تويىنى توغرا نىيەت، توغرا مەقسەت بىلەن قىلىڭلار. نىكاھقا هالاللىق بىلەن بىللە ياشاشتىن باشقا مەقسەتنى ئارىلاشتۇرۇۋالماڭلار. خوتۇن ئالغاندا، پۇلىنى كۆزلىمەڭلەر، چىرايىغا بېرىلمەڭلار، نەسەبىنى كۆزلىمەڭلار، پەقەت دىيانتى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە پاكلىقىنى كۆزلەپ ئېلىڭلار، چۈنكى دىيانتى بار ئايالنىڭ هەممە نەرسىسى تولۇق بولىدۇ. تەنهالىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا يامان خىيال، يامان يوللاردىن ساقلىنالايسىلەر. هازىر جەمئىيىتىمىزدە هەر خىل يامان كېسەللەر تارقىلىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭلارنى شۇنداق يامان كېسەللەردىن ساقلاش ئۈچۈن بىر مەسئۇلىيەتكە — ئائىلىگە تايىنىشىڭلار كېرەك. ئۆزۈڭلارغا، ئائىلەڭلارغا مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار. نىكاھ مۇقەددەستۇر. ئەر - ئايال بىر - بىرىڭلارغا ساداقەتمەن بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ، ئائىلەڭلارنىڭ پاكلىقىنى قوغداڭلار، ئەرلەر مەسئۇلىيەتچان، ئاياللار تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇڭلار. ئۆز ئائىلە ئەھۋالىڭلارغا يارىشا ياشاڭلار. ئىسراپچىلىق، مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىكتەك ناچار قىلمىشلاردىن نېرى بولۇڭلار. قانۇن - تۈزۈمنى بۇزىدىغان،

ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئەقىدە ـ ئېتىقادنى كۆزگە ئىلمايدىغان ناچار ئادەم ۋە ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ هاياتنى قەدىرلەڭلار. هازىر توي قىلىش كۈندىن ـ كۈنگە تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قىز تەرەپ تويلۇقنى ئېغىر سالىدىغان، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپتىن هەر خىل نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان ناچار ئىشلار كۈنسېرى ئاۋۇپ، ناهايىتى نورمال ئىشلارنىمۇ تەس بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمىز. بۇنداق كېتىۋەرسەك بىزدىن كېيىنكىلەر قانداق قىلىدۇ؟ ئىقتىسادى يېتىشمەيدىغانلار قانداق قىلىدۇ؟ كۆپ بالىلىق ئائىلىلەر قانداق قىلىدۇ؟ ئويلىنىڭلار، قېرىنداشلار، ئويلاپ ئىش قىلىڭلار. بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىمىزنىلا ئويلىماي، ئەتراپىمىزدىكىلەرنىمۇ ئويلاپ قويايلى...

قىزنىڭ رىزالىقى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رىزالىقى، ئىككى گۇۋاهچىنىڭ گۇۋاهلىقى تەل بولغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلدى.

— نىكاھ بىر ـ بىرىگە تامامەن يات بولغان ئىككى ياشنى هازىردىن باشلاپ بىر ـ بىرىگە هالال قىلدى. هەممەيلەن بۇ ئىككى ياشنىڭ نىكاھىنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا بېرەيلى، ئامىن!

هەممە قوللار دۇئاغا كۆتۈرۈلدى. قارىم يېقىملىق ئاۋازى بىلەن دۇئا قىلدى، كۆپچىلىك ئۈنىڭغا ئەگەشتى.

ئەرلەر تارقىلىپ، چۈش مەهەلدە ئاياللار كېلىشكە باشلىدى. ئاياللارنى تويدىمۇ ئاسان ئۇزاتقىلى بولمايتتى. هەممە ئىشنى خۇددى چوڭ چايدىكىدەك مول قىلىش قائىدىگە ئايلىنىپ كەتكەن، يەنە تېخى بەزىلەر توي خاتىرىسى دەپ مېهمانغا سوۋغات بېرىدىغان يېڭى قائىدىنىمۇ ئويلاپ تېپىپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئۆلگۈرگەنىدى.

بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، بىر ـ بىرىدىن ئالىپتە كىيىنىشكەن ئاياللار كېلىشكە باشلىدى.

— مۇبارەك بولسۇن! تويغا قويۇشۇپلا، خۇدايىم بالىلارغا

نىكاھ ئىسسىقچىلىقى بەرگەي.

— مۇبارەك بولسۇن! «بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇپ كېتەر...»

— كۆيۈ ئوغۇل بالىنى بەك ئېسىل ئائىلىنىڭ بالىسى دەپ ئاڭلىدۇق، كۆز تەگمىسۇن.

— گۈلزىنىنەت خېنىممۇ خانغا يارىغۇدەك قىز بولغان... شۇنداق يۈزى تۆۋەن، شەرم - ھايالىق.

— گۈلزىنىنەت خېنىمنىڭ ئالىي مەكتەپتە بەك ئوقۇغۇسى بار ئىكەنمىش...

— مانا ئەمدى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بولدى - دە.

بۇ ئالىپتە خېنىملارنىڭ ئېسىل ئۇستىباشلىرىغا قارىسا بۇ تويغا پۈتۈن شەھەرنىڭ بايلىرىلا قاتناشقان ئوخشايدۇ دەپ قالغۇدەك ئىدى، لېكىن ئاشۇ ئېسىل كىيىملەرنىڭ قانداق جاپا بىلەن بۇ ئاياللارنىڭ ئۈچىسىدا پارقىرىغانلىقى ئۆزلىرىگىلا ئايان. ئوتتۇرا ھال كىرىملىك كۆپ سانلىق ئائىلىلەر كۈندىلىك تاپاۋىتى بىلەن ئائىلىسىنى ئارانلا قامدايدىغان بولغاچقا، بۇنداق تويلار، چايلار ئۇلار ئۈچۈن باش ئاغرىقى ئىدى. چۈنكى، ھەربىر تويغا لايىقىدا كىيىنىپ بېرىش، لايىقىدا داستىخان تەييارلاش، يېقىنىراقلىرى قۇدىلارنىڭ ئۆيلىرىگە داستىخان راسلاپ بېرىپ قىزنى يوقلاپ كېلىش... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتەتتى.

بەزىلەر ئوتياشچىلىق قىلىپ بىر مو، ئىككى مو، بەزىلىرى ھارۋا سۆرەپ بىر يۈەن، ئىككى يۈەن، بەزىلىرى تىجارەت قىلىپ نەچچە مىڭ يۈەن ھاللاپ تېپىپ، ئۆيىنىڭ خىراجەتلىرىگە، بالىلىرىنىڭ مەكتەپ چىقىملىرىغا، خوتۇنلىرىنىڭ مۇشۇنداق توي - تۆكۈن چىقىملىرىغا ئۇلگۈرتىدۇ. بېغىشلاردا جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن بىلەزۈكلەر، بارماقلاردىكى قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەرمۇ بۇ بىلەك - بارماقلارغا ئاسانلىقچە چىقىپ قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

كۆپلىگەن كىشىلەر ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا مانا بۇگۇنكى مۇشۇ تويدىكىدەك ھېيت ئويناىدۇ.

تۇغقانلار، قوشنىلار، يېقىن ـ يورۇقلار پايپېتەك بولۇپ مېھمان كۇتۇۋاتاتتى. مېھمانلار سېلىكىپ، كۇن قايرىلغان مەھەلدە، ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى مەھەللە ئاسمىنىنى لەرزىگە سالدى.

يىگىتلەر «ئاللا، ئاللا ... ئاللا، ئاللا !» دەپ توۋلىشىپ، ئىككى يىگىت مۇرىسىگە ئېلىۋالغان شەمشىدىن ھاجىمنى ئارىغا ئالغىنىچە يېتىپ كېلىشتى.

مەھەللىدىكى بالىلار يېڭى ئۇزۇلگەن گۇللەر بىلەن بېزەلگەن قىز يۆتكەيدىغان ماشىنىغا قىزىقىپ قارىشاتتى، شوخراقلىرى تويچى يىگىتلەرگە ئارىلىشىپ ساماغا سەكرەيتتى، يىگىتلەر شەمشىدىن ھاجىمنى چۆرىدەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. شەمشىدىن ھاجىمنىڭ دوستلىرى ئۇسسۇل چەمبىرىكىنى يېرىپ ئۆتۈپ بېشىدىن پۇللارنى ئۆرۈيتتى، يېشىل چىمەن دوپپا كىيىۋالغان شەمشىدىن ھاجىم يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ خۇددى كۆك قەرىدىكى قارچىغىدەك مەردانە بىر ھالەتتە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەن باھادىرخان ھاجىم ئوغلىنىڭ بېشىدىن تەكرار ـ تەكرار پۇل ئۆرۈدى.

بۇلارغا قاراپ تۇرغان ئىككى مويسىپىت كىشى :

ــ كۇيۇ ئوغۇل بالا ئۇسسۇلنى تولا ئويناپ ھېرىپ كېتىپ، كەچقۇرۇن ئۇخلاپ قالمىغىيدى... ــ دەپ چىشسىز ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ ھوزۇرلىنىپ كۇلۇشتى.

ــ قۇدىلارنى ئۆستەڭبويىلىق ئادەملەر ئىكەن دېيىشىدۇ ـ ھە؟ ــ دېدى ئورۇق ئېگىز ئادەم.

ــ ھەئە، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ جاھان كېزىپ، تىجارەت بىلەن ئۆتكەن باي خەقلەر...

ــ ۋاي... باي بولسا بىزگە نېمە پايدىسى دەيلا؟ ھازىرقى بەزىبىر بايلارمۇ كەمبەغەللەرگە ئوخشاشلا تۇگۇلۇپ

تونۇۋالىدىغان بولۇۋېلىشتى. بۇرۇنقى بايلارنىڭ كۆپىنچىسى تاپقىنىنى يول ياساشقا، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاشقا، كۆۋرۈك ياساپ يىراقنى يېقىن قىلىشقا، مەكتەپ سېلىپ پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىشەتتى، ھازىر ھەممە ئادەم ئۆز كويىدىلا يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى.

— ياق، ھازىرمۇ شۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتقان بايلىرىمىز بار، تېخى بۇرۇنقىدىن كۆپ. جاھاندىن بىخەۋەر ئادەمدەك گەپ قىلماڭلار. ھازىرقى بايلارمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

— ھازىر تاپقان پۇللارنىڭ ھەممىسى تويدىلا تۈگەمدىكىن دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. نېمىدېگەن ئارتۇق ھەشەم بۇ ! بىر توي قىلغان ئادەم نەچچە يىلغىچە ھوشىنى تاپالمىغۇدەكلا، ئەسلىدىغۇ بەسلىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى بۇ.

— شۇنى دېسىلە ! بىز قاچانغىچە مۇشۇ كويدا ياشارمىز؟ توي قىلغانغا توي دېگەندەك بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ بۇ كۇنلەردە، ھەسەن ھاجىملارمۇ خېلى كۆپ قەرز ئالغاننىڭ گېپى بار.

— ......

يىگىتلەرنىڭ كەيپىياتى تازا كۆتۈرۈلۈپ سورەن سېلىپ ساماغا سەكرەۋاتقاندا، سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىر توپ ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز يۆتكەش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.

يىگىتلەر سەل چەتكىرەك سۈرۈلۈپ ئۇلارغا يول بوشاتقاچ ئويۇننى داۋاملاشتۇردى. قىز يۆتكەشكە كەلگەن مېھمانلار قۇدىلارنىڭ چىقىپ ئۆزلىرىنى ئۆيگە باشلىشىنى كۈتۈپ ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ، دوقمۇشتا تۇرۇشتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم خانىشلاردەك تاج تاقىۋالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خانىشلارنىڭ سالاپىتى، سۇلكىتى ھەم ھەيۋىتى بىلەن تۇراتتى. ئەتراپىدىكى خېنىملارمۇ قېلىشمىغۇدەك ئىدى. ئىنىسىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تۈركىيەدىن كەلگەن مەينىگار خېنىم بىردە يىگىتلەرنىڭ ئۇسسۇلىغا، بىردە ئەتراپتا

ئويناپ، مارىشىپ تۇرغان كىچىك بالىلارغا، بىردە دەرۋازىسىنىڭ ھەيۋەتىدىنلا تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدىغان ھەر خىل نۇسخىدىكى چوڭ، كىچىك دەرۋازىلارغا، ئۆيلەرگە، كۆز بولۇشقا قارىماي تېخىچە ئۆگزىلەردە مارىشىپ تۇرغان گۈللەرگە قارايتتى. تۈركىيەدە ئۇزاق يىل ياشىغاچقا، يۇرتىنىڭ ھەر بىر تال گۈل - گىياھىمۇ ئۇنى سېغىندۇراتتى، بالىلىقىنى ئەسلەپ ھاياجانلىناتتى. ئۇ يۇرتىغا ئارىلاپ كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ تويغا باشتىن - ئاياغ قاتنىشىشى پەقەت مۇشۇ قېتىم ئىدى.

بايلارنىڭ ئۆيلىرى ھەشەمەتلىك ئىدى، ئوردىدەك رەڭدار، گۈللۈك پېشايۋانلار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. يەنە بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى شامال چىقسىلا پۇررىدە تۇزۇپ كەتكۈدەك غېرىبانە كۆرۈنەتتى.

— چىقتى ...

— چىقتى، — دەپ پىچىرلاشقان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممە ئاياللار نەزىرىنى دەرۋازىغا ئاغدۇردى.

تويىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھارغىنلىقتىن، غەم - تەشۋىشلەردىن ئېزىلگەن زىبىرنىسا خېنىم ئۇزۇن پەلتوسى بىلەن چوڭ رومىلى ئېغىر كېلىۋاتقاندەك ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر توپ ئايال بىللە چىقىشقانىدى.

— ساقلىتىپ قويۇپتىمىز، كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا...

مەينىگار خېنىم ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران قالدى، سۇلتانىنىسىپ خېنىم لەۋلىرىنى مىتمۇ قىلماي ناھايىتى سالقىن بىر ھالدا يۈزىنى زىبىرنىسا خېنىمغا ياقتى، ئانىسىنىڭ پىچىرلاپمۇ بولسا سالامنى ئىلىك ئالمىغىنى مەينىگار خېنىمنى ئەپسۇسلاندۇردى.

زىبىرنىسا خېنىم مىڭ پۇچۇلۇپ، مىڭ پۇكۇلدى، لېكىن ئامال يوق. قىز تەرەپنىڭ ئادىمى ھەممىگە چىدىشى، بەرداشلىق بېرىشى، سەۋر قىلىشى كېرەك، چۈنكى يەنە بىر دەمدىن كېيىنلا يۈرەك پارىسىنى مۇشۇ سۆرۈن تەلەت ئايالنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ

ئەمەسمۇ. ئەگەر سەۋر قىلماي بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنداق كېلىننىڭ جېنىغا ۋاي. ئەسلىدە زىبىرنىسا خېنىم قۇدىلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا كىيمەكچى بولغان يېڭى پەلتوسىنى تاپالماي مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سەل كېچىكىپ چىقىپ قالغاچقا، سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى. زىبىرنىسا خېنىم مېھمانلار بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۆيگە باشلىدى.

قىز يۆتكىگىلى بېرىش ھەركىمدە ھەر خىل روھىي ھالەت پەيدا قىلىدۇ. تويى بولغان قىزنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى، قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ ماڭغاندىكى يىغىسى، يىگىتلەرنىڭ جۇشقۇن ئاۋازى، چوڭلارنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ ئويناپ يۈرگەن بالىلارنىڭ سەبىي كۆزلىرى، ھەتتا بەزى تويلاردىكى كىچىككىنە ئىشلار سەۋەبلىك كېلىپچىقىدىغان جېدەلمۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن ئۇزاققىچە چىقمايتتى.

زىبىرنىسا خېنىم قۇدىسىنىڭ بايىقى سۆرۈن تەلەتىنى، مۇزدەك كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ نېمە قىلارىنىمۇ بىلەلمەي تەمتىرەپ يۈرەتتى.

گۈلزىبا خېنىم بىلەن خۇرشىدە خېنىم ھەممە ئىشلارنى تەمتىرىمەي ئۆز يولىدا قاملاشتۇرۇپ قىلىۋاتاتتى. ئىززەت - ئىكرام، تەزىم - تەۋازۇ بىلەن شورپا، چۆچۈرە، قورداق ھەم باشقا تاماقلار تارتىلىپ ئاخىرى زەللىلەرمۇ، قىز يۆتكىگىلى كەلگەن خېنىملارغا ئاتالغان خاتىرە سوۋغاتمۇ قويۇلدى.

چىرايى قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ ئولتۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاغزى ئاخىر ئېچىلدى.

— قىزىمىز قايسى ئۆيدىكىن، تەييارلىقى پۈتكەن بولسا، يۆتكەپ ماڭساق بولارمۇ؟

— مەنزەردە ئولتۇرغۇزغان، — دېدى كىمدۇر بىرسى.

بىرەيلەن مەينىگار خېنىم بىلەن سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى

گۈلزىننەت ئولتۇرغان ئۆيگە باشلاپ چىقتى. گۈلزىننەت دوستلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇراتتى. ئارىلاپ ئېسەدىگىنىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە چوڭ غىجىم رومال يېپىلغانىدى، ئۇچىسىغا تويلۇققا تىكتۈرگەن ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيگەنىدى، لېكىن ئايىغى بىلەن پەلتوسىنى قېيىنئانىسى كىيدۈرەتتى. بۇ قىز كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ تەييار بولۇپ ئولتۇرسا، توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىك بولۇپ قالىدۇ دەپ كىملەردۇر چىقىرىۋالغان قائىدە ئىدى. قائىدىنى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ بىر ئېغىز گېپىمۇ بەزىدە نۇرغۇن ئادەم، نۇرغۇن ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى.

مەينىگار خېنىم كېلىپ ئاق ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى گۈلزىننەتنىڭ پۇتلىرىغا ساپتۇرۇپ، قىزىل رەڭلىك پەلتوسىنى كىيدۈردى. بىر تەرىپىدىن سۇلتانىنىسىپ خېنىم، يەنە بىر تەرىپىدىن مەينىگار خېنىم يېتىلەپ قىزنى ئېلىپ ماڭدى. مەنزىرىنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن چۈشۈپ دەرۋازىغا كەلگەندە، ئاشخانا ئۆيىنىڭ كىشىكىگە قىزىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك بىچارە هالدا يۆلىنىپ تۇرغان ئانىسىنى كۆرگەن گۈلزىننەت ئانىسىغا ئېسىلغىنىچە بوزلاپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ يىغا شۇنداق ئاچچىق، شۇنداق پەريادلىق ئىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ خۇيى يەنە بىر قېتىم تۇتتى:

— بىز يا سىلىنى بۇلاپ ئەكېتىۋاتمىساق، نېمانچە يىغلاش ئەمدى بۇ؟ ! — دەپ تەئەددى قىلدى.

سەل نېرىدا تۇرۇشقان ئىككى ئايال:

— تويى بولغان قىز يىغلىمىسا توي قىزىمدۇ؟ هاجى خېنىم ئاچىمىز تويى بولغاندا ناخشا ئوقۇپ ماڭغان بولغىيمىدىيا؟ — دەپ بولۇپ، ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈشتى.

دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان دادىسى، ئاكىسى،

تاغلىرى ۋە مەھەللە ـ كوي دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

گۈلزىننەت ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە دادىسىنى، ئاكىسىنى ھەتتا خان ئاچىسىنىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ئىشىكتىن يىغلاپ چىقسىلا يامان بولىدۇ، يىغلىمىسىلا، خېنىم ...

— ئارىلىق يېقىن، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرسىلا، نېمىگە يىغلايلا؟

يىگىتلەر «يىغلىماڭ قىز»غا چاڭ چىقىرىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىلەن گۈلزىبا خېنىم گۈلزىننەتنى ماشىنىغا چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا جايلاشتى. ماشىنا ئاستا قوزغالدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدە كارۋاندەك سەپ تارتىپ ماڭغان ماشىنىلاردا قىز يۆتكەپ ماڭغان ئاياللار بار ئىدى.

يىگىتلەر ناغرا ـ سۇناينى ياڭرىتىپ شەھەر كوچىلىرىنى بىر ئايلىنىپ تۇمەن كۆلىنىڭ كۆۋرۈككە كەلگەندە ماشىنىنى توختىتىپ ساما سېلىپ سىنغا ئالدى. سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار ئۈزۈلۈپ بىر ئۆچى باغچىنىڭ ئالدىدا، بىر ئۇچى مۇشۇ كۆۋرۈكتە كېتىپ باراتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كىشىلەر قىزىقسىنىپ قارايتتى، يېڭى بازاردىن بازارلىق ئاچىقىۋاتقان بىر بوۋاي بىلەن موماي قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ ماشىنىلارغا بىردەم قارىغاندىن كېيىن:

— مېنى تاغام ئاتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ يۆتكەپ قويغان ـ ھە؟ — دېدى موماي بوۋىيىغا، — ھازىر قىزنى شەھەردىكى بارلىق ماشىنىنى يىغىپ يۆتكەمدۇ، نېمە؟

— سىلىنى چىلان تورۇق ئاتتا يۆتكىگەن، بۇ ماشىنىلاردىنمۇ سۆلەتلىك ئىدى ئۇ ئات، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ.

— ماڭا بىر ئۆتۈك بىلەن رومالدىن باشقا تۇزۇك تويلۇقمۇ ئالمىغانتىڭلا... ھازىرقى قىزلارغا ساندۇق ـ ساندۇق كىيىم،

ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن سىرغىلارنى ئالىدىكەن...

— نېمەڭ كەم، خوتۇن؟ هازىر ئېلىپ بېرەي. تويلۇقۇڭ كۆپ بولمىغان بىلەن مەھەللىدە ھەممە قىزلارنىڭ ئىچىگە ئوت سېلىپ، مەھەللىنىڭ نوچىسىغا تېگىۋالغان ـ دە سەن.

— مەنمۇ گۈللەرنىڭ گۈلى ئىدىم ـ دە شۇ چاغلاردا! ھې ـ ھې ـ ھې... — دەپ كۈلدى موماي پەخىرلىنىش ئىلكىدە.

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە دۆڭدىن چىقىپ دۆلەتباغ تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

گۈلزىنىنەتنى يۆتكەپ ماڭغان ماشىنا ئۇدۇللا ماڭغاچقا، مەھەللىگە يىگىتلەردىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار كوچىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كەلگەندە خېلى چوڭ دائىرىدىكى گۈلخانىغا دۇچ كەلدى. گۈلزىبا خېنىم زىبىرنىسا خېنىم بەرگەن رەختلەر ئىچىدىن بىر پارچىسىنى ئېلىپ ئوتنى چۆرىدەپ تۇرغان قىزلارغا بەرگەندىن كېيىن، ياشلار گۈلزىننەتنى گىلەمگە سېلىپ ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. مەھەللىدىكى باللار چۇرقىرىشىپ ئۇلارغا ئەگەشتى، گۈلزىننەتنىڭ يىغا ئاۋازى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

يېڭى كېلىن ئۆتىدىغان يولغا ئوت سالىدىغان، ئوتتىن ئاتلىتىدىغان ئىش بارا ـ بارا ئازلاۋاتقان بولسىمۇ، بەزى تويلاردا يەنە شۇنداق قىلاتتى. بۇگۈنكىدەك ئوتتىن ئاتلىغان كېلىننىڭ ئېتىكى ئوتلۇق، نىكاھى ئىسسىقچىلىق بولارىمىش...

دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئىچىدىن تاقالغان دەرۋازىدىن كۈلۈشكەن، پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى، گۈلزىبا خېنىم يەنە بىر پارچە رەخت ئېلىپ بېرىۋىدى، ئىچىدىن:

— دەرۋازىنى ئاچمايمىز، بۇ رەخت بەك ئاددىي ئىكەن، — دەپ چۇرقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. گۈلزىبا خېنىم يەنە بىر پارچە رەختنى ئېلىپ دەرۋازىنىڭ يېرىم ئېچىلغان يوچۇقىدىن سۇڭگۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ قانىتى ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ ئېچىلدى. بۇ، تويىنى قىزىتىپ كۈلكە چىقىرىدىغان

قائىدە بولۇپ، بەزىدە مۇشۇ قائىدىمۇ خېلى چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە باھانە بولۇپ قالاتتى.

قىزنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان مېھمانلارغا تاماق ئېتىپ، داستىخان راسلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆيدە قالغان ئايىنىگار خېنىم ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۇزۇن ئاق يىپەك رەختنى ئېلىپ چىقىپ دەرۋازىدىن مېھمانخانا ئۆي تەرەپكە قارىتىپ يەرگە سالدى ۋە:

— ئاقيوللۇق بولسىلا، گۈلزىننەت خېنىم. بۇ ئۆيدە ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاش نېسىپ بولسۇن، — دېدى.

گۈلزىبا خېنىم گۈلزىننەتنى گىلەمدىن چۈشۈرۈپ:

— بىسمىللا، دەپ ئوڭ پۇتلىرىنى پاياندازغا باسسىلا، ئۈكام، — دەپ گۈلزىننەتنى يېتىلەپ پاياندازنى بويلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى. كەينىدىن ئۇلىشىپ يېتىپ كەلگەن باشقا يەڭگىلەر پاياندازنى يىغىپ مېھمانخانىغا كىرىپ جايلاشتى.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ ھويلىسىنىڭ ئۈستى ئەينەكلىك قىلىپ يېپىلغان، ئۆيلىرى چوڭ، ھەشەمەتلىك ئىدى. ھويلىدىكى سۇپىلارغا ئوتقاشتەك گىلەملەر تولدۇرۇپ سېلىنغانىدى. مەنزەر ئۆيگە چىقىدىغان پايىلەر يېرىم ئايلانما شەكىلدە ئىككى تەرەپتىن چىقىدىغان قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا سۇپا، سۇپىنىڭ ئۈستىدە بىر دېرىزە بار ئىدى. ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا پايىلەر تۇتىشىپ كېتەتتى. يەڭگىلەر ساھىبخانىنىڭ باشلىشى بىلەن ئالتۇن رەڭ سىرلانغان پايىلەر بىلەن ئۆرلەپ، ئۆينىڭ ئالدىدا بىردەم توختاپ «سىلى ماڭسىلا، ۋاي ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دېيىشىپ قىز يۆتكەپ كېلىدىغان مېھمانلار ئۈچۈن مەخسۇس راسلانغان ئوڭ تەرەپتىكى چوڭ ئۆيگە كىرىپ جايلاشتى.

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۆزئارا ھاردۇق سورىشىپ سىنچاي قويۇلدى، ئاندىن تەرتىپ بويىچە شورپا، چۆچۈرە، قورداق،

پـولـۆلار تارتـىـلـدى. داستـىـخـان مول راسلانـغـان بولۇپ، تـوخـۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تىزىلغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

تاماقلار تارتىلىپ بولـغاندىن كـېيـىن يـەڭگە بولـغان ئايالـلار قېلىپ، قىز يۆتكەپ كـەلگەن ئايـاللار ئۆزىدى. قـۇدا تەرەپتىن ئەرلەر «قىزىمىز تىنچ كـەلدىمـىكىن؟» دەپ ھـاردۇق سـوراپ كەلدى. مېھمانلار ئۆزىغاندىن كـېيىن، تـويغا قارىشىپ بەرگـەن ئۆرۈق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارمۇ تارقىدى.

ئـاينىگـار خېنىـم يەڭگـىلەرنى بـاشـلاپ قىز ـ يىگىتكە تەييارلىغان ھۇجرىغا كىردى.

ھەسەن ھاجىملار قىزىنىڭ تويغا ئاتاپ ئېلىپ بەرگەن خوتەن گىلىمى، ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان كارىۋات ۋە گۈلزىنىنەتنىڭ ساندۇقىنىڭ ئورنىغا ئېلىنغان كـىيىم ئىشكاپى ھۇجرىغا بۆلەكچە سۆلەت قوشۇپ تۇراتتى. تىللا رەڭ پەردىلەردىن، كارىۋات ياپقۇچلىرىدىن يېقىملىق سارغۇچ نۇر تۆكۈلەتتى، كارىۋاتنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈل ھۇجرىغا يېڭى گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىنى چاچاتتى.

ئىككى يەڭگە ھۇجرىدا قېلىپ ئورۇن راسلىدى، يەنە ئىككى يەڭگە چىقىپ گۈلزىنىنەتنى ئەكىردى.

ئەزەلدىن پەرداز قىلىپ باقمىغان گۈلزىنىنەت تۇنجى قېتىم پەرداز قىلغاچقىمۇ، بۇگۈن باشقىچە ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

يەڭگىلەر ئۇنىڭ قولىقىغا بىرمۇنچە پىچىرلىغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قوزغىلىۋىدى، گۈلزىنىنەتمۇ بىللە ماڭدى.

يەڭگىلەر:

— بىز ھازىرلا كىرىمىز، سىلى ئارام ئالغاچ تۇرسىلا، — دەپ كۈلۈشكىنىچە چىقىپ كېتىشتى. چوڭ ھامىمىسى ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ، چاچلىرىنى سىلىدى، ئۇنىڭغا بەزى گەپلەرنى قىلدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇمۇ چىقىپ كەتتى.

گۈلزىننەت ياپقۇچىلىرى قايرىۋېتىلگەن، تويلۇق يوتقان ـ كۆرپىلەر سېلىنغان كارىۋات ئۈستىدە يېڭىلا ئېچىلغان ئەتىر گۈلدەك تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەڭگىلەرنىڭ ئەمدى كىرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى نېمىشقىدۇر قورقۇنچ چىرمىۋالدى. «تويغا بارغان ۋاقىتلاردا دوستلىرىم پىچىرلىشىپ كۈلۈشۈپ يۈرۈشەتتى، نېمىشقا شۇ چاغدا مەنمۇ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغان بولغىيتتىم؟» ئۇ خېلى ئۇزاقىچە يالغۇز ئولتۇرۇپ توڭلىدى، ئۇيقۇسى كەلدى، لېكىن يا يەڭگىلەر، يا شەمشىدىن هاجىم كىرمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە ئالىي مەكتەپ كىرىۋالدى: «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولسام هازىر ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن بولاتتىم، شەمشىدىن هاجىم: ‹ئوقۇغىڭىز بولسا تۈركىيەگە چىققان ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇشۇپ بېرىمەن› دېدى. راست شۇنداق قىلالارمۇ؟»

بۇ شەھەردە تويى بولغان قىزنىڭ يەنە ئوقۇپ يۈرۈشى كۈلكىلىك بىر ئىش، چۈنكى كېلىن بولغان ئادەم ئۆي ئىشلىرىدىن ئېشىنىپ ئوقۇيالمايدۇ. چوڭلارنىڭ رۇخسەت قىلىشىمۇ ناتايىن.

يەڭگىلەر چىقىپ كېتىپ چوڭلار ياتقان ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچكەندىن كېيىنلا ئىشىك يېنىككىنە ئېچىلىپ شەمشىدىن هاجىم كىرىپ كەلدى. ئۇ چوڭلارنىڭ كۆزىچىلا هۇجرىغا مېڭىشتىن خىجىل بولغانىدى. شۇڭا، دوستلىرى بىلەن سىرتتا ئايلىنىپ يۈرۈپ چوڭلار يېتىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغان گۈلزىننەتكە قارىدى، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە قورۇنغىنىچە ئولتۇرغان قىز شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى گۈل بەرگىدىكى بىر تامچە شەبنەمدەك ، يېقىن بارسىلا غىرىردە سارقىپ كارىۋاتقا سىڭىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

يۈزىدىكى رومالى يېرىم قايرىلغان قىز يەردىن كۆزىنى

ئالمايتتى، شەمشىدىن ھاجىمنىڭ تاقىتى تۈگەپ گۈلزىننەتنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن يەنىلا قەدەملىرى توختاپ قالدى.

قۇش بالىسىدەك تىترەپ ئولتۇرغان قىزغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىدى. گۈلزىننەتنىڭ ياش بىلەن ھۆللەنگەن يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن قىزنى باغرىغا تارتتى ...

قىزغۇچ چاچلىرى ياستۇققا لىققىدە يېيىلغان قىز ئېرىنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. شەمشىدىن ھاجىم غۇۋا يورۇپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

سەھەردە شەمشىدىن ھاجىم ئەزاندىن بۇرۇن چىقىپ كەتتى. يەڭگىلەر كىرىپ گۈلزىننەتكە بەزىبىر ئىشلارنى ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ئالدىغا سالامغا ئاچىقتى.

يەڭگىلەرنى تاماققا چاقىرغان قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە گۈلزىننەت چىقىشقا ئۇنىمىدى، يەڭگىلەر چىقىپ كېتىشىگە، بىرقانچە ئايال زىبىرنىسا خېنىم ئەۋەتكەن ناشتىلىقنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى.

گۈلزىبا خېنىم سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى ياشلىدى. زىبىرنىسا خېنىم ناشتىلىققا ئۆپكە - ھېسىپ، كاۋاپ، پېتىر مانتا، ئەنجان پولۇ ئەۋەتكەنىدى. ئاينىگار خېنىم ئىچكىرىكى ئۆيگە داستىخان راسلاپ شەمشىدىن ھاجىمنى چاقىرىپ گۈلزىننەت بىلەن ئىككىسىگە چاي قۇيۇپ قويغاندىن كېيىن:

— ئۇكام، ناشتا قىلىۋېلىڭلار، تاماق تېخى سوۋۇماپتۇ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

گۈلزىننەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغۇسى كېلىپلا تۇراتتى.

— خوتۇن! — دېدى ئۇ گۈلزىننەتكە قاراپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ.

گۈلزىننەت خىجىللىقتىن بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

— چاي قۇيۇپ بېرەمدىمەن؟ — دېدى.

— ھەئە، بەك ئۇسساپ كەتتىم، — شەمشىدىن ھاجىم شۇنداق دەپ لەۋلىرىنى ئۇچلاپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى.

— ساراڭ، قېلىن ... — گۈلزىننەت قىزىرىپ، دومسىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.



## توققۇزىنچى باب

# يۈز ئاچقۇ

پايىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئۆي بار ئىدى، بىرى چوڭ مېھمانخانا، يەنە بىرى چوڭلار تۇرىدىغان ئۆي ئىدى. ئۇستۇنكى قەۋىتىدىمۇ يەنە ئوخشاش ئۆيدىن ئىككىسى بار ئىدى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قۇتبىدىن ھاجىم ۋە پەرىدە خېنىم تۇرىدىغان ئۆي، ياندا ئاشخانا، سول تەرىپىدە شەمشىدىن ھاجىم ۋە گۈلزىنىنەتكە جابدۇپ بەرگەن ھۇجرا بىلەن ئامبار بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە بۇنداق چوڭ ھەم ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ساناقلىقلا ئىدى.

چوڭ مېھمانخانىغا يۈز ئاچقۇغا كېلىدىغان مېھمانلارغا داستىخان راسلىنىۋاتاتتى.

ھويلىدىكى سۇپىغا خالتىا ـ خالتىغا قاچىلانغان زەللە نېنى، يەشىك ـ يەشىك مېۋىلەر، قوغۇن ـ تاۋۇزلار ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. قويلار سويۇلۇپ گۆشلەر پارچىلانىدى، بىرمۇنچە ئادەم پۈتى ـ پۈتىغا تەگمەي ئىش قىلىۋاتاتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم يۈز ئاچقۇ چېيىغا چاقىرىلغان مېھمانلارغا قويىدىغان رەختلەرنى رەتلەۋاتاتتى. ئاينىگار خېنىم داستىخان تىزىپ كەم ـ كوتىلارنى تولۇقلاۋاتاتتى. مەينىگار خېنىم بىرەر ئىش قىلاي دېسىمۇ، باشقىلار: «ۋاي سىلى دېگەن مېھمان، ئولتۇرۇپ بەرسىلە ...» دەپ ئىش قىلغىلى قويمىغاچقا، ھېلى ئۇ ئۆيگە، ھېلى بۇ ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ قىلىدىغان ئىشىنى بىلەلمەي يۈرەتتى.

يۈز ئاچقۇغا چاقىرىلغان مېھمانلار يېڭى قۇدا ۋە ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى، سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۆزى چاقىرغان مېھمانلار، كونا قۇدىلار قوشۇلۇپ ئاتمىشتىن ئارتۇق بولسا كېرەك. داستىخان كەڭرى راسلىنىپ، قەشقەردىن تېپىلىدىغان ياكى تېپىلمايدىغان مېۋىلەر، تاتلىق - تۇرۇملار، كەمپۈتلەر، پېچىنىلەر، بۆيرۈتۈپ ياقتۇرۇلغان چوڭ نانلار، ساڭزا - سامبۇسا، قۇيماق - قېيىقچىلار، پىستە بادام، ياڭاق، چىلان، كىشمىشلەر، زەللىگە سېلىنىدىغان خالتىلىق پېچىنىلەر، مۇشۇ كۈنلەردە داستىخانلاردا مودا بولۇۋاتقان ئىسمىنى بىلىشكىمۇ ئۇلگۈرمەيۋاتقان ئىمپورت يېمەكلىكلەرنىڭ ھەر خىللىرىدىن پاتقۇچە تىزىۋېتىلگەنىدى. ئايىنىگار خېنىمغا ھەمكارلىشىپ داستىخان تىزىشىپ بېرىۋاتقان خېنىملار خۇددى كەتمەن چاپقاندەك چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئايىنىگار خېنىم داستىخاننى چۆرگۈلەپ ئۇنى - بۇنى بۇيرۇپ تولۇقلاۋاتاتتى.

— بۈگۈن قانچىلىك مېھمان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى يېڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ داستىخانغا چۈشمىگۈدەك زىچ تىزىۋېتىلگەن نازۇ نېمەتلەرنى كۆرگەن مەيىنىگار خېنىم ھەيران بولۇپ، — مېھمانلار مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالامدۇ؟

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئۆز ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقلاردا، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى توي ياكى چايلاردا كۆرگەن داستىخانلارمۇ مول ئىدى، لېكىن بۇنداق ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى، مېھماننىڭ ئىشتىھاسىغا لايىق تىزىلاتتى.

— مەيىنىگار خېنىم، مېھمانلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېمەيدۇ، يەپ بولالمىغانلىرىنى زەللە قىلىپ ئەكېتىدۇ، — دېدى داستىخان تىزىشقا ياردەملىشىۋاتقان ئۇرۇق، ئېگىز بويلۇق چوكان، — لىغىرداق، قېتىق، ئىسسىق تاماقلارنى يەپ تۈگىتەلىسىمۇ چوڭ گەپ.

— ئۇنداق بولسا شۇنىڭغا لايىق تىزساق بولمامدۇ؟ مېھمانغا كەلگەن ئادەم مېھمان بولۇپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ، مۇڭدىشىپ كەتسىلا بولمىدىمۇ؟ بۇ نەرسىلەرنى ئەكېتىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاشقان نەرسىلەرنى كۆتۈرگۈزۈپ قويساق، مېھمانلار خاپا بولمامدۇ ؟

— ھا - ھا - ھا، — بايىقى چوكان مەينىگار خېنىمنىڭ گېپىگە كۈلۈپ كەتتى، — بۇ دېگەن قائىدە، «تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب» دەيدىغان گەپ بارغۇ. زەللىنى ئۆيىگە ئېلىپ بارسا ئۆيىدىكىلەر يەيدۇ، خۇش بولىدۇ قۇرۇق كەلمەپتۇ دەپ.

— مېھماننىڭ ئىززىتى ! شۇڭا قىلمىساق بولمايدۇ، — دېيىشتى داستىخان تىزىشىۋاتقان باشقا چوكانلارمۇ.

— ئىلگىرى بۇنداق قائىدىلەر يوق ئىدى - ھە؟ ئەمدى نەدىن پەيدا بولدى ؟

— ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، لېكىن ھازىرقىدىن ئاددىيراق ئىدى. ھازىر نەدىن پەيدا بولىدىكى بىلمەيلا قالىمىز، كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ تاڭ.

— ئەل قىلغاننى قىلمىساق بولمايدۇ، — دېدى باياتىن بىرى گەپكە ئارىلاشمىغان ئاق سۆزۈك چوكان، — بۇ باھادىرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان توي، شۇنىڭغا لايىق قىلمىز دېسىلە !

— مەينىگار خېنىم ! «باھادىرخان ھاجىم» دېگەن نامغا لايىق ئىش قىلمىساق بولماس ! — دېدى سامسىلارنى تىزىپ ئولتۇرغان قوشنىسى زۇمرەتنىسا خېنىم.

— بىر ئەر نەرسە بەرگەنگىلا يۈزى چوڭ بولامدۇ؟ يۈز دېگەن ئابرۇي، ئىناۋەت دېگەن گەپتۇ؟ ئىناۋەت دېگەن مۇشۇ ئىككى ناننىڭ ئارىسىغا پاتىدىغان كىچىك نەرسىمۇ؟ — دېدى مەينىگار خېنىم ئۇ چوكاننىڭ گېپىگە سەل تېرىكىپ، — بىز بىرنەرسە بېرىپ يۈز تاپمىساقمۇ، جەمەتىمىزنىڭ ئەزەلدىنلا ھالاللىقى، ئەقىل - پاراسىتى، مېھىر - شەپقەتلىكلىكى بىلەن يۈرت

ئىچىدە خېلىلا يۇقىرى يۈز ـ ئابرۇيى بار! بۇ ئائىلە ھەممىنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان چوڭ ئائىلە بولغاندىكىن تېخىمۇ ئۆزگىچە، يېڭى ئۇسۇلدا ئاددىيراق قىلساق ياخشى بولاتتى. نۇرغۇن ئادەم كۆز تىككەن كىشىدە شۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئەرزىگۇدەك بىرەر ياخشى پەزىلەت بولسا بولىدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، ئاچا، — ئاينىگار خېنىم داستىخاندىن ئۆرە بولۇپ گەپكە ئارىلاشتى، — باھادىرخان ھاجىم ئوغلىنىڭ تويىدا شۇنداق قىلغان، بىزمۇ قىلايلى دەيدىغانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئىقتىسادى يېتىشكەنلەرغۇ شۇنداق قىلار، يېتىشمىگەنلەرگە تەس بولىدۇ. قىلاي دېسە تېخى، قىلماي دېسە تېخى ... توي ئەسلىدىمۇ چىقىمى كۆپ چوڭ ئىش. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئەمدى قائىدىلىرىمىزمۇ كۆپىيىپ كەتتى. لايىقىدا قىلىڭلار دېگەنلىرىڭىز توغرا ئىدى، لېكىن ...

— ۋاي ئۇكام، ھازىر دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بۇنداق ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، پۇل ئىسراپچىلىقى، ھېسسىيات ئىسراپچىلىقى قىلىدىغانلار قالمىدى. بۇرۇن چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىن پادىشاھلار قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىپتۇ دېگەنلەرنى ئوقۇغان. بۇ قېتىم مەنمۇ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تويغا قاتناشقاندەك بولۇپ قالدىم. ھېچ بولمىسا زەللە كۆتۈرۈپ يۈرمىسەك نېمە بولار؟ سىلى بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ «قىلمىساق بولمايدۇ، يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز...» دېگىنىگە ئەگەشسىلە بولامدۇ؟ سىلى بولسىمۇ توغرا يولنى كۆرسەتسىلە بولمامدۇ؟

— ئاچا، بۇ بىر كۈندىلا شەكىللىنىپ قالغان قائىدە ئەمەس. مەندەك بىر ئادەمنىڭ گېپى بىلەن ئۇنداق ئاسانلا تۈزىلىپمۇ كەتمەيدۇ.

— مەينىگار خېنىم ئاچا، توي دېگەن ئۆمۈردە بىر قېتىم بولىدۇ، — دېدى نەۋرە كېلىنلەردىن بىرسى، — بۇمۇ شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئىززىتى. «تولا قىز تاللاپ ئەمدىلەتىن توي قىلدى،

تويىنى قانداقراق قىلاركىن؟» دەپ ھەممە ئەلنىڭ كۆزى بىزدە. شۇڭا، مېھمانغا بۇنچىلىك كايىمىساق بولمايدۇ. بىزمۇ بارغان يەرلەردە مۇشۇنداق ئېلىپ، يەپ كەلگەن. ئەمدى قوپۇپ، بېرىش نۆۋىتى ئۆزىمىزگە كەلگەندە ئاددىيلاشتۇرىمىز، يەڭگىللىتىمىز دەپ ئولتۇرساق سەت تۇرىدۇ. تېخى ئاشۇرۇپراق قىلىپ، مەيدىمىزنى كېرىپ ئولتۇرۇشىمىز كېرەك!

— نېمانچە ئاۋارىچىلىك، نېمانچە ئىسراپچىلىق بۇ؟!

مەينىگار خېنىم گېپىنى تۈگىتىشىگىلا ئاينىگار خېنىم گەپ باشلىدى:

— قائىدە ـ يوسۇنلار مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىۋەرسە، زەللىنىڭ، سوۋغا ـ سالامنىڭ تۈرىگە يەنە نېمىلەر قوشۇلار؟ بىزدىن كېيىنكىلەر مۇشۇنداق ئىشلارغا قاراپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە بىر تالاي قائىدە ـ يوسۇندىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرماپتىكەن، بىز مۇشۇنداق تاپقىنىنى يەپ ـ ئىچىپلا ياشايدىغان خەلق ئىكەنمىز دەپ ئەپسۇسلانماسمۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە.

ئاينىگار خېنىمنىڭ گېپى تۈگىشىگە يەنە بىر ھامما خېنىم گەپ قوشتى:

— ھازىر تويلار ھەر كۈنى بىر قېتىم يېڭىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تويدىكى قائىدە كېلەركى تويدا ئاقمايدۇ، بىزنىڭ توي كېيىنكى قېتىم توي قىلغانلارغا يارىمايدۇ. ھەركىم ھەممە ئادەمنى تاڭ قالدۇرغۇدەك توي قىلىشنىڭلا كويىدا قالغاندەك. قىز يۆتكىگىلى بارغان مېھمانلارغىمۇ زەللە قويىدىغان، «خاتىرە» دېيىشىپ يەنە سوۋغاتلارنى قويىدىغان بولدۇق. بۇ «خاتىرە»لەر توي ئىگىسىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتمىگۈدەكلا بولۇپ قالدى.

— بۇ ئىشتىن ھەممىڭلار نارازى بولۇپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا داۋاملاشتۇرىسىلەر؟ ئۆزۈڭلاردىن باشلاپ ئاددىيلاشتۇرساڭلار ئاستا ـ ئاستا تۈگەر بولغىيتتى. بىر ئىشنى قاقشاپ تۇرۇپ قىلىش خۇددى زەھەرنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى

بىلىپ تۇرۇپ يېگەن بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ.
— مەن ئوغلۇمنى ئۆيلىگەندە چوقۇم ھەممە ئادەم ھەيران قالغۇدەك توي قىلىمەن. قىز تەرەپكە بېرىدىغان نەرسىلەرنى لايىقىدا بېرىمەن، ئەمما ئۇلاردىن بىر تىيىنلىق سوۋغا ـ سالام ئالمايمەن. ئۇ چاي، بۇ چايلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، قىز سوراپ بىرلا قېتىم بارىمەن، توينى قىلىمەن. تويغىمۇ مېھماننى كۆپ چاقىرمايمەن. تويدىن كېيىن ئىككى بالىغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، ئۆز تۇرمۇشۇڭلارنى ئېلىڭلار دەيمەن. ھەرگىز مۇرەككەپ قائىدە ـ يوسۇن ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپ كېتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، تويىنىمۇ ئۆزگىچە، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزىمەن، — دېدى ئايىنگار خېنىم.
— نېمىشقا مۇرادىلجاننىڭ تويىنى ساقلايمىز؟ مەنزۆرە خېنىمنىڭ تويىنىمۇ شۇنداق ئاددىي قىلساق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى مەينىگار خېنىم سىڭلىسىغا.
— قىز چىقارغاندا ئاددىي قىلىمەن دەپلا قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئايىنگار خېنىم چۈشەندۈرۈپ، — ئوغۇل تەرەپ قائىدە بويىچە قىلىمىز دەپ تۇرسا ئۇ چاغدا قىز تەرەپ ياق دېگىلى بولمايدۇ، سوۋغا ـ سالام تەلەپ قىلمىسىدەك بولماي قالسا، قىزىم ئازار يەپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ. شۇڭا، ئوغلۇمنىڭ تويىدىن باشلىيالايمەن. قىزىمنىڭ تويىدا ماڭا ماسلىشىپ بەرگۈدەك ئىدىيەسى ئوچۇق، ئىلمىي ئادەملەر بىلەن قۇدىلىشىپ قالسام ئەلۋەتتە قىزىمنىڭكىنىمۇ شۇنداق ئاددىي قىلىپ بېرىمەن.
— مەينىگار خېنىم ، تۈركىيەدىمۇ بارمۇ مۇشۇنداق مۇرەككەپ قائىدە ـ يوسۇنلار؟
— بۇ يەردىكىدەك بۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس. ئۇ تەرەپلەردە مېھماندارچىلىق ئاددىي ھەم كۆڭۈللۈك. بۇنداق تەكرار مېھماندارچىلىق، تەكرار سوۋغا ـ سالام بېرىشمۇ يوق. تويىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، ئىككى ياشنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈنلا بولىدۇ.

— باشقىلار توينى قانداق قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن بىز مۇشۇنداق شاھانە ياشاپ كۆنۈپ كەتكەن خەلق. ھەممە ئىشلىرىمىزدا ئابرۇي قوغلىشىمىز. ئۇنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ مەززىسىنى قويمىساق قانداق بولىدۇ؟ مۇشۇنداق تويلاردا بىر - بىرىمىزنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ چىرايلىق ياشىمىساق نېمە ئىش قىلىمىز؟ سىلى بۇرۇنقى تويلارنى ئۇنتۇپ قاپلا، شۇڭا بەك كۆپ قائىدە قىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلغان گەپ. ئەمەلىيەتتە بۇ تويىمۇ بەك ھەشەمەتلىك، ئادەم ھاڭ - تاڭ قالغۇدەك توي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھەممىسى باشقىلارمۇ قىلىۋاتقان ئادەتتىكى ئىشلار ...

— شاھانە ياشىيالىساقۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن كۈن ئۆتكۈزۈش يالغۇز يەپ - ئىچىش، ئويناپ - كۈلۈشتىلا ئەمەس! بوپتۇ، سىلەر ئىشلىرىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، مەن دەخلى قىلماي...

ئۇلارنى گەپكە تۇتۇپ ئىشىنى ئارىسال قىلماي دەپ يېنىپ چىققان مەينىگار خېنىم تېخىچە داستىخان سېلىنىغان ئۆيگە توشۇلۇۋاتقان نەرسىلەرگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. «بايىلا داستىخان لىقىدە توشۇپتىكەن، ئەمدى داستىخاننىڭ نەرىگە تىزىۋاتقاندۇ؟ ئىككى قەۋەت داستىخان سالىدىغان قائىدە چىققان بولسا، ئىككىنچى قەۋىتىگە تىزىۋاتامدىغاندۇ يا؟» ئۇ شۇ خىيال بىلەن سۈپىغا چىقىپ دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە يەنە بويۇنداپ قارىدى.

ئاينىگار خېنىم يېڭىدىن تىزىلغان لىغىرداق، قېتىق، قۇيماقلارنى سىغداش، تىزىش، رەتلەش بىلەن ھەلەك ئىدى.

مەينىگار خېنىم ئۆزىنى ھېچكىمنىڭ بىرەر ئىشقا بۇيرۇمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قوشنىسىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەت كۈتۈۋاتقان قىزى بىلگىنۇرنى چاقىرىپ سىرتقا ماڭدى.

بۈگۈن بىلگىنۇرنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى لىغىرلاپلا تۇراتتى، بىرەرسى قاراپ قويسىمۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك پىغانلىق كۆرۈنەتتى.

بىلگىنۇر يان قوشنا مۇھەممەتئېلى مۇئەللىمنىڭ كىچىك قىزى ئىدى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يا شەھەر ئىچىدىن مۇۋاپىق خىزمەت ئورنى تاپالمىدى، يا يىراق ناھىيەلەرگە بارغۇسى كەلمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغانىدى.

ئۇلار چوڭ دادىسىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولۇپ، بۇ كوچىدىكى بىردىنبىر خىزمەتچى ئائىلىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇخشىمايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىجەز - خۇلقى، ئىززەت - ھۆرمىتى بار ئىدى. ئۇلار سودىگەر - تىجارەتچىلەر بىلەنمۇ، ئىشچى - خىزمەتچى، زىيالىيلار بىلەنمۇ، يازغۇچى - شائىرلار بىلەنمۇ، رەسسام، خەتتاتلار بىلەنمۇ كەڭ ئالاقىسى بار ئائىلە ئىدى.

بىلگىنۇر شەمشىدىن ھاجىم بىلەن تەڭتۇش ئىدى. ئىككىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە بىللە ئوقۇغانىدى. شەمشىدىن ھاجىم ئوقۇشتىن توختاپ تىجارەت قىلىمەن دەپ دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرگەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك كۈندە بىللە يۈرمىسىمۇ، ھەرھالدا ئالاقىلىشىپ يۈرەتتى. كېيىن ئالاقىسى بىراقلا ئۈزۈلدى. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويدى. شەمشىدىن ھاجىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ قالسىلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىلگىنۇرنى يوقلىماي قالمايتتى. بىلگىنۇر تەتىل قىلىپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ ئىككىسى كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئاتا - ئانىسى شەمشىدىن ھاجىمنى «ئۆيلەپ قويساق بولاتتى» دەپ باش ئاغرىتقاندىن كېيىن، ئۇ «ئەمدى بىلگىنۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئېنىق قىلىپ ئۆيدىكىلەرگە جاۋاب بېرەي. ئۇمۇ چوقۇم مېنىڭ گەپ ئېچىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسا ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ھامان تويىمىزنى قىلىمىز» دەپ ئويلاپ، تەتىلگە ئاز قالغان بىر كۈنى بىلگىنۇردىن قاچان قايتىپ

كېلىدىغانلىقىنى سوراپ تېلېفون قىلدى. قىز كېلىدىغان كۈنى ئۇ ۋوگزالغا چىقتى.

ۋوگزالدا بالىلىرىنى، تۇغقانلىرىنى، دوستلىرىنى، ئۇنىڭدەك ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىنى كۈتۈۋالغىلى چىققانلار ياكى ئۇزاتقىلى چىققانلار كۆپ ئىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ ۋوگزالنىڭ چىقىش ئېغىزىغا بەك يېقىن بارالمىغاچقا، بىر چەتتىرەك تۇرۇپ چىقىۋاتقانلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. كۆزى چامادانلىرىنى سۆرەپ چىقىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن بىلگىنۇرنى ئىزدەيتتى، بىلگىنۇر ئاخىر چىقتى. كۆرۈشمىگىلى نەچچە ئاي بولغاچقا، بىلگىنۇرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن بىلگىنۇرغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقچى بولۇپ چىققاچقا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

قىستاڭچىلىق ئىچىدە، ئادەملەرنى ئارىلاپ، بىلگىنۇرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئازلا قالغاندا ئۆزى بىلەن تەڭدېمەتلىك، چىرايلىق بىر يىگىت بىلگىنۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ چامادانىنى قولىدىن ئالدى. ئىككىسى قىزغىن كۆرۈشۈپ، ياندىشىپ مېڭىپ ئادەملەر ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. شەمشىدىن ھاجىم تۇرغان يېرىدە ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە سەل نېرىدا بىلگىنۇر ھېلىقى بالا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى بىلگىنۇرغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك ھېس قىلدى. كەتمەكچى بولۇپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتقاندا، ھېلىقى يىگىت بىلەن بىلگىنۇر قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن توسۇپ كۈلۈۋاتقان قىزنىڭ كۆزلىرى شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شەمشىدىن ھاجىم بىلگىنۇردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ ماشىنىسىدىن بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈلنى ئېلىپ نېرىدىكى ئەخلەت تۇڭىغا تاشلىۋېتىپ ماشىنىسىنى

ھەيدەپ ئۆلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن بىلگىنۇر خۇددى يۈرىكى كۆكرىكىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆلارنىڭ ئارىسى يىراقلىشىپ كەتتى. شەمشىدىن ھاجىم بىلگىنۇرنى پەقەتلا ئىزدىمىدى. بۇرۇنقىدەك تېلېفون ياكى قىسقا ئۇچۇرمۇ قىلىشمىدى.

بىلگىنۇر بىرنەچچە قېتىم چۈشەنچە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن شەمشىدىن ھاجىم بىلگىنۇرنىڭ چۈشەنچە بېرىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بىلگىنۇرنىڭ ھېلىقى يىگىت بىلەن خۇددى قول تۇتۇشقاندەك يېقىن مېڭىپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى، بىلگىنۇرنىڭ ئۇ يىگىتكە قاراپ چاچلىرىنى سىلىكىپ، قىلىقلىنىپ كۈلگەن ھالىتىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى.

بىلگىنۇر كۈنلەرنى بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاخىر چىداپ بولالماي شەمشىدىن ھاجىمغا «ئىككىمىز بىر كۆرۈشسەك بوپتىكەن» دەپ قىسقا ئۇچۇر يوللىدى.

شەمشىدىن ھاجىم ئۇنىڭغا جاۋابەن: «شۇنداق ياخشى كۆرۈشتۇققۇ» دەپ قايتۇردى...

بىلگىنۇر ئۇنىڭغا: «ئۇ ساۋاقدىشىم ئىدى، سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپتىكەن» دەپ ئۇچۇر يوللىغانىدى، ئۇ بىلگىنۇرنىڭ بۇ گېپىگە جاۋاب ئۇچۇر قايتۇرمىدى. بىلگىنۇر بىرەر ئايغىچە تېلېفوننى مىنۇتمۇ يەرگە قويماي كۆتۈرۈپ يۈردى، لېكىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمىدى. تالاي قېتىم شەمشىدىن ھاجىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بېسىپ بولۇپ تېلېفون قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي تالاي كېچىلەرنى يىغلاپ ئۆتكۈزدى.

«ئەجەبا كۆڭۈل شۇنچىۋالا نازۇك بولامدىغاندۇ؟ شەمشىدىن ھاجىم، سەن مېنى شۇنچىلىكلا چۈشەندىڭمۇ؟ مېنى بۇنداق

تاشلىۋېتىدىغان ئادەم نېمە قىلار ئىدىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ مەكتەپكە ئاپىرىپ؟ نېمە قىلاتتىڭ مېنىڭ ئارامغا كىرىپ بالىلار بىلەن مۇشتلىشىپ؟ نېمە قىلاتتىڭ مەكتىپىمگە بېرىپ مېنى يوقلاپ؟ نېمە قىلاتتىڭ يىراقلاردىن ھەدىيەلەرنى ئالغاچ كېلىپ؟ ئۇنداق قىلما! ئۇنداق قىلما! مەن چىدىيالمىدىم. ئۇنى مەن ئالدىمغا چىق دېمىدىم، سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپتىكەن، ئۇچراپ قالدى. ئەجەبا بۇمۇ مېنىڭ خاتالىقىممۇ؟»

بىلگىنۇر تەتلىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

شەمشىدىن ھاجىم ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تۈركىيەگە كەتكەنچە بىر يىلغىچە بۇ مەھەللىگە دەسسىمىدى.

بىلگىنۇرنىڭ ئوقۇشى پۈتتى. شەمشىدىن ھاجىمغا تارتىشىپ بۇ شەھەردىن كەتكۈسى كەلمەي يۈرەتتى. لېكىن، شۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلمىدى. ئۇ شەمشىدىن ھاجىمنىڭ باشقىلار تونۇشتۇرغان قىزلار بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىدىغانلىقىنى پەرىدە خېنىمدىن ئاڭلىغىنىدا قەلبى ئۆرتىنىپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقاتتى. بۇنداق كۆرۈشكىلى چىقىشلار ئۇزۇلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ قىزلار بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپمۇ توي قىلماسلىقى بىلگىنۇرغا يىراقتىكى چىراغ نۇرىدەك غۇۋا بىر ئۈمىد بېغىشلىغانىدى.

بىر ئايىنىڭ ئالدىدا بۇ ئۈمىدمۇ ئۈزۈلدى.

مەينىگار خېنىم كىچىكىدىن تارتىپ ئىنىسى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بۇ قىزنى ياخشى كۆرەتتى. تۈركىيەدىن كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىلگىنۇر ئانىسى بىلەن بىللە كۆرۈشكىلى كىرگەنىدى، مەينىگار خېنىم ئۇنىڭ نېمىگىدۇر پۈچىلىنىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى. شەمشىدىن ھاجىم بىلەنمۇ سالامدىن باشقا گەپ قىلىشقىنىنى كۆرمىدى. «ھەي ياشلار، ھەي ياشلار، نېمىلەرنى دەپ نېمىلەرنى قۇربان قىلىۋاتقانسىلەر ـ ھە!» ئۇنىڭ بۇ ئىككىسىگە ئىچى ئاغرىدى، لېكىن بەزى ئىشلارنى ئىچى ئاغرىغانغىلا تۈزەپ كەتكىلى بولمايتتى. يا ئىنىسىدىن، يا

بۇ قىزدىن ئاراڭلاردا بىرەر ئىش بولدىمۇ دەپمۇ سورىيالمىدى. بىرەر ئىش بولغانلىقىنى سوراشتىكى مەقسەت، شۇ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولسا بولىدۇ. بولمىسا يۈرەك يارىسىنى تاتىلىغاننىڭ نىمە پايدىسى؟ !

ئىش مۇشۇنداق بولغانىدى.

قۇدىلار كېلىپ تاماقلار تارتىلىپ، زەللىلەرمۇ قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن :

— قىزىمىزنىڭ يۈزنى ئېچىۋەتسەك بولارمىكىن، — دېدى قىز تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلاردىن بىرسى.

خۇرشىدە خېنىم بۇلۇڭدىكى كۆرپە ئۈستىدە مەلىكىلەردەك ئولتۇرغان گۈلزىننەتنىڭ يۈزىگە يېپىقلىق غىجىم رومالنىڭ ئۈستىگە ئۈنچىدىن گۈل قويۇلغان قىزىل رەڭلىك چىكەن يېپىپ قويدى.

ئاينىگار خېنىمنىڭ قىزى مەنزۇرە خېنىم ئۇسسۇل ئويناپ ئايلىنىپ كېلىپ گۈلزىننەتنىڭ يۈزىدىكى چىكەننى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بويىنىغا سالغاندىن كېيىن، غىجىم رومالنى قايرىۋېتىپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ چۇشۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن !

— كېلىن خېنىم ئەجەب چىرايلىق ئىكەن.

— يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل ئىكەن، بەك ئېچىلىپتۇ، — مېھمانلارنىڭ تەبرىكلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

گۈلزىننەت قىزىرىپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

ئاينىگار خېنىم سۇلتانىسىپ خېنىم پەتنۇسقا سېلىپ بەرگەن بىر قۇر كىيىم بىلەن يېرىم سەر ئالتۇن بىلەزۈكنى، يەنە بىر پەتنۇستىكى ئەينەك، تارغاق، ئەتىر ۋە ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى، يەنە بىر پەتنۇستىكى قەنت ـ گېزەك، ناۋاتلارنى بىر ـ بىرلەپ گۈلزىننەتكە تۇتتى.

— گۈلزىننەت خېنىم، ئاز بولسىمۇ ئۆزلىرىگە تەييارلىغان ئازراق كۆڭلىمىز ...

گۈلزىننەت نەرسىلەرنى ئېلىپ، تۆۋەن ئاۋازدا «رەھمەت» دېدى.

مېھمانلارنىڭ يەنە پىچىر - پىچىرلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— سۇلتانىنىسىپ خېنىم بەك كۆچەپتىغۇ ! ئەمدى تويلاردا ئەتىسى كېلىن خېنىمغا تۇتۇپ بېرىدىغانغا بىلەزۈك ئالارمىزمۇ؟

— ۋاي خېلى بولدى شۇنداق قىلىۋاتقىلى، ھەممە يەردە شۇ !

— بۇلارغۇ پۇلدىن قىينىلىپ كەتمەيدۇ ... لېكىن ھەممە ئادەم ئوخشاش ئەمەس - دە !

— بىلەزۈكنىڭ ئورنىغا ئېغىرراق قىلىپ بىر تال ئۈزۈك قويسىمۇ بولاتتى - ھە !

سۇلتانىنىسىپ خېنىم قۇدىسىغا، قۇدىسىنىڭ مېھمانلىرىغا تويدىن بۇرۇن كېلىنشىۋالغىنى بويىچە سوۋغاتلارنى قويۇشقا باشلىدى. تېخى دېيىشكىنىدىن ئاشۇرۇپ ھەربىر مېھماننىڭ سوۋغاتلىق رەختىنىڭ ئۈستىگە يۈز كويدىن پۇل قوندۇرۇپ قويدى.

— ھەر بىرلىرىنىڭ كەلگەن قەدىمىگە جان تەسەددۇق قىلساقمۇ ئەرزىيتتى، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ مەزۇر تۇتۇشارلا ...

ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. ھەممە ئادەم جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، چۈنكى بۈگۈن يۈزى ئېچىلغان قىزغا قويىدىغان ئۈزۈك بىلەزۈككە ئۆزگەرگەن، مېھمانلارغا قويىدىغان رەختنىڭ ئۈستىگە بولسا پۇل قونغانىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلزىبا خېنىم بىلەن خۇرشىدە خېنىم گۈلزىننەتنىڭ تويلۇق بوغچىسىنى ئاچتى.

سېرىق، قىزىل، ئاق ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەتلەر، مەرۋايىتلار، كۆزلۈك - قىشلىق كىيىملەر، ئەتىيازلىق - يازلىق كۆڭلەكلەر، ئۆتۈكلەر، ئاياغلار، پوپايكا، چاپان، قىشلىق - يازلىق پەلتولار... ھەرخىل رەڭلىك سومكىلىرى، ياغلىق، شارپىلىرى، ئۆيئىچىلىك كىيىملىرى، كېچىلىك كىيىملىرى، ... رەت - رېتى

بىلەن قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ چىنە قاچىلىرى، داستىخان، پەرتۇقلىرى قويۇلدى.

ئىلگىرى تويى بولغان قىزنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېيىشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان بىر جۈپ چىنە ئورنىغا ھازىر يەشىكلەپ چىنە - چەينەك، تەخسە، ۋازا، داستىخان، قوشۇق، چوكا، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، قازانغىچە بىر ئۆيگە بىمالال يەتكۈدەك بېرىلەتتى.

— رەھمەت، كايىشىپلا... كەم - كوتىسىنى ئۆزىمىز قىلىپ بېرەتتۇق، — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم تەۋازۇ بىلەن.

— نەچچە يىل كىيىم ئالمىسىمۇ يەتكۈدەك كېلىن خېنىمنىڭ تويلۇق كىيىملىرى.

— ئالتۇن جابدۇقلىرىمۇ بىرنەچچە يۈرۈش ئىكەن.

— ئاياغ، ئۆتۈك، سومكىلىرىچۇ تېخى !

— ھازىرقى قىزلار بەك تەلەيلىك جۇمۇ ! بىزنىڭ تويىمىز بولغاندا بىر ئۆتۈك، بىر روماللا ئالاتتى...

— بۇرۇن بارى شۇ ئىدى، ھازىر جاھان ئوبدان بولۇپ كەتتى.

مېھمانلارنىڭ پارىڭىنى يىگىتلەرنىڭ شوخ قوشاقلىرى ئۈزۈپ قويدى:

— يىگىتنىڭ بېلىنى باغلىسۇن !

— يىگىتنىڭ بېلىنى باغلىسۇن ! !

گۈلزىبا خېنىم ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىزىل چېكەننى ۋارقىراۋاتقان يىگىتلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. يىگىتلەرنىڭ :

— مۇبارەك بولسۇن ! ! ! — دەپ توۋلىغان ئاۋازىدىن كېيىن:

— قېيىنئانىسى ! — دەپ توۋلىدى بىر يىگىت. ئارقىدىن:

— كەلسۇن ! ! ! — دەپ توۋلىدى باشقا يىگىتلەر.

— تاتلىق ئانىسى...

— كەلسۇن ! ! !

كۆيۈ ئوغۇلـنى قېيـىنئانـىسى بىـلەن يۈز كۆرۈشـتۈرىدىغـان چاغدا يىگىتلەر كۆيۈ ئوغۇلنى بەلبېغىدىن تـۇتۇۋېلـىپ ئىشىـك ئالدىدا ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە تـارتىشـىپ قىزىقچىلىـق قىلاتتى.

زىبىرنىسا خېنىم ئورنىدىن تۇردى. كۆيۈ ئوغلىغا ھەم كۆيـۈ ئوغۇلنىڭ دوستلىرىغا تەييارلىغان سوۋغاتلارنى گۈلزىبا خېنىم، خۇرشىدە خېـنىم ھـەم باشقا بىـر توپ ئايالـلار پەتنـۇسـلاردا تۇتۇشقىنىچە ئۇنىڭ كەينىدە قاتار تۇرۇشاتتى.

زىبىرنىسا خېنىم شەمشىدىن ھاجىمغا تەييارلىغان بىر قـۇر كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ئاياغ، دوپپا، كۆڭلەك، گالىستۇكـنى تۇتقـان پېتى ئۇدۇللاپ بېرىپ يېرىم ئېگىلىپ سۇندى:

ــ لايىقلىرىدا قىلالمىغان بولساقمۇ، بالام، مەزۇر تۇتسىلا ...

ئەسلىـدە ئايالـلار قېيىنـئانا بولـغۇچىنـى، يىگىـتلەر كـۆيـۈ ئوغـۇلنى كەينـىگە تـارتىپ تۇرۇۋېلـىپ، قارشـى تەرەپنى ئـاۋۋال كەلسۇن دەپ قىزىقچىلىق قىلاتتى. ئىككـى قەدەم ئالدىغا ماڭسا بىر قـەدەم كەينىـگە تارتىـپ ئەكېتـەتتى. ئۇمـۇ ئاۋۋال كەلسـۇن دەيتتى، بۇمۇ ئاۋۋال كەلسۇن دەيتتى. بەزىدە مۇشۇ سەۋەب بىلەن كۆڭۈلسىزلىكمۇ بولۇپ قالاتتى. «كىم بۇرۇن بارسا ، شۇ قارشـى تەرەپكە بوي ئېگىپ ئۆتەرىمىش» دەيدىغان ئەپقاچتى گەپلەرمۇ بار ئىدى. كىمدۇر بىرسى:

ــ بالا بولغاندىكىن شەمشىدىن ھاجىم ئالدىلىرىغا كەلسۇن، سىلى جىم تۇرسىلا، ــ دېۋىدى، زىبىرنىسا خېنىم:

ــ يۇرەك پارەمنى مـەڭگۈلۈكـكە تاپشـۇرغان يەردە ئـەمـدى ئالدىمغا كەلـسۇن، ماڭا ئېگىلـسۇن دەپ تۇرۇۋالـمـايمەن. ئـانـا بولغاندىكىن مەن باراي، ــ دېدى.

ــ رەھمەت...

شەمشـىدىن ھاجـىم ئېـگىلىـپ سـالام بەرگەنـدىـن كېيـىن زىبىرنىسا خېنىمغا يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسىنى بەردى.

ــ مۇبارەك بولسۇن ! ! ! ــ يىگىتلەرنىڭ ئاۋازى شوخ ھـەم

كۆرەڭ ئىدى. قىيقاس سېلىپ سوۋغاتلارنى تالىشىپ قىزىقچىلىق چىقىراتتى. سوۋغاتلىق دوپپىنى ھەممە يىگىتلەر ئېلىپلا بېشىغا كىيىۋېلىشتى.

— ئەجەب چىرايلىق توي بولدى.

— زىبىرنىسا خېنىم بەك ئوبدان قىلدى.

ئەتراپتىكىلەر شۇنداق دېيىشىپ تويىنى مۇبارەكلەشتى.

— چوڭ بولۇپ قالغاندا نېمە قىلىمىز بالىلار بىلەن تالىشىپ؟ ئانا بولغاندىكىن ئاۋۋال بارساق ھېچنېمە بولمايدۇ. يۇرەك پارىمىزنى چىداپ قولىغا تاپشۇرىدىكەنمىز ـ يۇ، يەنە ئۇنداق قىلساق بولاتتى، بۇنداق قىلساق بولاتتى دەيدىكەنمىز. نېمە ھاجىتى ئۇنداق قىلىشنىڭ ؟ بىز چوڭ بولغاندىكىن ئۇلارغا ھۆرمەتنى، يول قويۇشنى، ئادىمىگەرچىلىكنى مۇشۇنداق ئۆگىتىمىز ئەمەسمۇ...



## ئونىنچى باب

# قەشقەر كوچىلىرىدا

مەيىنگار خېنىم بىلگىنۆرنى ئېلىپ يۈز ئاچقۇ بولۇۋاتقان ئۆيدىن بالىلىقتىكى ئىزلىرىنى ئىزدەپ سىرتقا چىقتى.

— مەيىنگار خېنىم ئاچا، سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچام بىزنى ئىزدەپ قالارمۇ؟ — دېدى بىلگىنۆر ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئۆي تەرەپكە قايرىلىپ قاراپ دېلىغۇل بولۇپ.

— ئىزدەپ بولغۇچە يېنىپ كىرەرمىز، — دېدى مەيىنگار خېنىم بۇ كوچىلاردىكى يېقىلانغان ئۆيلەرنىڭ كەڭ دېرىزىلىرىدىكى ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۈللەرگە قاراپ، — بۇ ئايالللار دائىم سائەت ئىككىگە دەپ چاقىرسا تۆتتە، تۆتكە دەپ چاقىرسا ئالتىدە كېلىدىكەن ئەمەسمۇ، مېھمانلار كېلىپ بولغۇچە بىزمۇ كېلىپ بولىمىز.

باردى ـ كەلدىلىرى كۆپىيىپ كەتكەن ئاياللار ئەرلىرى، باللىرىغا تاماق ئېتىپ بېرىپ، جابدۇنۇپ كەلگەندە ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالاتتى. بارلىق مېھمانلار تەق بولغاندا ئاندىن تاماق تارتىلىپ سورۇن باشلىنىدىغان بولغاچقا، ۋاقتىدا بارغانلار كەلمىگەنلەرنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ، قورساقلىرى ئېچىپ، ئىچى پۇشۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا ھەممەيلەن شۇنداق ۋاقىتچە كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. باغاقتا ۋاقىت ھەر قانچە بالدۇر يېزىلسىمۇ يەنىلا سائەت بەشتىن بۇرۇن ھېچكىم كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ «سائەت نەچچىدە بارىدىكەنمىز؟» دەپ

سورىشى ۋاقتىدا بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، قانچىلىك كېچىكىپ بارسا بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈنلا ئىدى. رېستورانلاردا بولغان بەزى تويلاردا ھەتتا ساھىبخانىمۇ باغاقتا يېزىلغان ۋاقىتتا كېلىپ بولالماي، مېھمانلاردىن كېيىن بارىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ قالاتتى.

بۈگۈن مەيىنگار خېنىم باغاقتىكى «سائەت ئىككى» دېگەن خەتنى كۆرۈپلا مېھمانلار سائەت بەشلەردە ئاران كەلگۈدەك دېگەنلەرنى ئويلاپ، مېھمانلار كەلگۈچە قەشقەر كوچىلىرىنى ئايلانغۇسى كېلىپ قالغانىدى.

ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىنى، بالىلىقى ئۆتكەن مۇشۇ كوچىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ تالاي كېچىلەردىكى سېغىنىشلىرىغا ئەگىشىپ كۆز ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ كوچا كېلەتتى. مۇشۇ كوچىدىكى تۇنىكىسازلار، مىسكەرلەر، ساز ياسىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۇزۇلمەيدىغان دۇتار، تەمبۇر ئاۋازى، موزدۇزلار، ساتىراشلار، قېتىقچىلار، لىغىرداقچى، سامسىپەزلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بالىلىق ئەسلىمىلىرى ئىچىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ ئۇنى تىنىمسىز سېغىندۇرغانىدى. ئۇ كىچىكىدە ھەيران بولۇپ يېنىدىن كېتەلمەي كەچكىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان چىنە قاداقچىنى ئەسلەيتتى. چىنە قاداقچىغا ئوخشاش، چىنىلەرنى تېشىپ، تۆشۈك ئاچىمەن دەپ نەچچە قېتىم پىچاقتا قوللىرىنى كېسىۋالغانىدى. ئۇ چىنىنى تۆمۈر بىلەن ئەمەس، ئالماس بىلەن تېشىدىغانلىقىنى چوڭ بولۇپ ئاندىن بىلگەنىدى.

بۇ كوچا بۇرۇنقى ھالىتىدىن كۆپ ئۆزگەرمىگەنىدى، كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى، گەپ - سۆزلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولغان بىلەن، ئادەملەر يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈشەتتى.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئايىنگار خېنىم بىللە مەكتەپكە باراتتى، دادىسى ئۆيدە يوق بولۇپ قالغان كۈنلەردە دوقمۇشتىكى

قاسساپتىن گۆش، هارۋىدا ئوتياش ساتىدىغان بوۋايدىن ئوتياش ئالاتتى . مەھەللىدە توي بولسا كەچ كىرگۈچە توي بولغان ئۆيدە چوڭلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ يۈرۈپ ئوينايتتى. تويى بولغان قىزنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ، يۈزى يېپىقلىق قىزنىڭ زادى نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى. يۈزىنى ئاچقاندا بولسا بىر چىرايلىق ئولتۇرغان قىزنىڭ تۈنۈگۈن نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمەيتتى. قوشنىسىنىڭ قىزى ئۆلۈپ كەتكەندە شۇنداق جىق ئادەم كەلگەنىدى. يۈزلىرىنى لىق قورۇق باسقان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن تۈگمە قويۇلغان ئۇزۇن نىمچە كىيگەن مومايلارنىڭ قوشاق قوشۇپ يىغلاشلىرى ھېلىھەم ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى. «شامال ئەكەتتىمۇ؟ بوران ئەكەتتىمۇ؟ قاناتلىقلار قاقتىمۇ؟ تۇمشۇقلۇقلار سوقتىمۇ؟ شۇ چىرايلىق بويلىرىنى يەر يۇتتىمۇ؟...» بۇ قوشاقلارنى ئەسلىسە ئۇنىڭ ھازىرمۇ يىغلىغۇسى كېلىدۇ.

ھازىر ئۇ تۈركىيەدە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ھەر زامان مۇشۇ كوچىنى، خام كېسەكتە سېلىنغان ئادديي سىنىپلىق مەكتىپىنى، كوچا دوقمۇشىدىكى خوراز شەكىللىك كەمپۈتنى، پەشمەت ئېلىپ يەيدىغان كىچىك ياغاچ بوتكىنى، باللىق چاغلىرىدا ئۆزى كۆرگەن توي، ئۆلۈملەرنى ئەسلەيتتى. ئەتىر گۈللۈك ھال رەڭ گىرىپتىشتىن كۆڭلىكىنى ئىشكاپتىن ئېلىپ ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى...

مەينىگار خېنىم بىلەن بىلگىنۇر ياندىشىپ مېڭىپ قاسقان بازىرىغا كەلگەندە، بىر دۇكاننىڭ ئالدىدىكى يول بويىدىلا ئولتۇرغان بىر مومايىنى كۆرۈپ قالدى.

موماي تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتكىنىچە، بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك مۇڭلىنىپ، روھسىز ئولتۇراتتى. مەينىگار خېنىم ئىختىيارسىز ھالدا مومايغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاقارغان چېكە چاچلىرى نىمكەش روملىدىن چىقىپ قالغان، ئورۇقلۇقىدىن

يۈزى بال قوشۇقىدەك بولۇپ قالغان موماي يەتمىش ياش ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى. مەينىگار خېنىم ئاستا بېرىپ مومايىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى:

— چوڭ ئانا، مىجەزلىرى يوقمۇ؟ نېمىشقا بۇ يەردە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرىلا؟ — دېدى مومايغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ.

موماي ئەتىگەندىن بېرى دەردىنى ئېيتىدىغان ئادەم تاپالماي ئاران قالغاندەك ئېزىلىپ يىغلاپلا كەتتى، دەماللىققا ئاغزىدىن گەپ چىققۇدەك ماغدۇرى يوقتەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇكام، بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ بۇ ئانىمىزغا تاماق ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى ئۇ بىلگىنۇرغا قاراپ.

ئۇلار يول بويىدىكى كىچىككىرەك بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ مومايغا چاي قۇيۇپ، ئاندىن ئۆزلىرىگىمۇ چاي قۇيدى.

— ئازراق چاي ئىچىپ، دەملىرىنى ئېلىۋالسىلا، — دېدى بىلگىنۇر مومايغا چاي سۇنۇپ.

موماي چاينى ئىچىپ سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئالدىرىماي گەپ باشلىدى :

— بەش - ئالتە تۈپ ئۆرۈكۈم بار ئىدى، قىزىم، بالا باققاندەك ئاۋايلاپ، ئۆرۈكنى بىر تالدىن ئېلىپ گۈلە قۇرۇتقان، بۇ يىل يامغۇر كۆپ ياغمىغاندىكىن گۈلىمۇ بەك پاكىز، ئەتلىك قۇرۇغانىدى. قاراڭغۇ بازارچىلار بەك تۆۋەن سوراپ نەرخكە چىقماي قويدى. قوشنىمىزنىڭ بالىسى ماشىنىسىدا شەھەرگە يۈك، تېرە توشۇيتتى، شۇڭا تۈنۈگۈن ئۇقۇشسام «ئەتە سەھەردە مەن ماشىنامدا ئالغاچ باراي» دېدى. كېچە قوپۇپ ئىككى قاپ گۈلىنى بېسىپ شۇ بالىنىڭ ماشىنىسىدا مۇشۇ يەرگىچە كېلىۋالغانىدىم. گۈلىنىمۇ ئوبدانلا نەرخكە چىقىرىپ ساتقان. ئەتىگەن ناشتىسىز چىققاچقا، قورسىقىم تارتىشقاندەك قىلدى، ئاۋۇ دوقمۇشتىكى دۇكاندىن ئىككى سامسا ئېلىپ يەي دەپ كىرگەنىدىم، سامسىنى يەپ بولۇپ قارىسام ... — موماي يانچۇقىنى سىلاپلا يەنە يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئادەمنىڭ

ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى. ئۇزاقتىن بېرى ئىچىدىن چىقىرالماي تۇرغان دەردى بـاردەك ئېـزىلـىپ، ئىسـەدەپ يىغلايـتتى، ـــ مـۇشـۇ يانچۇقۇمغا گۇلە ساتقـان ئۈچ يۈز كوي پـۇلۇم بىلـەن ئۆزۈمنـىڭ ئازراق كۆمۈكۈمنى سېلىپ قويغان، ھەممىسىلا يوق تۇرىدۇ.

موماينىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تارام ـ تـارام ياشلـىرى يول ـ يول قورۇق باسقان يۈزىدىن سىرغىيتتى.

ـــ كـۆڭۈللـىرىنى بـۇنچە يېـرىـم قىلـمىسىلا، ـــ دېدى مەينىگار خېنىم ئۇستەلدىكى قەغەزدىن موماىغا سۇنۇپ بەرگەچ.

ـــ تاشمىلىقتىن شەھەرگە قانداق كېلىشنىمۇ بىلمەيتتىم، رەھمـەتلىك بـار ۋاقـتىدا ھېـچ نەرسـىنـىڭ غېـمـىـنى يېـمـەي ئۆتـۈپتىكـەنمەن. شۇ تـاپتا بۇ شـەھەردىن قانـداق كېتـىشنـىمـۇ بىلمەيمـەن. نەگە بېـرىپ نەدە تۇرۇشـنىمۇ بـىلمەيمەن، قىزىم. شۇڭا، غـەم بىلەن ئـولتۇرۇپ كەتـتىم. سامىسـپـەز پـۇلۇمنـىڭ يىتكىنىنى بىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، بۇ شەھەردە ھېچكىمنى تونۇمىسام، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

ـــ باللىـرى يوقمۇ، چـوڭ ئانا؟ شەھـەرگە گۇلە سـاتقىلـى ئۆزلىرى يالغۇز كەپلا...

ـــ بىـر قـىـزىـم بار ئىـدى، يـاقـا يـۇرتـقـا يـاتلـىق قىلىۋېتىپتىكەنمەن، يىلدا بىرەر قېتىم كېلىپ يوقلاپ كېتىدۇ. يەنە بىر ئوغلۇم بار ئىدى، «ئىشلەپ پۇل تېپىپ كـېلىمـەن» دەپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەنچە دېرىكى بولـمىدى. مەن نـەدىـن ئىـزدەشنى، كىمگە ھال ئـېيتىـشنىمـۇ بىلـەلـمەي، مۇشـۇنـداق تىكەندەك ياشاپ يۈرىمەن...

موماي ياشلىرىنى روملىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

مەينىگار خېنىمنىڭ يـۈرىكى ئېـزىلدى، بايىقى مېـھمانلارغـا تىـزىلىۋاتـقان داستىـخان بىلـەن مۇنۇ مومـاينىڭ ھـالـتى كـۆز ئالدىـدا سېلىـشتۇرما بـولۇپ ئۇنى ئـارامسـىزلانـدۇراتتى. «بىـز راستلا شۇنچە باي، شۇنچە خاتىرجەممۇ؟ ھال ـ كۈنىمـىز شۇنچـە ئىسراپچىلىق قىلغۇدەك ھالەتتىمۇ؟ بۇ مومـاينىڭ بـىر ياز گۇلـە

قۇرۇتۇپ سېتىپ، ئاخىرىدا ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغىنى ئاشۇ داستىخاندا بۈگۈن بىر مېھماننى ئۆزىتىشقىمۇ يەتمەيدىغان پۇلغۇ.»

— قىشلىق كۆمۈرنى غەملىۋالارمەن دەپتىكەنمەن، — موماي ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى، — بىزدەك سەھرالىقلارغا كىم قويۇپتۇ شەھەرگە كېلىشنى؟ نەرخىگە چىقىرىپ ساتىمەن دېمىسەممۇ بوپتىكەن. ئەرزانراق ساتساممۇ، مەھەللىدە ساتقان بولسام خاتىرجەم بولار ئىكەنمەن... بوپتۇ، خۇدايىم ئاچ قويغان بەندىسىنى ئۇسسۇز قويماسمىش، بىر كۈننى بېرەر، — موماي شۇنداق دەپ ئېغىر مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇردى.

مەيىنگار خېنىم سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ مومايغا سۇندى:

— بۇ پۇلغا قىشلىق كۆمۈر بىلەن قىشلىق كىيىم - كېچەك ئېلىۋالسىلا، چوڭ ئانا.

مەيىنگار خېنىم مومايىنى سەدىقە ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، پۇلنى مومايىنىڭ قولىغا تىقىپ دېگۈدەك تۇتقۇزدى، دېمىسىمۇ مۇشۇ يېشىدا يالغۇز ياشاپ ھەممىگە ئۆزى يېتىشىۋاتقان بۇ مومايىنى شۇنداق ئۆرە تۇرغۇزغىنى غۇرۇر ئىدى.

— يالغۇز ئىكەنلا، ئاغرىپ قالسىلا تېخىمۇ جاپادا قالىلا، قېلىنراق كىيىملەردىن ئېلىۋالسىلا، — دېدى مەيىنگار خېنىم مومايىنىڭ تارىشىدەك قاتتىق، ئورۇق قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— سىلەرنىڭ يېزىدا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بەرمەمدۇ، چوڭ ئانا؟ — دەپ سورىدى بىلگىنۇر، — ھازىر سىلىدەك يالغۇز ياشاۋاتقان، يېشى چوڭ، يار - يۆلەكتىن ئايرىلىپ قالغانلارغا ھۆكۈمەت تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ دەيدۇ، شۇلارغا تىزىملىتىپ قويغان بولسىلىرىمۇ بۇنداق جاپادا قالماستىلە، بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ خېلى كۆپ ئاھالىلەر شۇ پۇلغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ...

— بېرىدۇ، قىزىم، لېكىن تونۇش - بىلىش بولمىسا ئۇمۇ تەس ئىمىش. مەنمىغۇ ماڭا بېرىڭلار دەپ باقمىدىم. رەھمەتلىك

مۇشۇنداق قۇتقۇزۇش پۇلى دېگەنلەرنى ئېلىشقا ئۇنىمايتتى. ئۇنداق پۇللارنى قىيىنچىلىقى بىزدىنمۇ ئېغىرلار ئالسۇن دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۆتمۈشتىمۇ ھەرقانچە قىيىنالساقمۇ ھالال ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ ياشاپ بالىلارنى قاتارغا قوشقان، شۇڭا رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنمىسۇن دەپ جاپا تارتساممۇ ئۆزۈم تىرىشىپ - تىرمىشىپ كېتىپ بارىمەن.

مومايىنىڭ مۇڭلانغان كۆڭلى سەلگىنە بولسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك تۇراتتى، ئاۋازىمۇ بايىقىدەك تىترىمەي خېلى ۋەزمىن چىقىۋاتاتتى.

ئۇلار مومايىنى توققۇزاق يولىدىن تاشمىلىققا بارىدىغان ماشىنىغا چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئۇكام، سېپىلنى كۆرۈپ ئۆتەي دېگەنىدىم، كىچىك ۋاقتىمىزدا دائىم شۇ يەرلەرگە بېرىپ ئوينايتتۇق، سېپىلنىڭ ھەيۋىتىدىن ھەيران قالاتتىم، ئۇ سېپىل ھازىرمۇ بارمۇ؟

— بار، ھازىر ئۇنچە ھەيۋەتلىك ئەمەس.

— نېمىشقا ؟ ھەيۋتى بىنالارنىڭ دالدىسىدا قالدىمۇ ياكى چېقىلىپ كەتتىمۇ؟ — مەينىگار خېنىم ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— بىنالارنىڭ دالدىسىدا قالغىنىمۇ راست، شۇغىنىسى تەرەپ - تەرەپتىن يونۇپ كىچىكلەپ كەتتى. ئەنە قارىسىلا، بۇرۇن خېلى يىراقتىنمۇ كۆرگىلى بولاتتى، ھازىر يېقىن بېرىپ سىنچىلاپ قارىمىسىلا كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئۇلار خېلىلا يېقىن بېرىپ بىنالارنىڭ قىسىلچاقلىرىدىن سېپىلنىڭ ئازراق قىسمىنى ئارانلا كۆرەلىدى.

— بۇ دېگەن تارىخ، قوغدىلىشى كېرەك ئىدى. نېمىشقا يەر تېپىلمىغاندەك سېپىلنى يونۇپ بىنا سالغاندۇ؟ بىر شەھەرنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلدۈرۈپ تۇرغۇدەك قەدىمىي نەرسىلىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

— ئارسلانخان مەقبەرىسىنى بىلەمتىلە؟ — گەپ قوشتى
بىلگىنۇر، — ھازىر ئاشۇ مەقبەرىمۇ يوق. سىپىلغۇ شەھەرنىڭ
ئىچىدە، بەلكىم قۇرۇلۇش قىلىمىز دەپ ياكى يول ياسايمىز دەپ
ۋە ياكى شەھەر مەنزىرىسى دەپ ... ئىشقىلىپ بىر يەرگە
يۆتلاشقاندۇر. لېكىن ئارسلانخاننىڭ مەقبەرىسى شەھەرنىڭ
سىرتىدا ئىدى. ئۇنى ساقلاپ قېلىش تامامەن مۇمكىن بولاتتى،
لېكىن چېقىۋېتىلىپ ئورنىغا بىنالار سېلىنىپ ئۇ يەردە
ئەزەلدىن بىر مەقبەرە بولۇپ باقمىغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالدى.
مەينىگار خېنىم كىچىك ۋاقتىدا مۇشۇ سىپىلنىڭ تۈۋىدە
ئۆيى بار بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ قىزى بىلەن
ئوينىغىلى كېلەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ھەيران بولۇپ سوراپ يۈرۈپ
دادىسىدىن بۇ سىپىلنىڭ تارىخىنى ئاڭلىۋالغانىدى.
مەينىگار خېنىم ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بىلگىنۇرغا قارىدى.
ئۇنىڭمۇ مۇشۇ قىزدىن سەللا كىچىك بىر قىزى ئالىي مەكتەپنى
پۈتكۈزۈپ بولۇپ يەنە ئەنگلىيەدە داۋاملىق ئوقۇۋاتاتتى. شۇڭا،
قىزى دېمەتلىك قىزلارنى كۆرسىلا كۆزىگە ئۆز قىزىدەك ئىسسىق
كۆرۈنۈپ كېتەتتى.
ئۇ ياشلار بىلەن پاراڭلىششقا ئامراق ئىدى، شۇ ئارقىلىق
ھازىرقى ياشلارنىڭ قىزىقىشى، دۇنيا قارىشى، خاراكتېرى، ئارزۇ —
ئارمانلىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ باقاتتى.
مەينىگار خېنىم ھازىرقى ياشلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەڭ
كۆڭۈل بۆلىدىغىنى خىزمەت تېپىش، توي قىلىش، ئۆي ئېلىش
ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قانائەت ھاسىل قىلالمىدى، ئۇنىڭغا
نېمىدۇر كەمدەك تۇيۇلدى. ئەلۋەتتە ھەممە ئادەم ياخشى تۇرمۇش
كەچۈرۈشنى، ئۆزىنى پەخىرلەندۇرىدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ
بولۇشىنى، ساغلام، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
بۇ خاتا ئەمەس.
ياشلاردا ئەڭ ئاۋۋال بىر پىلان، ئۇزاق مەزگىللىك، ھەتتا
ئۆمۈرلۈك بىر پىلان كەمدەك تۇراتتى. بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىنى

پىلانلاپ چىقىپ، قانچە يېشىدا قانداق ئىشلارنى قىلىشنى بېكىتىپ ياشايدۇ. بەلكىم مۇھىمى دەل شۇ پىلان بولسا كېرەك. سەكسەن ـ توقسان ياشقا كىرگەندىمۇ يەنە داۋاملىق ئۆگىنىۋاتقان، ئوقۇۋاتقان، ھەتتا پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشىۋاتقان ياكى بىرەر كەسىپكە كىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتقان بەزى چەت ئەللىك كىشىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئوقۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ، تىرىشىپ باقىدىغانلار كۆپ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى.

باشقىلار قىرىق ياشتىن كېيىن پىشىپ يېتىلدىم، ئەمدى نەتىجە قازىنىدىغان ۋاقتىم كەلدى دېسە، بىزدە بەزى ئادەملەر قىرىق ياشتىن ئۆتۈپلا ئەمدى قېرىدىم دەپ بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلىشقا چۈشەتتى. ياراتقۇچى بەندىلىرىنى نائۈمىد قويمايدۇ، ھەركىمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا بېقىپ كۈن بېرىدۇ دەيدىكەن، ئارزۇيىمىز، نىشانىمىز مۇشۇنداق ئاددىي بولغاچقا ياراتقۇچىنىڭ بىزگە بېرىدىغانلىرىمۇ ئاددىيلىشىپ كېتىپ بارامدىغاندۇ؟

ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل پىلان تۈزۈپ تىرىشسىلا، ئىشلارنى رويابقا چىقارغىلى بولاتتىغۇ. غايە، ئۈمىد دېگەن ھاياتقا قۇۋۋەت ئەمەسمۇ.

تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان بىر قىز ئۇنىڭغا: «ۋەتەندە مەن دېمەتلىك ياشلار ئارىسىدا پىلانسىزلىق، غايىسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بىر قىسىم بالىلار ھەتتا ئۆز قىزىقىشىغا يات بولسىمۇ، كېيىنچە خىزمەتنى ئاسان تاپقىلى بولىدۇ دەپلا ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئۆزى ئازراقمۇ قىزىقمايدىغان، چۈشەنمەيدىغان كەسىپلەردە ئوقۇيدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن قارىسىغىلا خىزمەت ئىزدەيدۇ، شەھەردىن ياكى شەھەرگە يېقىنراق يەردىن خىزمەت ئورنى چىقسىلا، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئوقۇغان كەسپىگە ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر شۇ خىزمەتنىڭ پېشىنى

تۇتۇۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. لايىقىنىڭ خىزمىتى، يۇقىرىراق كىرىمى، كېلىشكەن چىراي ـ تۇرقى بولسىلا كۆپ ئويلانماي توي قىلىدۇ، كۆز قارىشىمىز، ئىدىيەمىز، قىزىقىشىمىز ماس كېلەرمۇ، بىز بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنەمدۇق، دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئاندىن يەنە تەييارلىقسىزلا پەرزەنتلىك بولۇپ ئاتا ـ ئانا بولۇشقا ئالدىرايدۇ. ئۆمرىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا ئۆزىنىڭ روھىدىكى سەرسانلىقنى ھېس قىلىپ ئازابلىنىپ، پىلانسىزلىقلار ئىچىدە قۇرۇلغان تۇرمۇشىدىن قاقشاپ، ھەر خىل ئىشلاردىن تەسەللى ئىزدەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. بۇ بىر ئادەمنىڭ كۆزىتىشىگە ياكى ھېسسىياتىغا ئاساسەن چىقارغان ھۆكمى، خالاس. ئىشلار بەلكىم شۇنداقتۇر ياكى ئۇنچىۋالامۇ ئەمەستۇر.

خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق بىلگىنۇرمۇ شەھەر ئىچىدىن بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىشنى ساقلاۋاتاتتى. ئەگەر مۇشۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشسىلا ھەممە ئىشلىرى يورۇشۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى.

ئۇلار چىنىباغنىڭ دوقمۇشىدىن نورىبېشىغا قايرىلىپ ماڭدى. بۇ كوچىلاردا، رەستىلەردە ھايات قىزغىن داۋام قىلاتتى. سامسىپەزلەرنىڭ، باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەينىگار خېنىم دەل مۇشۇ قىزغىن ھاياتنى ئەسلەيتتى. مۇشۇ ئاددىيلىق ئىچىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇنى سېغىنىدۇراتتى.

ئۇلار نورىبېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مەھەللىنىڭ چېقىلىۋاتقانلىقىنى، كېسەكلىرىنىڭ دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى، ئورنىغا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى.

— بۇ مەھەللە چېقىۋېتىلىپتۇ ـ ھە؟ كۆرۈپ چىقايلىمۇ؟ — دېدى مەينىگار خېنىم بىلگىنۇرغا قاراپ.

شەھەر كوچىلىرى ئۆزگىرىپ ياسىلىۋاتقان نەچچە يىلدىن

بۇيان، بىلگىنىمىز بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ كۆرۈپ بېقىشقا بەك قىزىقىپ كەتمىدى.
— كۆرگۈچىلىكى يوق. بەك توپا - چاڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېڭىشىمۇ قولايسىز، سىلىنىڭ كۆرگۈلىرى بولسا كۆرۈپ چىقساق چىقايلى. بىزنى ئۇ يەرگە كىرگۈزەرمۇ؟
ئۇلار قورۇلۇش مەيدانىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سەللا نېرىدا قاپقارا يالتىراق بىلەن ئوراپ قويۇلغان ئۆينى كۆرۈپ يېقىن باردى.
شۇ چاغدىلا ئۇلار بۇنىڭ چېقىلماي قالغان ئۆي ئىكەنلىكىنى، ئەتراپتا بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇ ئۆي قالمىغانلىقىنى بايقاشتى. ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى چېقىلىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ توپا - توزانلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قېلىن قارا يالتىراق بىلەن پۈختا ئورالغانىدى، پەقەت دەرۋازىلا يېرىم - يارتا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇلار دەرۋازىغا بىرقۇر سەپسېلىپ قارىۋېتىپ باشقا كۆرگۈدەك نەرسە بولمىغاچ قايتىشتى.
ئۇلار دوقمۇشتا ئوتياش سېتىپ ئولتۇرغان بوۋاينى كۆرۈپ سورىدى:
— تاغا، ئاۋۇ ئۆيگە نېمە بولدى؟ ئەجەب يالتىراقتا يۆگەپ قويۇپتىغۇ؟
بوۋاي كەينىگە بۇرۇلۇپ مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ:
— ھە، ئاۋۇ ئۆيمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆينى كۆرسىتىپ، — ئۇ مەتنىياز بەگنىڭ يالغۇز قىزى ئايمىنىسا خېنىمنىڭ ئۆيى. ئايمىنىسا خېنىم ئۆينى چېقىشقا ئۇنىماي ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئەتراپتىكى ھەممە ئۆيلەر چېقىلىپ توپا - چاڭنىڭ دەستىدىن ئولتۇرغىلى بولمىغاندىكىن ئاشۇنداق يالتىراق يېپىپ قويدى.
— نېمىشقا قوشۇلمايدىكەن؟ ئۆيى چېقىلغانلارغا بىنادىن نەچچە يۈرۈش ئۆي بېرەرمىشقۇ؟
— مىڭ يەردىن ئۆي بەرسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېتەمدۇ؟ مەتنىياز بەگنىلا دوراپتىكەن بۇ ئايال، ئۆينى چېقىش تۈگۈل بۇ

ئۆيگە بىر كىمنى يېقىنىمۇ يولاتمىدى. ھازىر ئۆيىگە ئوغۇللىرىنىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

— ئوغۇللىرىنى نېمىشقا كەلتۈرمەيدۇ؟ — دېدى بىلگىنۇر ھەيران بولۇپ.

— ئىككى ئوغلىنىڭ بىرسى ئەمەلدار ئىمىش، بىرسى نېمە دېدى، ئىشقىلىپ كاتتا بىر شىركەتنىڭ غوجايىنىمىش. شۇڭا، باللىرىم مېنى ئالداپ، خىزمەت ئىشلەپ ئۆيۈمنى چاقتۇرۇۋېتىدۇ دەپ كەلتۈرمەسىمىش.

— ھە، باللىرى ھەرقانچە بولسىمۇ ئانىسى خالىمىغان ئىشنى قىلماس ئىدى.

— ئوخشاش نەرسىنىڭ قىممىتى ھەركىمگە ئوخشاش بولمايدىكەن، خانىم بالام. بىزدەك قېرىلار ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ پۇرىقى بار، ئىزى بار دەپ مۇشۇ كونا ئۆيلەردىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمىگەن بىلەن، باللار بىنا ئۆيلەرنى ئارزۇلايدىكەن. قىزلار ھويلا ـ ئارانىنى سۈپۈرۈشتىن ، يىگىتلەر قاتتىق ـ قۇرۇق ئىشلاردىن قاچامدىكىن، ئىشقىلىپ ئاشۇ بىنادا ئۆيۈم بولسا نېمەمنى ئالساڭ ئال دەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ ماڭا.

— ئۇ ئاپاش قانداق قىلار ئەمدى؟ — بىلگىنۇر ھېلىقى ئۆي تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — ئاۋۇ بىنانىڭ ئۇلى مۇشۇ ئۆيگىمۇ تۇتىشىدىغاندەك تۇرىدۇ، داۋاملىق يالتىراق يېپىپ ئولتۇرۇۋەرگىلىمۇ بولماس؟

ئوتياشچى بوۋاي ئۆيگە بىر قۇر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ يەرگە ئېگىز قەۋەتلىك بىنا سالارىمىش. ئاپىمىنىسا خېنىم: «مۇشۇ كوچىدىن باشقا ھېچ يەرگە كۆچمەيمەن، مۇشۇ كوچىدىن يەر بەرسەڭلار يەنە مۇشۇ ئۆيۈمگە ئوخشاش ئۆي سېلىپ ئولتۇرىمەن، لېكىن بۇ كوچىدىن بىر قەدەممۇ يۆتكەلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. كادىرلارمۇ بەك تولا كېلىپ، جىق خىزمەت ئىشلەپ، سۆھبەتلىشىپ كەتتى. بۇ ئايال نەدىن

ئۆگىنىۋالدىكىن، ئاجايىپ كۆپ سىياسەتلەرنى بىلىدىكەن، «رەھبەرلەر يۇقىرىدىن بىلىشكەنلەر، كۆڭۈل بۆلۈشكەنلەر دېگەن، ئۇ يىغىندا ئۇنداق دېگەن، بۇ قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن ... سىلەر سىياسەتنى بۇرمىلاپ، يۇقىرىغا زۇلۇم سالماقچى بولساڭلار مەن ئەرز قىلىمەن...» دەپ كادىرلارنىمۇ ئىغىز ئاچتۇرمايدۇ. ئاخىرى نەدىن چىقاركىن بۇ ئىشنىڭ؟ ھەممە ئادەم كۆچۈپ، ئۆيلىرى چىقىلىپ بولدى، بۇ ئۆي تېخى ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ...

مەينىگار خېنىمنىڭ تۇرۇپلا شۇ ئايال بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلدى.

— تاغا، مەن كىرىپ ئاشۇ ئاچىمىزغا سالام بېرىپ، ئەھۋال سوراپ چىقاي دېگەنىدىم، بىزنى ئۆيىگە كىرگۈزەرمۇ؟ بىز بىلەن كۆرۈشەرمۇ ؟ — دەپ سورىدى بوۋايدىن.

— مەيلى كىم كەلسۇن، مېنى كۆچۈرۈۋەتكىلى كەلدى دەپ ئويلاپ ئاسانلىقچە كۆرۈشمەيدۇ. قېنى بېرىپ بېقىڭلا. بۇ مەھەللىدە ھېچكىم قالمىغاندىكىن بۇ ئايالنىڭ بىرەر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغىنىغىمۇ خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، بەلكىم پاراڭلىشىدىغان ئادەم سېغىنغان بولسا كۆرۈشۈپمۇ قالار ... — دېدى بوۋاي.

مەينىگار خېنىم بوۋاينىڭ يېنىدىكى باققالدىن ئۇزۇم، ئانار ئېلىپ، بىلگىنۇر بىلەن بىللە ئۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار ئىشىكنى خېلى ئۇزاقىچە ئۇرغاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ بىر قانىتى قىيا ئېچىلىپ، ئېگىز بويلۇق، ئارا سېمىز، كۆزلىرى ئادەمگە «نېمە دەيسەن؟» دەۋاتقاندەكلا تىكىلىدىغان، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بىر موماي كۆرۈندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى مەينىگار خېنىم ئىشىككە يېقىنراق سۇرۇلۇپ، — مەن ئۈستەڭبويىدىكى باھادىرخان ھاجىمنىڭ قىزى، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدۇق، قارىساق باشقا ئۆيلەر چېقىلىپ، مۇشۇ ئۆيلا ساق قاپتۇ، سورۇشتە قىلساق

ئۆزلىرىنى بار دېدى، شۇڭا سالام بېرىپ ئۆتەيلى دەپ كىرىشىمىز ...

— ئوبدان بوپتۇ، قېنى ئۆيگە كىرىشسىلە ، — دېدى موماي قىزغىنمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس تەلەپپۇزدا.

ھويلىدىكى نەرسىلەرمۇ قارا يالتىراقتا مەھكەم يۆگەپ قويۇلغانىدى. ئۇلار ئايىمنىسا خېنىمغا ئەگىشىپ ئىچكىرى كىردى.

ئۇلار گىلەم سېلىنغان ئايۋاندىن ئۆتۈپ، ئوڭ تەرەپتىكى كىچىكرەك بىر ئۆيگە كىرىشتى. ئۆي قاراڭغۇ ئىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇغا كۆنۈپ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلالىدى. ئانار نۇسخىلىق خوتەن گىلىمى سېلىنغان ئۆي خېلى ئېسىل كۆرۈنەتتى، ئارا تەكچىلەردە قەدىمىي جانان چىنىلەر كۆمتۈرۈكلۈك تۇراتتى، ئەڭ ئۈستىدىكى كىچىك تەكچىلەرگە ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان، گۈللىرى چوڭ ھەم كۆركەم باسمىن تەخسىلەر، ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن قېلىن كىتابلار تىزىقلىق ئىدى، ئاستىنقى تەكچىگە جايناماز، تەسۋى، مومايىنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى قويۇلغانىدى. بۇ موماي بەك پاكىز بولسا كېرەك، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كىچىك تاشتەكتىكى ئەنجۈرنىڭ يوپۇرماقلىرى پاكىزلىقىدىن پارقىرايتتى. ئەگەر ئۇلار ھېلىلا ئۆز كۆزى بىلەن مەھەللىدە بىرمۇ ئۆي قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ كىرمىگەن بولسا، بۇ ئۆينىڭ چېقىلىۋاتقان، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان، توپا توزۇپ تۇرغان مەھەللىدىكى ئۆي ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن بولاتتى.

مەيىنگار خېنىم ئايىمنىسا خېنىم سالغان كۆرپىگە ئاۋايلاپقىنا كېلىپ ئولتۇردى، بىلگىنۇرمۇ مەيىنگار خېنىمنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

بۇ ئۆي ئۇنىڭ باللىق ۋاقىتلىرىنى ئەسلەتتى. چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيلىرى مۇشۇنداق جابدۇقلۇق ئىدى. چوڭ دادىسىنىڭ كىتابلىرى تەكچىلەرگە تىزىپ قويۇلاتتى، ئۇ ئېگىز

تەكچىدىكى كىتابلارنى ئالىمەن دەپ قولى يەتمەي نەچچە قېتىم ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ھازىر ئۆيلەرگە تەكچە چىقارمايدىغان بولۇپ كەتتى، تەكچىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، كۆپىنچە ئۆيلەردە كۆزگە كىتابمۇ چېلىقمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئايىمنىسا خېنىمنىڭ بۇغداي ئۆڭ سۇزۇك چىرايى، قويۇق قاش - كىرپىكلىرى، سۇرلۇك قىياپىتى كىشىنى سەل ئەيمەندۈرەتتى. ئۇزۇن دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان خاڭدەن جىلىتكىسى ئۇنى سىمىزرەك كۆرسىتەتتى. چاينى تۇجۇپىلەپ تاۋلاشلىرى، پىيالىنى تەكرار چايقاپ، چاينى پىيالىنىڭ يېنىغا تەگكۈزۈپ كۆپۈك چىقارماي قۇيۇشلىرى ئۇنىڭ تولىمۇ زىللىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— تۈركىيەگە ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكىنى ئاچىلىرىمۇ؟ باھادىرخان ھاجىمنىڭ ئىككى قىزى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى ئايىمنىسا خېنىم مەينىگار خېنىمغا قاراپ .

— تۈركىيەگە چىقىپ كەتكىنى مەن بولىمەن، مەينىگار خېنىم دەپ ئاڭلىغان بولغىيدىلە، — ئۇ يېنىككىنە تىنىۋالدى، — ئاينىگار خېنىم سىڭلىم بولىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. كىچىك ئىنىمنى ئۆيلىگەن، مەن تۈركىيەدىن شۇ تويغا قاتناشقىلى كەلگەنىدىم. ئادەتتە ئۆينىڭ، بالىلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ يۇرتقا كۆپ كېلەلمەيمەن.

— چوڭ دادىلىرى ئابدۇشۇكۇر ھاجىم بىلەن دادام بۇرادەرلەردىن ئىدى، ھەرەمگە ئاتلىق بېرىپ، بىللە ھەج قىلىپ كەپتىكەن. ئىككى ئائىلىنىڭ باردى - كەلدىمىز ئۈزۈلمەيتتى، كىچىك ۋاقتىمدا سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا كۆپ باراتتۇق. دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن نەچچە يىل ھازا تۇتۇپ، تالا - تۈزگە چىقماپتىمەن، يېقىن ئۆتكەنلەرنىمۇ ئىزدەپ بولالمىدىم. دادامنىڭ ئاغىنىلىرىنى بەك كۆرگۈم كەلدى، ئۇلارنى كۆرسەم دادامنى كۆرگەندەك بولاتتىم، لېكىن ئۇلار تۇگەپ كەتتى.

بالىلىرى بىلەن ئىزدىشىپ بولالمىدۇق.
هەر هالدا مەيىنىگار خېنىمنىڭ «بىزنى ئۆيگە كىرگۈزمەي قالارمۇ؟» دەپ ئەنسىرىگىنىنىڭ ئەكسىچە ئايىمنىسا خېنىم ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ئالدىغا قەنت ـ گېزەكلەرنى راسلاپ، چاي ئەكەلدى.
— ئېلىشىسىلا، مەھەللە چىقىلىپ، قوشنىلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن قولۇم ئىشقا بارماي گېزەكلەرمۇ ئاخىرلىشىپ قاپتۇ، داستىخان غورىگىل بولۇپ قالدى ... بۇ قىزىم كىم بولىدۇ؟ — دېدى بىلگىنۇرغا قاراپ.
— قوشنىمىزنىڭ قىزى، قادىر ئەپەندىم دەپ ئاڭلاپمىدىلىكىن؟ شۇ كىشىنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ.
— هە، هە، ئېسىمدە، چوڭلار بارغانچە ئاز قېلىۋاتىدۇ. ياشلار چوڭلاردەك ئىزدىشىپ يۈرمەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئۆيىمۇ سىلەرنىڭ ئۆي بار كوچىدا ـ هە؟ شۇنداقراق ئېسىمدە تۇرىدۇ. قادىر ئەپەندىم ئوقۇمۇشلۇق، ئېسىل ئادەم ئىدى. قىزىم، دادىلىرى پېنسىيەگە چىقىۋالدىمۇ؟
— هەئە، دادام بۇلتۇر پېنسىيەگە چىقىۋالغان.
بىلگىنۇر بۇ مومايىنىڭ دادىسىنى، هەتتا بوۋىسىنىمۇ تونۇيدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ قالدى.
— قوشنىلار يوق، يالغۇز قېلىپ سىلىگە جاپا بوپتۇ ـ هە؟ — دېدى مەيىنىگار خېنىم سۈيىمۇ، توكىمۇ توختاپ، تۇرمۇشقا قولايسىز هالغا چۈشۈپ قالغان ئۆيگە قاراپ.
— مەن يالغۇز ئەمەس، قىزىم. بۇ ئۆيدە ئاتا ـ بوۋامنىڭ ئىزى بار، ئاتا ـ ئانامنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆيدىن، بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسەم، يالغۇزلۇق هېس قىلىمەن.
ئايىمنىسا خېنىم مەيىنىگار خېنىمنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى.
— كەچتە بېشىم ياستۇققا يەتكەن هامان، دادام مۇشۇ كوچىغا تاراقلاپ ئاتلىق كىرىپ كېلىۋاتقاندەك؛ سەھەردە چەينەك

كۆتۈرۈپ گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ يۈرگەن ئانامنى كۆرگەندەك، يۇمشاق قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ مېنى ئويغىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنى قانداق تاشلاپ كېتەلەيمەن ؟ زېمىن دېگەن يىلتىز، يىلتىزىم بۇ يەردە قالسا مەن يەنە قانداق ياشىيالايمەن؟ مېنى كىم ئانامدەك ئويغىتىدۇ؟ دادامنىڭ تىۋىشىنى يەنە نەدىن تاپالايمەن؟ — ئايىمنىسا خېنىم خۇددى بۇلارمۇ ئۆزىنى ئۆيدىن كۆچ دېگىلى كەلگەندەك يەنىمۇ كۈچەيرەك سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئاۋۇ سېلىنىۋاتقان بىنادىن ئۆي بېرەرمىشقۇ؟ — دېدى مەينىگار خېنىم بىناغا ئۇل قويۇلۇۋاتقان تەرەپنى ئىشارە قىلىپ.

— ئىككى ئوغلۇم بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. بىنا ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلار ئۆيلىرىگە بىر كىرىپ كەتسە، ئايلاپ - ئايلاپ بىر - بىرىنى كۆرمەي، بىر قاچا ئاشتا بىر - بىرىنى ياد ئەتمەي ياشايدىكەن. بالىلىرىم ماڭا «بىزنىڭ ئۆيىمىز ئۇنداق قولايلىق، مۇنداق ئىسسىق، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسىلا» دەيدۇ. كۆڭلىنى ئاياپ ئۇ ئۆيلەرگە بېرىپمۇ باقتىم، لېكىن كۆنەلمىدىم. ئىشىكنى ئېچىپلا چىقىپ يەر دەسسىيەلمىسەم، بېشىمنى كۆتۈرسەم كۆكنى كۆرەلمىسەم، ئادەم بىردەم - يېرىمدەم چىقىپ ئاپتاپسىناي دېسە هويلىسى بولمىسا، مەن ئۇنداق ئۆيدە ياشاشقا كۆنەلمەيدىكەنمەن. ئاتا - بوۋام مۇشۇنداق ئۆيلەردە ياشاپتىكەن، مەنمۇ مۇشۇ ئۆيدە ياشاي دېدىم.

مەينىگار خېنىمنىڭ يا تۇكى، يا سۈيى، ئەقەللىيسى ئازادە تىنغۇدەك هاۋاسىمۇ قالمىغان بۇ ئۆيدە جان ساقلاۋاتقان مومايغا ئىچى ئاغرىدى.

هويلىنىڭ ئىشىكى تاراقشىدى، موماي قۇلاق تۇتۇپ بىردەم تۇرۇپ ئالدىرىماي ئىشىك ئاچقىلى ماڭدى.

ئايىمنىسا خېنىم قىرىق ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، كۆزلىرى قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر بىر ئەر كىشىنى باشلاپ كىردى. ئەر كىشىنىڭ كۆزلىرى بىردەمدە قاراڭغۇ ئۆيدىكى مېهمانلارنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى.

— كەلسىلە، بالام، كۆرپىگە كېلىپ بىر پىيالە چاي ئىچسىلە، يېڭىلا دەملىدىم، — دېدى ئايىمنىسا خېنىم ھېلىقى ئەرنى سۈپىنىڭ لېۋىدىكى كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ.

«ئوغلى ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى مەينىگار خېنىم، — چوڭ ئوغلىمىدۇ ياكى كىچىك ئوغلىمىدۇ؟»

ئايىمنىسا خېنىمنىڭ ئوغلى مېھمانلار بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ ئانىسىغا يۈزلەندى:

— بولدى، ئانا، — دېدى قولىدىكى ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى يانچۇقىغا سالغاچ، — سىلىنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېتەي دەپ كېلىۋىدىم. مەھلىيا خېنىم: «خان ئانامنى سېغىندىم، باراي دېسەم دەرسلىرىم كۆپ، بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىپ قويسىلا» دېگەنىدى. رەنا خېنىممۇ بۇ ھەپتىدە دەم ئالىدىكەن، «ئانام كەلسە، مۇڭدىشىپ بىللە ئولتۇرساق» دەيدۇ. ھازىر مېھمانلىرى بار ئىكەن، ئازراق ئىشلىرىم بار ئىدى، بېجىرىۋېتىپ، مېھمانلار ئۈزىغاندا كېلىپ ئەكېتەيمۇ؟

مۇشۇنداق ئوغۇللىرى بار بىر ئانا بۇ كەلگۈلۈكلەرگە نېمىشقا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە بىنا ئۆيلەرمۇ قولايلىق، پاكىز، ئىسسىق، جاپاسى يوق، يازدا بوران، قىشتا قار كۆرمەيدۇ، لېكىن ھەركىمنىڭ قوبۇل قىلىشى باشقا گەپ ـ دە.

— ماڭا مۇشۇ ئۆي ياخشى، بالام، — دېدى ئايىمنىسا خېنىم ئوغلىغا، — ئۆز ئۆيۈمدە تۇرۇۋېرەي. ئالغىلى كېلىپ ئاۋارە بولمىسىلا. مەھلىيا خېنىم ئوقۇمىغان كۈنلىرىدە كېلىپ يېنىمدا قونۇپ كەتسۇن، مەنمۇ بالىلارنى بەك سېغىندىم. مەردانجانغۇ تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سوراپ تۇرۇۋاتىدۇ. بالىلار سىلەردەك ئالدىراش بولمىغاندىكىن تېلېفون قىلىپ تۇرغۇدەك ۋاقتى چىقىدىكەن. سىلەرنىڭ غېمىڭلار، ئىشىڭلار كۆپ، شۇڭا مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، بالام. ئاكىلىرىغىمۇ دەپ قويسىلا، مالال بولماي خىزمىتىنى قىلىۋەرسۇن. سىلەر پەقەت، «ئانا، كۆچۈپ بەرسىلە، ئۆينىڭ ئورنىغا ئوردىدەك ئۆي بېرىدۇ، بىر تاغار پۇل

بېرىدۇ ...» دەپ بېشىمنى ئاغرىتماي مېنى ئامانىمدا قويساڭلارلا مەن شۇنىڭغا رازى.

— ئانا، توكمۇ، سۇمۇ بولمىسا، ھەتتا يېقىنىراق يەردە ھاجەتخانىمۇ بولمىسا قانداق قىلىلا؟ — ئوغۇلنىڭ چىرايىدا ئامالسىزلىقتىن بولىدىغان ئۆتۈنۈش ئەكس ئەتتى، — ئۆزلىرىنىمۇ، بىزنىمۇ قىيىنىمىسىلا بولاتتى. مەيلى، ئۆينى چېقىشقا قوشۇلمىسىلا سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، لېكىن بۇ يەردە يالغۇز تۇرۇۋالمىسىلا، بىز بەك ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز. ئۇنداق قىلمىسىلا، بىللە كېتەيلى. قايسى ئۆينى، قايسى كېلىنلىرىنى كۆڭۈللىرى خالىسا شۇ يەرگە ئاپىراي، ماقۇلمۇ؟

ئوغۇلنىڭ بايىقى مەغرۇر تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالماي ئانىسىغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈرۈپ قالدى.

— ئەنسىرىمەڭلار، بالام، مەن ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. مۇشۇ كوچىدىن ئۆيۈمنىڭ ئورنىغا يەر ئالمىغۇچە بۇ ئۆيدىن بىر قەدەم ئالمايمەن، يەر بەرمىسە مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىمەن.

ئايىمنىسا خېنىم ھەربىر سۆزىنى ئالدىرىماي، چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىۋېلىپ سۆزلىدى.

— مەن ماڭاي ئەمىسە، ئەتە يەنە سىلىنى يوقلاپ كېلىمەن، بىرەر نەرسە لازىم بولسا تېلېفون قىلارلا، ئەمىسە مەن ماڭدىم، — موماينىڭ ئوغلى شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

مەيىنىگار خېنىم ئۇنىڭ «بوپتۇ، ئانا، ئۇنداق بولسا مەن يانلىرىدا بىر كېچە بولسىمۇ ياتاي» دېمىگىنىگە ئەپسۇسلاندى، موماي قوندۇرمامدىكىن يا؟

— بۇ ئىككىنچى ئوغلۇم سۇلتان ھاجىم بولىدۇ، ئىككى ئوغلۇمنىڭ بىرەرسىمۇ دادامنى دورىمىدى، بالا دېگەن ھامان باللىقىنى قىلىدىكەن. ماڭا ئۆينىڭ، زېمىنىنىڭ، مال - دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى بار؟ مەن دېگەن بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۇن مېتىر خەسىگە يۆگىنىپ ھەزرەتكە چىقىپ ياتىمەن. ئۆينىڭ ئورنىغا خېلى جىق

تۆلەم بېرىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ. پۇل دېگەن ھامىنى قەغەز، بىر شامال چىقسا يوق. زېمىن دېگەن ئالتۇن قوزۇق ئەمەسمۇ. مەتنىيازبەگ ھاجىم دېسە دادامنىڭ ئىسمى قەشقەرگە لىق كېلىدۇ. دادامنى كىشىلەر مۇشۇ كوچىغا بىرلەشتۇرۇپ تونۇيدىغان تۇرسا. بۇ كوچىدىن كۆچسەك دادامنىڭ ئېتىمۇ ئۆچۈپ كەتمەمدۇ؟

بۇرۇن ھەر كوچىدا شۇنداق نوچىلار، ساخاۋەتچى بايلار، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ياشاپ ئۆتكەن، شۇڭا ھازىرغىچە بەزى كوچىلار ئۆز نامىدىن باشقا يەنە شۇلارنىڭ نامى بىلەنمۇ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ تارتىشىۋاتقىنى بەلكىم بۇ كونا ئۆيدىنمۇ بەكرەك ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مۇشۇ كوچىدا قالدۇرغان ئىزلىرى ۋە نامىشەرىپى بولۇشى مۇمكىن.

— بوپتۇ، ئايىمنىسا خېنىم ئاچا، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى مەينىگار خېنىم پىيالىدىكى تېۋى چىققان چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، — باللارمۇ بىر كۈنى كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. بۇ ئىشلارمۇ ياخشى ھەل بولۇپ كېتەر، نائۇمىد بولمىسىلا...

— بىلىپ تۇرىمەن، باللارمۇ ئامال يوق شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ مېنى بۇ يەرگە تىرىك كۆمۈۋەتمەس؟ — دېدى ئايىمنىسا خېنىم زەردە بىلەن، — رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا ياخشى خەۋەرلەرنى بېرىدۇ، يۇقىرىدىن چۈشىدىغان سىياسەت شۇنداق ياخشى. نېمىشقا بۇ يەردىكى ئىش بېجىرىدىغان بەزىبىر ئادەملەر ئىشنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە بېجىرىدۇ دەيمەن ـ دە؟ ھەتتا ئۆيلەرنى ئۆلچىگەندە مېتىرنى توغرا تۇتماي يۇقىرىغا بىر خىل مەلۇم قىلىپ، ئۆي ئىگىلىرىگە بىر خىل گەپ قىلىپ، ئارىلىقتىن ئارتۇق چىققان يەرگە ئۆزلىرى ئۆي ئېلىۋالغانلارمۇ بارىمىش. بۇنداق ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ! لېكىن گېلى پوق بولغاچقا گەپ قىلالمايدۇ. «ئەل رايى بويىچە ئىش بېجىرىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش

قىلىش ...» مۇشۇنداق سىياسەتلەر بىزدەك خەلق ئاممىسى ئۈچۈن چىقىرىلغانمۇ؟ مەن يامان گەپ قىلمىدىم، ئۆيۈم بىنايىڭغا يۆتكىلىشكە بولسا مەن ساڭا ئۆيۈمنى چىقىپ بېرەي، لېكىن سەن ماڭا سەل نېرىسىدىن، بىنايىڭغا يۆتكىلىشمايدىغانلىق يەردىن ئورۇن بەر دېدىم، قوشۇلۇشمىدى. ئورۇننى مۇشۇ كوچىدىن بەرمىسە، مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن. قېرى جېنىم يا مۇشۇ يەردە قالار، يا مېنىڭ تەلىپىمنى ئويلاپ باقىدىغان ئادەم چىقىپ قالار.

مەينىگار خېنىم ئايىمنىسا خېنىمنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قارىسىغىلا ئىش قىلىدىغان ئايال ئەمەسلىكىنى، ئۆيىدىن چىقمىغان بىلەن جاھاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ھەممە تۈگۈنىنىڭ يېشىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، بۇ ئىشلارمۇ ھەل بولۇپ كېتەر، بۇنداق قىلىۋېرىپ ئۆزلىرىنى ئالدۇرۇپ قويمىسىلا، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، ئىشلار سىلى ئويلىغاندەك ياخشى ھەل بولۇپ قالار، — دەپ تەسەللى بەردى مەينىگار خېنىم.

ئۇلار ئايىمنىسا خېنىم بىلەن خوشلىشىپ چىققان ۋاقىتتا كۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ھەر ئىككىلىسى ناخۇش ھالدا ئۆيگە قايتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە يۈز ئاچقۇنىڭ مېھمانلىرى ئۇزاي دەۋاتقان، ئۆيدىكىلەر ئالدىراشچىلىقتا بىر قولىنى ئون قىلالماي قالغانىدى.

ھويلىنىڭ يۇت قويغۇدەك بوش يېرى قالمىغان، ھەممىلا يەردە بىكارلانغان قاچا - قۇچىلار، مېۋە - چىۋە يەشىكلىرى تۇراتتى. ھويلىغا قارىغان ئادەمنىڭ بېشى قېيىپ كەتكۈدەكلا بېسىقچىلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

مەينىگار خېنىم يۈز ئاچقانىنى ھەمدە «تارتىشماق» قىلىپ قېينئانا بىلەن كۈيۈ ئوغۇلنى يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى، لېكىن بۈگۈن ئۇ ئىشلارنى كۆرۈشكە

ئۆلگۈرەلمىگەنىدى. ھەتتا مېھمانلارنىڭ ئۆزايدىغان ۋاقتى بولغانىدى.

— يا ئاللا، نەگە كەتتىلە بالام ! ؟... — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم قاش ـ قاپاقلىرىدىن بوران ئۆچۈرۈپ ، — مېھمانلارنىڭ ئالدىغان چىقىپ يېنىمدا تۇرۇپ بېرەمدىكى دېسەم ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوقيا سىلى؟

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ چىرايىدىن ھەم گەپ ـ سۆزلىرىدىن خېلىلا رەنجىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مارجان باسقان چېكەن كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان ناۋات رەڭ پەلتوسى ئۈنچىغا ئېغىر كەلگەنلىكتىنمۇ يا ھارغانلىقتىنمۇ ئىككى دولىسى پەسكە تاشلىنىپ قالغان، چاچلىرى تەردىن پېشانىسىگە چاپلىشىپ، زەر باسقان ناۋات رەڭ شارپىسىمۇ سىغارىيان بولۇپ قالغان ، ئەتىگەنكى خانىشلاردەك تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

مەينىگار خېنىم خىجىل بولۇپ، كۆڭلىدە «ئىش قىلىشىپ بەرمىگەن ھالەتتىمۇ مېھمان قاتارىدا ئولتۇرۇپ بەرسەم بولاتتى. ئەجەب كەم ئەقىللىك قىپتىمەن، ئانام بەك ئەھمىيەت بېرەتتى بۇنداق ئىشلارغا. كېلىشىممۇ مۇشۇ توي ئۈچۈن تۇرسا، سىرتقا ئەتە ـ ئۆگۈن چىقسامىمۇ بولاتتىغۇ؟ ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، پۇشايمان قىلسامىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئامال قىلىپ ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاي» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— مەن قىلىشىپ بەرگۈدەك ئىش چىقمىغاچقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كېلىمەن دەپ... كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ئانا، كەم ئەقىللىك قىلىپ قاپتىمەن، — مەينىگار خېنىم كۆزلىرىنى ئانىسىدىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئەلۋەتتە، سىلىدىن ئىش قىلىشىپ بېرىشلىرىنى تەمە قىلمايمىز، لېكىن بۈگۈن بازارغا چىقىدىغان كۈنمۇ، بالام؟ تۇركىيەدىن ئاتايىن ئىنىلىرىنىڭ تويىغا قاتناشقىلى كەلگەندىكىن، يېنىمدا تۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەك ئىدى. مېھمانلار «مەينىگار خېنىم قېنى، كۆرۈشسەك بولاتتى» دەپ

ئولتۇرغۇزمىدى ، ھېچ بولمىسا ماڭا دەپ قويۇپ ماڭغان بولسىلا بولماسمىدى، ھەممە ئادەمنى پاتىپاراق قىلىپ ئىزدەپ يۈرمەس ئىدۇق.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم قىزىنىڭ نەگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي مېھمانلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالغانىدى.

تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە باھادىرخان ھاجىمنىڭ تۈركىيەدىكى چوڭ قىزى كەپتۇمىش دەپ ئاڭلىغان بىلەن مەينىگار خېنىمنى تېخى كۆرۈپ باقمىغان قۇدىلار، يېڭىدىن كېلىن بولۇپ كىرگەنلەر بار ئىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم مەينىگار خېنىمنىڭ گەپ قىلمايلا سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ھەقىقەتەن رەنجىگەنىدى.

كىمدۇر بىرسى: «بىلگىنىۇر خېنىم بىلەن سىپىل تەرەپكە كېتىپ بارىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىۋىدى، شۇ تەرەپكە چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتىپمۇ ئۇلگۇردى، لېكىن ئۇلار ئايىمىنىسا خېنىمنىڭ ئۆيىدە بولغاچقا، ئۇلارنى ئىزدەپ چىققانلارمۇ تاپالمىغانىدى.

— خاپا بولمىسىلا، ئانا، بالدۇرلا يانىمىز دەپ چىققان، — دېدى مەينىگار خېنىم بوش ئاۋازدا. ئۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنىڭ ئۆزىگە مەركەزلىشىۋاتقىنىدىن خىجىل بولدى. ئوتتۇرا ياشقا بارغاندىمۇ شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئانىسىدىن تەنبىھ ئاڭلىسا، ئەلۋەتتە سەت تۇرىدۇ ـ دە، ئۇمۇ يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن قېيىنئانا بولىدىغان ئايال ئەمەسمۇ.

ھويلىدىكى تىزىقلىق نانلارنىڭ ئورنى بوشاپ قالغانىدى، مېھمانلار زەللىسىنى ئېلىشقا باشلىدى دېگەن گەپ ئۇزاشقا باشلىدى دېگەن گەپ. ئانىسى مېھمانلارنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، مەينىگار خېنىم سۇپىغا چىقىپ پايىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدى. ئەتىگەندە ئالتە ئايال يېرىم كۈن سەرپ قىلىپ تىزغان داستىخان

خۇددى قېقىسىپ كىرىپ قايتا سىيلىپ قويغانداك قۇرۇقدىلىپ قالغان، ئايالىلارنىڭ ئالدىدا ئىگىز ـ ئىگىز زەللىلەر پەيدا بولغاندى. مېھمانلار ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. ھويلىدا يەنە پەتنۇسلارغا بىر نەرسىلەر تىزىلىۋاتاتتى.

— نېمىلەر ئۇ؟ — دېدى ئۇ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكانغا.

— خىرۇستال ۋازا، — دېدى پەتنۇس تۇتۇپ تۇرغان چوكان، — پولۇنىڭ ئورنىغا مېھمانلارغا بەرگىلى تەييارلىغان.

مەينىگار خېنىم ئالدىنقى كۈنى قىز يۆتكىگىلى بارغاندا قۇدىلارنىڭ ئۆيىدە مۇشۇنداق سوۋغات ئالغاندىمۇ ھەيران قالغان، «نېمىشقا بىزگە بۇ نەرسىنى بېرىدۇ؟» دەپ يېنىدىكى خېنىمغا بېرنۋەتكەندى.

— ھە، تېخى بېرىپ بولالمىدىڭلارمۇ؟ بەك ئاۋارىچىلىك ئىش ئىكەن بۇ. ئۇلار بىزگە بېرىپ بىز ئۇلارغا بېرىپ، نېمە جاپا؟

— ۋيەي، بىر جۈپتىنى ئوتتۇز كويدىن ئاتايىتەن ئەكەلدۇق، ھەممە يەردە شۇنداق قىلىدۇ، جاپا دەپلا قىلمىساق قانداق بولىدۇ؟

— ھە، بوپتۇ، بوپتۇ، بېرىڭلار...

— زەللە ياغلىقى بىلەن زەللە داستىخىنىمۇ تەييار بولدى، — دېدى پەتنۇس ـ پەتنۇسلاردا تىزىلغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن چوكانلار.

مەينىگار خېنىم ئەتىگەنكى گەپلەرنى يەنە تەكرارلاشتىن زېرىكىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مەينىگار خېنىممۇ سىلى؟ — ھال رەڭ شارپىسى ۋىل ـ ۋىل چاقناپ تۇرغان چىرايلىق بىر ئايال ئۇنىڭغا سالام بەردى، — سىلىنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپلا بىر دىدارلىشىپ كېلەرمەن دەپ نىيەت قىلغاندىم، بوسۇغا داۋاندىن چىقىپ بولالماي مۇشۇ كۈن بولۇپ كېتىپتۇ مانا، — ئۇ ئايال مەينىگار خېنىمنىڭ يېنىغىراق كېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، —

تىنچ - ئامان كەلدىلىمۇ؟ هاردۇقلىرى چىقىپ قاپتۇمۇ؟ يولداشلىرى، بالىلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! خۇداغا شۈكۈر، ياخشى، ياخشى، ھەممىمىز سالامەت، ئۆزلىرىچۇ؟...

مەيىنگار خېنىم دەماللىققا بۇ ئايالنى تونۇيالمىدى. يۈزى سۈت ئالمىدەك سۈزۈك، قاش - كىرپىكلىرى سىپتە، ئۆزى بىلەن تەڭدېمەتلىك كېلىدىغان بۇ ئايال بىر يەرلىرىدىن تونۇشتەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كىملىكىنى ئەسلىيەلمەي خىجىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئالدىنقى يىللاردا كەلگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇ ئايالنى كۆرمىگەنىدى. شۇنچە قىزغىن كۆرۈشۈپ سالام بېرىۋاتقان بىر ئادەمدىن «سىلىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم، سىلى كىم؟» دەپ سوراش تېخى ئەدەپسىزلىك.

ئايال مەيىنگار خېنىمنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىملىكىنى ئۆزىلا دەپ بەردى:

— مەن زۇلخۇمار، ئارىيادىكى مۇھەممەتتۇردى هاجىم تاغىلىرىنىڭ كىچىك قىزى، — ئايال سۆزلەۋاتقاندا سۈزۈك يۈزى تۇغاچ چېچىكىدەك قىزاردى، — كىچىككىمىزدە بىللە ئوينايتتۇق، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى، بەلكىم كۆزلىرىدىن چىقىپ قالغاندىمەن.

كىچىك چاغلىرىدا چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بىللە ئوينايدىغان ئانا تەرەپ تاغىسىنىڭ قىزى، چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك تەمكىن، ئەقىللىك، غەرەز ئۇقمىدىغان دوستى زۇلخۇمار كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن مەيىنگار خېنىمنىڭ يۈرىكى ئويناقلاپ كەتتى. ئۇلار قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

مەيىنگار خېنىم توي قىلىپ كەتكەندىن كېيىن نەچچە قېتىم يۇرتقا كەلگەن بولسىمۇ ئۇلار يۈز كۆرۈشەلمىگەنىدى.

— بىر كۈن ۋاقىتلىرىنى بەرسىلە، مۇڭدىشايلى، سىلىنى شۇنداق سېغىندىم، — زۇلخۇمار خېنىم ئۇنىڭ قوللىرىنى

تۇتۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ ئادەمنىمۇ تونۇيلا، ئەزىمەت قارىم يادىلىرىدا بارمىكىن؟ ئىككىمىزنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ قاپتىكەن، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىرىپ ياشاۋاتىمىز، ئۈچ بالىغا ئاتا ـ ئانا بولدۇق، پات ـ پات گەپلىرىنى قىلىشىمىز...

— ۋاي، شۇنداقمۇ! نېمانداق ياخشى، كىچىكىمىزدە دائىم ئىككىڭلار بىللە ئويناپ مېنى ئايرىپ قوياتتىڭلار ـ هە!

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قاچان ۋاقىتلىرى چىقار؟ بۈگۈن مۇنداق مۇڭدىشىپ گېپىمىز تۈگىمەيدۇ.

زۇلخۇمار خېنىمنىڭ چىرايى بايىقىدىنمۇ ئېچىلىپ كەتتى، مەينىگار خېنىممۇ بايىقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ خۇشال كۈلدى.

— ئانامدىن سوراپ بېقىپ جاۋاب بېرەي جۇمۇ، بۈگۈن ئانامنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئەگەر ئۆيدە باشقا ئىش بولمىسا ئۆگۈنلۈككە كۆرۈشەيلى.

مېھمانلار ئۇزاپ چىقىشتى. چاي ياكى تويلاردىكى داستىخاندا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قورساق، بېقىن گۆشلىرى بوشاپ، سەمرىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى كېلىنلىرىنىڭ ياكى قىزلىرىنىڭ قولتۇقلىشىدا ئاۋايلاپ مېڭىشاتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، پۇتلىرى كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتكەندى. مارجان باسقان چېكەن كۆڭلەكلىرى ئېغىرلىقىدىن پەسكە تارتىلىپ، سېمىز بەللىرىنى قىسىپ ئۇلارنى تېخىمۇ ئارامسىزلاندۇراتتى. مېھمانلار زەللىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىر تەرەپكە سىڭارىيان بولۇپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

نەقىشلىق تۇۋرۇكلەر، تۇتقۇچلىرى ئالتۇن رەڭ سىرلانغان، تۈركىيەنىڭ قىزىل گىلىمى سېلىنغان پايىلەر، ئەينەكلىك باستۇرما پېشايۋانلار، يېرىم ئېچىلغان دېرىزىلەردىكى زەر

چۈچىلىق يىپەك پەردىلەر ئۇلارنى جىمجىت ئۇزىتىپ قالدى.

قوشنىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆيلەرنى قولمۇ قول تازىلاپ، چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ، سورتۇپ جاي - جايلىرىغا تىزدى، كۆرپىلەرنى قېقىشتۇرۇپ بۇ ئۆيلەرگە مېھمان كىرمىگەندەك پاكىز ھەم جىمجىت ھالىتىگە ئەكېلىپ بولۇشتى. ئۇنداق بولمىغىنىدا بۇ بىر ئۆيلۈك ئادەم بىر ھەپتىدىمۇ بۇ قاچىلارنى يۇيۇپ، ئۆيلەرنى رەتلەپ بولالمايتتى.



# ئون بىرىنچى باب

## ئىچ پۇشۇقى

كەچ. باھادىرخان ھاجىم بىلەن چوڭ ئوغلى قۇتبىدىن ھاجىم چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى.

— مېھمانلار قانداقراق ئۇزاپتۇ. بالام؟ بىرەر گەپ ـ سۆز ئۆتتۇلمىگەندۇ؟ — دېدى باھادىرخان ھاجىم ئەتىگەندىن بېرى مېھمانلارغا كېتەرلىك نەرسىلەرنى توشۇپ بازار بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا چېپىپ يۈرگەن ئوغلىغا.

— ئوبدان، دادا، ھەممە ئىش جايىدا، مېھمانلار تىنىچ ـ ئامان، چىرايلىق ئۇزىدى.

— توي دېگەن زىل ئىش، چىرايلىق تۈگىگەن بولسا ياخشى بوپتۇ.

— چىقىممۇ خېلى بار، دادا، ھېسابلاپ كۆرسەم يىگىرمە سەككىز مىڭ بەش يۈز كوي كېتىپتۇ.

— نېمانچە كۆپ؟ بىر كۈنلۈك مېھماندارچىلىق شۇنداق كۆپ چىقىم بىلەن ئۇزاپتىما؟

— ھەئە، ھازىر بىر ئىش قىلماق تەسلىشىپ كېتىپتۇ، — قۇتبىدىن ھاجىم پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلى بىلمەيلا، ئاياللارنىڭ يىغىدىن چىققان بىرمۇنچە قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار ئىكەن. بەزىبىر ئىشلاردا ئانامنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلالماي قالدىم.

— ئورۇنسىز ئىشلارنى رەت قىلغۇلۇق ئىدى، بالام. بۇنداق ئىشتا يېنىكلىك قىلساق بولمايتتى. توي - تۆكۈن دېگەندە كىچىككىنە ئىش بولۇپ بولغۇچە سىرتقا تارقىلىپ، ئومۇملىشىپ قالىدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ ئىقتىسادى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلەر يېتىشىپ بولالمايدۇ، يېتىشكەن تەقدىردىمۇ ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! — باھادىرخان ھاجىم دوپپىسىنى ئېلىپ تىزىغا كىيدۈرۈپ قويدى. ئاپپاق ساقاللىرى چىراغ نۇرىدا يالتىرايتتى، تۇرقىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

قۇتبىدىن ھاجىم ئانىسىغا بەرگەن ھەم ئۆزى نەرسە - كېرەك ئالغاندا ئىشلەتكەن پۇللارنىڭ تىزىملىكىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئەگەر بۇ تىزىملىكنى دادىسىغا ئۆز ئەينى بويىچە كۆرسىتەي دېسە دادىسى خاپا بولىدۇ، كۆرسەتمەي دېسە، كېيىن ئۇقۇپ قالسا تېخىمۇ خاپا بولىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. توينىڭ ئالدى - كەينىدە دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىقىلىپ قالغانىدى. بەزى ئىشلار ئانىسىنىڭ بۇيرۇشىدا بولغان بىلەن دادىسى بىلسە رەت قىلىدىغان ئىشلار ئىدى، ئانىسى دېگەندەك قىلماي دېسە، سۇلتانىنىسىپ خېنىم «مېنىڭ لەۋزىمنى ئىلىك ئالمىدىلا» دەپ رەنجىپ تۇرۇۋالدى.

— دەپ باققىنە، بالام، نېمىلەرگە ئىشلەتتىڭلار ئۇنچە پۇللارنى؟ — باھادىرخان ھاجىم بايىقى ئورنىدىن كەينىگىرەك سۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەممە ئادەم تويدا مۇشۇنداق كۆپ پۇل چىقىم قىلامدۇ يا بىزنىڭ تويدا ئىشلارنى ئوبدانراق قىلايلى دەپ سىلەر شۇنداق قىلدىڭلارمۇ، بالام؟

— باشقىلار قانداق قىلىدۇ مەنمۇ ئېنىق بىلمىدىم. ئانامنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ھەممە تويلاردا مۇشۇنداق بولارمىش، ئانام

بىلەن ئايىنىگار خېنىم ئاچام، پەرىدە خېنىم، هامما خېنىملار ... ھەممىسى شۇنداق دېيىشتى.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ چىرايى ناخۇش ئىدى، تويىنىڭ ھاردۇقى يەتتىمۇ يا باشقا سەۋەب بارمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ۋەيىسىدىن ھاجىملارنىڭ ئوغلىنىڭ تويىنى بىر ئوبدان قىلغانغۇ. تويىنمۇ، يۈز ئاچقۇنىمۇ بىر كۈندە قىلىپلا تۈگەتتى. چىللاق، ئون بەش كۈنلۈك دېگەندەك قائىدىلەرنىمۇ قىلماپتۇ. مەن ساڭا بۇ تويغا قوپۇشتىن بۇرۇن بىزمۇ تويىنى سەل ئاددىيراق قىلايلى دېگەنىدىم. ئۇنتۇپ قالغانمىدىڭ؟ ئاددىيراق قىلغىلار دېسەم ئاشۇرۇپ قىلغىنىڭنى قارا! مەن پۇلنى ئايىمىدىم، بالام، بىر نان تاپساقلا داپ چېلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ توي مەرىكىلىرىنى كاتتا قىلىۋاتقانلار ئاز سانلىقلا ئادەملەر. ئەسلىدە ئەل ئاققان كىچىكتە ئاققۇلۇق ئىدى.

— دادا، ھازىر ئەرلەر تويدا بۇرۇنقىدەك كۆپ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالمايدىكەنمىز. ھەممىنى ئايالالار ئۆزلىرى پۈتتۈشۈپ دەپتەرگە خاتىرىلىۋېلىشىپ شۇ بويىچە قىلىدىكەن. بىر نېمە دېسە «بىز شۇنداق پۈتتۈشكەن، شۇ بويىچە قىلمىساق قۇدىلار ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئادەمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدىكەن. خەۋەرلىرىدە بار، مېھىر ھەققىنىمۇ ئانام بىلەن ئايىنىگار خېنىم ئاچام بېرىپ پۈتتۈشۈپ قويۇپتىكەن. ئەرلەر تويلۇقنى ئاپىرىپ بېرىپ، مېھمان بولۇپلا قايتىپ كەلدۇققۇ؟ ئۇ يەردە تويىنىڭ ھېچقانداق مەسلىھەتىمۇ بولمىدى. كۆپ ئىشلارنى ئەرلەر بىلمەي قالىدىكەنمىز، دادا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۇگۈن قوپۇپ قائىدە ـ رەسىمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرىمىز دېسەك، سەت تۇراتتى. قۇدىلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرغاندەك بولۇپ قالاتتۇق. تويىنىڭ ئالدىدىلا قۇدىلارغا، «تويىنى ئاددىيراق قىلايلى، بىزگە قىزىمىزلا لازىم، سوۋغا ـ سالام كېرەك ئەمەس» دېگەن بولساق، ئاندىن

باشقا ئىشلارنىمۇ «ئاددىيراق قىلايلى» دېگىلى بولاتتى.
— بالام، مەن ساڭا دەسلەپتىلا شۇنداق دېگەنىدىمغۇ؟ قۇدىلارغىمۇ مەن بېرىپ ئېيتىشىم كېرەكمىدى؟ سېنى قۇدىلارغا، ئۆيدىكى ئاياللارغا گەپ قىلىپ، ئىشلارنى شۇ بويىچە قىلارمىكىن دېگەنىدىم؟ سەن قاچاندىن بېرى گەپلىرىمنى چۈشەنمەس بولۇپ قالدىڭ؟ — باھادىرخان ھاجىم ئوغلىغا خاپا بولغانىدى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى سەل قارىداپ، كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇرلار چېچىلدى، — تويلۇق دېگەن قىزنىڭ مېھىر ھەققى، شۇڭا تويى بولىدىغان قىزغا رازى بولغۇدەك تويلۇق بېرىپ، كېلىن قىلىشىمىز تامامەن دۇرۇس ئىش. لېكىن، توي جەريانىدا مەن مۇنچە پۇل تويلۇق بەردىم دەپ قىز تەرەپتىن سوۋغا ـ سالام تەلەپ قىلماڭلار، يامان بولىدۇ دېدىم! ئوغلۇمنىڭ چوڭى، ئىشلارنى دىگىنىمدەك قىلالايدۇ دەپ ساڭا ئىشەنگەنىدىم. ئىشلارنى مەن دېگەندەك قىلغانسەن؟

قۇتبىدىن ھاجىم يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، لېكىن دادىسىغا جاۋاب بەرمەي بولمايتتى.

— ئانامنىڭ ئائىلىمىزدىكى ئاخىرقى قېتىملىق بۇ تويىنى ھەشەمەتلىكرەك ئۆتكۈزگۈسى بار ئىكەن، دادا. مەنمۇ سىلى دېگەندەك قىلىشقا تىرىشتىم، لېكىن ئانام ... — ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئاياللار شەيتانغا يېقىن خەق، دىققەت قىلمىساق قىلغان ئەجرىمىزنى يوق قىلىدۇ، — باھادىرخان ھاجىم ئوغلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى دېيىشتىن قىسىلىۋاتقىنىنى بىلمىگەندەك يەنە بايىقى سۆزلەرنى تەكرارلايتتى، — مەنمۇزە، مۇشۇ ئىشقا سەل قاراپ قاپتىمەن. سېنى بار دېدىم ـ دە، ھەي! ... نەدىن بىلەي سېنىڭ مۇنداق چىگىت چېقىپ يۈرگىنىڭنى؟ ئاق ساقىلىمنى سۆرەپ ھەممىگە ئۆزۈم ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يۈرسەم تېخى قاملاشمايدۇ. ئاناڭ ئۇنىمىسا ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ؟ ئانام دېدى،

دەپ بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋېلىپ ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىلگەنچە قىلىۋېرەمسەن؟ ئەمدى يېتەر! قۇدىلارغا ئۆزۈڭ ئۇقتۇرۇپ قوي، ئۇن بەش كۈنلۈككە تەييارلىق قىلىپ يۈرمىسۇن. سالامغا كېلىن قىزنىمىزنى ئېلىپ شەمشىدىن ھاجىم ئۆزى بېرىپ كەلسۇن. يەنە مېھمان ئاپىرىپ قۇدىلارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەڭلار.

— ماقۇل، دادا، — قۇتبىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپ تۇرۇۋالمىغىنىدىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ يېنىك بىرنى تىنىۋالدى.

باھادىرخان ھاجىم تويدىن ئاۋۋاللا ئۆيمىدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ «تويىنى ئارتۇقچە ھەشەم ـ دەرەمدىن خالىي، ئاددىي قىلىمىز، قۇدىلاردىن ھېچقانداق سوۋغا ـ سالام تەلەپ قىلمايمىز» دەپ ئېنىق ئېيتىپ قويمىغىنىغا، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتبىدىن ھاجىمغا تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى خاتىرجەم يۈرگىنىگە ئەپسۇسلىنىپ قالدى. ئوغلىنىڭ ئىشلارنى ئۆزى تاپىلىغاندەك قىلمىغانلىقىدىن كۆڭلى غەش بولدى، لېكىن بولغۇلۇق بولۇپ بولغانىدى.

— بالام، مۇشۇ ئىشتا سەن مېنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويدۇڭ. ماڭا ئېنىقىنى دېگىن، توي جەريانىدا قۇدىلاردىن ئارتۇقچە بىرنېمە ئالدىڭلارمۇ؟

— ئايالىلار ئۆز ئارا سوۋغا ـ سالام بېرىشكەن بولسا بىلمىدىم، داستىخان ئۈستىدە ئالدىغان، قويىدىغان ئىشلارنى ئايالىلار ئۆزى قىلغاندىكىن ئېنىق خەۋىرىم بولمىدى. بەزى ئىشلارنى مەن سەل چاغلاپ قاپتىمەن، دادا، ئاۋۋال سىلىگە دەپ ئاندىن قىلسام بوپتىكەن.

— دېگىنە، نېمىلەرنى سەل چاغلىدىڭ؟

— ياق، بىرەر چوڭ ئىشمۇ يوق. شۇ، بەزى ئۇششاق ئىشلار ...

— دېگىنە، يەنە قانداق ئىشلار بولدى؟ — باھادىرخان ھاجىم ئوغلىدىن كۈچىلاپ سورىدى.

قوتىبىدىن ھاجىم تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنى دېسە، دادىسىنىڭ ئانىسىغا خاپا بولۇپ، ئۆيدە كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتۇپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.

باھادىرخان ھاجىم كۆزلىرىنى يۇمۇپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ تويدىن ئاۋۋال سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ھۇجرىسىغا يىگىرمە گىلەم ئىبلىگلار دەپ پۇل بەرگەندى. بالىلارنىڭ ھۇجرىسىدىكى گىلەمنى قۇدىلارنىڭ ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، بۇ گىلەمنى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاتايىن ئۆينى ئۆلچەپ ئالدۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. يەنە بەزى قائىدىلەرنىمۇ ئەر كىشىلەر ئېنىق بىلىپ كەتمىگەچكە، ئۆيدىكى ئاياللار قانداق دېسە شۇ بويىچە بولاتتى.

قوتىبىدىن ھاجىم خوتۇنى پەردە خېنىمدىن ئاڭلىغان باشقا ئىشلارنى دادىسىغا دېيىشتىن قورقۇپ راست گەپنى قىلمىدى.

ئۇلار بىردەم جىمىپ قالدى. باھادىرخان ھاجىم ئادەتتە سوۋۇپ قالغان چاينى ئىچمەيتتى، بۈگۈن پىيالىدىكى خېلىلا تېۋى چىقىپ قالغان چاينى ئىچىۋەتتى، ئورنىدىن قوزغىلىپ كۆزلىرىنى ئوغلىغا مىختەك تىكىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن:

ـــ قارا، بالام، «ئەگەر بىر باي ئادەم بالىلىرىنىڭ تويلىرىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قوشنا ـ قولۇملىرى بالىلىرىنىڭ تويلىرىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشكە قۇدرىتى يەتمەي، ئاددىيراق ئۆتكۈزگۈسى كەلمەي، بالىلىرىنىڭ تويلىرى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتسە، ئاشۇ ياشلار ۋاقتىدا توي قىلالماي گۇناھلىق ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئاشۇ تويىنى ھەشەمەتلىك قىلىپ قوشنىلىرىغا روھىي زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغىنىم ھېلىھەم ئېسىمدە. ياخشى ئىش بىزدىن تارقالسۇن، لېكىن شۇنداق يامان ئىشلار بىزدىن چىقىپ قالمىسۇن،

ئۇقتۇڭمۇ، بالام؟ گۇناھ پەقەت سەن بىلىپ ـ بىلمەي سادىر قىلغان سەۋەنلىكلا بولۇپ قالماستىن، يەنە مۇشۇنداق ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرگە تىلنىڭ ئارقىلىق، ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق ئەكەلگەن ئىشلىرىڭ ئارقىلىقمۇ شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، بىلىپ ـ بىلمەي گۇناھكار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىش ـ ھەرىكىتىمىزگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم ئىدى، ــــ دېدى.

ــــ بىلدىم ، دادا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي، ــــ قۇتبىدىن ھاجىمنىڭ چېكىلىرىدىن تەر چىقىپ كەتتى.

باھادىرخان ھاجىم يېنىغا قويۇپ قويغان دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، شىپىلداقنى پۇتىغا ساپتى.

ــــ ئارام ئالاملا، دادا؟ ئەتىگەندىن بېرىقى غولغۇلدا سىلىمۇ چارچاپ قاللا، ئورۇن سېلىپ بەرسۇنمۇ؟

ئۇ يەنە بىردەم ئولتۇرسا چىدىيالماي ھەممىنى دادىسىغا دەپ تاشلايدىغاندەكلا تۇراتتى. شۇڭا، دادىسىنىڭ سۆھبەتنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇرۇشى ئۇنى روھىي ئازادلىككە ئاچىقتى.

ــــ ئاناڭنى چاقىرىپ قويە، ــــ دېدى باھادىرخان ھاجىم ئوغلىغا پەگاھتا ئۆرە تۇرغان پېتى.

قۇتبىدىن ھاجىم چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ كىردى:

ــــ ئانام ھېرىپ قاپتىكەن، ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغىتايمۇ ؟

ــــ بولدى، توينىڭ ئىشلىرىنى تەپسىلىيرەك سوراپ باقارمەن دېگەن، ئۇخلاپ قالغان بولسا كېيىن بىر گەپ بولار.

پەردە خېنىم ھويلا ـ ئارانىنى يىغىشتۇرۇپ تېخى ئۇخلىمىغانىدى.

ــــ قىزىق قىلىپ چاي دەملەپ بېرەيمۇ، دادا؟ ــــ دېدى قېيىنئاتىسىغا، ــــ قۇتبىدىن ھاجىم يەرلىك يارما شاپتۇل ئەكەپتىكەن، ئۆزلىرىگە ئازراق ئېلىپ قويۇۋىدىم، شۇنىڭدىن يەپ باقامىلا يا؟

ــــ بولدى، قىزىم، چاينى باياتىن ئىچتىم، كەچ بولغاندا

شاپتۇلمۇ يېمەي. سىلىمۇ بالىلارنىڭ يېنىغا كىرسىلە.

شۇنىڭدىن كېيىن باھادىرخان ھاجىم توي جەريانىدىكى ئىشلارنى سۇلتاننىسىپ خېنىمدىن سوراشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى سورىغۇسى كەلمىدىمۇ ئۇ ئىشلارمۇ قايتا ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# يوقلاق

تويدىن كېيىن ئىشلار بىراقلا بېسىقىپ، ھەممەيلەن غەمدىن ئارام تاپقاندەك يېنىك تىنىشتى.

ئەمدى تويدىن كېيىن باشلىنىدىغان ئون بەش كۈنلۈك، سالامغا بېرىش، ئۆي كۆرسىتىش قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلار چىقتى.

يۈز ئاچقۇنىڭ ئەتىسى چۈشكە يېقىن گۈلزىبا خېنىم چوڭ سىرلىق كورىدا لىقىدە پىشۇرۇلغان گۆشنى كۆتۈرۈپ سىڭلىسىنى يوقلىغىلى كەلدى، ھورى چىقىپ تۇرغان گۆشتىن قارىمۇچ بىلەن يۇمغاقسۈتنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ ئۆينىڭ ئىچىنى مەززىلىك شورپا پۇرىقى بىر ئالدى.

گۈلزىننەت بۇ ئائىلىنىڭ كونا ئەزاسىدەك توختىماي ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرەتتى. چىرايىدىن قىزغۇچ شولا تۆكۈلەتتى. كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىرەرسىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا لەپپىدە باشقا تەرەپكە قاچۇراتتى، تويلۇق لىباسلىرى گۈل شېخىدەك زىلۋا ئۇستىخىنىغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئاچىسىنى كۆرۈپ قىزىرىپ تۇرۇپ يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى. داستىخاننىڭ چۈچىسىنى مىجىقلاپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا — پەردە خېنىمنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.

گۈلزىبا خېنىم سىڭلىسىغا قاراپ «نىكاھنىڭ

ئىسسىقچىلىقى ئۆتۈپتۇ - دە !» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

سۇلتاننىسسىپ خېنىم تويىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ بولالمايۋاتقاندەك ئېزىلىپ ئولتۇراتتى.

— تۈنۈگۈن مېھمانلار رەنجىمەي ئۇزاپتىمۇ، گۈلزىبا خېنىم؟ — سۇلتاننىسسىپ خېنىم سالام - سەھەت، تىنچلىق سورىششلاردىن كېيىن رەسمىيەت ئۈچۈن سوراپ قويدى.

— بىر چىرايلىق ئۇزاتقان تۇرسىلا، نېمىشقا رەنجىيدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قاپتۇمۇ، سۇلتاننىسسىپ خېنىم ئاچا؟ تۈنۈگۈن سىلىمۇ بەكلا چارچاپ كەتتىلە.

— باللارغا قاراپ ھاردۇقۇم چىقىپلا قاپتۇ، ھى - ھى - ھى، — سۇلتاننىسسىپ خېنىم غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى.

— ئانام ئەنسىرەپلا ئولتۇرىدۇ گۈلزىنىنەت خېنىم كىچىكلىك قىلىپ سۇلتاننىسسىپ خېنىمنى تېرىكتۈرۈپ قويارمۇ دەپ. دېمىسىمۇ، سىڭلىم مەكتەپتىن يېڭى چىقىپلا ياتلىق بولدى. ئۆي ئىشلىرىغىمۇ تازا پىششىپ كەتمىگەن، سىلىگە جاپا سېلىپ قويارمۇ دەپ ھەممىمىز تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمىز.

— كىچىك بولسا چوڭ بولىدۇ. قايىلسام شەمشىدىن ھاجىم بالام بىلەن ئىككىسى بىر چىرايلىق ئەپلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىز شۇنىڭدىن رازى دېسىلە، گۈلزىبا خېنىم.

سۇلتاننىسسىپ خېنىم چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ گۈلزىبا خېنىمغا تاتلىق گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى.

— بىزمۇ كىچىك ئىدۇق، بەزىدە خاتا قىلىپ، بەزىدە توغرا قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق. زىبىرنىسا خېنىمغا دەپ قويسىلا، ھەرگىز ئەنسىرىمىسۇن، ئىككى قىزىم ئۈچ بولغانغا ھېساب، بىلمىگەنلىرىنى ئاستا - ئاستا ئۆگىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك ئويناپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ قالىدۇ .

— رەھمەت، سۇلتاننىسسىپ خېنىم ئاچا، گۈلزىنىنەت خېنىمنىڭمۇ ئايىغى يەڭگىل، زېھنى ئوچۇق، ئۆگىنىپ كېتىدۇ،

بىرەر يىل ئىچىمىزنى كۆتۈپ تۇرۇپ تۇرىدىغان بولىلا ئەمدى، — گۈلزىبا خېنىم خۇشلۇقىدا دەيدىغان گېپىنىمۇ تاپالماي قالدى.

گۈلزىننەت پەتنۇستا خونچىلاپ چاي كۆتۈرۈپ كىردى. گۈلزىبا خېنىم چايدىن كېيىن «قاغىلىققا بۇگۈنلا كەتمىسەم بولمايتتى، تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم، باللار ئىسسىقسىز قالدى» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تاماقنىمۇ ئولتۇرماي ئالدىراپلا قايتىپ كەتتى.

گۈلزىننەت تېلېفوندا ئىرىدىن كېلىۋاتقان ئۇچۇرلارنى ئوقۇپ كۈلۈپلا يۈرەتتى، كۆزلىرىدىن، يۈزىدىن شادلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن خۇرشىدە خېنىم يېڭى قويغان ئۆپكە ـ ھېسىپ ئەكېلىپ گۈلزىننەت خېنىمنى يوقلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ ھامىسى پېتىر مانتا ئەكەلدى ... بىرەر ئايغىچە ھەر كۈنى قىز تەرەپتىن بىر ـ ئىككى ئايال گۈلزىننەتنى يوقلاپ، تويىنىڭ ھاردۇقىنى سوراپ، مېھمانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

سۇلتانىسىپ خېنىم بۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق ئادەمدىن رازى بولۇپ باققان ئايال ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇ يېڭى قۇدىلاردىن خېلى رازى بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. تېخى ھاردۇق سوراپ كىرگەن قوشنىلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە ماختاپمۇ بەردى.

— تېگىدىن چوڭ ئۆتكەن ئادەملەر بولغاچقا، يوقلاقتا ئەۋەتىۋاتقان داستىخانلىرى بىر ـ بىرىدىن ئېسىل. «كۆرگەن كۆرگەننى قىلىدۇ، كۆرمىگەن نېمىنى قىلىدۇ» دېگەن راست گەپ جۇمۇ زادى. ئېسىل ئادەم دېگەننىڭ ھەممە ئىشلىرى مۇشۇنداق ئېسىل بولىدىكەن. يۈز ئاچقۇ كۈنىمۇ داستىخان (قىز تەرەپتىن ناشتىلىققا داستىخان قىلىشنىڭ ئورنىغا ئەكېلىنىدىغان بىر قويىنىڭ پۇلى) پۇلىغا ئىككى مىڭ كوي قويدى.

پەرىدە خېنىم نېمىشقىدۇر شۇنداق گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئاستىلا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ «ئېسىل، پەس» دېگەن سۆزلەرگە

بەكلا سەزگۈر ئىدى.

ھاردۇق سوراپ كىرگەن قوشنا ئاياللار سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ گەپلىرىگە ئۇلاپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي، سۇلتاننىسىپ خېنىم، سىلىمۇ پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى ئەزىزلىگەندەك ئىززىتىنى قىلىلا كېلىن خېنىمنىڭ. نەدە تويىنىڭ ئەتىسى بىلەزۈك بېرىدىغان ئىش بار؟ ...

— شەمشىدىن ھاجىمدەك بالىنى كۈيۈ ئوغۇل قىلىۋالغاندىكىن ئۈنچىلىك قىلمامتى، سۇلتاننىسىپ خېنىم؟! قانچىلىك قىلسا ئەرزىيدۇ، سىلەرنىڭ ئائىلىنىڭمۇ قانچىلىك ئىززەت قىلسا كۆتۈرگۈچىلىكى بار ...

ئاياللار تويىنىڭ، چايىنىڭ، قىز كۆرەكىنىڭ، مېھىر ھەققىنىڭ، ئالتۇنىنىڭ، ئەرلىرىنىڭ، ئۆزلىرىگە يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ قېلىۋاتقان كىچىك خوتۇنلارنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

پەرىدە خېنىم تاماققا تۇتۇنىۋىدى، گۈلزىنىنەت:

— مەن نېمە ئىش قىلىمەن، پەرىدە خېنىم ئاچا؟ — دېدى يەڭگىسىگە قاراپ.

بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ ئۆيدىكى تاماققا قول تىققىشى ئىدى. ئىككى - ئۈچ كۈنىنىڭياقى «مەن قىلاي» دېسىمۇ پەرىدە خېنىم ئۇنىمىغانىدى، بۈگۈن ئۇمۇ تۇزۇت قىلمايلا:

— توخلاتقۇدا ئوتياش بار، سىلى شۇنى ئادالىسىلا، مەن خېمىر يۇغۇرۇپ، پىلتە قىلاي، — دېدى پەرتۇقنى تارتقاچ.

پەرىدە خېنىم داسقا ئۇن بېسىپ، سۇپىدا ئولتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلىدى. خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان قورسىقى ھەر قېتىم خېمىرغا ئېڭىشكەندە داسقا تاقىشىۋالاتتى. ھېچ قولىشالماي خېمىرنى بىردەم ئۆرە تۇرۇپ، بىردەم ئولتۇرۇپ يۇغۇرۇشقا باشلىدى.

— خېمىرنى مەن يۇغۇرايمۇ؟ — دېدى گۈلزىنىنەت ئۇنىڭ داسقا تاقىشىپ قېلىۋاتقان قورسىقىغا قاراپ.

— يىغىلاۋاتامسىز، ئۇكام؟ بۇ خېلى جىق ئۇن. لەڭمەننىڭ خېمىرىنى يۇغۇرماق تەس، خېمىر بىرقانداق بولۇپ قېلىپ ئاش ئوخشىماي قالسا، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ.

پەرىدە خېنىم ئاشنىڭ ئوخشىماي قېلىپ قېيىنئانىسىنىڭ تاپا - تەنە قىلىشىغا باھانە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— يۇغۇرالايمەن، ئۆيدىمۇ بەزىدە ئاشقا خېمىرنى مەن يۇغۇراتتىم.

گۈلزىنەت خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولغۇچە پەرىدە خېنىم ئوتياشلارنى ئادالاپ، يۇيۇپ قازان بېشىغا ئاپىرىپ بولدى.

پايىنىڭ يېنىدىكى مېھمانخانىدا ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ پاراڭلىرى ئاشخانىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— راست شۇنداق قىلدىمۇ! تۇۋا ...

— ۋاي راست، قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئاچقۇچنى پەتنۇسقا سېلىپ تۇتۇپ بەردى.

قارىقۇمچاق، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چوكان قايسىدۇر بىر تويدا كۆرگەنلىرىنى بۇ يەردە ھېكايە قىلىۋاتاتتى.

— باي كىشىلەر ئوخشايدۇ، شۇنچىۋالا ئۆزىنى كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا، — دېدى بىلگىنۇرنىڭ ئانىسى ئۇلۇغىنىسا خېنىم.

— باشلىق، باشلىق! پۇلى جىق بولغاندىكىن شۇنداق چوڭچىلىق قىلىشىدۇ.

— «بار ئوخشار، يوق قاقشار» دېگەن شۇ! ئۇلار شۇنداق يوغانچىلىق قىلغان بىلەن، ئەتراپىمىزدا ئەتىلىككە نېمە يەيدىغىنىنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر تالاي تۇرسا، — غۇنچىدەك لەۋلىرىنى زادىلا مىدىرلاتماي ئولتۇرغان سۈزۈك خېنىم گېپىنى دەپ بولۇپلا يەنە ئاۋۋالقى سۈكۈتلۈك ھالىتىگە قايتتى.

— ئەمدى بۇ ئىش رەسمىي قائىدىگە ئايلىنىپ قالمىسا

بولاتتىغۇ ! ھېلىمۇ قائىدە ـ رەسىمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇۋە دېگۈچىلىكىمىز قالمىدى. ئۆي دېگەن ئاز پۇلغا ئالغىلى بولىدىغان نەرسە بولمىسا...

— شۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئاينۇر خېنىم، قىزنىڭ ئىززىتى. قىلسا ئۆزىنىڭ قىزىغا قىلىدۇ. مۆرىتىدە ئۆز بالىسىغا قىلمىسا تاپقىنىنى گۆرىگە ئەكەتكىلى بولاتتىمۇ؟ — قولىنى قولىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلىدى ئاق پۇسمىلاق چوكان، — بوپتۇ، قۇدرىتى يەتكەندىكىن ھاياتلىقىدا قىلىۋالسۇن.

— ماقۇل، بارلارغۇ شۇنداق «ئىززەت» قىلىشار، ھەممە ئادەم ئۇلاردەك باشلىق ياكى باي سودىگەرلەردىن بولمىسا، يېتىشەلمەيدىغانلار قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى مۇنەۋۋەر خېنىم، — ئۆي ئالغۇدەك پۇل تاپقۇچە بالىلىرى ئاق چاچ، ئاق ساقال بولۇپ كەتسۇنمۇ؟ قىزىنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇسى، كۆپرەك پۇل ـ مال بەرگۈسى بولسا داغۋازلىق قىلىپ، چوڭ سورۇندا باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرمەي ئاچقۇچنى قۇدىلىرىغىلا بەرسە بولمىدىمۇ، ياكى بولمىسا تويدىن ئاۋۋاللا شۇ ئۆينى جابدۇسا بولىدىغۇ؟ نېمە دەپ خەققە دامدام قىلىدۇ ؟!

— ۋاي، ھازىر تويلاردا ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، ئاكامنۇ قىزىنى چىقارغان، خان ئاچام يۈزمىڭ كويلۇق ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت ئالدى مەنزۇرئاي خېنىمغا ! — ئالتۇن ئاسقىلى بولىدىغانلىكى يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن ئېسىۋالغان، ھەتتا شارپىسىنىڭ قىسقۇچىنىمۇ ئالتۇندىن ياسىتىپ، كىشى كۆرمەي قالمىسۇن دېگەندەك شارپىسىنىڭ سىرتىدىن قىسىۋالغان گۈلھەسەل خېنىم قاشلىرىنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇپ ئاكىسىنىڭ قىزىنىڭ تويىدىكى ئالتۇنلارنى بۇ يەردە كۆرەك قىلىۋالدى.

— يۈز ئاچقۇ كۇنى بوغچا ئاچقاندا خان ئاچام بىر باشتىن قويغانىدى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. قۇدىلار قىلغىلى قىلىق تاپالماي ۋاي دېسە، ۋاي دەپ كەتتى ... جىق ـ

جىق بەرسە ھەممە ئادەم خۇش بولىدىكەن. تويمۇ شۇنداق چىرايلىق ئاخىرلاشتى.

سۇزۇك خېنىمنىڭ غۇنچە لەۋلىرى يەنە مىدىرلىدى:

— ئۇ خېنىمغا شۇ ئالتۇنلارنى سالغىلى نېسىپ قىلسۇن. كۈندە ئالتۇن تاقىمىساقمۇ كۈنىمىز ئۆتىۋېرىدۇ، لېكىن ھەر كۈنى ئاش ـ نان يەپ ياشىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، شۈكۈر قىلايلى، كۆرگەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى. خۇدايىم بىزلەرگە ئىنسابلىقراق قۇدىلارنى بېرەر. لايىقىدا ئىش قىلارمىز. تېخى تۇنۇگۈن قازىنىمىزدىكى داتنى قىرىپ، ئەمدى ئەت ئېلىۋاتىمىز، ئۇنچە قىلىپ كەتكۇدەك ھالدا ئەمەس ...

خېنىملار پىيالىلەرنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك قۇيۇلغان قىزىل چاينى لەۋلىرىگە ئارىلاپ تەگكۈزۈپ قويۇپ پارىڭنى داۋاملاشتۇرۇشتى.

— ئاچاممۇ قىزىنى چىقارغان. قۇدىسى: «قىزىمىزنى چىرايلىق جابدۇپ چىقىرىپ بەرسىلە، مەن رازى. بىزلەرگە بىرنەرسە ئالىمەن دەپ كايىمىسىلا» دەپتىكەن. توي تۇرسا دەپ ئاچامنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي، يەنە سوۋغا ـ سالام تەييارلاپتۇ. قۇدا خېنىم يەنە سوۋغات تەييارلىغىنىمىزنى ئاڭلاپ: «ئەگەر بىز دېگەنگە ئۇنىماي يەنە سوۋغا ـ سالام بەرسەڭلار، بۇ توينى قىلمايمىز» دەپتۇ، ئاچام ھېچ بولمىسا كۈيئو ئوغلۇمغا بولسىمۇ بىر قۇر كىيىم ئالاي دېسە، قۇدىلىرى خاپا بولۇپ تاس قالدى توي بۇزۇلۇپ كەتكىلى. ئاشۇنداق ئۆزىنى سورايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. تويمۇ بەك چىرايلىق تۈگىدى. ھەممە ئادەم «ئەجەب ئوبدان قىپتۇ، ئېسىل ئىش قىپتۇ» دەپ ماختاپ كەتتى. بىزمۇ خۇش بولدۇق.

— ئاغزىدا ماختاپ قويغان بىلەن ئۆزىگە نۆۋەت كەلسە كۆزىنى يۇمۇۋالىدىكەن خەق دېگەن...

— قەدرىيە خېنىم يولدىشىنى ئېلىپ تەزىمگە كەلگەندە، ئاچام داستىخان يۆگەپ بېرىپتىكەن، — قاشلىرىنى يىمىرىپ

گېپىنى داۋاملاشتۇردى سۇزۇك خېنىم، — قۇدا خېنىم شۇنداق رەنجىپ كېتىپتۇمىش: «ھازىر قايسى زامان؟ مۇشۇ زاماندىمۇ زەللە كۆتۈرۈپ يۈرەملا، يا سىلىنىڭ ئۆيدىكىلەر بىزنى يەيدىغان نەرسىسى يوق نامرات كۆرۈپ قاپتۇمۇ؟ ئىككىنچىلەپ زەللە كۆتۈرۈپ بوسۇغىدىن ئاتلىمىسىلا» دەپتۇمىش. شۇنىڭدىن كېيىن قەدرىيە خېنىم ئازنىغا كەلسىمۇ، كېلىپ مۇڭدىشىپ، ئازنىسىنى تۈگىتىپ كېتىدۇ، زەللىنىڭ غېمىنى قىلمايمىز.

— ۋاي سۇزۇك خېنىم، نەدە بار ئىكەن شۇنداق ياخشى ئادەملەر؟ مەن بىر ئىزدەپ - سوراپ قۇدا بولۇۋالاي. قىزىمغا تويلۇق ئالمىسىمۇ بېرىمەن جۇمۇ، شۇنداق ياخشى ئادەملەرگە.

— ۋاي، ھەئە دېسىلە! گەپ ئۇ، — دېدى گۈلھەسەل خېنىم، ئۇ قوللىرىنى شىلتىغاندا بېغىشىدىكى قوش بىلەزۈكلەر جىرىڭلاپ كەتتى، — بەرسە ئالمايدىغان كىم بار؟ ساراڭلا بولمىسا تەييار زەللىنى ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ شەيتانغىمۇ «يەمسەن دېسە، بەرسە» دەپتىكەن ...

— ئىشىنەملا، ئىشەنمەملا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى. تېخى ھېيتتا تاللاپ يۈرۈپ ئاتايىن بىرمۇنچە گېزەكلەرنى ئېلىپ، ساڭزا سېلىپ، نان ياقتۇرۇپ، مېۋىلەردىن يەشىكلەپ بىر ھارۋىدا ئەۋەتسەك ئۇنىمۇ قايتۇرۇۋېتىپتۇ. «بىز ھېيت ئۆتكۈزەلمىگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالمىدۇق. بىزگە ھېيت بولسا سىلەرگىمۇ ھېيت، ئۆزۈڭلار ئىشلىتىڭلار، ھېيتنىڭ تەييارلىقىنى بىز ئۆزىمىز قىلالايمىز. ئەگەر بەك بەرگۈڭلار بولسا ئېھتىياجلىقلارغا بېرىڭلار» دەپ، گېزەكلەرنى بىر تال ئۆيان - بۇيان قىلماي قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

— مانا، مانا، رەسمىي ساراڭ ئىكەن. بىر ھارۋا كەلگۈدەك گېزەك دېگەن نەچچە مىڭ كويغا كېلىدۇ، شۇنىمۇ ئالمىغان بولسا كاللىسىنىڭ دەردى بار ئىكەن.

— ياق، كاللىسى تازا ئىشلەيدىكەن. غۇرۇرى بار، ئېسىل

ئايال ئىكەن. ئەسلىدە ھەممىمىز شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.
— كىملەر بىلەن قۇدا بولىدۇڭلار؟ بېرىپ كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. ئېغىزىدا دەپ قويىدىغانلارغۇ كۆپ، لېكىن بۇلاردەك ئەمەلىيىتىدە قىلالايدىغان ئېسىل كىشىلەر ئاز جۇمۇ.
— دېمىسىمۇ ھېيتتا قۇدىلارغا گېزەك ئېلىپ ئەۋەتىدىغان ئىشىمىز بەك ئېبشىپ كەتكەن! مۇشۇنداق رەت قىلىدىغانلار كۆپەيسە ئاستا - ئاستا بۇ ئىشلارمۇ تۈگەپ كېتەر.
— كېلىنلىرىگە ئانىلىرى گېزەك ئەۋەتمىدى ياكى ئەۋەتكەن گېزىكى ئاددىي ئىكەن، دەپ گېزەك ئالدۇرىدىغان، تولۇقلاتقۇزىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. يەنە ھازىر ئاڭلىغىنىمىزدەك قاملاشمىغان قائىدىلەرنى ئۆزى باشلامچى بولۇپ يوقىتىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. جەمئىيەت دېگەندە ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن.
— توي دېگەن ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدىغان بولغاندىكىن قانچە ھەشەمەتلىك بولسا شۇنچە ياخشى. بۇرۇن ئاڭلىغان «قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلدى» دېگەنلەرمۇ شۇ بىزدەك ئادەملەر بولغىيتتى.
— ۋاي خېنىم، ئاغزىلىرىغا تاش! بىز دورىمىغان ھېكايە - چۆچەك قالدىمۇ ئەمدى؟ خۇدايىم ساقلا.
— بالىلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويمىسا تېخى، ئۆي ئالسا ئۆينى بېزىمىسە تېخى، بېزەپ بولسا ئۆي سەرەمجانلىرىنى، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئالمىسا تېخى. شۇڭا، بەزى ئىشلارنى سەل ئاددىيلاشتۇرۇپ، شۇ پۇلنى بالىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتسىمۇ ھېساب.
— راست، ئالغان زەللە بىرنېمىگە يارىمىسا يا. شۇ پۇللارنى ئاشۇنداق پىلانلاپ ئىشلەتسىمۇ بولغۇدەك.
— شۇنداق قىلىۋاتقانلارمۇ بارىمىش. توي دېگەننى خەققە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىلمىغاندىكىن لايىقىدا قىلغان ياخشى ئىدى.

پەردە خېنىم پەتنۇسقا سېلىنغان چىنىلەردە مېھمانلارغا لەڭمەن ئەكىردى. ئوتياشلىرى ئەسلىي رەڭگىدە قورۇلغان، چۆپى تەكشى ھەم ئىنچىكە سوزۇلغان لەڭمەن تازا ئوخشىغانىدى.

گەپمۇ شۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالدى.

باياتىن بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمىگەن ئاياللار ئېلىشىسىلا ـ بېقىشىسىلا دېيىشىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

ئون بەش كۈنلۈك قىلىدىغان رەسمىيەت قىسقارتىلدى. يېڭى كېلىننى يوقلايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا ئۆي كۆرسىتىشكە چاقىرىپ باغاق كېلىشكە باشلىدى.

«ئۆي كۆرسىتىش» بۇرۇن قۇدىلار ئارا يېڭى قۇدىسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆيىمىزنى بىلمەي قالمىسۇن دەپ يۈز كۆرۈشۈپ تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلىدىغان مېھماندارچىلىق ئىدى. ئەمدى ئۇمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قىلىنىۋاتاتتى.



## ئون ئۈچىنچى باب

# كەتمەن بازىرىدا

مەينىگار خېنىم زۇلخۇمار خېنىمنىڭ كەتمەن بازىرىدىكى ئۆيىگە بىلگىنۇر بىلەن بىللە باردى. ئەسلىدە سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى ھەم كېلىنلەرنىمۇ قوشۇپ چاقىرغانىدى، سۇلتانىنىسىپ خېنىم: «تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مېھمانلار كېلىپ قالارمىكىن» دەپ كېلىنلەر بىلەن ئۆيدە قالدى.

ئۇلار ئارقا ئوردا كوچىسى بىلەن چىقىپ، چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ قوناق بازىرى بىلەن ماڭدى. ياغ بازىرى بىلەن قوناق بازىرى بۇرۇنقى ھالىتىدىن كۆپ ئۆزگەرمىگەنىدى. دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى خالتىلاردا كۆممىقوناق، ئاق قوناق، زىغىر، زاغۇن، قىچا، ماش، پۇرچاق، زاراڭزا، ئارپا، تېرىقلار بار ئىدى. بىرنەچچە پاختەك ئاغزى ئوچۇق خالتىلارغا قونۇۋېلىپ بەخىرامان دانلاۋاتاتتى، ئادەملەرگە كۆنۈكۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلار خېلىلا يېقىنلاپ كەلگەندىمۇ ئۈركۈپ كەتمەي دانلاۋەردى.

ئارىيادىكى ئۆزگەرتىپ سېلىنغان ئۆيلەر كوچىغا باشقىچە ھۆسن قوشقانىدى، بالكون شەكىللىك كىچىك دېرىزىلەرگە گۈللەر يامىشىپ كەتكەنىدى. ئۆگزە بىلەن دېرىزە پەشتىقىدا توپ ـ توپ كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى كاكىل بىلەن لاي رەڭگىدە سۇۋالغان، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا پىششىق خىشتىن قىرىپ ياسالغان نەقىشلەر ئۇستىلىق بىلەن بېسىلغانىدى. نەقىشلىق يوغان دەرۋازىلار ھەم يېپىقلىق

تۇراتتى. تاملارغا ئورنىتىلغان قەدىمىي شەكىلدىكى كوچا چىراغلىرى كوچىلارنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسەتتەتتى. چوڭ كوچىغا قارايدىغان ھەربىر ئۆينىڭ دەرۋازىسى يېنىغا سېلىنغان دۇكانلارنىڭ بەزىلىرى ناۋايخانا، بەزىلىرى كىچىك ئاشخانا قىلىنغانىدى، بەزىلىرىدە لىغىرداق، بەزىلىرىدە سەكسەنخالتىچىلارنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى، بەزىلىرىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىلاتتى. چوڭراق دۇكانلار تاللا بازىرى قىلىنغانىدى.

ئۇلار كوچىنىڭ ئايىغىغا يېتىپ كەلدى، كوچىدىكى بەزى ئۆيلەر چېقىلغان ھالەتتە ، بەزىلىرى چالا پۈتكەن پېتى تاشلاپ قويۇلغان، يەنە بەزىلىرى پۈتۈپ ئۆي ئىگىلىرى كۆچۈپ كىرىپ بولغانىدى. كوچىلارنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە دۆۋىلەكلىك پىششىق خىشلار، قۇم، سېمونت، تۆمۈر ـ تەرسەك، ياغاچ ـ تاشلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. پۈتكەن ئۆيلەرنىڭ سىرتى قارامتۇل رەڭدە سۇۋالغاچقا، ئۆيلەرنىڭ يېڭىلانغانلىقىنى ئاسانلىقچە بىلگىلى بولمايتتى.

— نېمىشقا بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا پۈتكۈزۈپ ئۆتكۈزۈپ بەرمەي چالا تاشلاپ قويغاندۇ؟ — بىلگىنۇرغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى مەيىنگار خېنىم، — چېقىپ شۇ پېتى تاشلاپ قويغانلىرىمۇ بار ئىكەن... پۈتكەنلىرىمۇ تۇرىدۇ.

— بىر تۇتاش چېقىپ ئۆزگەرتىدىغان ئۆيلەرنىڭ تېمىنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن قوپۇرۇپ بېرىدۇ، قالغان ئىشلىرىنى ئۆي ئىگىلىرى ئۆزلىرى قىلىدۇ، شۇڭا بەزىلەرنىڭ يېرىم يولدا پۇلى تۈگەپ كېتىپ توختىتىپ قويىدۇ، بەزىلىرى ئىشلەيدىغان ئۇستا تاپالماي توختىتىپ قويىدۇ، بەزىلىرى خام ماتېرىيال تاپالماي، يەنە بەزىلىرى چېقىشتىن ئاۋۋال نەچچە ئەۋلاد بىر قورۇدا تۇرغاچقا، ئۆيى چېقىلغاندىن كېيىن ئايرىم ئۆي ئورنى ئالىمىز دەپ ئۆي ئورنىنى بۆلۈشۈپ بولالماي تاشلاپ قويارىمىش... لېكىن ھەممىسى ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن قەرەلدە پۈتكۈزۈپ

كۆچۈپ كىرىدۇ. دادام ئۆتكەندە، بىر يېقىن تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆي ئورنى تالىشىش دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىپ كېلىشتۈرۈپ قويىمەن دەپ كۆپ كۆچىگەن.

— دادىلىرى ئۇلارنى كېلىشتۈرەلىدىمۇ؟

— دادام ئۆي ئورنى كىچىك، ئادەم كۆپ بولغاچقا كېلىشتۈرمەكمۇ تەس دەيدۇ.

— ئايىمنىسا خېنىم ئاچىمىز قانداق بولۇپ كەتكەندۇر - ھە؟ — دېدى مەيىنگار خېنىم نورىېشىلىق ئايىمنىسا خېنىمنى ئەسلەپ، — ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە يەنە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى.

ئۇلار قاراقىدەرۋازىسىغا كەلدى. تۆت كوچىنىڭ كېسىشىدىغان يېرىدە قاتناش بېسىق بولۇپ، پىيادىلەر، توكسىكلىت مىنىۋالغانلار، ماشىنىلار كۆپ ئىدى. قاراقىدەرۋازىسى بىلەن ئارىيانىڭ بىرلەشكەن دوقمۇشىدا تۆمۈرچىنىڭ مىس ھەيكىلى سۈس سېرىق رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلار قاراقىدەرۋازىسىدىن ئۇدۇل پەسلەپ كەتمەن بازىرىغا چۈشتى.

كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يېڭىدىن ياسالغان ئېگىز تۆمۈر تاختىنىڭ ئۈستىدە قارامتۇل مىس بازغاننىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. شۇ يەردىن ئۆتسىلا كەتمەن بازىرى باشلىناتتى. بازغاننىڭ يېنىغا ئورنىتىپ قويۇلغان تاختىغا كەتمەن بازىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى يېزىلغانىدى. بۇ كوچىدا بۇرۇن پەقەت كەتمەنلا ياسىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن كەتمەن بازىرى دەپ ئاتالغانىكەن. ھازىر ئات - ئېشەكلەرنىڭ تاقىسى، كاۋاپ زىخى، ئىشكلەرنىڭ زەنجىر - ھالقىلىرىدىن تارتىپ تىراكتورنىڭ تۆمۈر سوقىلىرىغىچە... ئىشقىلىپ تۆمۈردىن ياسىغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كوچىدىن تېپىلاتتى. شۇڭا، ھازىر ئىسمى تۆمۈرچى كوچىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. كۆنۈپ قالغانلار يەنىلا كەتمەن بازىرى دەپ ئاتىشاتتى.

مەينىگار خېنىم بىر دۇكاننىڭ ئىشىك بېشىغا، ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتىغا ئېسىلغان، ئىشىك ئالدىغا تىزىلغان كەتمەن، كەكە، لاخشىگىر، مېتىن، كاۋاپ زىخىدىن تارتىپ ھەرخىل، ھەر ياڭزا چوڭ ـ كىچىك تۆمۈر ئەسۋابلارغا قىزىقىپ قالغانىدى.

— بۇ سايماننىڭ ئىسمى مېتىن، — دېدى تۆمۈرچى ئۇستام ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرگە قىزىقىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — تاش چېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ گىرەچە ئىشىك بىلەن يان ياغاچنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىسكاپ ئۆي ياسىغاندا تۇۋرۇك بىلەن خانى مۇقىم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بولسا قالاق، پىشىق خىشلىق تام ئېتىدىغان تامچى ئۇستىلار سېمونت سۇۋاقنى مۇشۇنىڭدا قىلىدۇ. ئەندۇۋا تامچىلارنىڭ سۇۋاق قورالى، سەندەل تۆمۈرچىنىڭ ئەڭ مۇھىم سايمىنى، ساپان دېھقاننىڭ، شۇشاڭ پادىچىنىڭ، قاغىتۇمشۇق بىلەن رەندە ياغاچچىنىڭ ...

تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ قىزىقچىلىق ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان گېپىگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

تۆمۈرچى چىرايى قارامتۇل، بۇرنىنىڭ ئۇستىنى قوتۇر ئامۇتتەك ئۇششاق قارا مۇدۇر ـ چوقۇر قاپلىغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى. چىرايىغا قاراپ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى.

— بىرەر يەردىن ساياھەت قىلىپ كېلىشتىلىمۇ، قىزلىرىم؟ — سورىدى ئۇستام ئۇلارغا قاراپ.

— ياق، ئاكا، — دېدى مەينىگار خېنىم، — بىز ئۆستەڭبويىدىكى باھادىرخان ھاجىمنىڭ قىزلىرى. بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئەسۋابلارنى كۆرۈپ قىزىقىپ تۇرۇپ قالدۇق، بۇنداق قول ـ ھۈنەر بۇيۇملىرىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتىكەن.

— ھە، ھە، باھادىرخان ھاجىمنى بىلىمەن. دادىلىرى سالامەت تۇرغاندۇ، قىزىم؟ مىرزا ئابدۇللا تۆمۈرچى سالام ئېيتتى

دەپ قويسىلا. بىز كونا رابىتالاردىن ئىدۇق. كۆندە بەرىكەت قالمىدىمۇ، ئادەم دىلكەشلىرىنىمۇ ئىزدەپ بولالماس بولۇپ كەتتى.

— ئوبدان، سالاملىرىنى يەتكۈزىمەن، — مەينىگار خېنىم ماڭماقچى بولۇۋاتقىنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەنزىلىنى بۇ كىشىدىن سورىدى، — ئوردا ئالدىدا چېكەنچىلىك قىلىدىغان ئەزىمەت قارىمنىڭ ئۆيى قايسىدۇ؟

— كېلىپ قېلىشىپلا مانا، ئۇدۇلىمىزدىكى تار كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئىككىنچى ئۆي شۇ.

ئۇلار زۇلخۇمار خېنىمنىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تاپتى.

ئۆينىڭ ئورنى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن قاراشقا خېلىلا ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. مەنزەر ئۆيمۇ خېلىلا چوڭ، دېرىزىلەرمۇ ئالاھىدە، ئىشىكلەر بىلەن تۈۋرۈكلەر قەدىمىي نەققاشچىلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان، تولىمۇ نەپىس، ئېسىل ئىدى. ھويلىدا يالتىراقتا ئوراپ قويۇلغان تەشتەكلىك ئەنجۈرلەر، گۈللەر بار ئىدى. ئۆي ھەم ھويلىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئۆي ئىگىسىنىڭ چېۋەر - چاققانلىقى، پاكىزلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىپ، تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەزىمەت قارىم مەينىگار خېنىمغا ناھايىتى سىپايە ھەم قىزغىن سالام قىلىپ، ئەھۋال سوراپ بولۇپلا چىقىپ كەتتى .

ئەرلەر ئايال قېرىنداشلىرىدىن باشقا مېھمان ئاياللارغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىشنى ئەخلاقسىزلىق ھېسابلايدىغان بولغاچقا، ئاياللارنى ئاياللار كۈتەتتى.

بۆگۈنكى داستىخاندا مېۋە - چىۋىلەر گېزەكلەردىن بەكرەك ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانىدى. ئېغىزغا سالسىلا ئېرىپ كەتكۈدەك پىشقان يارما شاپتۇللار، ئاق سايۋا، قىزىل مۇناقى ئۈزۈملەر، پەيزىۋاتنىڭ كۆكچى قوغۇنلىرى، بەشكېرەمنىڭ ئانارلىرى، قاغىلىقنىڭ قىزغۇچ سۇزۇك ئالمىلىرى، نەلەردىدۇر ساقلانغان،

لېكىن هازىرلا شېخىدىن ئالغانىدەك تۇرغان گۆشلۈك قوقان گىلاسلار... قارىغانلا ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. زۇلخۇمار خېنىم تەييار قىلىپ قويغان تاماقلار تارتىلدى.

تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن زۇلخۇمار خېنىم خىرۇستال چەينەككە زەپە، ناۋات سېلىپ دەملىگەندىن كېيىن پۇراقلىق شامغا ئوت يېقىپ ئۆزىمۇ داستىخانغا كېلىپ ئۆلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

خاڭدەن يېكەندازلارنىڭ ئۇستىدە ماموق ياستۇقلارغا تاشلىنىپ ئولتۇرغان مەينىگار خېنىم بىلەن بىلگىنۇر چەينەكنىڭ تېگىدە تىۋىشسىز كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— تاماقلار تىلىڭلارغا تېتىدىمىكىن؟ كەينى ـ كەينىدىن زورلىماي دەپ كېيىنكى تاماقنى سەل كەينىگە سۇردۇم. بىر دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى، — دېدى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغان زۇلخۇمار خېنىم.

— قوللىرى بەك تەملىك ئىكەن جۇمۇ! تاماقلار شۇنداق ئوخشاپتۇ. لېكىن، يەنە تاماق قىلىدىغان گەپنى قىلمىسىلا. مېۋىلەرنىمۇ كۆپ يەۋالدۇق، يەنە تاماق يېسەك سىڭمەيدۇ. سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق. زۇلخۇمار خېنىم، سىلىگە بەك مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ، نېمىدېگەن بەختلىك سىلى، — دېدى مەينىگار خېنىم ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، — خاتىرجەم هەم گۈزەل تۇرمۇشلىرى بار ئىكەن، كۆز تەگمىسۇن. ئۆيىنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ياسىۋاپسىلەر، بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇپتۇ ، چوڭلارمۇ يېنىڭلاردا ئىكەن...

زۇلخۇمار خېنىم مەينىگار خېنىمنىڭ گېپىگە چىرايلىق تەبەسسۇم قىلدى.

— هەر هالدا ياخشى، شۈكۈر دەيمەن. ئەل قاتارى ياشاپ كېتىپ بارىمىز، — ئۇ شۇنداق دەپ چەينەكتىكى چاينى پىيالىلەرگە قۇيۇپ پەتنۇس بىلەن مېهمانلارغا سۇندى، — شۇ

ياخشى كۈنلەرنىڭ ئىچىدە، كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان، لېكىن يۈرەكتىنمۇ چىقمايدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولۇپ قالىدىكەن تۇرمۇش دېگەندە، — دېدى تۆۋەن ئاۋازدا.

— شۇنداقمۇ؟ قارىسام زادى ئۇنداق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.

— تەلەيسىزمەن دېسەم يامان بولىدۇ، — دېدى ئۇ چاي سۇنغان پەتنۇسنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، — ئەزىمەت قارىم ياخشى ئادەم، كىشىگە ئازارى يوق. شۇ كەمگىچە بىرەر قېتىم دىلىمنى چىگىپ باققان يېرىنى ئەسلىيەلمەيمەن. جاھان بۇزۇلۇپ كەتتىمۇ ياكى بەزى ئەرلەر بۇزۇلۇپ كەتتىمۇ، ئەتراپىمىزدىلا خوتۇنلىرىنىڭ ئۇستىگە خوتۇن ئېلىۋالغان، ئاشنا تۇتۇۋالغان، هاراق ئىچىپ كوچىدىن كىرەلمەيدىغان، قىمار ئويناپ قەرزگە بوغۇلغان، هورۇنلۇقىدىن خوتۇنلىرىنىڭ دوپپا تىككەن پۇلىغا ياكى كۈنلۈك ئىشلەپ تاپىدىغان پۇلىغا بىر ئۆينى قارىتىپ قويۇپ ئولتۇرىدىغان بەزى ئەرلەرگە قاراپ، خۇداغا مىڭ قېتىم شۈكۈر دەيمەن. لېكىنزە هاممامنىڭ قېيىنئانىلىقى سەل قاتتىق چىقىپ قالدى. شۇ ئىش تۇرمۇشىمىزنى بىر مەزگىل ئېگىز - پەس قىلدى. هەرقانچە دەرد تارتقان بىلەنمۇ ئەر كىشىگە ئانىلىرى مۇنداق قىلدى دېگىلى بولمايدىكەن. ئەمما قېيىنئانام مېنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىمنى بىرنى ئون قىلىپ ئەزىمەت قارىمغا دەپ تۇراتتى. ئەر كىشى دېگەن ئايالىنى مەيلى قانچىلىك ياخشى كۆرسۇن، ئانىسى بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىنى ئاسانلىقچە ياخشى قىلىپ بولالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپمۇ ئارتۇق گەپ قىلالمايمەن، نېمىلا بولسا ئانامنىڭ ئاچىسى ئەمەسمۇ. قېيىنئانامنىڭ ئالدىدا گەپ قىلساممۇ خاتا، جىم تۇرساممۇ خاتا... تۇنجى بالامغا يېڭى قورساق كۆتۈرگەن كۈنلىرىمدە بۇ ئازابلارغا چىداپ بولالماي بولدىلا دەۋەتكىلى تاس قالغانىدىم. قېيىنئانام بار يەردە ئەزىمەت قارىمغا قارىساممۇ تىللايدۇ، هەپتىدە بىرەر قېتىم چېچىمنى يۇيۇپ قالسامۇ تىللايدۇ، يېنىدا تۇرساممۇ تىللايدۇ، نېرى كەتسەممۇ تىللايدۇ.

ھەتتا ئۆي ئىشىدىن بىكار بولالمىغاندا، قېيىنئانامدىن قورقۇپ بالىنىڭ يېنىغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بارالماي، بالا بۆشۈكتە يېتىۋېرىپ، كاللىسى سەل ئېغىرراق چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ دەردلەرنى دەپ بولالمايمەن جۇمۇ. تېخى نەچچە يىل بولدى ئۆي ئايرىپ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئازراق ئارام تاپتۇق. ئۆيلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن قايتا ياسىۋالدۇق، بۇرۇنقى ئۆي ئورنى كىچىك بولغاچقا، لايىھەلىگۈچى تەكلىپ قىلىساق ئوبدانلا لايىھەلەپتۇ، خېلى كۆپ ئۆي چۈشتى، ھازىر تۇرمۇشىمىز ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئۆتىۋاتىدۇ ...

— ۋييەي، قېيىنئانىلىرى چوڭ ھامىلىرىغۇ؟ ئانىنىڭ ئاچىسى دېگەن ئانا بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ يەنە قانداق قېيىنئانىلىقى قاتتىق بولىدۇ؟ بۇرۇن بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىغۇ چوڭ ئاپاللاردىن بۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلايتتۇق. ئەجەبا ھازىرمۇ شۇنداقمىدۇ؟ — دېدى مەينىگار خېنىم ھەيران بولۇپ.

— شۇ، شۇ، ئانامنىڭ چوڭ ئاچىسى. لېكىن «ھاممىنىڭ قېيىنئانىلىقى قاتتىق بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ راست ئوخشايدۇ دەپمۇ قالدىم. دادام ئەھۋالىمنى كۆرۈپ چىداپ بولالماي «ئاجرىشىپ كەتسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئانام ئاچىسى بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدا تولا سىقىلىپ سىل كېسىلى بولۇپ قالدى. يىغلاپ ـ قاقشاپ ھەر ھالدا مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتۇق. تۇرمۇش دېگەندە ھەممە نەرسە تەل بولۇپ كەتمەيدىكەن، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. قېيىنئانام يۇرتىمىزنى مۇجۇپ جاھاندىن تويغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، يەنە ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئانامنىڭ باغرى، ھاممام، ئەزىمەت قارىنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ. يەنە نەچچە يىل ياشاپ بەرسە باللىرىنىڭ تويىنى كۆرىدۇ. توي ـ تۆكۈن دېگەندىمۇ تۆردە ئولتۇرۇپ بەرگۇدەك چوڭلار بولمىسا بولمايدىكەن. ئاق روماللىق ئانىلىرىمىز تۆردە ئولتۇرۇپ بەرسە

يۈرىكىمىز توق تۇرىدىكەن، تويغىمۇ يارىشىدىكەن.
ئۇ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ ئىچىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— مېنىڭچە بەخت دېگەن سىلىدەك ئېسىل قىزلارغا يارىشىدىغان ئوخشايدۇ. كىچىك ۋاقتىمىزدىمۇ گەپلىرى ئاز، چوڭ سۆپەت، ئېسىل ئىدىلە. ھەر قېتىم دەرد تارتسام سىلىنى ئويلاپ، «ئۇمۇ قېيىنئانىسىنىڭ دەردىنى تارتقانمىدۇ؟ ئېرى قانداقراق ئادەمدۇ؟ بەختى كېلىپ خاتىرجەم ياشاۋاتامدىغاندۇ ياكى مەندەك ھايات قىيناقلىرىدا قىسىلىپ يۈرەمدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزىمەن.
زۇلخۇمار خېنىم ئۇچىسىغا يارىشىملىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ئۇ تولغان بەدىنىنى سەلگىنە ئېگىپ چاي شىرەسىگە جەينىكىنى قويدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈزى سۈس قىزىرىپ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قالغانىدى.
چاينىڭ تېگىدىكى ئوت تىۋىشسىز يېلىنجاپ كۆيۈۋاتاتتى.
مەينىگار خېنىم كۈلۈمسىرەپ قويۇپ تېۋى چىققان چاينى قولىغا ئېلىپ:
— بەخت بايلىق بولىدىغان بولسا مەن بەختلىك. بەخت گۈزەل، چوڭ شەھەرلەردە ياشاش بولسا مەن بەختلىك. بەخت بىر ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش بولسا مەن بەختلىك، — دېدى.
ئۇ قايرىۋېتىلگەن دۇخاۋا پەردىلەر ياپالماي قالغان دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كۆزلىرىنى سىرتقا تىكىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
— يولدىشىم كارخانىچى، بىر قىزىم، بىر ئوغلۇم بار. ئۆيۈمدە تاماق ئېتىدىغان، ئۆي تازىلايدىغان، باغچىغا قارايدىغانغىمۇ ئايرىم خىزمەتچىلەر بار. لېكىن مەن يەنىلا ئۆزۈمنى بەختلىكمەن دەپ ئويلاپ باقماپتىمەن. ئۇ تۇرمۇش، ئۇ بايلىقلار، ئۇ گۈزەللىكلەر، ئۇ يەردىكى ھېچ نەرسە ماڭا تەۋە ئەمەستەكلا، باشقا بىرسىنىڭ بولۇپ، مەن ۋاقىتلىق پايدىلىنىپ

تۇرۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ. دۇنيادا خۇددى مەن يالغۇزلا ياشاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. تويغا بارسام تويدا غېرىبسىنىمەن، ئۇ تويلار مەن كۆرگەن تويلارغا ئوخشىمايدۇ. زىياپەتلەرگە بارسام يۈزلەپ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپمۇ، دۇنيادا مەنلا يالغۇز قالغاندەك زېرىكىپ كېتىمەن. باشقا مېھمانلار قىزغىنلىق بىلەن ئائىلىسىنىڭ، بالىلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ پارىڭىنى سېلىشقاندا، مەن ئۇلارغا قاراپ كۇلۇپلا ئولتۇرىمەن. بىلىمەن، مەنچىلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى ئارزۇلايدىغان ئاياللار تالاي. لېكىن روھتىكى ئېچىرقاشنى، يۈرەكتىكى سېغىنىشنى، ئەسلىمىدىكى خاتىرىلەرنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدىكەن. سىلەر مېنى بەختلىك دەپ قارىساڭلارمۇ ياكى بەختسىز ئىكەن دەپ قارىساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ، مەن مۇشۇنداق ھەممە نەرسەم تەل بولسىمۇ ھېچ نەرسەم يوقتەك ياشاشتىن قۇتۇلالمايۋاتقان ئايال، — ئۇنىڭ كۆزلىرى نامەلۇم نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى، ئاۋازى تولىمۇ لەرزان، يېقىملىق ئاڭلىناتتى، — مەن تۈركىيەدە غېرىبسىنىپ، ئاقىۋەتتە ئىنىلىرىمنى تۈركىيەگە ئاچىققان. ئۇلار يېنىمدا بولسا يۇرتنىڭ گېپىنى قىلىشىپ زېرىكمەيمىز. مەيلى نېمە ئىش قىلاي، ئۇلار يېنىمدا بولسا كۆڭلۈم توق تۇرىدۇ. مەن ئۇلار ئارقىلىق غېرىبلىقىمنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇدۇم، ھېچ بولمىسا يېنىكلەتتىم، — مەيىنىگار خېنىم تېۋۈى چىققان چايدىن ئوتلاپ قويۇپ، ئىچىگە يىغىلىپ قالغان سۆزلىرىنى تۇنجى قېتىم بۇ يەردە تۆكتى.

— سىلەر ئۆزۈڭلارچە خوتەنگە يا ئۈرۈمچىگە بارساڭلارمۇ «بىز مۇساپىر» دەۋالىدىكەنسىلەر، مۇساپىرلىق ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. ئۇمۇ ئۆز تۇپرىقىمىز، ئۆز ۋەتىنىمىز ئەمەسمۇ! غۇلجا بولسا نېمە بولدى؟ ئاقسۇ بولسا نېمە بولدى؟ خوتەن بولسا نېمە بولدى؟ ھەممىسى تارىمنىڭ ئالتۇن سۈيىدە كۆكەرگەن يېشىل زېمىن تۇرسا! ئادەمنىڭ تاپىنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئايرىلغان ھامان مەيلى سەن زەردار باي بول، مەيلى بىر نانغا زار گاداي

بول، سىڭىلىم سېغىنىدىغىنىم، ئىزدەيدىغىنىم يەقەتلا ۋەتەن، ۋەتەننىڭ دەقىقىلىك ئەنبەر ھاۋاسى، تۇتىيا تۇپرىقى بولىدىكەن، — مەينىگار خېنىم ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ يۇرىكى تېپچەكلەپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى بىردەم توختىتىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىرقى كۆڭلىرىم بۇرۇنقىدىن ياخشى، ۋەتەندىن چىققان ئوقۇغۇچى قىزلار بار. ئۇلارنىڭ ۋاقتى چىقسىلا چاقىرىپ كېلىپ بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىمىز، بىللە تاماق ئېتىپ يەيمىز، بىللە بازار ئارىلايمىز، دېڭىز بويىغا بېرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىمىز. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشسام ئۆزۈمنى خۇددى يۇرتتا تۇرغاندەك سېزىمەن.

— «قەشقەردىكى يەر شارى» دېگەن داستاننى ئوقۇغانمىدىلە، مەينىگار خېنىم ئاچا؟ — سورىدى پاراڭغا قولاق سېلىپ ئولتۇرغان بىلگىنۇر.

— ئوقۇغان. ۋەتەن سىرتىدا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقانلاردىن ئۇ داستاننى ئوقۇپ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ يىغلىمىغانلار يوق دېيەرلىكمىكىن دەيمەن. ئادىل تۇنىياز ئەپەندىم ئۇ داستاننى يازغاندا تېخى يۇرت سىرتىغا چىقىپ مۇساپىر بولۇپ باقمىغانىكەن، كېيىن چەت ئەلدە ئوقۇپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. مۇساپىرلىقنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن يازغان بولسا، يەنە قانداقراق تۇيغۇدا يازار بولغىيتتى دەپ ئويلايمەن. ھازىر چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلار، تىجارەت قىلىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. ساياھەتكە چىقىۋاتقانلارمۇ كۆپ. ئوقۇپ بىلىم ئالسا، سودا قىلىپ باي بولسا نېمىدېگەن ياخشى. ساياھەت ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. كۆزى ئېچىلىدۇ، ئىلغار ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، پۇل تاپىدۇ، يول تاپىدۇ . تۈركىيە بەك چىرايلىق دۆلەت. لېكىن، مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنى تۈركىيەلىك ساناپ باقمىدىم. مەن ئۆزۈمنى تۈركىيەلىك دەۋالسامۇ بەرىبىر تۈرك ئالدىدا مەن يەنىلا يەرگە قاراشقا مەجبۇر بولىمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ۋەتىنىم ئەمەس.

«ۋەتەنسىز قۇشلار، پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.»
ئۇ شىئىرنىڭ بىر مىسراسىنىلا ئوقۇپ داۋامىنى ئوقۇمىدى.

زۇلخۇمار خېنىممۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئەسلەپ، خىيالىنىڭ ئەڭ يارقىن بېتىدە ساقلاپ يۈرگەن دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا: «بىر نەۋرە تۇغقىنىم تۈركىيەدە» دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن بۇ دوستىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى تىترىدى.

«راست ئېيتىدۇ، ئون نەچچە يېشىدا يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ هازىرغا قەدەر هېچقانداق دەرد تارتمىدى دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ تويى بولۇپ، تۈركىيەگە كەتكەندە قىزلار بەك هەۋەس قىلغانىدۇق. ئۇنىڭ تەلەيلىكلىكىگە هەسەت قىلغانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ هەممە نەرسىسىنى — تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنى ئاشۇ يىراق يۇرتقا تېگىشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىز ئويلاپ باقمىغانىكەنمىز» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى زۇلخۇمار خېنىم.

— مەينىگار خېنىم، سىلىنىڭچۇ «دۆلەت ئاغرىقى» دېسەك توغرا بولىدۇ، — زۇلخۇمار خېنىم دوستىغا چاقچاق قىلدى، — سىلى يەنىلا هەممىمىزدىن بەختلىك. سىلىنىڭ سېغىنىشلىرىمۇ، غېرىبسىنىشلىرىمۇ بىر بەخت. پەقەت شۇ «ياتسام يېنىم ئاغرىيدۇ، قارىسام كۆزۈم» دېگەندەك، دۆلەت ئېغىر كېلىۋاتقان گەپ.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— سىلىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە لايىق دەردلىرى بار ئىكەن، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن ئاياللاردىن بەختلىك ئىكەنلا، چۈنكى ئەزىمەت قارىم كىچىك ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ سىلىگە كۆيەتتى، كۆيۈنەتتى. ئايال كىشى ئۆزىنى سۆيىدىغان ئەرگە تېگەلىسە، شۇ

ئەڭ چوڭ بەختى بولىدۇ. مەيلى ئۇ ئەر باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، پەقەت ئايالىنى سۆيىدىغان يۈرىكى بولسىلا بۇ ئائىلە بەختلىك بولىدۇ. قېيىنئانىلىق قىلىش ھەممە يەردە بار ئىش، ئەمما دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بىزدەك قېيىنئانىنىڭ دەردىنى تارتىدىغان كېلىنلەر يوقمىكىن دەپ ئويلايمەن. تۈركىيەدە ئاياللار قائىدە ـ يوسۇن ئۈچۈن مۇنداق كۆپ ۋاقىت ھەم ئىقتىسادنى ئىسراپ قىلمايدۇ. ياشاش ئۈچۈن ھەممە ئادەم قولاي ھەم راھەت تەرەپنى ئاۋۋال ئويلىشىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان ئىشى پاكىزلىق. ئۇلار ھەتتا ئۆيىدىن تاماقنىڭ پۇرىقى كېلىپ قالسىمۇ بىئارام بولىدۇ. شۇڭا، بىزدەك ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىمەن دەيدىغان گەپلەرمۇ كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

مەينىگار خېنىم ھەقىقەتەن زۇلخۇمار خېنىمنىڭ تۇرمۇشىدىن سۆيۈنۈپ قالغانىدى.

— مەن گېپىڭلارنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدىم جۇمۇ، قېيىنئانا راستىلا شۇنداق قورقۇنچلۇق بولامدۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ پارىڭىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىلگىنۇر.

— بىلگىنۇر خېنىم، ھەممە قېيىنئانىلار ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرى شۇنداق چىقىپ قالىدۇ. سىلىگە ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئانىلىرىدەك باغرىنى ئاچىدىغان قېيىنئانا ئۇچرار، ئىلاھىم، — دېدى زۇلخۇمار خېنىم.

— ئادەملەردە ئادىمىيلىك، ئەقىدە ـ ئېتىقاد سۇسلاپ كەتسە رەھىمسىزلىشىپ كېتىدۇ، — يەنە گەپ باشلىدى مەينىگار خېنىم، — ئانا دېمەك — قېيىنئانا دېمەك، قېيىنئانا دېمەك — ئانا دېمەكتۇر. نېمىشقا بەزى ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا مېھرىبان، كېلىنىگە مېھرسىز بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقا كېلىنىنى كۆرگەن ھامان يۈرەكلىرىدىكى مېھىر بۇلىقى قۇرۇپ ئورنىنى ئۆچمەنلىك، قۇسۇرچىلىق ئىگىلىۋالىدىغاندۇ؟ ئۆزلىرىمۇ ئاۋۋال كېلىن بولۇپ ئاندىن ئانا بولغان تۇرسا! قىزلىرىنىمۇ

باشقىلارغا كېلىنلىككە بېرىدۇ، مېنىڭ قىزلىرىممۇ مۇشۇنداق كۈنلەرنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئويلىمامدىغاندۇ؟

— «ئىككى ئايالنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پەقەتلا بىر ئەر بولغانلىقى ئۈچۈن» دېگەنىدى بىر دوستۇم، بەلكىم بۇ گەپ راستتۇر. ئانىلار يۈرەك پارىسىنىڭ ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر ئايالغىمۇ ئۆزىدەك شۇنداق يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىشكە تاقەت قىلالمايدىغاندۇ ياكى كېلىنلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تولۇق ئىگىلىۋېلىپ ئۆزلىرىگە قاراتماي قويۇشىدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ. مەن قېيىنئانىلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆپ ئەر - خوتۇنلارنى كۆردۈم، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى يېتىم قالدى... بىر - بىرىگە ئوتتەك كۆڭلى بار تۇرۇپ چوڭلارنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئامالسىز ئايرىلىپ كەتكەنلەرمۇ بار، — زۇلخۇمار خېنىمنىڭ سۈزۈك يۈزى سۇس قىزىرىپ قالغانىدى، — قارىسام، مەيلى يېقىن دوستلار، مەيلى شىرەم تۇغقانلار بولسۇن، قۇدىلاشقاندىن كېيىنلا بىر - بىرىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان، بىر - بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. بۇرۇنقى يېقىنچىلىقلىرىنى، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى، دوستلۇقىنى «قۇدا» دېگەن بىر ئېغىز سۆز يەپ كېتىدىكەن. «قۇدا بولغاندىكىن مۇنداق قىلىشى كېرەك، قۇدا بولغاندىكىن ئۇنداق قىلىشى كېرەك» دەپ كۆڭۈل ئاغرىتىشقا ئاران تۇرىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

— مۈمكىنمۇ؟ قانداق ئوغۇل ئۆز ئانىسىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويالايدۇ؟ ئانا دېگەن ئانا، ئايال دېگەن ئايالغۇ؟ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئورنى بار، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇنداق ئويلاش پەقەت نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— بىر ئىشنى دەپ بەرسەم ھەيران قالىسىلەر، ئاچامنىڭ قوشنىسى ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن زەللە ئالماي كەلگەن كېلىنىنى «بىزنى كۆزگە ئىلماي، ئازىنغا بارغان قىزىنى قۇرۇق قول يولغا

سىلىپ قويۇپتۇ» دەپ ئۆيگە كىرگۈزمەپتۇ. ئۇ كۈنى كېلىنىنىڭ ئېرى ئۆيدە يوق ئىكەن. شۇڭا، سوغۇقتا ئىشىك ئالدىدا تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپتۇ، ئەتىسى مەسچىتكە ماڭغانلار كۆرۈپ يېنىغا بارسا هوشسىز ئىكەن. قېيىنئانىسىغا خەۋەر قىپتىكەن، ئۇلار دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارسا ئاز كۈن يېتىپلا ساقايماي ئۆلۈپ كەتتى. بۇ تېخى بۇلتۇرلا بولغان ئىش.

— توۋا... بىر ئادەمنىڭ هاياتى بىر قاچا تاماق ئۈچۈن ئاخىرلاشتى دېگەن گەپمۇ بۇ؟ خۇدايىم بەندىلىرىگە ئىنساب بەرسۇن!

زۇلخۇمار خېنىم مېهمانلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنى ياقىلاپ سېلىنغان يېكەندازغا تاشلاقلىق ماۋۇق ياستۇققا ئۆزىنى تاشلاپ تامغا يۆلەندى.

— هەيران قالمىسىلا، بۇنداق ئىشلار مېنىڭ بېشىمغىمۇ تولا كەلگەن، گەرچە ئۆلۈپ قالمىغان بولساممۇ ئەكەلگەن زەللىلىرىم قېيىنئانامغا پەقەت يارىمايتتى. ئاچچىق گەپ، تۇرۇلگەن قاپاق، سىلكىشلەش، دوق قىلىشلار ... ئۇھ، هېلىمۇ ئۆلۈپ قالمىدىم جۇمۇ. بەزىدە ئەينەكتىن ئۆزۈمنى كۆرۈپ «ئەجەبمۇ قېلىن ئىكەنمەن، شۇنچە تارتقۇلۇقلارنى تارتىپ يەنە شۇنداق چىرايلىق تۇرغىنىمنى» دەپ قالىمەن. ئىشقىلىپ ئادەم دېگەن كۆپ ئازابلارغا چىداپ كېتىدىكەن.

— هېلىقى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەرز قىلماپتۇمۇ؟ — مەينىگار خېنىم زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك بىلگىنۇرغا قارىدى.

— ئەرز قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم، ئاچاممۇ ئۇ هەقتە باشقا گەپ قىلمىدى.

— ئىشىك ئالدىدا توڭلاپ ئولتۇرغۇچە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسىچۇ - هە؟

— ئېرىنى كېلىپ قالار دەپ ساقلىدىمىكىن ياكى «ئۆيگە كېتىپ ئاتا - ئانامنى تەڭلىككە سالماي» دېدىمىكىن ۋە ياكى

«ئولتۇرۇۋەرسەم قېيىنئانام ئىچى ئاغرىپ ئۆيگە كىرگۈزىدۇ» دېدىمىكىن، ئىشقىلىپ ئۇ قىز يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمەي ئۆلۈپ كەتتى.

— نېمانچە نادانلىق بۇ؟ ئەسلىدە بۇنداق قائىدىلەر ئەمەلدىن قېلىشى كېرەكقۇ! ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى تۇرمۇشى خېلىلا ھاللانغان دەۋردىمۇ مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرەمدۇ؟ پەقەت ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم ... ئىسىت! بىچارە قىز ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىزلارنى ئوقۇتماسلىقتا باغلاپ تەھلىل قىلىمەن. قىزلارنى چوقۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە ئوقۇتۇش كېرەك. «بىر ئوغلۇڭنى ئوقۇتساڭ بىر بالىنى ئوقۇتقان بولىسەن، بىر قىزىڭنى ئوقۇتساڭ بىر مىللەتنى، بىر قوۋمنى ئوقۇتقان بولىسەن» دەيدىغان بىر جۈملىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بۇ گەپ بەكمۇ توغرا ئېيتىلغان، بىر قىز ئوقۇپ ئالىي بىلىمگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ تەربىيەلىگەن بالىلىرى ياخشى تەربىيە تاپىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئەر بەختلىك بولىدۇ. ئوقۇغان، ئۆز ئالدىغا كىرىم مەنبەسى بار قىزلار ئۆزىنى قانداق قوغداشنى بىلىدۇ. بۇنداق ئۆتكەللەردىنمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

مەينىگار خېنىمنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قوشۇمىسى مىژژىدە تۈرۈلدى.

بىلگىنۇر ئۆلۈپ كەتكەن قىزنىڭ ئىشىنى دەپ كەيپىياتنى بۇزۇپ قويغىنىغا ئۆكۈنگەندەك شۈكلەپ قالدى.

زۇلخۇمار خېنىم ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— خان ئېشىنىڭ سۇيىنى پىشۇرۇپ قويغان، سېلىپلا كىرەي، بىرەر پىيالىدىن ئىچىپ بېقىڭلار، — دېدى.

شۇ تاپتا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى تاماق تارتمايتتى.

— بولدى، ئاشنى سالمىسىلا، كەچتە بالىلارغا سېلىپ بەرسىلە. بىز ماڭايلى، كەلگەندىن بېرى ھېچكىم بىلەن بۇنچىلىك ئېچىلىپ مۇڭدىشىپ باقمىغان، بۈگۈن كۆپ

مۇڭدىشىۋالدۇق. بىر كۈنى ۋاقىت چىقارسىلا سىرتتا بىرەر چايخانىدا مۇڭدىشايلى، ئۆيدە سىلى تولا مالال بولۇپ كېتىدىكەنلا ... مەن چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— بىردەم ئولتۇرۇپ بېرىڭلار، ئاشنى ھايال بولمايلا ئەكىرىمەن، — زۇلخۇمار خېنىم شامالدەك يېنىكلا بىر ھەرىكەت بىلەن ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

مەينىگار خېنىممۇ، بىلگىنۇرمۇ چارچىغان، كېيىنكى پاراڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويغانىدى. ھېلىقى قىزنىڭ ئۆلۈمى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. مۇشۇ زامانىدىمۇ بىر قاچا تاماق ئۈچۈن بىر قىز ئۆلۈپ كەتتى دېسە كىمنىڭ ئىچى ئېچىشمايدۇ؟! ھەر كىم ھەر كويدا ياشايدىغان جاھان ـ دە بۇ!

ئۇلار زۇلخۇمار خېنىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىققاندا، كۈن پېتىپ كۆز باغلىنىپ قالغاچقا، مەينىگار خېنىم بىلگىنۇرنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.



# ئون تۆتىنچى باب

## قايتىش

مەيىنگار خېنىمدىن هاردۇق سوراپ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىۋالغىلى كىرگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى.

مەيىنگار خېنىم بىر - ئىككى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارغاندىن كېيىن، مېھمانغا چاقىرغانلارنى كېسىپلا رەت قىلدى.

— بولدى، ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دېدى ئۇ، — تويدا يۈز كۆرۈشكەندىكىن يەنە چاقىرىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇلارنى ئاۋارە قىلمايلى، ئۆزىمىزمۇ چارچاپ ھالىمىز قالمايدىكەن، ئانا.

كەچكىچە يەپ - ئىچىشىدىغان بۇنداق سورۇنلاردىن ئۇنىڭ رايى قايتىپ كەتكەنىدى.

— بالام، سىلى كىچىك ئادەم ئەمەس، ئاۋۇ تۇركىيەدىن كەللە، نېمانداق قىلىلا؟ بۇمۇ سىلىنىڭ ئىززەتلىرى! «بارمايمەن» دەپلا گەپنى كېسىۋەتسىلە ئۇرۇق - تۇغقانلار رەنجىپ قالامدۇ؟ «يۈزىمىزنى قىلمىدى، بىزنى كۆزگە ئىلمىدى» دەپ قالامدۇ؟ — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم مەيىنگار خېنىمنى قايىل قىلماقچى بولۇپ، — يۈرتتىن چىقىپ كەتتىم دەپلا، قائىدە - يوسۇنلىرىمىزدىن چىقىپ كەتسىلە بولماس؟ مەيلى قەيەرگە كەتسىلىمۇ سىلى يەنىلا بىزنىڭ قىزىمىز. بىز قىلغاننى قىلىپ ياشايلا، چىرىغىمىزنى يېقىپ، ئىزىمىزنى باسىلا.

— ئانا، بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى يېمەك - ئىچمەك بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مېھىر - مۇھەببىتى ئەلۋەتتە قەلبىمدە بار. بىلىمەن، مەن مەيلى دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولاي، سىلەرنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. مەن دېگەن باھادىرخان ھاجىمنىڭ قىزى، ئابدۇشۇكۇر ھاجىمنىڭ نەۋرىسى، ئارۇپ سەرراپنىڭ ئەۋرىسى، ئالاۋۇدۇن باينىڭ چەۋرىسى. ئەگەر ئىزدەپ تاپالىسام ئۇلاردىنمۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ نام - نەسەبى، تىرىكچىلىك يولى، ئىش - ئوقەتلىرىنى خاتىرە قىلىپ يېزىپ چىقىمەن، مېنىڭ قەدىمىم مەيلى دۇنيانىڭ قەيەرلىرىگىچە يەتسۇن، يىلتىزىم مۇشۇ قەشقەردە، مۇشۇ ئۆستەڭبويىنىڭ سىرلىق، سېھىرلىك كوچىلىرىدا. سىلىدىن كۆرۈپ، ئاڭلاپ، ھېس قىلىپ ئۆگەنلىرىم ئىزلىرىنى بېسىپ ياشىشىمغا يېتىدۇ. مەندىن باشقىچە ئەندىشىلەردە بولمىغايلا ...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم كەم سۆز، دائىم خىيالغا غەرق بولۇپ يۈرىدىغان، نەدە ئەسكى ئۆي، كونا مەھەللە بولسا ئارىلاپ يۈرىدىغان قىزىنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇنداق ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتكىنىدىن ھەيران قالدى.

— ئانا، مېنى ئەمدى مېھماندارچىلىققا بارسىلا دېمىسىلە. بارغانلىكى ئۆيدە ئەتىگەندىن تا كەچ كىرگۈچە تاماق يەيدىكەنمىز، يېمىسەك يۈزىمىزنى قىلمىدى دەپ رەنجىيدىكەن. كۈن ئاتلاتماي ھەر كۈنى مېھماندارچىلىقتىلا يۈرسەك مەن قانداق بەرداشلىق بېرىپ بولالايمەن؟ سىلەر بەرداشلىق بەرگەن بىلەن مەن چىدىيالمىدىم، ھەقىقەتەن ئاچلىقتىن توقلۇق يامان ئىكەن. ھەر كۈنى ئوخشاش مېھماندارچىلىق، ئوخشاش تاماق، توق قورساققا يەنە زورلاپ تاماق يېيىش... مەن چارچاپ بىئارام بولىدىكەنمەن. ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، سىلى بولسىلىمۇ مېنى چۈشىنىپ، مېھماندارچىلىققا زورلىمىسىلا. ئەگەر سىلى بەكلا خىجىلچىلىقتا قالغان بولسىلا مەن قايتىپ كېتەي، مېنى

«قايتىپ كەتتى» دەپلا قۇتۇلسىلا. ھازىر تاماقلارنى يېيىش ئەمەس، ئويلىسامۇ غىققىدە بولۇپ قالىمەن. ئارتۇق يېيىلگەن بىر لوقما تائاممۇ نۆۋىتىدە ئادەمگە زەھەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر مېنى خۇش بولسۇن دېسىلە، ئۆز ئەركىمگە قويسىلا، كۆرگۈم كەلگەن يەرلەرنى كۆرەي، بارغۇم كەلگەن كوچىلارغا باراي، يولدا كۆزۈم چۈشكەن مېۋىلەردىن، لىغىرداق، ھېسىپلاردىن، پەشمەت، ياڭاق ھالۋىسىدىن، ئالما - ئانار، ئۈزۈملەردىن، گۈلە - قاق، چىلان، جىگدىلەردىن... كۆڭلۈم تارتقانلىرىنى ئېلىپ يەپ باقاي، خالىمىغانلىرىمغا زورلىمىسىلا.

مەينىگار خېنىم شۇنىڭدىن كېيىن تاش چىشلەپ بىر تۇرۇۋالغانچە مېھماندارچىلىقتا بىرىشقا قايتا ماقۇللۇق بەرمىدى.

ئۇنىڭ «قايتىپ كېتىمەن» دېگەن سۆزىدىن كېيىن سۇلتانىنىسىپ خېنىممۇ يەنە مېھماندارچىلىقتا بېرىشقا زورلىمىدى، چاقىرىپ كەلگەنلەرنىمۇ بىرنېمىلەرنى دەپ يولغا سالدى.

مەينىگار خېنىم ھېلىقى ئىككى مومايىنى پات - پات ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقۇسى كېلەتتى. ھەنىپخان ئىسىملىك تاشمىلىقلىق مومايىنى ئەمدى كۆرۈشتىن ئۈمىد يوق. چۈنكى، مەينىگار خېنىم تاشمىلىققا بېرىپ باقمىغان، قانداق بېرىشنىمۇ بىلمەيدۇ، مومايمۇ ئۇ يۇرتنىڭ خېلى يىراق ئىكەنلىكىنى دېگەنىدى. ئايىمنىسا خېنىمنىڭ ئۆيى قانداق بولدىكىن؟ ئاشۇ كوچىدىكى كۆزلىگەن يېرىدىن ئۆيلۈك يەر ئالالىدىمىكىن؟ ئۇ بىلگىنۇرنى ئېلىپ يەنە بىر قېتىم مومايىنى يوقلاپ كېلىشنى نىيەت قىلىپ ئۆيدىن چىقتى.

بىلگىنۇر ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئۈنسىز كېتىپ باراتتى، چىرايىمۇ ناخۇش، بۇرۇنقىدىنمۇ پەرىشان كۆرۈنەتتى. مەينىگار خېنىمغا ئۇ بۇ ئۆمرىدە كۈلۈپ باقمىغاندەك ياكى بۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كۈلەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى.

بىلگىنىۆر ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك قىز ئىدى. گۆشلۈك لەۋلىرى ئۆنى ئېغىر ـ بېسىق كۆرسەتسە، چوڭ كۆزلىرى سەل خىيالچان تۇيغۇ بېرەتتى. بۇگۈن بۇ ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ ئوچۇق گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

— ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى قاچان چىقىدۇ، ئۇكام؟ — دەپ سورىدى مەينىگار خېنىم.

— چىقىپ بولدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان بىرنەچچە ئادەمدىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — مېنى يەكەنگە تەڭشەپتۇ. مەن ئىمتىھان بەرگەن مەكتەپكە بىرىنچى بولغان بىر قىز ئورۇنلىشىپتۇ.

— ئىمتىھاننى ياخشى بەردىم دېگەنىدىڭىزغۇ؟ نېمىشقا يىراققا كېتىپ قالغانلا؟ ئۆيدىكىلەر نېمە دەيدۇ؟

— ئىمتىھاننى دائىم ياخشى بېرىمەن، نەتىجەممۇ ياخشى چىقىدۇ، لېكىن كۆپ قېتىم يۈز تۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم. يۈز تۇرانە ئىمتىھاندا ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان، قاياققا بۇرىسا بولىدىغان سوئاللار سورىلىدىكەن. ئۇلار خالىسا ئۆتىدىكەنمىز، خالىمىسا ئۆتەلمەيدىكەنمىز. بىر تونۇشىمىز دادامدىن: «قىزلىرىنىڭ خىزمىتىنى شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن، ئىمتىھان بەرگەندە ماڭا خەۋەر قىلسىلا» دەپ ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل ئاپتىكەن. ئىككى يىلدىن بېرى شۇ تونۇشىمىزنىڭ خىزمەت تېپىپ بېرىشىنى ساقلىدۇق. ئىمتىھان دېسىلا بېرىمەن، «بۇ قېتىم ھەل بولىدۇ» دەيدۇ، يەنە بىرەر باھانە چىقىدۇ، ھەل بولمايدۇ. مۇشۇنداق داۋاملىشىپ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. دادام، «ھازىرچە يەكەنگە بېرىپ تۇرسىلا، ھېلىقى ئادەم ، بارغاچ تۇرسا بىر يىلغا قالماي يۆتكەپ ئەكېلىمىز، ئىشتات ئىگىلەش مۇھىم، دېدى» دەيدۇ. يىراققا كېتىپ قايتىپ كېلەلمىگەنلەر كۆپ، مېنىڭمۇ يىراققا كەتكۈم يوق ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم يەكەنگە بېرىشنى ئۆزۈم تەلەپ قىلدىم.

ئۇنىڭ يەرگە تىكىلگەن چوڭ كۆزلىرىدە نائىلاجلىقنىڭ

شولىلىرى لەيلەيتتى، تولغان قىزغۇچ لەۋلىرى ئاجىز تىترەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بىپەرۋا كۆرسىتىشكە تىرىشقاندەك يىراقلارغا قاراپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، مەيىنگار خېنىم ئۇنىڭ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىدە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئازاب بارلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قىزنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىنى چۈشەندى ھەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىمۇ يېرىم بولدى.

«كاشكى مۇشۇ قىزغا ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلسە قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشمۇ بولىدىكەن، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشمۇ بولىدىكەن. مەن نېمە قىلىپ بېرەلەرمەن؟» ئۇ خىيالىدىن قايتىپ بىلگىنۇرغا:

— ئەگەر يەكەنگە بارغۇلىرى بولمىسا بارمىسىلا، ئۇكام. ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىلىش مەغلۇپ بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ئۆمۈر كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ياشاپ ئۆتۈپ كېتىلا. يەكەنگە بارمىسىلا، بۇ شەھەردە سىلى قىلغۇدەك ئىش چىقماسمۇ؟ ئۆز ئالدىلىرىغا بىرەر ئىش قىلسىلا دېمەكچىمەن. ئاشۇ خەققە بەرگەن پۇل بىلەن بىرەر ئىشنى باشلىغان بولسىلىمۇ ئىككى يىلدىن بېرى بىرەر كەسىپنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالار ئىدىلە.

— بىرەر ئىشنى بىر باشقا ئاچىقىشقىغۇ كۆزۈم يېتىدۇ، لېكىن دادام قوشۇلمايدۇ. ھۆكۈمەت خىزمىتى ئىشەنچلىك ھەم مۇقىم دەپ قارايدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانىدىكىن چوقۇم ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ئىشلىشىم كېرەك ئىكەن.

— ئەسلىدە ئۆز ئالدىغا بىرەر يول تېپىپ ئىگىلىك تىكلەشمۇ ياخشى ئىش ئىدى. نۇرغۇن ياشلىرىمىز ئاسان ئىش، ئاسان يول، ئاسان ياشاش ئۇسۇلى ئىزدەپ يۈرۈپ قىيىن كېچىككە كىرىپ قالىدىكەن. مۇھەممەتئېلى ئاكام نېمىشقا خەققە پۇل بېرىدۇ؟ ئاۋۋال سىلى ئۆزلىرى سىناپ بېقىشلىرى كېرەك ئىدىغۇ؟ پەقەت ئامال تېپىلمىغاندا ئاندىن باشقىچە يول

ئىزدىسىمۇ ئۇلگۈرەر ئىدى؟

— شۇنداق، لېكىن كۆپ ئادەمنىڭ كاللىسىدا «دۆلەت مەمۇرى» بولۇش ئۇقۇمىلا بار. لېكىن، دۆلەت مەمۇرلۇقىغا ئاز ئادەم قوبۇل قىلىنىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ مەمۇر بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، نورمال ئىشقىمۇ پۇل كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بەزى ئىشلارنى ئۆزىمىز قىيىنلاشتۇرۇۋالىمىز.

— دادىلىرى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاندىكىن سىلى بىرەر پىلان تۈزۈپ، ئۆز پىكىرلىرىنى دەپ باقسىلا قوشۇلۇپ قالارمۇ يا؟

— ھەر قانداق ئادەم باشقىلارغا مەسلىھەت بېرىشتە بەك بىلەرمەن، ئۆز بېشىغا كەلگەندە باشقىچە بولۇپ قالىدىكەن، داداممۇ شۇ. بىرنەچچە قېتىم دەپ باقتىم، قىز بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن چوقۇم ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىپ خاتىرجەم ياشىشىم كېرەكلىكىنى، باشقىچە ئويلارغا بېرىلمەسلىكىمنى دەپ گەپنى ئۈزدى.

— ئۇكام، ئىقامەت ئەۋەتسەم تۈركىيەگە بارامىلا يا؟ — دېدى مەينىگار خېنىم بىلگىنۇرغا، — ئاۋۋال ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە تۈرك تىلىنى ئۆگەنسىلە، تۈركچىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن كېيىن بىرەر ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ ئوقۇسىلا بولىدۇ. تۈركىيەلىكلەر ئوقۇشقا بەك قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، چوقۇم كۆپ نەرسە ئۆگىنىۋالالايلا. ئۇنىڭدىن كېيىن يا شۇ يەردىن بىرەر ئىش چىقار، يا قايتىپ كېلىپ بۇ يەردە بىرەر ئىش قىلالا.

بىلگىنۇرنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەينىگار خېنىم كۆپكۆندۈزدە بىر قىزنىڭ چوڭ كوچىدا يىغلاۋاتقىنىنى باشقىلار كۆرمىسۇن دېگەندەك، ئۇنى يانغا تارتتى ـ دە، سومكىسىدىن قەغەز ئېلىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. بىلگىنۇر بىردەمدىن كېيىن يىغىدىن توختاپ ئۆزىگە كەلدى.

— ئاچا، — دېدى ئۇ تۇنجى قېتىم مەينىگار خېنىمنىڭ

ئىسمىنى قوشماي چاقىرىپ، — مېنىڭمۇ شۇنداق گۈزەل ئارزۇلىرىم بولغان، تۈركىيەگە چىققۇم، شۇ يەردە ئوقۇغۇم، سىلى بىلەن ئاچا - سىڭىل بولۇپ ھازىرقىدەك سىردىشىپ يۈرگۈم بار ئىدى، ئەمدى ئۇنداق قىلالمايمەن. ئەمدى بۇ مەھەللىدىن قانچە يىراققا كېتەلىسەم شۇنچە ياخشى دەيمەن. لېكىن تۈركىيەگە بارغۇم يوق. ھېلىمۇ بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىمەن، ئەمدى داۋاملىق چىداپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

مەينىگار خېنىم ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ يۈزىنى سىلاپ قويدى. يەنە گەپ قىلاي دېسە، قىزنىڭ تۆكۈلۈپ يىغلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلماستىن يولىنى داۋاملاشتۇردى ۋە كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «سىزنىڭ خىياللىرىڭىزنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بالىلىقىڭلاردىكىدەك خۇشال ياشىشىڭلارغا شارائىت يارىتىپ بېرەتتىم. لېكىن، ھازىر مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ بۇ ئىشتا ئىككىلىمىز كېچىكتۇق. شەمشىدىن ھاجىم ئىككىڭلارنىڭ زادى نېمە بولۇشىڭلارنى بىلەلمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ.»

ئۇلار ئىككىلىسى ئۆز خىيالى بىلەن مېڭىپ ھېلىقى ئوتياشچى بوۋاي ئوتياش ساتىدىغان دوقمۇشتىنمۇ ئۆتۈپ، ئايىمنىسا خېنىمنىڭ ئۆيى بار كوچىغا كىردى.

ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. تېخى نەچچە كۈن ئاۋۋاللا قارا يالتىراقتا يۆگەپ قويۇلغان ئۆينىڭ ئۆزى تۇگۇل ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار خۇددى تۇيغۇسىغا ئالدىنىپ بۇ يەرگە خاتا كېلىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى.

قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى گۈركىرەپ يەر ئاستىنى قېزىۋاتاتتى.

— ئايىمنىسا خېنىم ئاچىمىزنىڭ ئۆيى بار مەھەللە مۇشۇ شۇ - ھە، ئۇكام؟ — دەپ سورىدى مەينىگار خېنىم ئىشىنەلمىگەندەك.

— شۇ، — دېدى بىلگىنۇر كەڭ كەتكەن دالادەك سىپسىدام

يېيىلىپ ياتقان تاقىر زېمىنغا قاراپ.
ئۇلار بىر-بىرى بەلگىنى بولسىمۇ تاپماقچىدەك ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. لېكىن، ئۆي تۇگۇل، قارا يالتىراقنىڭ ئالىقانچىلىك پارچىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
— بۇ يەردە نېمە ئىشلار بار ؟
تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋاز ھەر ئىككىسىنى كەينىگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئامانلىق ساقلىغۇچى يىگىت ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.
— ئايمىنىسا خېنىم ئاچامنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيتتۇق.
— بۇ يەردە ئۆي يوق تۇرسا.
— تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا بار ئىدى. قارا يالتىراقتا يۆگەپ قويۇلغان خېلىلا چوڭ، ئايۋان - سارايلىق ئۆي ...
— ھە، قارا يالتىراقتا يۆگەپ قويغان ھېلىقى ئۆيما؟ ئۇ ئۆي چېقىلدى.
— چېقىلدى؟! قاچان؟
— بىرنەچچە كۈن بولدى.
— چېقىشقا ئۆزى قوشۇلدىمۇ؟ مۇشۇ كوچىدىن ئۆيلۈك يەر بېرىپتىمۇ؟
— مەنمۇ بىلمەيمەن، باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، چوڭ ئوغلى ئانىسىنى بىر ئۆلۈم پەتىسىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپلا، ئانىسىنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ چېقىشقا رۇخسەت قىپتۇ. ئۇ ئايال ئەسكى تاملىقتا يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاندىن تاماقمۇ يېمەي، ئۇسسۇزلۇقمۇ ئىچمەي ئولتۇرۇۋېرىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتىكەن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بالنىستتا ياتقۇزۇپتۇ.
مەينىگار خېنىم بىلەن بىلگىنۇر نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئايمىنىسا خېنىمنىڭ مۇشۇ خارابىلىكتە يىغلاپ ئولتۇرغان بىچارە ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ ھەر ئىككىسى ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى ياشلىدى.

«ئوغۇللىرىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى. ئاخىر دېگەندەك ئوغۇللىرى چېقىپتۇ - دە بۇ ئۆينى.» مەينىگار خېنىم تۇزلىنىۋېتىلگەن مەھەللىدە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلىرىنى توپىغا پاتۇرۇپ كېتىپ بېرىپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى.

— ئوغۇللىرى نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ، مەينىگار خېنىم ئاچا؟ بۇ ئۆي چېقىلمىسا ئۇلارغا نېمە زىيان، چېقىلسا نېمە پايدا؟

— دادامدىن سورىسام، «ئوغۇللىرىنىڭمۇ قىينىلىدىغان يەرلىرى بار بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ، — دېدى مەينىگار خېنىم.

ئۇلار ئۆتكەنكى قېتىم كەلگەن ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن قايتىپ چىقتى.

ھېلىقى بوۋاي كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئوتياشلىرىنى يېيىپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلا، تاغا؟ — دېدى مەينىگار خېنىم بوۋايدىن ئايىمىنىسا خېنىم ھەققىدە بىرەر خەۋەر ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىپ.

بوۋاينىڭ كىيىملىرىگە، يۈز - كۆزلىرىگە توپا - توزانلار قونغانىدى، ئۇ بۇنى سەزمىدىمۇ يا سەزسىمۇ قېقىۋەتكۈسى كەلمىدىمۇ ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! خۇداغا شۈكۈر، خانىم قىزىم. ياشاپ يۈردۈم تىمىسقىلاپ، قۇرت - قوڭغۇزنىڭ ئورنىدا ... ئايىمىنىسا خېنىمنى يوقلاپ كېلىشىپلا - دە؟

— ھەئە، لېكىن ئۇ ئۆي چېقىۋېتىلىپتۇغۇ؟

— ئۇنىڭ ئەمەلدار چوڭ ئوغلى خېنىمنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئۆلۈم پەتىسىگە ئاچىقىپ قويۇپ كېلىشىگە، خۇددى دېيىشىپ قويغاندەكلا ئۆينى چاقىدىغانلار كەلدى. بىچارە ئايال كۆڭلى تۇيغاندەك ھايالشىمايلا قايتىپ كېلىپ، چېقىلغان ئۆيگە قاراپ ھازا ئېچىپ، ئۆينىڭ دۆۋىلەكلىك كېسەكلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپ كەتتى ...

بوۋاينىڭ ئاۋازىمۇ يىغلاۋاتقاندەك تىترەپ چىقتى.

— ئۆمرىدە نوچى ئۆتكەن ئايال ئىدى. ھەي، شۇ كۈنى قانتى سۇنغان قۇشتەكلا بولۇپ قالدى. بىر - ئىككى كۈن ئۆينىڭ كېسەكلىرىنى يۆتكىگىلى قويماي، ھېچكىمنىمۇ يېقىن كەلتۈرمەي يۈرگەن، ئاخىر ئاشۇ خارابىدە يىقىلىپ قاپتىكەن، ئوغۇللىرى دوختۇرخانىغا ئەكەتتى.

بوۋاي چېقىلغان ئۆي تەرەپكە كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرى قورۇقلار ئارىسىدا قىسىلىپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلسا ئۇنىڭغا ھازىرقى چېقىلغان مەھەللىدە ئەمەس، بۇرۇنقى ئاۋات، ھويلىلىرىدا ئەنجۈر، ئۈزۈملەر باراقسانلاپ كەتكەن كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرغاندەك تۇيۇلاتتى.

— قايسى دوختۇرخانىغا ئەكەتتى، تاغا؟ بارساق كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟ — بىلگىنۇر بوۋايدىن سورىدى.

مەينىگار خېنىم بۇنداق نەتىجىنى كۆرۈشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى، ئايىمىنىسا خېنىمنىڭ شۇنچە تىركىشىشىنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئۆزى خالىغان جايدىن ئۆيلۈك يەر ئېلىپ، يېڭى ئۆيىدە، خاتىرجەم ياشاپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى.

— كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا بالنىستقا ئالدۇرۇپتىكەن، لېكىن تېخىچە ھوشسىز ياتارمىش، بىچارە...

بوۋاي تۆت قاتلاپ سېلىۋالغان چاققان كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە ئوتياشلىرىغا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— رەھمەت، تاغا، بىز ماڭايلى. كۆپ گەپ سوراپ سىلىنى مالال قىلىپ قويدۇق.

— ئادەمگە گەپ قىلغىلىمۇ ئادەم لازىم، خانىم قىزلىرىم. بەزىدە كۈن - كۈنلەپ ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ. كىشىلەر ھازىر قېرىلارغا گەپ قىلىشنى خالىمايدىكەنتاڭ، سالامىمۇ يوق... توۋا... توۋا...

مەينىگار خېنىم نەچچە قەدەم ماڭار - ماڭمايلا، بوۋاينىڭ

ئاۋازى ئۇنىڭ قەدەملىرىنى توختىتىپ قويدى.

— خېنىمنىڭ ئوغۇللىرى ئەمدى: «نېمە كەتسە مەيلى، مۇشۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، ئانام ئارزۇ قىلغان جايدىن ئۆيلۈك يەر ئېلىپ ئەسلىدىكىگە ئوخشاش ئۆي سېلىپ بېرىمىز» دەپ چېپىپ يۈرەرىمىش...

ئۇلار كەينىگە يېنىپ بوۋاينىڭ يايمىسىغا يېقىنراق كەلدى.

— شۇنداق قىلغىلى بولامدۇ، تاغا؟ بۇ يا يېزا بولمىسا، يەرنى نەدىن ئالىمەن دېسە شۇ يەردىن ئالغىلى بولىدىغان؟ ئۇلارمۇ قىزىق ئىكەن، ئۆينى چاقماي تۇرۇپلا ئىشنى ھەل قىلىپ، ئاندىن ئۆينى چاققان بولسىمۇ ئانىسىغا بۇنچە ئېغىر كەلمەس ئىدى.

— ئۇلار ئۆزلىرىنى ئويلاپ بۇ ئۆينى چېقىپ بەرگەنىمىش. ئەمدى ئانىسى ئاغرىپ ياتقاندىكىن، يەنە شۇ يەردىن يەر ئېلىپ ئۆي سالارىمىش.

بوۋاي يەنە جىمىپ قالدى.

مەينىگار خېنىم بىلەن بىلگىنۇر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدى بىلەن ئايلىنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. مەينىگار خېنىمنىڭمۇ، بىلگىنۇرنىڭمۇ كەيپىياتى تۆۋەن ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىلگىنۇر دوستىدەك سىردىشىپ كۆنۈپ قالغان بۇ پىكىرداش ئاچىسى بىلەن خوشلىشىپ چىقىۋاتقۇچە، ھويلىدا ئۆچرىشىپ قالغان شەمشىدىن ھاجىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ توي فىلىم - سۈرەتچىلىك مەركىزى ئېچىش پىلانى ئۆيدىكىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. كۆڭۈل بەرگەن ئادىمى شەمشىدىن ھاجىم ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ قويۇشنىمۇ خالىمىدى. ئۇ بالىلىقتىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرى بىلەن ياشلىقىدىكى ئاچچىق خاتىرىلىرىنى ئېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە كەتتى.

«ھۆكۈمەت خىزمىتى يىراقتا بولسىمۇ يەنىلا ئىشەنچلىك» دېگەنىدى دادىسى.

مەينىگار خېنىم ئۆنى بىرەر تىجارەتكە سېلىپ قويسىمۇ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. «ئاۋۋال خىزمەت ئورنىغا بارغاچ تۇرسۇن، بىرەر ئىشنىڭ ئېپى چىقسا، مۇھەممەتئېلى ئاكامغا چۈشەندۈرسەك، توغرا تېپىپ قالسا قايتۇرۇپ كېلەر» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

مەينىگار خېنىممۇ شۇ ئىشلار بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئېرىدىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلىپلا ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ تۈركىيەگە قايتىپ كەتتى.

شەمشىدىن ھاجىم قەشقەردە قېلىپ دادىسى بىلەن بۇ تەرەپتىكى دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىدىغان، قۇتبىدىن ھاجىم مەينىگار خېنىم بىلەن تۈركىيەگە بېرىپ ئۇ تەرەپتىكى زاۋۇتلارغا يېڭىدىن ئىشلىتىدىغان كىيىملەرنىڭ لايىھەلىرىنى بېكىتىپ بېرىپ، كېلەر يىللىق ماللارنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، توختامنى يېڭىلايدىغان، ئىسكىلاتتا بار ماللاردىن تاللاپ سېلىپ بېرىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئۇلار كىيىملەرنى خېرىدارلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى، ئىستېمال سەۋىيەسى، كىيىنىش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇپ لايىھەلەتكەچكە ھەمدە سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، باھاسى ئۆرىرەك بولسىمۇ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە جانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

## ئون بەشىنچى باب

# كېلىنلىك كوچىسى

پەردە خېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئېرىگە تارتىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ئېرىگە يىغلاپ، قېيىنئاتا - قېيىنئانىلىرىنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇرۇپ خوشلىشىپ قېلىپ قالدى. تېخى يېڭىلا توي قىلغان شەمشىدىن هاجىمنى «خوتۇنۇڭنى بۇ يەردە قويۇپ، تۈركىيەگە سەن بارغىن» دېگىلى بولمىغاندىكىن ئامال يوق - دە، ئائىلە ئىگىلىكى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

پەردە خېنىمنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقانچە كۆڭلى ئېرىگە تارتىشىپ تۇراتتى. ئېرى يېنىدا بولسا خاتىرجەملىك هېس قىلاتتى، يېنىدىن سەل نېرىغا كەتسىلا كۆزى ئىشىككە تەلمۈرۈپ كېتەتتى. قۇتبىدىن هاجىم كەتكەن كۈنى كەچتە باللىرىنى ئۇخلىتىپ بولۇپ ئۆزى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. تۇرۇپتىكى گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا تىكىلىپ يېتىپ بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئاۋۋال بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان ۋاقىتلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى.

ئەينى چاغدا ئۇ تىككۈچىلىك هۈنىرى ئۆگىنىۋاتقان تىككۈچىلىك دۇكىنى باهادىرخان هاجىم ئاچقان كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا يېقىنلا يەردە ئىدى. بەزىدە ئۇستىسىنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە يىپ، يىڭنە، تۈگمە، سىيرىتما ياكى كىيىملەرگە تۇتىدىغان كىچىك چىلتەكلەرنى ئالغىلى چىققاندا،

ئۇلارنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچە قۇتىيدىن ھاجىمغا ئۇچرىشىپ قالاتتى. كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باھادىرخان ھاجىم ئەۋەتكەن ئەلچى كەلدى.

پەرىدە خېنىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ خۇددى گۇلزىنەت خېنىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاشلا قىزىغا قول ـ ئىلكىدە بار، ياخشى يەردىن لايىق چىققىنىدىن خۇش بولۇشۇپ تېزلا رازىلىق بەردى. ئۇلارمۇ ئىلكىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى، يىغىپ ساقلىغان پۇللىرىنى پەرىدە خېنىمنىڭ تويىغا ئىشلىتىپ ئۇنى قۇتىيدىن ھاجىمغا ياتلىق قىلدى.

تويىنىڭ ئالدىدىكى گېپى چىرايلىق سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئون بەش كۈنلۈك( توي بولۇپ ئون بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە كىشى قىزنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارىدۇ) بولغان كۈنى ئەپت ـ بەشىرىسىنى بىراقلا ئاشكارا قىلىپ، جىيەن قىزىغا قويۇلغان رەختنى پەگاھقا قارىتىپ ئاتتى.

— بۇ نەرسە بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس، ئىگىسىنى تېپىپ قويۇپ قويۇشارلا ! ...

پەرىدە خېنىمنىڭ ئانىسى ئاينۇر خېنىم تۇرۇپلا قالدى. رەختنى پەگاھقا ئېتىش قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدىغان ئېغىر ئىش ئىدى.

ئاينۇر خېنىم گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئىشىكتىن چىقىپلا ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. كىمدۇر بىرسى پەگاھتىكى بالا تېرىغان ئاشۇ «گۇناھكار» رەختنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— خاپا بولمىسىلا، سۇلتانىنىسىپ خېنىم، بىز تۈزىتەيلى، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ... — دېيىشتى تۇغقانلار.

كېيىن ھېلىقى رەخت ئېسىل رەختكە ئالماشتۇرۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، سۇلتانىنىسىپ خېنىم نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى، باشقىلارمۇ رەختكە قول سوزالمىدى.

— رەھمەت، بىز ئۇنداق رەختلەرنى قول سۇرتۇشكىمۇ ئىشلەتمەيمىز. لايىق كېلىدىغانلارغا قويۇپ قويۇشسىلا ...

داستىخان سالغان خېنىم پەتنۇستىكى رەختنى سۇلتاننىسىپ خېنىمغا سۇنۇپ يېرىم ئېگىلىپ تۇردى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى، ئۇ خېنىم پەتنۇس بىلەن رەختنى شۇ ھالىتىدە تۇتۇپ تۇراتتى. ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇراتتى.

ئاخىر ئايىنىگار خېنىم چىداپ بولالماي ئورنىدىن تۇرۇپ رەختنى ئالدى.

— رەھمەت، كايىشىپلا ... كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ ئالىيىشلىرىغىمۇ، «تويماس، ئىززەتنى بىلمەيدىغان» دەپ غوتۇلداشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي جىملا ئولتۇرۇۋالدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ مېھماندارچىلىق كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.

سۇلتاننىسىپ خېنىم كەينىدىن ئۇزىتىپ چىققان قۇدىلارغا قاراپمۇ قويماي، پولاڭشىپ ماڭغىنىچە ئۇزاپ كەتتى. يېڭى كېلىن پەرىدە خېنىمنىمۇ «يۇرسىلە، بالام، ماڭايلى» دېمىدى. قېيىنئانىسىنىڭ كەينىدىن چىققان پەرىدە خېنىم يا قېيىنئانىسىغا ئەگىشىپ مېڭىشنى، يا كەينىگە يېنىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ئاپىرىپ قويايلى، — دېيىشتى تۇغقانلار، — توي دېگەندە كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالىدۇ، پەرىدە خېنىم بۇ ئۆيدە قالسا بولمايدۇ، ئاداۋەت يوغىناپ، ئۆي بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن.

— شۇنداق قىلايلى، ئاسان قىلمىدۇق بۇ توينى، ئەسلى — ۋەسلىمىز چىقىپ بولدى، ئېغىرلىق قىلايلى.

قوشنىلارمۇ، تۇغقانلارمۇ شۇنداق دېيىشتى.

ھاممىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن پەرىدە خېنىم تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە دۇچ كەلدى. سۇلتاننىسىپ خېنىم چالا قالغان گەپ — سۆزلەرنى پەرىدە خېنىمنى ئەكېلىپ قويغان ھاممىسىغا يۆكلەپ

قويدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى كۈندە مىڭ قېتىم پۇچۇلاندى. چۈنكى، شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئىسمى «پەسلەر»گە ئايلىنىپ كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «ئۇ پەسلەر نېمىنى بىلەتتى؟ ئۇ پەسلەرگە بۇمۇ ئارتۇق» دەپ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق دەۋىرەتتى.

قۇتبىدىن هاجىمنى «كۆزىگە ئىشتان كىيىۋالغان، ئېشەك تېزىكى ئاي كۆرۈنۈپ كېتىپ بىزنى دوم تاشلىدى...» دەپ ئەيىبلەيتتى.

پەرىدە خېنىم ئازنىغا بارغان كۈنلىرىدە ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن زەللىگە سۇلتانىنىسىپ خېنىم قاراپمۇ قويمايتتى هەم قولىدىن داستىخانىمۇ ئالمايتتى.

تۇنجى ئوغلىغا قورساق كۆتۈرگەن ۋاقتىدىمۇ سۇلتانىنىسىپ خېنىم: «ۋاي ئانام، بىردەمدە ئۇندۇرۇپ تەييار قىلىپ بوپتۇ ـ دە! پەسلەرنىڭ ئۇرۇقىنى ئاۋۇتۇپ» دېگەنىدى.

«نەۋرىلىك بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەم نېمە قىلىدۇ ئوغلىنى ئۆيلەپ؟» پەرىدە خېنىم شۇنداق ئويلىغان بىلەن گەپ ياندۇرۇش ئەمەس، قېيىنئانىسىغا باش كۆتۈرۈپمۇ قارىمايتتى.

هامىلىدار ۋاقتىدا ئۇ كاۋاپقا سېزىك بولغانىدى، بۇرنىغا هەر ۋاقىت كاۋاپ پۇراپ كېتەتتى. خوتۇنىنىڭ كاۋاپقا سېزىك بولغىنىنى بىلگەن قۇتبىدىن هاجىم بىر كۈنى كەچتە ئىككى نانىنىڭ ئارىسىغا كاۋاپ ئېلىپ كېلىپ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇ كاۋاپنى ئانام خوتۇنۇم بىلەن بىللە يەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، سۇلتانىنىسىپ خېنىم نانىنى ئالدىغا تارتىپ چەينەكتىكى دەملەپ قويغان چايدىن قۇيۇپ، قاچا يۇيۇۋاتقان پەرىدە خېنىمنى «بىرەر تال يەپ باقسىلا» دەپمۇ قويماي هەممىنى يەپ بولۇپ ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتتى.

نەپسى ئىزا تارتقان پەرىدە خېنىم هۇجرىغا كىرىپلا پاتىگىدە

يىغلاپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى قۇتبىدىن هاجىم كاۋاپنى قوينىغا تىقىپ ئەكەلدى. ئانىسىغا سالام بېرىپ ئەمدى كەينىگە يېنىشىغا قوينىدىكى كاۋاپ پوككىدە يەرگە چۈشتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم پەرىدە خېنىمنىمۇ، قۇتبىدىن هاجىمنىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ سېسىق، ئەڭ ئاچچىق گەپلەر بىلەن تىللاپ ئىككىنچىلەپ كاۋاپ يېمىگۈدەك تويغۇزۇۋەتتى. ئۇ يەنە بۇ ئىشنى بولدى قىلماي، «خوتۇننى ئوغرىلىقچە كاۋاپ توشۇپ باقىدۇ. ئوغرىلىقى كۆز ئالدىمدا ئاشكارا بولدى. ئوغۇل بالا دېگەننى باقمىسىمۇ بولىدىكەن، ۋاي ئىسىت...» دەپ قاقشاپ يۈرگەنىدى.

«ئېھ! هايات ماڭا نېمىلەرنى كۆرسەتتىڭ ـ هە؟» ئۇنىڭ چوڭ قارا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولدى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بۇ كۆزلەردىكى ياشلار جىمجىت سارقىپ كەشتە ياستۇققا سىڭىپ كەتتى.

ئۇ قېيىنئانىسىنىڭ نېمىشقا چايدىنىغا چاي ئېلىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئېرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە چوڭ چەينەككە لىق سۇ تولدۇرۇپ كىرگەن پەرىدە خېنىم قاينىتىش ئۈچۈن گاز ئوچاققا ئېسىپ قويۇپ بىر ئىشلارنى قىلىپ كىرسە ئوت ئۆچۈپ تۇرغان، يەنە ياندۇرسا بىردەمدىن كېيىنلا يەنە ئۆچۈپ تۇرغان، دەسلەپتە نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي «ئوچاق بۇزۇلۇپ قالغانمىدۇ» دەپ يۈردى. ئاخىر بىر كۈنى ئۇ قېيىنئانىسى ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرگىلى تۇرغاندا كىرىپ قالدى.

بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن قۇتبىدىن هاجىم چايدانغا سالىدىغان توكلۇق سۇ قىزىتقۇدىن بىرنى ئەكېلىپ بېرىپ «ئەمدى گازدا سۇ قاينىتىپ، ئانام بىلەن دوقۇرۇشۇپ يۈرمىگىن» دېگەنىدى.

چوڭ ئوغلى تۇغۇلغاندا ئاردىكى سوغۇقچىلىق سەل

توگىگەندەك بولدى.

«پەيشەنبە كۈنى ئات قويغىلى چىقىمىز» دەپ گەپ ئەۋەتىپ بەرگەن سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىر قوينى يېتىلەپ قىرىق مېھماننى باشلاپ چىقتى.

قىش زىمىستاندا بىر ئۆيگە مەش قويۇپ تۈغۈتلۇق قىزنى ياتقۇزۇپ بېقىۋاتقان قۇدىلار يەنە بىر ئۆيگە مەش قويۇپ مېھمانلارنى كۈتۈشكە تەييارلىق قىلدى ۋە «ھامان قىلىدىغان بولغاندىكىن، ئەقىقىسىنىمۇ بۇگۈن بىرىۋەتسەك بولامدىكى» دېگەن مەسلىھەتنى قىلىشتى.

ئەقىقىسىنى بىرىش ئۈچۈن مولللارنىمۇ چاقىرىشقا، ئۇلارغا ئايرىم بىر ئۆي ھازىرلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ يەنە بىر ئۆيمۇ ھازىرلاندى. قويدىن ئىككىسى سويۇلۇپ، نەچچە خىل تاماقلار تارتىلدى. بارلىق مېھمانلارغا ئۈز لايىقىدا رەختلەر قويۇلدى. لېكىن، سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ چىرايى يەنىلا تۈتۈلۈپ تۇراتتى.

ھېيت - ئايەملەردە مېھماندارچىلىق بولۇپ قالسا، ئىزدەپ يۈرۈپ بىر كۆڭۈلسىزلىكنى تېپىپ قۇدىسىنى زەھەردەك چېقىۋېلىش سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. پەرىدە خېنىمنىڭ كىيىدىغان كىيىمىدىن تارتىپ، يەيدىغان تامىقىغىچە ھەممىسىنى سۇلتانىنىسىپ خېنىم بېكىتىپ بېرەتتى.

پەرىدە خېنىم بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن نېمىلا ئىش قىلسا، نېمىلا گەپ قىلسا خاتا ئىدى، ئۇ شۇ چاغلاردا تەمتىرەپ، ئېسىنى يوقاتقاندەك يۈرەتتى.

قۇتبىدىن ھاجىم ياخشى ئەر ئىدى. خوتۇنىغا كۆيۈنەتتى، ھالىغا يېتەتتى، كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەتتى. ئانىسىدىن ھەرقانچە ئېغىر خاتالىق ئۆتۈپ كەتسىمۇ: «ئانا، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟» دېمەيتتى. پەقەتلا پەرىدە خېنىمغا تەسەللى بېرەتتى، «كۆڭلۈڭگە ئالما، ئانامنىڭ يامان نىيىتى يوق، سېنى كۆپرەك ئىش

ئۆگىنىۋالسۇن، ئۆي تۇتۇشقا پىشىۋالسۇن دەيدۇ» دەپ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. بازاردىن يەيدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپ يوشۇرۇنچە بېرەتتى.

بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان ئۇ تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان كۆپلىگەن كېلىنلەرنىڭ مۇشۇنداق سىناقلار ئىچىدە پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ تاكى قېيىنئانا بولغانغا قەدەر قېيىنئانىسىنىڭ سىزغان سىزىقى بىلەن مېڭىپ ياشايدىغانلىقىنى، قېيىنئانا بولغانلىرىنىڭمۇ يەنىلا قېيىنئانىسىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇ بارا ـ بارا چۈشىنىپ، قېيىنئانىسىنىڭ قىلغانلىرىنى ئانچە بەك كۆڭلىگە ئالمايدىغان، ھەممە قېيىنئانا شۇنداق بولسا كېرەك دەپ ئۆزىگە تەسەللى تاپىدىغان بولدى.

«قېيىنئانىنىڭ نېنىنى يېمەككە تۆمۈردىن چىش كېرەك، چىدىسىلا، بالام. ھەممە ئايال كېلىن بولۇپ بىر مەزگىل شۇنداق كۈنلەرنى كۆرىدۇ. بىزمۇ قېيىنئانىنىڭ دەردىنى تارتىپ بۇگۈنگە كەلگەن، ھازازۇل قېيىنئانىنىڭ قولىدىن چىچەن كېلىن يېتىشىپ چىقىدۇ» دېگەنىدى مېھرىبان چوڭ ئانىسى.

پەرىدە خېنىممۇ ئاستا ـ ئاستا چىداملىق، قەيسەر بولۇپ، ھەر قانداق «قاتتىق نان»نى يېيەلەيدىغان تۆمۈر چىشلىق كېلىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىۋاتاتتى.

«ئىش قىلغانغا ئادەم ئۆلمەيدۇ، بالام، — دەيتتى ئانىسى، — قېيىنئانىڭىز نېمە قىلسا كۆتۈرۈڭ، نېمە دېسە شۇنى قىلىڭ، كۈنلەر ئۆزۈن، ئۇمۇ ئادەم، ھامان بىر كۈنى يۈرىكى ئېرىپ سىزنى باغرىغا ئالىدۇ.»

«مېنىڭ قىزىم گەپ تۇشۇمايدۇ، — دەيتتى دادىسى، — ئېرىنىڭ، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنىڭ گېپىنى تالادا كۆتۈرۈپ يۈرگەن كېلىن ياخشى كېلىن ئەمەس. جېنىم قىزىم، ئاغزىڭىز ئېغىر بولسۇن، ئايىغىڭىز يېنىك بولسۇن، ‹ئېغىز يۇگۇرۇكى ياشقا، پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا.›»

كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ شۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۇ ھەممىگە چىشىنى چىشلەپ چىدىغانىدى. بۇگۈن مۇشۇلارنى ئەسلەۋېتىپ ئۆزىدە قېيىنئانىسىغا قىلچىلىك ئۆچمەنلىك تاپالمىدى.

«خۇدايىم ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلار... بەلكىم قېرىغاندا ئادەم شۇنداق بولىدىغاندۇ» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

قۇتبىدىن ھاجىم ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئانىسى بىلەن دادىسىغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئېغىر قورسىقىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن خوتۇنىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى - يۇ «ئانا - دادا، بالام ئۈچ بوپتۇ، ئەمدى ئۆز ئالدىمغا بىر ماكان تۇتايمۇ؟» دېيىشنى ئويلاپمۇ باقمىغاندەك ھېچنېمە دېمەي يۈرەتتى. چۈنكى، كۆپىنچە تىجارەتچى ئائىلىلەردە پەرزەنتلەر ئۆي ئايرىماي، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە ياشايتتى. ئۆي كىچىك كېلىپ قېلىپ بىللە تۇرۇش شارائىتى يوق ئاتا - ئانىلار ئوغۇللىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئايرىپ قوياتتى.

پەرىدە خېنىم سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەرەتكە سۇ ئىسسىتىپ، ئىككى چەينەككە ئېلىپ قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە قويۇپ تۇرۇشىغا ، گۈلزىننەت خېنىم ھۇجرىسىدىن چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! تىنچ قوپۇپلىمۇ، پەرىدە خېنىم ئاچا؟ مەن ھويلا - ئارانىنى سۈپۈرەيمۇ ياكى باشقا ئىش قىلامدىمەن؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى پەرىدە خېنىم، — ماقۇل، سىلى ھويلىنى سۈپۈرسىلە، مەن ناشتىلىق تەييار قىلاي ئەمىسە.

پەرىدە خېنىم ئۆي ئىشلىرىدا بۇرۇنقىدىن سەل ئازادىچىلىككە چىقىپ قالدى. گۈلزىننەت ئوچۇق - يورۇق قىز ئىدى، ئىشلارنى بەسكە سېلىپ يۈرمەيتتى.

— ۋاي كىم بۇ؟ ! نېمە كۈن چۈش بولغاندا توپا توزۇتىدۇ؟

هويلا دېگەننى كېچە قويۇپ ئەل ئويغانماستا سۈپۈرمەمدۇ؟ ...

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاچچىق ئاۋازى هويلىنى بىر ئالدى. ئۈستى يېپىقلىق هويلىغا پىششىق خىش بېسىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرتۈپ تۇرغاچقا، سۈپۈرگىگە چىققۇدەك ياكى توزۇپ كەتكۈدەك توپىمۇ يوق ئىدى.

گۈلزىننەت سۈپۈرگىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى. «تېخى داداملار ئەمدى مەسچىتكە ماڭدىغۇ! قانداقسىغا كۈن چۈش بولىدۇ؟»

— قويسىلا سۈپۈرگىنى، خۇشياقمىغان بولسا ئۆزۈم قىلاي، شۇمۇ ئىش بوپتۇ، ئانا بولىقى كۆرمىگەن... — سۇلتانىنىسىپ خېنىم غۇتۇلدىغىنىچە تەرەت ئالغىلى ماڭدى.

— بولدى، ئۇكام، قويۇپ قويسىلا، هېلى ئىككىمىز بىللە سۈرتۈپ تازىلايلى.

«بۈگۈندىن باشلاپ بۇ بىچارىنىڭ بېشىدا قارا بۇلۇت ئەگىيدىغان بولدى - دە، — دەپ ئويلىدى پەرىدە خېنىم ئىچىدە، — مېهمانلىقى بىر نەچچە كۈنلا داۋاملاشتى مانا ...»

گۈلزىننەت سۈپۈرگىنى قويۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، پەرىدە خېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ تۇردى.

باهادىرخان هاجىملار مەسچىتتىن كىرىپ بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىپ ئۆز ئىشلىرىغا چىقىپ كەتتى.

— پەرىدە خېنىم، هويلا - ئارانى ئۆزلىرى قايتا تازىلىۋەتسىلە، بالام. هەممە يەرگە توپا قونۇپ كېتىپتۇ.

ناشتىدىن قوپقان سۇلتانىنىسىپ خېنىم پەرىدە خېنىمغا شۇنداق دېگىنىچە، گۈلزىننەتكە قاراپمۇ قويماي پايلەردىن تەستە كۆتۈرۈلۈپ مەنزەر ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

گۈلزىننەت پول سۈرتكۈچنى ئاچىققانىدى ، پەرىدە خېنىم ئۇنىڭ قولىدىن پول سۈرتكۈچنى ئېلىۋېتىپ:

— قولىمىز بىلەن سۈرتۈپ چىقىشىمىز كېرەك، ئۇكام، يۈرسىلە، — دەپ گۈلزىننەتنى هويلىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىكى

مۇنچىغا باشلاپ كىرىپ بىر كونا پوپايكىنى داسقا تاشلاپ سوپۇنلاپ يۇيۇپ، پاكىز سىقىۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن يوغان ھويلىنىڭ قىزىل خىشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. خىشلار تولا سۈرتۈلگەنلىكىدىن ئۇپراپ، سىلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

گۈلزىننەت بۇ ئىشنى چۈشىنەلمىدى، چۈنكى تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئۇ پەرىدە خېنىمنىڭ پول سۈرتكۈچ بىلەن ھويلا سۈرتكىنىنى كۆرگەنىدى. بۈگۈن نېمىشقا قولدا سۈرتۈپ تازىلىمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالغىنىنىمۇ بىلەلمىدى، سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى.

— مەن سۈرتەي، سىلى كۆرسىتىپ قويسىلا.

گۈلزىننەت چۈشكىچە سۈرتۈپمۇ ھويلىنىڭ خىشلىرىنى سۈرتۈپ بولالمىغىلى تاس قالدى. قېيىنئانىسىغا يەنە يارىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قايتا ـ قايتا سۈرتكەنىدى.

ئۇ شۇ ئىشتىن كېيىن قەدەملىرىنىمۇ ناھايىتى ئاۋايلاپ باسىدىغان بولۇپ كەتتى، چۈنكى قېيىنئانىسىنىڭ مىجەزى ھاۋارايىدىنمۇ تېز ھەم سەۋەبسىز ئۆزگىرىپ قالاتتى.

پەرىدە خېنىمنىڭ بالىلىرى گۈلزىننەتكە ئامراق ئىدى، پەرىدە خېنىممۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم بەزى كۈنلىرى ئۇنى «ئاي خېنىم بالام، گۈل خېنىم قىزىم» دەپ يەر ـ سۇغا پاتتۇرمايتتى. بەزى كۈنلىرى بىراقلا بۆرە تېرىسىنى كىيىپ، ئۇنى گاڭگىرىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەس قىلىپ قوياتتى.

ئۇ كۆپىنچە قېيىنئانىسى بىلەن قالغان ۋاقىتلىرىدا «جۇدۇن»غا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، ئۆيدە قېيىنئاتىسى بىلەن ئىبرى بار ۋاقىتلاردا ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئۆيدە بەزى چاغلاردىكى سەۋەبسىز سىلكىشلەشلەر، ئادەم بار چاغلاردىكى ئاپتاپتەك ئىللىق مۇئامىلىلەر ئۇنى مەڭدىتىپ قوياتتى.

پەرىدە خېنىم كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ يىنىك

ئىشلارنى قىلغاندىمۇ ھاسىرايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، گۈلزىننەت كۆپ ۋاقىتلاردا «ئىشلارنى سىلى كۆرسىتىپ بەرسىلە، مەن قىلاي» دەپ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. پەرىدە خېنىم تۇغۇپ قالغۇچە كۆپرەك ئىشلارنى ئۆگىنىۋېلىشنىمۇ ئويلىغانىدى.

سەھەر تۇرۇپ دەرۋازا ئالدىنى تاكى كوچىنىڭ بېشىغىچە سۈپۈرۈپ چىقاتتى. بىر كۈنى مەسچىتكە ماڭغان ئىككى كىشىنىڭ:

— باھادىرخان ھاجىم كېلىنلىرىنى تۆمۈرچىگە بۇيرۇتۇپ سوقتۇرامدىغاندۇ؟ چوڭ كېلىنى پەرىدە خېنىممۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ يۈرەتتى. بۇ كىچىك كېلىنىمۇ كىچىكلىكىگە قارىماي سەھەر تۇرىدىكەن، — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ۋاي، سۇلتانىنىسىپخان بوش خوتۇن ئەمەس دەيمەن، كېلىنلىرىنى قازانغا سېلىپ قورۇمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى قىلىدۇ، — دېدى يەنە بىر كىشى.

«ئەسلىدە باشقىلارمۇ بىلىدىكەن - دە؟ تېخىمۇ دىققەت قىلسام بولغۇدەك.» گۈلزىننەت كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلاپ، دەرۋازىنى ئاۋايلاپ يېپىپ كىرىپ كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ھەر كۈنى دېگۇدەك بارىدىغان چايلىرى، تويلىرى، يوقلاقلىرى چىقىپ تۇراتتى.

بۈگۈنمۇ چۈشلۈك تاماقنى يەپ، پېشىنىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «قىز كۆرۈش» چېيىغا جابدۇندى.

— مەن كەلگۈچە ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنى تازىلىۋېتىڭلار، پەردىلەرنى يۇيۇپ، ساندۇقلارنى يۆتكەپ، گىلەملەرنى توك سۈپۈرگە بىلەن تازىلاڭلار، ئىشىك - دېرىزە، پارامانىنى گۈلزىننەت خېنىم سۈرتۇپ بەرسۇن، پەرىدە خېنىم، سىلى يېنىكرەك ئىشلارنى قىلسىلا.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ياقۇت كۆزلۈك قول سومكىسىنى

ئېلىپ ئىشكتىن چىقىۋېتىپ يەنە كەينىگە قايرىلىپ:
— كەچكە سۈيۈق - سەلەڭ تاماق قىلىڭلار، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
ئىككى كېلىن بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. سەلدىن كېيىن پەرىدە خېنىم ئۈستۈنكى قەۋەتكە ماڭغاچ:
— يۈرسىلە، ئۆكام، ئاۋۋال پەردىلەرنى چۈشۈرەيلى، كىرئالغۇغا سېلىپ قويساق پەردىلەر يۇيۇلغاچ تۇرسۇن، بىز باشقا ئىشلارنى قىلايلى، — دېدى.
چوڭ ئۆچ ئېغىز ئۆينىڭ ئون مېتىرلىقتىن تىكىلگەن قوش قات پەردىلىرى چۈشۈرۈلۈپ ئۆيلەر يالىڭاچلاندى.
گۈلزىننەت جۇپ ۋاسلىق تورۇسقا قاراپ ئۆزى سۈرتمەكچى بولغان پارامانىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى. ئۆيلەر ئېگىز يېپىلغاچقا، ئۆينىڭ پارامانلىرىمۇ ئىككى يېرىم مېتىرچە ئېگىزلىكتە تۇراتتى.
— پەرىدە خېنىم ئاچا، پارامانىنى قانداق سۈرتمەن؟ مېنىڭ ئۇ يەرگە بويۇم يەتمىسە ...
پەرىدە خېنىم ئىشكنىڭ كەينىدىن قاتلىما شوتىنى تارتىپ چىقاردى.
— بۇنىڭغا چىقىپ سۈرتسىلە، تېخى تۈينىڭ ئالدىدا سۈرتكەن، بەك توپا بېسىپمۇ كەتمىدى، ئۆكام، بىر دەمدە سۈرتۈپ بولىمىز.
— دائىم مۇشۇنداق سۈرتۈپ تازىلايمىزمۇ؟
— ھەئە، بۇرۇندىن بىرەر ئايدا بىر قېتىم پارامانىنى، تۇۋرۇكلەرنى، دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ تازىلايتتىم. قىش كىرگۈچە سۈرتۈپ تازىلىۋالغىنىمىزمۇ ياخشى بولدى. مەن تۇغۇپ ياتسام يالغۇزچىلىقتا تېخىمۇ قىينىلىپ قالاتتىلە...
گۈلزىننەت قورقۇمسىراپ تۇرۇپ شوتىغا چىقىپ قولىدىكى سوپۇنلانغان لاتىنى گۈلدار پارامانغا بېسىپ سۈرتۈشكە باشلىدى. يەرگە قارىسىلا ھېلى يىقىلىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ، تىترەپ

تۇرۇپ سۈرتەتتى. پەرىدە خېنىم دېرىزىلەرنى سۈرتتى. ئۇ ئىككىقات تۇرۇپمۇ شۇنداق يېنىك ھەم چاققان ئىدى.

— گۈلزىنىنەت خېنىم، سىلىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇپتىكەن دەيدىغۇ؟ نېمىشقا ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇمىدىلا؟ — پەرىدە خېنىم دېرىزىنىڭ تەكچىسىدە تۇرۇپ شۇنداق سورىدى.

— نومۇرۇم كەملەپ قالغان، ئۆزۈمنىڭغۇ بەك ئوقۇغۇم بار ئىدى.

— ئىسىت، ئوقۇغان بولسىلىرىچۇ! مېنىڭ ئوقۇغان، خىزمەت قىلىدىغان ئاياللارغا بەك ھەۋىسىم كېلىدۇ. ئۇلار بىزدەك جاپا تارتمايدۇ، ئاينىگار خېنىم ئاچامدەك ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ياشايدۇ.

— خان ئاچام: «خىزمەتچى ئاياللارمۇ بەك جاپاكەش، قىش-ياز ئىشلەپ يۈرۈپ ھالىدىن كېتىدۇ، يا ئېرىنى، يا بالىلىرىنى خۇش قىلالمايدۇ، يا ئۆزىمۇ خۇش ئەمەس...» دەيدىغۇ؟ مېنىڭ بەكلا ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار ئىدى بولمىسا...

گۈلزىنىنەتنىڭ مەيۈسلەنگىنى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

پەرىدە خېنىم گۈلزىنىنەت بىلەن پاراڭلاشقاچ، دېرىزىدىن پات-پات ھويلىدا ئويناۋاتقان ئوغۇللىرىغا قاراپ قوياتتى.

— ۋاي ئۇكام، جاپا تارتمايدىغان ئىش ھېچ يەردە يوق. لېكىن، ئۇلار قىلغان ئىشقا، تۇتقان ئۆيىگە، تاپقان پۇلىغان بولسىمۇ ئۆزى ئىگە بولىدۇ ئەمەسمۇ، كىم ئۇن كوي بېرەر دەپ يۈرمەيدۇ. بىر پايپاق ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئېرىدىن پۇل سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، خالىغاندا تالاغا چىقالايدۇ، ھېچ بولمىسا ئاپتاپ كۆرىدۇ...

پەرىدە خېنىم بىر قېتىم سۈرتۈپ بولغان ئەينەكلەرنى قۇرۇق لاتا بىلەن يەنە سۈرتۈشكە باشلىدى.

— سىلى قانچىلىك ئوقۇغان، پەرىدە خېنىم ئاچا؟

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن تىككۈچىلىككە ھۈنەرگە كىرگەن. بىزنىڭ دۇكان بىلەن

قۇتىدىن ھاجىمنىڭ دۇكىنى قوشنا ئىدى، شۇنىڭ بىلەن رىزقىمىز قوشۇلۇپ قايتىكەن.

— ئوقۇغۇلىرى بارمىدى يا ئۆزلىرى ھۇنەر ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرەمتىلە؟

— ئۇ چاغلاردا ئوقۇسامۇ، ھۇنەر ئۆگەنسەممۇ مەيلى دەپ ئولتۇرۇپتىكەنمەن . شۇنىڭ بىلەن دادام: «ئۆزى ئوقۇشقا قىزىقمايدىكەن» دەپ ھۇنەرگە بەرگەن.

ئۆيلەرنى تازىلاپ بولۇپ، كىرئالغۇدىكى پەردىلەرنى چايقاپ، ھويلىدىكى سىملارغا قاتار يېيىپ بولغاندا كەچ كىرىپ كەتتى. تېخى كەچلىك تاماق ئېتىدىغان ئىش بار ئىدى. ئىككىلىسى قوللىرىدىكى ئىشنى قويۇپ تەڭلا ئاشخانىغا مېڭىشتى.

— خام قىيما چاناپ ئۇگرە قىلايلى، ئۇكام، قىيمىلىق ئۇگرىنىڭ قىيمىسىنى چاناشنى بىلەملا؟ ئىتتىكرەك بولمىساق بولمايدۇ.

پەرىدە خېنىم ئىشنى بەك تېز قىلاتتى، بىر تەرەپتىن ئىش قىلغاچ كېيىنكى قىلىدىغان ئىشنى پەملەپ بولاتتى. گۇلزىننەت بولسا ئىشنى تۇجۇپىلەپ ئاستىراق قىلاتتى.

— بىلىمەن، مەن قىيمىنى قىلايمۇ ئەمىسە؟

— سىلى قىيمىنى تەييار قىلسىلا، مەن خېمىر يۇغۇراي.

پەرىدە خېنىم ئۇگرىنى يېيىپ شامالدىتىش ئۈچۈن سۇپىرىغا تاشلاپ قويۇپ تۇرۇشىغا سۇلتاننىسىپ خېنىم چايدىن قايتىپ كەلدى.

— تېخىچە پەردىلەرنى ئاسماپسىلەرغۇ؟ — دېدى ئۇ پەلتۇسىنى سېلىۋېتىپ.

— ئۇلگۇرەلمىدۇق، ئاپا، ئەتە ئەتىگەندىلا ئېسىۋېتەرمىز ...

— ئىككىڭلار تۇرۇپمۇ تۈگىمىدىمۇ شۇنچىلىك ئىش؟ بۇرۇن ئۆزلىرى يالغۇزمۇ تۈگىتىپ بولالايتتىلە ! گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپسىلەر - دە يىپچى خوتۇنلاردەك.

— پەردىنى ئېسىۋەتسەكلا تۈگەيدۇ، ئاپا. نەم پەردىلەرنى

ئاسساق گەرنىس كۆتۈرەلمەي چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئەتە دەزماللاپ بىراقلا ئاسارمىز ... مەن تۇغۇپ يېتىپ قالسام دەپ ئۆيلەرنى تەپسىلىيرەك تازىلىۋەتتۇق.

گۇلزىننەت سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ پەلتوسى بىلەن رومىلىنى ئېلىپ ئېسىپ قويۇشقا چىقىپ كەتتى.

پەرىدە خېنىم سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئەكەلگەن زەللىنى يەشتى:

— خېلى كايىپتۇ ـ هە ئاپا، مانتىمۇ خېلى ئوخشىغاندەك تۇرىدۇ... قويغان گۆشىمۇ چوڭ ئىكەن، ۋاي ـ ۋۇي پېچىنىلەرنى نېمانچە جىق قويغاندۇ؟... بۇ پەتنۇسنى پولۇنىڭ ئورنىغا قويدىمۇ؟ جۇپلەپ قويساق بولغۇدەك، ئادەتتە ئىشلىتىشكىمۇ خېلى يارايدىكەن...

پەرىدە خېنىم زەللىنىڭ ئىچىدىكى پېچىنىلەرنى، تاتلىقلارنى ئېلىپ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان بالىلىرىغا بەردى، بالىلار چۇرقىرىشىپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. باشقا نەرسىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ قويدى، سوۋۇپ قالغان تاماقلارنى ھېچكىم يېمىدى.

— قىز تەرەپ بەك ئېسىل خەق ئىكەن، زەگەلى كوچىسىدىكى كونا خان ئەۋلادىدىن ئىكەن. هازىرغۇ «مەن كىم ئىدىم» دېمەي تېگىنىڭ تايىنى يوق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى «خېنىم» بولۇپ كەتتى. تېگى ـ تەكتىنىمۇ ئۇققىلى بولمايدۇ.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم كىمگىدۇر ئاچچىقى كەلگەندەك ئىنچىكە قاشلىرىنى سوزۇپ قويدى.

— ئاينىگار خېنىم ئاچامۇ بېرىپتىمۇ، ئاپا؟ خېلى بولدى بۇ ئۆيگىمۇ كەلمىدى، كۆرگۈم كېلىپ قاپتۇ. بالىلارمۇ ئەتىگەندىن بېرى ئاي ئاپامنى كۆرىمىز دەپ خەقىش قىلىشىپ كەتتى.

پەرىدە خېنىم بىرەر تىكىنى بار گەپ چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ گەپنى يۆتكىدى.

— ئاينىگار خېنىممۇ، تۇنىسا خېنىممۇ بارماپتۇ، نۇر

خېنىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاينىگار خېنىمغا تېلېفون قىلىپ قويسىلا، ئەتە چۈشلۈك تاماققا كەلسۇن، بالىلارمۇ مەكتەپتىن يېنىپلا مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ تاماق يەپ ئاندىن مەكتىپىگە بارار...

— ماقۇل، ئاپا، ئابدۇراخمانجان ئاكاممۇ بەك ئالدىراش بولمىسا بىللە كېلەر يا.

— ۋاي، خىزمەتتىكى ئادەمنى بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. كېلەلىسە كېلەر، بولمىسا بالىلار كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. راست، ئەجەب ئۇزاق بولۇپ كېتىپتۇ كۆرۈشمىگىلى، مەينىگار خېنىمنى ئۇزاتقىلى كەلگەنچە كەلمەپتۇ - ھە؟

— شۇنداق، كېلەلمىدى، خىزمىتى ئالدىراشمىكىن، بولمىسا ئۇنداق ئۇزاق ۋاقىت كەلمەي قالمايتتى.

— چۈپنى كەسسىلە، دادىلىرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى.

— گۈلزىننەت خېنىم، چاي دەملەپ قويسىلا، قىزىققىنا بىر پىيالە چاي ئىچەي.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ماڭدى.

— پەرىدە خېنىم ئاچا، قايسى قۇتىدىكى چايدىن دەملەيمەن؟ — گۈلزىننەت ئىشكاپتىكى ھەر خىل چاي قۇتىلىرىغا قاراپ گاڭگىراپ قالغاندى.

— يېشىل قۇتىدىكى چايدىن دەملىسىلە، دادام كەچتە تاماقتىن كېيىن مۇشۇ قىزىل چاينى ئىچىدۇ، ئاپاممۇ شۇنى ئىچىدۇ. زەپە چاي ئىچكۈسى كەلسە ئۆزى دەيدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئايرىم دەملەپ بېرىمىز.

گۈلزىننەت چاينى دەملەپ پاختىلىق چۈمكەككە باستۇرۇپ قويدى.

— گۈلزىننەت خېنىم، چەينەككە ئىسسىق سۇ ئېلىپ قويسىلا، دادام بىلەن شەمشىدىن ھاجىم كىرگەندە قولىغا سۇ

بىرىپ، داستىخان سالسىلا، بەختىيارجان يوق تۇرىدۇ، قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتتىمىكىن، مەن تېپىپ كىرەي.
پەرىدە خېنىم بالىلىرىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.
— چاي دەملەپ قويىلىمۇ، بالام؟ — دېدى ئۆيئىچىلىك كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ چىققان سۇلتانىنىسىپ خېنىم تۆرگە سېلىنغلىق كۆرپىدە سېمىز پۇتلىرىنى تۇتۇپ «ۋاي پۇتۇم، ۋاي پۇتۇم» دەپ زارلانغاچ ئولتۇرۇپ.
— ھەئە، دەملەپ قويدۇم، ئاپا، بىر پىيالە قۇيۇپ بېرەيمۇ؟
— ماقۇل، بالام، چايغا بارساق بىر پىيالە سىنچاي بەرگەنچە چاي بەرمەيدۇ ئادەمنى قىيناپ، ئاغزىم قۇرۇپ، شۇنداق ئۇسساپ كەتتىم، ئۇھ...
گۈلزىنەت داستىخاننى سېلىپ بىر پىيالە چاي قۇيۇپ قېيىنئانىسىغا سۇندى.
— ۋاي ئانام! چاي دېگەننىمۇ مۇشۇنداق تۇتامدۇ؟ پەتنۇس قېنى؟ ۋاي توۋا... نېمە قىلىقسىزلىق بۇ ئەمدى! چاينى خونچىلىماي تۇتىدىغان سەھرالىقمۇ بىز؟
گۈلزىنەت ئىككى قولى بىلەن تۇتقان چاينى ئېلىۋاتقان سۇلتانىنىسىپ خېنىم ۋايساپ كەتتى.
— چاي تۇگەپ كېتىپتۇمۇ؟ نېمە بۇ، غازاڭ چۈشكەن كۆلنىڭ سۈيىدەك؟ — چاي سۇسراق دەملىنىپ قالغاچقا، سۇلتانىنىسىپ خېنىم يەنە قاقشاشقا باشلىدى، — چاي دېگەننى ئاتنىڭ قېنىدەك قىپقىزىل دەملىمەمدۇ؟ — ئۇ پىيالىنى «دوققىدە» قىلىپ داستىخانغا قويدى.
گۈلزىنەت يەرگە قاراپ تۇراتتى.
— مەن قايتا دەملەپ بېرەي، ئاپا، — تالادىن بالىلىرىنى ئەكىرگەن پەرىدە خېنىم چەينەكنى قولىغا ئالدى.
— گۈلزىنەت خېنىم، سىلى خاپا بولماي نۇرئەلىجاننى ئۇخلىتىپ قويسىلا، ئۇكام. ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ، پۇت - قوللىرى مۇز، ئىزدىمىسەم قاچانغىچە

ئوينايدىكەن تالادا.

ئىشىدىن قايتىپ كەلگەن ئەرلەر قوللىرىنى يۇيۇپ داستىخانغا كەلدى.

— ئانا، سىلىنىڭ باغاقلىرى بار ئىكەن، دۇكانغا ئەكىلىپ بەردى، — شەمشىدىن ھاجىم يانچۇقىدىن بىر تۇتام باغاقلارنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ئانىسىغا سۇندى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم باغاقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— بۇ، بۇلاقبېشىدىكى ئاينۇر خېنىمنىڭ جىيەن قىزىنىڭ «ئۆي كۆرسىتىش» چېيىنىڭ باغىقى ئىكەن. ماۋۇسى تاختا كۆۋرۈكتىكى زەينەپ خېنىمنىڭ نەۋرە قىزىنىڭ تويىنىڭ باغىقى ئىكەن، — ئۇ ئاخىرقى باغاقنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپمۇ بىلەلمىگەندىن كېيىن باھادىرخان ھاجىمدىن سورىدى، — ئەگلەكچى كوچىسىدىكى ئەلانۇر خېنىم دەپتۇ يا؟ كىم بولغىيدى ئۇ؟ مەن بىلەلمىدىم، سىلى بىلەملا، ھاجىم؟ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشىپمۇ باقمىغان كىشىلەرمۇ ئادەمگە باغاق يازىدىكەن دېسە...

— سەن سالام قىلمىغان بولساڭ، ساڭا سالام قىلغان ئايالLARDىن بىرەرسىدۇر. «چاقىرمىغان يەرگە بارما، چاقىرغان يەردىن قالما» دەيدىغان گەپ بار، بېرىپ كەل، خوتۇن. ئۇنىڭسىزمۇ چاي بىلەن تويغا بەك ئامراقمۇ سەن. خۇدايىم بىلىپ سېنى خىزمەتچى قىلىپ قويماپتىكەن، بولمىسا مەن ئۆيدىن بوشاتمىغان بىلەن، ئىدارە سەندەك بىردەممۇ جايىدا ئولتۇرالمايدىغان چايچى خوتۇننى ئاللىقاچان ئىشتىن بوشىتىۋېتەتتى.

شەمشىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ چاقچىقىغا كۈلۈپ كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئېرىگە قاراپ:

— سىلىدەك تونۇش - بىلىشى، يۇرۇشى كۆپ ئادەمنىڭ

خوتۇنى بولغاندىكىن، ئادەم شۇنداق كۆپ ئالاقىلىق بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنداق بولسا «بارما» دېسىلە، ئەتىدىن باشلاپ ھېچ يەرگە بارمايمەن. ماڭىمۇ ئارمان ئەمەس ھەر كۈنى چاي قوغلاپ يۈرۈش. شۇ تاپتا چارچاپ ھالىم قالمايۋاتسا مېنىڭ ... بىر كۈن چايغا بارسام پۈتۈم نەچچە كۈنگىچە سىرقىراپ ئاغرىيدۇ قاتلىشىپ ئولتۇرۇۋېرىپ، — دېدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم پەردە خېنىم قايتىدىن دەملەپ بەرگەن چاينى باھادىرخان ھاجىم بىلەن شەمشىدىن ھاجىمغا سۇنۇپ بولۇپ يەنە گەپ باشلىدى:

— چاي دېگەن قايلىسىلا، ھاجىم، ھاشار دېسىلە، ھاشار ! نېمىشقا دېسىلە، قىرىق ـ ئەللىك ئايالنى بىر ئۆيگە قىستاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە يېگۈزۈپ ـ ئىچكۈزىدۇ، يا بىردەم پۇتىنى سۇنۇپ ئارامىدا ئولتۇرغىلى بولمىغان، پۇتۇن ئۇستىخىنى ئۇرۇپ ـ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىپ ئۆيگە ئاران كەلگەندە، سىلىنىڭ قاش ـ قاپاقلىرى ئاستىن ـ ئۈستۈن، «ۋاي نېمە يەيلا، ھاجىم» دېمىسە تېخى بولمىغان. بىر يەردىن كەلگەن زەللىنى تېخى يېمەيلا، سىلى ئارزۇلۇق بولغاندىكىن...

— مەن ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم زەللە ئالما، بۇ ئۆيگە زەللە ئەكەلمە دەپ. يەنە ئۆزۈڭ تويۇپ، كۆزۈڭ تويمىغان يېرىگە زەللە ئەكېلىدىكەنسەن، كەينىدىن يېمىدىڭ دەپ خاپا بولىدىكەنسەن. ئۆزۈڭ تاپقان جاپا ـ دە بۇ ساڭا.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، ھەممە ئادەمگە زەللە ئالدۇرىدىغان تۇرسا مەن نېمىشقا ئالمايتتىم؟ «تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب !» مەنمۇ بەرگەچكە بېرىدۇ خەق. ئەجەب دەپ كەتتىلە كۆزۈڭ تويمىغان دەپ، — سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ يۈزى قىزىرىپ تە بولۇشقا باشلىدى، ئۇزۇن، ئىنچىكە قەلەم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ

يانغا قاراپ ئولتۇردى.

— قويغان زەللىنى باشقىلارغا بېرىۋەتسەڭ بولىدىغۇ، — دېدى باھادىرخان ھاجىم، — ئۇششاق بالىلىق، كۆپ نوپۇسلۇق، ئېھتىياجى بارلارغا بەرسەڭ ئۇلار خۇش بولۇپ قالىدۇ. زەللە دېگەننى ئۆيىدە يېگۈدەك نەرسىسى قالمىغان ئادەملەرگە بەرسە بولىدۇ. ساڭا نېمە زەللە ئېلىش ئەمدى؟ ئەكېلىدىكەنسەن، قېتىپ تۇرىدىكەن ئۇ زەللىلىرىڭ، يا ساقلاپ مۇزېيغا قويامسەنكى ماۋۇ پالانى چاينىڭ زەللىسى، ماۋۇ پوكۇنى چاينىڭ زەللىسى دەپ خەت چاپلاپ.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم شۇككىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئېرىنىڭ گەپلىرى، كېلىنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چۈشۈرگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى. لېكىن، ئاچچىقىم كەلدى دەپ ئەر كىشىگە ئادەم بار يەردە ۋاتىلداپ سۆزلەپ، گەپ ياندۇرسا، كېلىنلىرىنىڭمۇ ئوغۇللىرىغا ياندىغان، ئېرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، بىرنى دېسە ئىككىنى دەيدىغان يامان قىلىقنى ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ، چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى.

— ئانا، قازاننى چۈشۈردۈم، ئاشنى سىلى ئۇسۇپ بەرسىلە، — پەرىدە خېنىم ئېگىز پۇتلۇق تۆمۈر تۇۋۇلۇككە قازاننى چۈشۈرۈپ، گۈلزىننەت يۇيۇپ قويغان قاچىلارنى قازان بېشىغا ئەكەلدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاشنى ئالدىرىماي ئۇسۇپ بېرىپ، ئۆزى چاي ئىچىپ ئولتۇردى. ئېرىنىڭ گەپلىرى گەرچە چاقچاقتەك قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى. ئۇ ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— پەرىدە خېنىم، بۈگۈندىن باشلاپ ئورۇننى گۈلزىننەت خېنىم سالسۇن. سىلى قانداق سېلىشنى كۆرسىتىپ قويسىلا، مەن بىلەن يۈرۈڭلار، — دەپ ئىككى كېلىنىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

پەردە خېنىم تۇغۇپ يېتىپ قالسا، سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ياتقان ئۆيىگە سەھەردە كىرىپ مەشكە ئوت ياقىدىغان، كەچتە چوڭلارنىڭ ئورنىنى سېلىپ، سەھەردە يىغىدىغان، تەرىتىگە سۇ ئىسسىتىپ بېرىدىغان ئىش بار ئىدى. شۇڭا، سۇلتاننىسىپ خېنىم پەردە خېنىم تۇغۇپ قېلىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشنى گۈلزىننەتكە ئۆگىتىپ قويۇشنى پىلانلىغانىدى.

# ئون ئالتىنچى باب

## ئېھسان

شەمشىدىن ھاجىم چەينەكتىكى دەملەكلىك چايدىن دادىسىغا ھەم ئۆزىگە قۇيۇپ دادىسىغا يۈزلەندى:

— دادا، تاپشۇرۇقلىرى بويىچە ئىككى ماشىنا كۆمۈرنى خاڭدى ۋە نەزەرباغدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردىم، ئۇلار شۇنداق خۇش بولۇشتى. ئەمما كىملىكىمىزنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىدىم.

— ياخشى قىپسەن، ئوغلۇم، خەير - ئېھسان دېگەننى ئوڭ قول بەرسە سول قولغا سەزدۈرمىگۈلۈك. شەھەردە كۈن ئالماق تەسلىشىپ كەتتى، ئەمدى مەھەللىمىزدىكىلەرگىمۇ قاراپ باققىن. مەھەللىمىزدىمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدىغان ئائىلىلەر بار، بۇ قېتىم كۆمۈرگە قوشۇپ ئۇن - گۈرۈچمۇ يەتكۈزۈپ بېرەيلى. لېكىن، بىزنىڭ قىلغانلىقىمىزنى مەھەللىدىكىلەر ھەرگىز سەزمىسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟ سالام، تەزىم - تەۋازۇ كۆپىيىپ كەتسە قىلغان ئىشىمىز رىيا بولىدۇ.

— ماقۇل، دادا، بۇ يىل پاختەكلىنىڭ شاللىرى بەك ئوخشىغانىمىش، گۈرۈچنى شۇ يەردىنلا ئەكىرسەك بولىدۇ، ئۇننىمۇ بىرەر ئۇن - ياغ سېتىش دۇكىنىغا تېلېفون قىلىپ قويساقلا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تارقىتىشنى دۇكاندىكى باللارغا ئورۇنلاشتۇرسام، ياردەملىشىدىغانغا يەنە بىرەر ئادەم قوشساق بولغۇدەك، شۇنىڭدا ھېچكىم بىز ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمەي

قالىدۇ.

— مەيلى، ئۆزۈڭ مۇۋاپىق كۆرگەن ئۇسۇل بويىچە قىل، ئوغلۇم. پۇلنى قانداق تېپىشتىن قانداق ئورۇنغا ئىشلىتىش ئەڭ مۇھىم. پۇل بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن پۇلنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالساق تېخىمۇ بولمايدۇ. پۇل دېگەن — ئۆزىمىز ياساپ ئۆزىمىز كەينىدىن قوغلاپ يۈرگەن قەغەز. سەللا دىققەت قىلمىساق، شۇ قەغەزنىڭ قۇلى بولۇپ قالىمىز. ئوغلۇم، ھالال ياشا، تىرىشىپ پۇل تاپ، لېكىن پۇل تېپىشتىكى مەقسىتىڭ پەقەتلا راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش بولۇپ قالمىسۇن. مەن بۇ ئىشلارنى نېمىشقا ساڭا قىلدۇرىمەن؟ سېنى ھازىردىن باشلاپ مۇشۇنداق ئىشلارغا ئادەتلەنسۇن دەيمەن. ئادەم ئاڭلىغىنىنى ئەمەس، كۆپ ۋاقىتلاردا كۆرگىنىنى قىلىدۇ. ھازىرغۇ جاھان ياخشىلىنىپ كەتتى، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئادەملەرنى ھۆكۈمەت تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاغرىپ ياتاقتا ياتسا داۋالىنىش چىقىمىنى بېرىدۇ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بالىلار ھەقسىز ئوقۇۋاتىدۇ، ھەقسىز چۈشلۈك تاماق بېرىدىغانلىرىمۇ بارىمىش. يەنە كەسپىي ئائىلىلەرنى مەخسۇس يۆلەيدىغان ھەر خىل تۈر مەبلەغلىرىمۇ بار دەيدۇ. لېكىن ھۆكۈمەتكىلا قاراپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. بىزمۇ قولىمىزدىن كەلگىنىنى قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تاپقىنىمىزدا مەھەللە ـ كوينىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانىنىڭ، يەنە مۇشۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭمۇ ھەققى بار. بىز ئۆزىمىزچە باي بولۇپ قالمىدۇق، بالام. شۇڭا، بايلىقىڭنى ئۆزۈڭنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس، نۇرغۇن ئادەمنى ياخشىلىققا باشلاش ئۈچۈن ئىشلەتكىن. شۇ چاغدىلا سېنىڭ بايلىقىڭ تۈگىمەيدۇ، چۈنكى كۆپىنىڭ رىزقى كۆپ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ سەن كۆپ ئۈچۈن تىرىشساڭ نەتىجىسىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەن. «بېيى يوق مەھەللىدىن كۆچۈپ كېتىڭلار!» دېگەن بىر گەپ ھېلىھەم ئېسىمدە. قارا، بۇ بايلارغا قىلىنغان نەقەدەر زور ئۈمىد ۋە

ئىشەنچ! دېمەك بېيى بار مەھەللىنىڭ يوللىرى ياسىلىدۇ، توكلىرى، سۇلىرى راۋان بولىدۇ، باللىرى نە ـ نەلەرگىچە بېرىپ ئوقۇيالايدۇ. شۇڭا، بايلار بايلىق توپلاش بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىكى، ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن بايلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن باشلامچى بولۇشى كېرەك. بىر دۆلەتنىڭ بايلىرى دۆلەتنى؛ بىر مىللەتنىڭ بايلىرى مىللەتنى؛ بىر شەھەرنىڭ بايلىرى شۇ شەھەر خەلقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويسا بولمايدۇ.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ ئۆزىگە يارىشىدىغان ساقاللىرى چىراغ نۇرىدا تېخىمۇ ئاپپاق كۆرۈنەتتى. شەمشىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئەستايىدىل گېپىنى ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ كۆزلەردە ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىلا چۈشىنىدىغان ئىسسىق نۇرلار يېلىنجايتتى.

— چۈشەندىم، دادا، — دېدى شەمشىدىن ھاجىم، — كىچىكىمدىن باشلاپ مۇشۇنداق ئېسىل ئۆگۈتلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا كەچ كىرسىلا چوڭ دادامنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ چۆچەكلەرنى، جەڭنامىلەرنى ئاڭلايتتىم. كېيىن سىلىدىن ئاڭلايدىغان بولغاندىم. مەن كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقىم مۇمكىن. لېكىن، ھالال ياشىيالايمەن، شۇنىڭغا ئىشەنسىلە، دادا. قولۇمدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئەتراپىمدىكىلەرگە يەتكۈزىمەن. چوڭ دادام «قولۇڭدىن كەلسە ئەتراپىڭدىكىلەرگە ياخشىلىق قىل. ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە ياخشى سۆز قىل، ئۇنىڭغىمۇ قۇربىتىڭ يەتمىسە تەبەسسۇم قىل» دەيتتى. مەن قايسىسىغا قۇربىم يەتسە شۇنى قىلىمەن، ھەرگىز توختاپ قالمايمەن.

— ساڭا ئىشىنىمەن، بالام، دائىم شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئەركەكلەردىن بولۇپ قالما. كونىلار «ئەر كىشى ئۆينىڭ تۈۋرۈكى» دەيتىكەن، سەن ئۆيىگىلا ئەمەس، ئەلگە تۈۋرۈك بولغۇدەك جاسارەت بىلەن ياشا، ئوغلۇم.

بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق پاراڭى ئەمەس ئىدى. بۇنداق

پاراڭلار بۇ ئاتا ـ بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى. شەمشىدىن ھاجىمنى مەكتەپتىن توختىتىۋېلىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرىدىغان ۋاقىتتىمۇ دادا ـ بالا ئىككىسى ناھايىتى ئۇزاق پاراڭلاشقانىدى. شۇ كۈنىمۇ شەمشىدىن ھاجىم نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغان، كۆڭلىدە دادىسىغا قايىللىقى قوزغالغانىدى.

ــ دادا، يەنە بىر ئىش بار ئىدى ...

ــ ھە، دېگىنە، قانداق ئىش ئۇ؟

ــ چۈشتىن كېيىن دۇكانغا نىيازقارىي تاغام كەپتۇ: «ئالىمجان يەنە ‹ زىيان چىقتى› دەپ دۇكىنىنى تاقىۋېتىپ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىپ بەرسەڭلار. بۇ ئىشنى ئاچامغىمۇ دېمىدىم، ھاجىمكامغا سىلى دەپ باقسىلا. مەن بالىغا كۆپ نەسىھەت قىلدىم، لېكىن يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەشكە تېخى ئۇنىمايدۇ. بۇ قېتىم ياخشىراق بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسا بولاتتى» دەيدۇ. قانداق قىلىمىز، سىلى بىر نېمە دەپ باقسىلا، دادا.

ــ ئالىمجان؟ نىيازقارىينىڭ ئىككىنچى ئوغلى شۇمۇ؟

ــ ھەئە، شۇ .

ــ زەرگەر ئەمەسمىدى ئۇ بالا؟ ــ ئەجەبلەندى باھادىرخان ھاجىم، ــ سەندىن ئۈچ ـ تۆت ياش چوڭ كېلىدىغۇ ـ ھە؟

ــ شۇنداق، ئۇ زەرگەرلىكنى تاشلاپ كومپيۇتېر سېتىش دۇكىنى ئاچقان، كېيىن ئۇنى تاقاپ پەرداز بۇيۇملىرى دۇكىنى ئېچىۋاپتىكەن، ئەمدى شۇنى تاقىغان ئوخشايدۇ.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ چىرايىغا ئەپسۇسلۇق تېپىپ چىقتى. كۆككە مايىل چوڭ كۆزلىرى ئوغلىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى:

ــ نېمانداق مەۋقەسى يوق ئادەم بولغاندۇ، ئۇ بالا؟ ئادەم ئۆزى قىلىپ كۆرمىگەن، ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەيدىغان ئىشقا ئالدىراپ قول سالماسلىقى كېرەك ئىدى ئەمەسمۇ! زەرگەرچىلىك

بىلەن كومپيۇتېر، كومپيۇتېر بىلەن پەرداز بۇيۇملىرى بىر - بىرىگە ئازراقمۇ يېقىن كەلمەيدىغان كەسىپلەر تۇرسا. ھۈنەرنى تاشلاپ يامان قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە زەرگەرچىلىك دېگەن زىل ھۈنەر، ئاسانلا ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. شاختىن شاخقا ئاتلىماي ھۈنىرىنى ئوبدانراق قىلغان بولسىچۇ! ھازىر زەرگەرچىلىك دېگەن تازا گۈللەنگەن زامان تۇرسا، — باھادىرخان ھاجىم گېپىنى توختىتىپ شەمشىدىن ھاجىمدىن سورىدى، — بۇ بالىنىڭ ئىشىنى سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن، دەپ باققىنە، بالام؟

— بىرەر تارماق دۇكان ئېچىپ بەرسەك بولارمۇ؟ چوڭ ئىشلارغا ھازىرچە يېقىن ئەكەلگىلى بولمايدۇ.

— مېنىڭچە، ئوغلۇم، بۇ بالىدا سەۋر - تاقەت كەمدەك قىلىدۇ. بىر تىجارەتچىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم نەرسە دىت بىلەن سەۋر. سەۋر قىلىشنى، پەيت كۈتۈشنى بىلمىسە سودا قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھازىرچە چوڭ دۇكاندا ئىشلىسۇن، ئىش ھەققىنى باشقا بالىلار بىلەن ئوخشاش بېكىتىپ بەرگىن. بىرەر يىل ئىشلەپ كىيىم - كېچەك تىجارىتىنى چۈشەنسۇن، ئۆگەنسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ سەن دېگەندەك تارماق دۇكان ئېچىپ بەرسەكمۇ ئۈلگۈرىدۇ ...

چىراغ نۇرى ئۆينى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. تېلېۋىزور ئۆچۈرۈۋېتىلگەن، ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت، ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ تۆۋەن ئاۋازدا پاراڭلاشقان گۇڭگۇر - مۇڭغۇرلىرى ھويلىغا بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باھادىرخان ھاجىم تامغا يۆلىنىپ، شەمشىدىن ھاجىم بولسا سۇپىنىڭ لېۋىدە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. باھادىرخان ھاجىم يەنە گەپ باشلىدى:

— قارا، ئوغلۇم، بىر - ئىككى يىل بولدى، دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئۆزىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىمىزمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ. بىز تۈركىيە كىيىملىرى سودىسىنى باشلىغاندا ئۆزىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك -

ئىچمەك كارخانىلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى، بارلىرىمۇ ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان ھەم تۇرىمۇ ئاز ئىدى. ھازىر قارىسام ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن كىيىملەرمۇ بىز سېتىۋاتقان تۇركىيە كىيىملىرىدىن ھېچ قېلىشمىغۇدەك سۈپەتلىك ئىكەن. ئالىمجان يېنىمىزدا بىرەر يىل ئىشلەپ سودىغا پىشسا، ئۆز كارخانىلىرىمىزدىن بىرەرسىنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى ئۇقۇشۇپ بېرەرسەن. ئۆز كارخانىلىرىمىزنىمۇ قوللىمىساق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىكەن. خەلقىمىزنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىگىمۇ تازا ماس كېلىدۇ.

— دادا، ھازىر ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن كىيىملەرمۇ بەك داڭلىق، شۇنداق پۇزۇر، سودىسىمۇ ياخشى. ۋاكالەتچىلىكىمۇ بۇ كەمگىچە تۇرمايدۇ، تالىشىپ ئالىدىغانلار كۆپ. ئالىمجان ئاۋۋال سودىغا كىرىشسۇن، بارمەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز. لېكىن، ئانام نېمە دەر، دادا؟ «ئىنىمنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنى نىمكار قىپسەن» دەپ مەندىن رەنجىپ قالارمۇ؟

— بالام، ئاناڭمۇ ئۇنداق دېمەس، دەپ قالسىمۇ ئۇ بالىغا ھازىرلا تارماق دۇكان ئېچىپ بەرسەك يەنە يېرىم يىلدىلا ئۇنىمۇ تاقايدۇ. دۇكاننى تاقىسىغۇ ئۆزىنىڭ ئىشى دەيلى، لېكىن بىز سېتىۋاتقان ماللارنىڭ ئىناۋىتىگە ئىگە بولمىساق بولمايدۇ. يېڭىدىن بىرەر شىركەت بىلەن ھەمكارلاشساقمۇ لەۋزىمىزدە تۇرمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، ئالىمجانمۇ پىشىشى كېرەك. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى چۈشىنىشى، شۇ ئىشقا قەلبىدە ئىشتىياق باغلىشى زۆرۈر. كەسپىنى چۈشىنىشكە، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولغان ئىشتىياق پۇل تېپىشقا، باي بولۇشقا بولغان ئىشتىياقتىن كۆپ مۇھىم. بولمىسا، قىلىۋاتقان ئىشىڭ ھەرقانچە ئۇلۇغ ئىش بولسىمۇ مەغلۇپ بولىسەن. سەن بىرەر ھۈنەر ياكى سودىغا پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن بېرىلىدىغان بولساڭ، پۇل دېگەن ئۆزلۈكىدىن يىغىپ كېتىدۇ. ئەتە ئالىمجاننى مېنىڭ

يېنىمغا ئەۋەتكىن، ئۇ سەندىن چوڭ، ئاكا يوللۇق، شۇڭا سەن گەپ قىلساڭ ئېغىر ئېلىپ، رەنجىپ يۈرمىسۇن، ئۆزۈم سۆزلىشەي. ئەگەر سىنىڭ يېنىڭدا ئىشلىسە ساڭا ئەپسىز بولسا، مېنىڭ يېنىمدا ئىشلىسىمۇ بولىدۇ.

— ماقۇل، دادا، ئاۋۋال يانلىرىغا بارسۇن، سىلى بىر سۆزلىشىپ كۆرسىلە، ئۆزى نېمە دەيدىكىن؟

باھادىرخان ھاجىم ھاردۇق يەتكەندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرۇشىدىن مۈگدەپ قالغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. شەمشىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ تىنىقىنىڭ رىتىملىق ھەم تۆۋەن چىقىشىدىن ئۇخلىمىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، خىيالىنى بۇزۇپ قويغۇسى كەلمەي پىيالىلەرگە چاي جىقلاپ، دادىسىنىڭ بىرەر سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— قارا، بالام، — دېدى باھادىرخان ھاجىم ئېغىز ئېچىپ، — ئۇزاق بولدى ئىچىمنى مىڭ قۇرت غاجاۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. يا كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدۇ، يا بۇ دەرد جىم تۇرغۇزمايدۇ.

— نېمە ئىش، دادا؟ — شەمشىدىن ھاجىم بىرەر ئىش بولغانمىدۇ دەپ ئەنسىرەپ دادىسىغا تەلمۈردى، — بىرەر ئىشقا ئىچلىرى پۇشۇپ قالدىمۇ؟

باھادىرخان ھاجىم ئۇزاق زامانلار بۇرۇنقى بىرەر ئىشنى ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك ياكى بۇرۇنقى بىرەر ئىش كۆڭلىنى خىرە قىلغاندەك كۆزلىرىنى ئۇدۇل تامغا تىكىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

— يېقىندىن بۇيان، ئاكاڭ ئىككىڭلارنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتمىغىنىمغا ئۆكۈنۈپ يۈرۈۋاتىمەن. مۇشۇ ئىش يۈرىكىمنى يەپ بولاي دېدى. سىلەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولساڭلار ھازىرقىدىنمۇ ياخشى ئىشلارنى، چوڭ ئىشلارنى قىلالايتتىڭلار. ئەلۋەتتە بۇ گەپلىرىم پۇل ئۈچۈنلا ئەمەس. ھازىر سىلەردەك

ياشلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئاجايىپ كاتتا ئىكەن. بىزنىڭ جەمەتىمىزمۇ ئەسلىدە باشلامچى جەمەتلەردىن ئىدى. سىلەرنى ئوقۇتماي قويغان شۇ ئىش تۈپەيلىدىن پۈچۈلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ئەگەر سىلەرنى ئوقۇتقان بولسام، ئېلىپساتارمەنلىك قىلىدىغان ئەنئەنىۋى سودا ئۇسۇلىدىن باشقىچىرەك بىر يولغا ئۆتەلەيتتىكەنمىز. زاۋۇت، كارخانىلىرىمىز بولاتتىكەن. ھەممە ئىش ھازىرقىدىن كۆپ پەرقلىق بولاتتىكەن.

شەمشىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ نېمىگە پەرىشان بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. لېكىن، دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ يۈرىكىنى بىرسى پەسكە تارتقاندەك بىئارام بولدى. ئۇ دادىسىنى بۇنداق دەيدۇ دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ ئىشقا ئىچى كۆيۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، خوتەن، غۇلجىلاردا دوستلىرى بار ئىدى. دوستلىرىنىڭ بەزىلىرى تىجارەتچى، لېكىن كۆپ قىسمى زاۋۇت قۇرۇۋاتقان، شىركەت ئاچقان، توختىماي ئىزدىنىدىغان، ئىدىيەسى ئوچۇق، خاراكتېرى كۈچلۈك ئوتتەك قىزغىن بالىلار ئىدى. ئۇنىڭمۇ يۈرىكىدە شۇنداق ئوتلار كۆيۈۋاتقىلى خېلى بولغانىدى. دېمەك، يەنە دادا ـ بالا ئىككىسى بىر ئوتتا كۆيۈپتۇ.

— دادا، ھەرگىز ئۆكۈنمىسىلە، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى غەشلىكىنى چاندۇرماي دادىسىغا تەسەللى بېرىپ، — بۇرۇن كۆپ ئوقۇيالمىغان بولساقمۇ، ھازىر شارائىت بەك ياخشى، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن بىلىمنى تولۇقلاپ، نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. كىچىكتىن چوڭغىچە ھەممىنى ئۆگىتىدىغانغىمۇ شىركەتلەر، مەكتەپلەر، كۇرسلار قۇرۇلدى. ھەتتا يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ توردىلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مۇھىمى ئۆگىنىشنى خالايدىغانلا ئادەم بولسا يول دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ.

— بالام، ھەرقانچە تولۇقلىغان بىلەنمۇ ئەسلىدىكىدەك

بولمايدۇ. سىلەرغۇ ئۆگىنىپ تۇرۇۋاتىسىلەر، لېكىن ئەقىل ـ پاراسىتىڭلارنى، غەيرىتىڭلارنى مەن ۋاقتىدا كۆكلىگىلى قويماي نابۇت قىلىۋەتتىمىكىن دەپ ئۆكۈنىمەن. شۇڭا، ئوغلۇم، توختىماي ئۆگەن، ئۆزۈڭنى كۈچلەندۈر. بولمىسا مېنىڭ ئىچ پۇشۇقۇم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. سىلەرمۇ ئاشۇ زاۋۇت قۇرۇۋاتقان، شىركەت قۇرۇۋاتقان، كارخانىلاشقان، ئوقۇپ ئالىم، دوكتور بولۇپ ئالەمگە تېتىۋاتقان يىگىتلەرگە ئوخشاش چەبدەس بالىلار ئىدىڭلار، ئىسىت دەيمەن...

— ھېلىمۇ شۇنداق بولالايمىز، دادا. ئاكام، ئاچاملار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىۋاتىمىز، پىلانىمۇ تۈزۈۋاتىمىز، ۋاقتى كەلگەندە شىركەتمۇ بولىدۇ. ئەگەر مەبلىغىمىز يېتىشسە، ھازىرقى توختاملاشقان زاۋۇتنىڭ تارمىقىنى دۆلىتىمىز تەۋەسىدە قۇرۇش ھەققىدە سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ تىرىشساقلا ئەجرىمىز يەردە قالمايدۇ. ئۇلارنى ئويلاپ ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ يۈرمىسىلە، سىلى بىزگە ئەڭ ياخشى بىر ئۈلگىنى — قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئەر بولۇش، قانداق ئاتا بولۇشنى ئۆگەتتىلە. مەن سىلىدەك دادام بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن، دادا.

— رەھمەت، بالام. مېنىڭمۇ ئەمدى ئىشلارنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، مەن ھەرقانچە كۈچىسەممۇ بۇ كاللام بىلەن ھازىرقى جاھانغا ماس كېلىپ بولالمىغۇدەكمەن. قېرىپتىمەن...

— سىلىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى نەچچە يىل ئوقۇپمۇ ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدۇ، دادا. كۆڭۈللىرىنى ھەرگىز مالال قىلمىسىلا. نىيەت بىلەن تىرىشچانلىق بولسىلا ئادەم ھەممىنى قىلالايدۇ.

— چىقىپ ئارام ئال، بالام، مەنمۇ ھېرىپ قاپتىمەن. سېنىڭ ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىڭ جىق، سەھەردە باشلىمىساڭ تۈگىمەيدۇ. ھە راست، ئەتە نىشانلىغان يەرلەرگە كۆمۈرنى

يەتكۈزۈپ بېرىپ بولۇپ، ئۆيگىمۇ كۆمۈر چۈشۈرگۈزۈۋەتكەن، مەش قويۇۋالايلى ، بالىلار توڭلاپ قالمىسۇن.

— بولىدۇ، دادا، — شەمشىدىن ھاجىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىغا يول بېرىپ يانغا ئۆتۈپ تۇردى، — ئەمىسە ياخشى ئارام ئالسىلا، دادا !

— سەنمۇ شۇ، بالام !

شەمشىدىن ھاجىم دادىسى بىلەن خوشلىشىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.



ئون يەتتىنچى باب

# ئايىنىگار خېنىم

ناشتىنىڭ قاچىلىرىنى يۇيۇۋاتقان پەرىدە خېنىم قېيىنئانىسىدىن سورىدى:

— ئاپا، ئايىنىگار خېنىم ئاچامغا تېلېفون قىلىپ دەپ قويدۇم، ئابدۇراخمانجان ئاكام ئۆيدە يوق ئىكەن، ئايىنىگار خېنىم ئاچام بىلەن باللار كېلىدىغان بولدى، نېمە تاماق ئېتىمىز؟

سۇلتاننىسىپ خېنىم قاپاقلىرىنى سوزۇپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، كېچىدىن تازا ياخشى ئۇخلىيالمىدىمۇ قانداق، چىرايلىق قاپاقلىرى ئازراق ئىششىپ قالغانىدى.

— كاۋا مانتىسى ئەتسەڭلار بولامدىكىن، باللار بەك ئامراق ئىدى، ئايىنىگار خېنىم خىزمەت بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ ئېتىپ بېرەلمىدى ھەرقاچان...

پەرىدە خېنىم يۇيۇپ بولغان چىنىلەرنى ئىشكاپقا سېلىۋېتىپ، پەرتۇقنى يەشكەچ:

— ماقۇل، ھازىر كاۋىنىڭمۇ تازا پىشقان ۋاقتى. ئۆيدە كاۋا يوق ئىدى، دىككىدە بازارغا چىقىپ ئەكىرەي ئەمىسە، باشقا لازىملىق نەرسىلەر بارمۇ، ئاپا؟ بىراقلا ئەكىرەي، — دەپ قېيىنئانىسىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى ساقلاپ تۇردى.

— ماقۇل، سىلى كاۋا ئەكىرگۈچە گۈلزىنىنەت خېنىم خېمىر يۇغۇرغاچ تۇرسۇن، قولمۇ قول ئەتسەڭلار بىردەمدە پىشىدۇ. باشقا نەرسىلەرمۇ تولۇقتەك تۇرىدۇ، بولمىسا ئۆزلىرى

تۇڭلاتقۇغا قاراپ باقسىلا، كەم نەرسىلەر بارمىكىن...
پەرىدە خېنىم بازارغا چىقىپ كەتتى.
— ئاپا، مانتىنىڭ خېمىرىغا قانچىلىق ئۇن ئالسام بولىدۇ؟ — گۇلزىننەت خېمىر يۇغۇرىدىغان داسنى تۇتۇپ قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.
— جىقراق يۇغۇرسىلا، دۇكانغىمۇ چۇشلۇك تاماق ئاپىرىمىز، ئۇن تاغىرىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك كۇرەكتە تۆت كۇرەك ئۇن ئالسىلا يېتەر... تۇزنى ئازراق سېلىپ، خېمىرنى چىڭ يۇغۇرسىلا. پېتىرمانتىنىڭ خېمىرى تۇزلۇق بولۇپ قالسا مانتا قارا ھەم قاتتىق بولۇپ قالىدۇ، بوش يۇغۇرۇپ قويسىلا تېگى چاپلىشىپ قېلىپ تېشىلىپ كېتىدۇ.
— ماقۇل، ئاپا... — گۇلزىننەت كىچىك داستىخاننى داسنىڭ ئاستىغا سېلىپ قېيىنئانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلىدى.
پەرىدە خېنىم بازاردىن كىرىپلا كاۋىنى ئاقلاپ، ئۇششاق توغراپ، گۆش، پىياز، قارىمۇچ سېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزىل، كۆك مۇچنى ئۇششاق چاناپ سېلىپ قىيما تەييارلىدى.
گۇلزىننەت جىلتىنى نېپىز ئېچىپ بەردى. مانتىنىڭ جىلتىسىدىن قىيمىلىرى كۆرۇنۇپ ، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ يېگۇسىنى كەلتۇرەتتى.
— دەسلەپتە پىشقىنىنى بىر تەخسىگە ئېلىپ ئاغزىنى يېپىپ چۇمكەپ قويۇڭلار، باللار مەكتەپتىن كېلىپ يەپلا ماڭسۇن، كېيىنكىسىنى دۇكانغا ئاپىرىپ بېرىڭلار...
— پەرىدە خېنىم ئاچا، دۇكانغا بۇگۇن يەنە سىلى بارارلىمۇ؟ بايىمۇ بازارغا سىلى چىقتىلا... مەن باراي دېسەم بىلمەيدىكەنمەن.
گۇلزىننەت پەرىدە خېنىمنىڭ شۇنچە ئېغىرلىشىپ قالغان قورسىقى بىلەن يەنە شۇنداق يېنىك ھەرىكەت قىلىپ يۇرگىنىدىن ھەيران قالاتتى، ئۇنىڭ ھاسىراپ قىلىۋاتقىنىنى

كۆرۈپ بەزىدە ئەنسىرەپمۇ قالاتتى.

— بۈگۈن سىلى بېرىپ شەمشىدىن ھاجىمنى بىر خۇش قىلىۋەتسىلە، ئارقا ئوردا كوچىسىدىن ئايلىنىپلا چىقسىلا ئاسانلا تاپالايلا. ئۆزىنىڭمۇ سىلىنى كۆرگۈسى كېلىپ ئاران تۇرغاندۇر ...

پەرىدە خېنىم گۈلزىننەتكە قاراپ ھەييارلارچە كۈلۈپ قويدى. گۈلزىننەت پەرىدە خېنىمنىڭ گېپىدىن خىجىل بولۇپ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

دەرۋازا ئېچىلىپ ۋېلىسىپىتلەرنىڭ جاراق - جۇرۇقلىرى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئايىنىگار خېنىمنىڭ بالىلىرى چۇۋۇرلىشىپ كىرىپ كەلدى.

— خان ئانا، بىز كەلدۇق.

نەۋرىلەر يۈگۈرۈشۈپ چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— مۇرادىلجان، تىنچ كەللىمۇ، بالام؟ جېنىم بالام، توڭلاپ كېتىپلا - ھە؟ مەنزۇرە خېنىم، كەلسىلە، بالام، سۆيۈپ قوياي، بويلىرى يەنە ئۆسۈپ كېتىپتۇ، بويىنىڭ مەن بىلەن تەڭ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان! — سۇلتانىنىسىپ خېنىم نەۋرىلىرىنى يېنىشلاپ سۆيدى، — ئاپاڭلار قېنى، بالام؟

— بىز مەكتەپتىنلا كەلدۇق، ئاپام يولدا كېلىۋاتامدىكى ... بالىلارنىڭ يۈزلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى.

— تالا خېلى سوغۇق ئوخشايدۇ - ھە؟ كېلىڭلار، تاماقنى پىشۇرۇپ چۈمكەپ قويغان، ئىسسىقىدا يەۋېلىڭلار.

مەنزۇرە خېنىم كېلىنلەرگە يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى، مۇرادىلجان كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋاللىرى، ئانا؟

بالىلارنىڭ كەينىدىنلا كىرگەن ئايىنىگار خېنىم ئانىسىنىڭ يۈزىگە سۆيدى، كېلىنلەر بىلەنمۇ يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى. جىيەنلىرى ئۇنى كۆرۈپلا ئويناۋاتقان يېرىدىن يۈگۈرۈپ كىردى.

— ئاي ئاپا!

— ئاي ئاپوۋ...
— ۋاي - ۋوي... مېنىڭ يۈرەك پارىلىرىم...
ئايىنىگار خېنىم بالىلارنى كۆتۈرۈپ، سۆيۈپ، سومكىسىدىن ساپاقلىق كەمپىت، پېچىنە، شاكىلاتلارنى ئېلىپ بەردى.
— كىتاب قېنى؟ سىلى كىتاب ئالغاچ كېلىمەن دېگەنغۇ، ئاي ئاپا؟
— ماڭىمۇ... — بالىلار مۆلدۈرلەپ ئەركىلەپ تۇراتتى.
— بار... قاراڭلار مانا... — ئايىنىگار خېنىم سومكىسىدىن بالىلارنىڭ رەسىملىك چۆچەك كىتابلىرىنى ئېلىپ ئىككىسىگە بىردىن بەردى. ئاندىن كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ ئۆيدىكىلەردىن قايتا ئەھۋال سورىدى، — تىنىچ - ئامان تۇردىلىمۇ، ئانا؟ دادامچۇ، تىنچلىقمۇ؟ يەنە دۇكانغا چىقىۋاتامدۇ؟
ئايىنىگار خېنىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازىنغا كەلمىگىلى خېلى ئۇزاق بولغانىدى.
— ئۆزلىرى قانداقىراق تۇرىلا، پەرىدە خېنىم؟ خېلىلا ئېغىرلىشىپ قاپلا، دىققەت قىلىسىلا، مۇشۇ ۋاقىت بەك زىل. قوتىبىدىن ھاجىمدىن خەۋەر كېلىپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟ — ئۇ جايلىشىپ ئولتۇرغاچ ھەممەيلەندىن ئەھۋال سورىدى.
پەرىدە خېنىم ئەركىلەپ، كىتابلىرىنى كۆرسەتكىلى يېنىغا كەلگەن بالىلىرىنى سۆيۈپ قويغاچ جاۋاب بەردى.
— ياخشى، رەھمەت، ئايىنىگار خېنىم ئاچا، دىققەت قىلىۋاتىمەن.
— گۈلزىننەت خېنىم، كۆڭۈل قالدىلىمۇ، ئۇكام؟ كېلىپ ئەھۋال سوراپ كەتكۈدەكمۇ ۋاقىت چىقماي كەتتى...
— كۆڭۈل قالدىم، رەھمەت، ئايىنىگار خېنىم ئاچا...
— خۇداغا شۈكۈر، بالام، ھەممىمىز يامان ئەمەس. ئەجەب ئۇزاق بولدى، كەلمىلىيا؟ — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم سەل ئاچچىق ئارىلاش، — بالىلارنىمۇ ئەۋەتمىلە؟ تىنچلىقتۇ؟ ئەنسىرەپ قالدۇق، بالام ... ئانىنىڭ ئۆيى دېگەندە ئازنا قىلىدىغان

گەپ بار جۇما...

— ۋاي، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، ئانا. ئوقۇغۇچىلىرىم بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇلارغا بەكرەك كۆچىمىسەم بولمايدىكەن. ئابدۇراخمانجان تويدىن كېيىنلا ناھىيەگە خىزمەتكە چۈشۈپ كەتكەنچە تېخى كەلمىدى. نۇرخېنىم ئاچامنىڭ كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىپ قالدى، ئابدۇراخمانجان تېخى يوق، كۈندە بىرەر قېتىم بېرىپ ئاپامدىن ئەھۋال سوراپ، نۇرخېنىم ئاچامنى يوقلاپ كەلمىسەم تېخى بولمىغان شۇ ... شۇڭا، ۋاقتىدا كېلەلمەي قالدىم.

— نۇر خېنىم ئۆزىنىڭ ئۆيىدىمۇ ياكى چوڭ ئۆيدىمۇ؟ ئەجەب دەرد تارتىپ كەتتى شۇ بىچارە، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، نۇرخېنىمغا ئېچىنىۋاتقىنى ئاۋازىدىن چىقىپ تۇراتتى، — ياش يوپۇرماق ئىدى تېخى، خۇدايىم شىپالىق بېرەر... نەدىن چىقتى شۇ نەس كېسەل، ھەممە ئىشقا چارە تېپىلىدىكەن، لېكىن شۇ نەسكە داۋا تېپىلمىدى.

— نۇر خېنىم ئاچام چوڭ ئۆيدە . ئاپام «ئۆزۈم باقىمەن» دەپ ياندۇرۇپ چىققان. باللىرىمۇ شۇ يەردە، مەمەتيۈسۈپ ئاكامۇ شۇ ئۆيدە ... ئامال بولمىغاندىكىن ھەممەيلەن بىشىدا قاراپ ئولتۇرىدۇ. بەك ئاغرىپ كەتكەندە ئۇرىدىغان بىر ئوكۇل بار ئىكەن، دوختۇرخانىغا ئاچىقساق شۇنى ئۇرۇپ قويسا سەل ئارام تاپىدىكەن، بولمىسا چىدىغۇسىز ئاغرىيدىكەن.

— ئەتىگىچە بېرىپ يوقلاپ كېلەي، قازايىقەدەر بولۇپ قالسا سەت تۇرمىسۇن، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئايىنىگار خېنىمغا ھەم باللارغا چاي قۇيۇپ قويدى، — ئالسىلا، بالام، ئىسسىقىدا، نىمانداق يېمەيلا؟ مۇرادىلجان، سىلىمۇ ئالسىلا، بالام، باللارنى زورلاپ قويسىلا، ھېلى ئالدىرايمىز دەپ ئاچ قورساق قوپۇپ كەتمىسۇن.

— باللىرىم، تاماقنى ئىتتىكرەك يەڭلار، ۋاقىت ئاز قالدى، — ئايىنىگار خېنىم باللارنى ئالدىراتتى، — ھېلى يولدا

ئالدىراپ قالىسىلەر، دۇكانغا ئاپىرىدىغان تاماقنىمۇ سىلەر ئاپىرىپ بېرىپ ئۆتۈپ كېتىڭلار، يول ئۈستى بولغاندىكىن...

— بولدى، بالىلارنى ئاۋارە قىلمايلى سوغۇقتا. يا دۇكاندىكى بالىلاردىن بىرەسى كېلەر، يا پەرىدە خېنىم دىككىدە ئاپىرىپ بېرىپ كېلەر...

— ئۇلگۇرىدۇ، مەنمۇ ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە بېرىپ تاماق قىلىمەن، شۇمۇ ئۇلگۇرىدۇ ئەمەسمۇ. ئاپا، پەرىدە خېنىم بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، ئۆزى يالغۇز سىرتلاردا مېڭىپ يۈرمىسۇن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بىر تەكشۈرتۈپ باقامدۇق يا؟

— پەرىدە خېنىم ، دوختۇرخانىغا قاچانراق چىققانتىلە؟ ھامىلىدارلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پات ـ پات تەكشۈرتۈپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى.

— ئالتە ئايلىق بولغاندا بىر قېتىم تەكشۈرتسەك نورمال ئىكەن دېگەن، شۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرتۈپ باقمىدىم.

— يېقىن ئارىدا بىر تەكشۈرتىۋەتسىلە.

— ئانا، گۈلزىننەت خېنىم خېلى كۆنۈپ قالدىمۇ؟ ئەھۋال سوراپ كەتكۈدەكمۇ بولالمىدىم.

— خېلى ئوبدان يۈرىدىغۇ، كۆنمىگۈدەك نېمە ئىش بار دەيلا، بالام، بىر چىرايلىق ئەر، بىر ئوبدان ئۆي، كۆنىدۇ ـ دە !

ئاينىگار خېنىم تاماق ئېتىۋاتقان كېلىنلەر تەرەپكە قارىدى، گەرچە يامان گەپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئاينىگار خېنىم خىجىل بولغاندەك كېلىنلەرگە قاراپ قويۇپ:

— شۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئانا، گۈلنىمۇ تەشتىكىدىن سۇغۇرۇپ باشقا بىر تەشتەككە يۆتكەپ كۆچۈرسىمۇ نەچچە كۈن سولىشىپ يا تۇتۇپ قالىدۇ، يا قۇرۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆيىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر ئۆيگە كەلگەندىكىن ئاسانلا كۆنۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، سىلى، بىزمۇ كېلىن بولۇپ باققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلزىننەت خېنىم تېخى

كىچىك، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ئەمەسمۇ... — دېدى.

سۇلتاننىسىپ خېنىمغا بۇ گەپ تېتىمىغاندەك قاشلىرىنى لىككىدە ئېتىپ قويۇپ:

— ئىشىم ئالدىراش دەيلا، كىر ـ قاتنى قانداق قىلىۋاتىلا، بالام؟ كەچتە يېرىم كېچىگىچە باللارغا تاپشۇرۇق ئىشلىتىلا ھەرقاچان. بالىنى قىينىماي ئۇيغۇرچە مەكتەپكە بېرەيلى دېسەم تېخى ئۇنىمىلا، ئەمدى ئۆزلىرىنىمۇ، بالىنىمۇ قىيناپ... كىرلەر يىغىلىپ قالغان بولسا ئەكېلىپ بەرسىلە ، گۈلزىننەت خېنىم يۇيۇشۇپ بەرسۇن. كۈندە نەچچە قېتىم نۇر خېنىمنى يوقلايمەن دەيلا، يىقىلىپ قالمىسىلا ئارام ئالماي چېپىپ يۈرۈپ، — دېدى.

ئاينىگار خېنىم تاماق يېيىشتىن توختاپ قولىنى سۈرتتى.

— ئەنسىرىمىسىلە، ئانا. باللار دەرسلىرىگە يېتىشىپ كېتىپ باردۇ، لېكىن يەنە يېتەكچىلىك قىلىمەن شۇ. مەكتەپتە شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ھېلى باھالاش، ھېلى تەكشۈرۈش كېلىدۇ دەپ ئىشلىتىۋاتقان. خىزمەت قىلماقمۇ تەسلىشىپ كەتتى مۇشۇ كۈنلەردە... تېخى ئايدا بىر كۈندىن كەچتە نۆۋەتچىلىك قىلىپ مەكتەپتە قونىمىز، ئۇنداق كۈنلەردە بالىغا ئابدۇراخمانجان يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئەمدى قانداق قىلىمەنكى؟ كۈندە تېخى بەرىكەت يوق، تاڭ ئاتتى دەپ كۆزنى ئېچىپ بولغۇچە كەچ كىرگەن، — ئۇنىڭ چىرايىدا ھارغىنلىقنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى، — كىرلەرنىمۇ ئۆزۈم يۇياي، ئانا، كىر ئالغۇ بولغاندىكىن، بۇلارمۇ ئۆي ئىشىدىن بىردەم بېرى كېلەلمەيدۇ... — دېدى ئۇ خىجىللىق ئارىلاش.

— قوللىرىنى سۈرتىۋەتتىلىغۇ؟ يەنە ئىككىنى ئالسىلا، — سۇلتاننىسىپ خېنىم قىزىنى تاماققا زورلىدى.

— ئوبدان يېدىم، ئانا، تازا تەس تاماق ئېتىپسىلەر، — ئۇ شۇنداق دەپ كېلىنلەرگە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى.

— ئىشقىلىپ بۇلار سىلىدەك ئالدىراش ئەمەس. كىرلەرنى ئەتە ئەكىلىپ قويسىلا، مەنمۇ بولغاندىكىن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ئەجەبلىنىپ ئاينىگار خېنىمغا قارىدى:

— مەكتەپتە نۆۋەتچىلىك قىلىپ، دەپتەر - كىتابلارنى ساقلامسىلەر، بالام؟ كەچقۇرۇندا يا باللار مەكتەپتە بولمىسا، ئايال كىشىنىڭ سىرتتا قونۇپ يۈرگىنى نەدە بار ؟ !

— يۇقىرىدىن شۇنداق ئۇقتۇرۇش بارىمىش، شۇڭا نۆۋەتچىلىك قىلىمىز، بولمىسا مەكتەپتىغۇ ساقلىمىساق بولمايدىغان مۇھىم نەرسىلەرمۇ يوق.

— بۇنىڭدىن كېيىن چۈشلۈك تاماقتا مۇشۇ ئۆيگىلا كېلىڭلار، شۇ باھانىدە بولسىمۇ ئازراق دەملىرىنى ئېلىۋالارلا.

— بولدى، ئانا، ئەتىگەندە تەييارلىقنى قىلىپ قويۇپ كەتسەم چۈشتە تاماق ئۇلگۇرىدۇ. باللار ئۆيگە كېلىپ كۆنگەن، ئۆيمۇ مەكتەپكە يېقىن بولغاندىكىن قولايلىق.

— كىرلەرنى ئەۋەتمۇەتسىلە ئەمىسە، بۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىڭلىسىدەك، يۇيۇپ قويسۇن...

ئاينىگار خېنىم بىردەم تارتىنىشتى - يۇ، «ياق» دېمىدى.

باللار سومكىلىرىنى يۇدۇپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىشتى.

پەردە خېنىم داستىخانغا ئوراپ ياغلىقتا چىگكەن تاماقنى مەنزۇرە خېنىمغا بەردى:

— ئاۋارە بولۇپ قالىدىغان بوللا، ئۇكام، يولدا ئاۋايلاپ ماڭسىلا ئەمىسە.

— ياق، ئاۋارە بولمايمەن، ھاجىم دادام بىلەن كۆرۈشۈۋالىمەن تېخى...

مەنزۇرە خېنىمنىڭ ئانىسىنىڭكىدەك يۇمىلاق كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى.

— خان ئانا، ئەمىسە بىز مەكتەپكە ماڭدۇق، خوش.

— توختىسىلا، بالام، پۇل بېرەي، خەجلەپ مېڭىڭلار...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم قىزىنىڭ «بولدى، ئانا، يېنىدا پۇلى بار، بەرمىسىلىمۇ بولىدۇ» دېگىنىگە ئۇنىماي بالىلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. ئاينىگار خېنىممۇ قوزغالدى.

— ئاينىگار خېنىم ئاچا، بىر دەم ئولتۇرسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى پەرىدە خېنىم تۈگۈۋاتقان مانتىنى نانتاختىغا قويۇپ.

— رەھمەت، ھېلىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدۇق سىلەرنى، سىلەرمۇ تاماق يەۋېلىڭلار... مەن ئىشقا كېچىكىپ قالماي، ۋاقىت ئاز قاپتۇ.

ھەممەيلەن دەرۋازىغىچە چىقىپ ئاينىگار خېنىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىردى. پېشىن ۋاقتى بولغانىدى، سۇلتانىنىسىپ خېنىم چەينەكنى كۆتۈرۈپ مۇنچىغا ماڭدى، ئىككى كېلىنىنىڭ تامىقى تېخى تەييار بولمىغاچقا داۋاملىق مانتا تۈگۈشكە باشلىدى.

— پەرىدە خېنىم ئاچا، نۇر خېنىم دېگەن كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بىكار بولغان داس، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان گۈلزىننەت.

— نۇر خېنىم ئاينىگار خېنىم ئاچامنىڭ قېيىنئاچىسى، يەتتە يىل ئاۋۋال ئەمچەك راكى بولۇپ بىر كۆكسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالدۇرۇۋېتىپتىكەن. دوختۇرلارمۇ «ساقايدى» دەپتىكەنىمىش. لېكىن، بۇلتۇر يەنە بىر تەرەپتىكى كۆكسىدە قايتا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارسا «ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دەپتىكەن، قايتۇرۇپ ئەكېلىپ ئۆيدە بېقىۋېتىپتۇ. ياپياشلا، بەكمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى. قېيىنئانىسىنىڭ قېيىنئانىلىقى بەك قاتتىق ئايال ئىكەنىمىش، كىشىلەر «دەرد ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى» دېيىشىدىكەن... بالىلىرى ئەمدى تەييار بولغان، تېخى بىر قىزىنىلا ياتلىق قىلىپتىكەن، ئوغۇللىرىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

«قېيىنئانىلىقى قاتتىق» دېگەن گەپ گۈلزىننەتكە تەسىر قىلدى. «دەرد ئىچىگە چۈشۈپ كەتسە ئادەم ئاغرىپ قالىدىكەن -

دە. قانداق قىلسا دەرد ئىچىگە چۈشمەي ياشىغىلى بولار؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىغان بولسامۇ قېيىنئانىلىقى قاتتىق قېيىنئانام بولارمىدى؟» ئۇ ئەتراپىدىكى ئۆزى بىلىدىغان كېلىنلەرنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. ھەممىسىنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر دەردى ئىچىدە ئىدى. ئۇ خان ئاچىسىنى ئەسلىدى، ئانىسىغۇ خان ئاچىسىغا قاتتىق - قۇرۇق گەپ قىلمايتتى، خان ئاچىسىنىڭمۇ دەردى ئىچىدىمىدۇ؟

— تاماقلىرى سوۋۇپ قېتىپ قالدى، ئۇكام، نېمانداق يېمەي ئولتۇرىلا؟ — دېدى ئۇنىڭ تېخىچە كىچىك تەخسىدىكى ئاخىرقى بىر تال مانتىنى يېمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن پەرىدە خېنىم، — كاۋا مانتىسىغا خۇشلىرى يوقمىتى يا؟

— ياق، مەن كاۋا مانتىسىغا ئامراق...

پەرىدە خېنىم بالىلىرىنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ياتقۇزۇپ، ئۆزىمۇ يېنىغا قىيسايدى، لېكىن بالىلار ئانىسىدىن كىتابتىكى رەسىملەرنىڭ ھېكايىسىنى سوراپ ئۇخلىمايۋاتاتتى.



## ئون سەككىزىنچى باب

# پىچاق يارىسى

گۈلزىنىنەت ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇپ، تازىلاپ بولۇپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا قېيىنئانىسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گۈلزىنىنەت خېنىم! مۇرابىا قايىنىتىمىز، ئەتىگەنكى بېھىلەرنى ئادالىسىلا، سەۋزىنىمۇ قىرىپ سۇغا چىلاپ قويسىلا.

— ماقۇل، ئاپا، — ئۇ شۇنداق دەپ ئالدىراپ-تېنەپ قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئەتىگەن ئىشىك ئالدىغا كەلگەن دېھقاندىن سېتىۋالغان ئىككى سېۋەت بېھى بىلەن بىر قاپ يەرلىك سەۋزە بار ئىدى. گۈلزىنىنەت سېۋەتتىكى بېھىلەرنى يېرىپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى، ئاندىن قۇرت يېگەن جايلىرىنى ئويۇۋېلىپ، ئادالاپ يۇدى. تۇكلىرىنى پاكىز چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن سۇيى سارقىسۇن دەپ نانتاختىغا تىزىپ قويۇپ سەۋزىلەرنى قىرىشقا باشلىدى، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە مۇرابىا سالغاندا مۇشۇنداق قىلغىنىنى كۆرگەنىدى.

«كېلىن يوق ئۆيلەردە قانداق قىلىدىغاندۇ؟ ئىككى كېلىن بىردەم بىكار تۇرماي قىلساقمۇ تۈگىمەيدىغان بۇ ئىشلار كېلىن يوق ئۆيلەردە قانداق تۈگەيدىغاندۇ؟»

— ئانام!... — ئۇ تۇيۇقسىزلا ۋارقىراپ كەتتى.

سەۋزە قىرىۋاتقان پىچاق تېيىلىپ كېتىپ گۈلزىنىنەتنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەندى. قان چىقىۋاتقان قولىغا قەغەزنى بېسىپ

بىردەم تۇرۇپ قان سەل توختىغاندىن كېيىن سەۋزىلەرنى يەنە قىرىشقا باشلىدى.

— سەۋزىلەرنى يۇيۇپ قويۇپ، بېھىلەرنى توغرىسىلا، بېھى مۇرابباسى پىشقاندىن كېيىن سەۋزىنىڭكىنى سالىمىز، سەۋزە مۇرابباسىغا دادىلىرى ئامراق.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم قولىدىكى تەسۋىسىنى سىيرىغاچ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ گېپىنى دەپلا يەنە كىرىپ كەتتى.

گۇلزىننەت قان سىرغىپ تۇرغان قولىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سەۋزىلەرنى تۇرۇبىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ مۇزدەك سۇدا يۇيۇشقا باشلىدى. پىچاق كەسكەن قولى ئېچىشىپ بىردەمدىن كېيىن سوغۇق سۇنىڭ تەسىرىدىن ئاغرىقنى سەزمەس بولۇپ قالدى.

— سەۋزىنى يۇيۇپ بوللىمۇ؟ — دېدى قېيىنئانىسى، — ئەمدى بېھىلەرنى توغرىسىلا.

گۇلزىننەت «بېھىلەرنى قانداق توغرايمەن» دەپ سوراي دېدى ـ يۇ، قېيىنئانىسىنىڭ «شۇنىمۇ بىلمەملا» دەپ دوق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇرۇن ئۆزى يېگەن بېھى مۇراببالىرىغا ئوخشاش گۇلىدەك چوڭلۇقتا چاسا قىلىپ توغرىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم نانتاختىدىكى بېھى توغرامچىلىرىنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋاي ئانام ! نېمە بۇ؟ بېھى دېگەننى مۇشۇنداقمۇ توغرامدۇ؟ سىلى بېھى مۇرابباسى يەپ باقمىغانمۇ؟ قىلغان ئىشىنى ! .. بېشىدا قاراپ تۇرمىسىلا ئىشنى بۇزغان...

گۇلزىننەت بېشىنى ئېگىپ جىممىدە تۇردى، ئۇنىڭ تىنىقلىرى ئۆكسۈپ، ياشلىرى يۈرىكىگە قاراپ ئاقاتتى.

قېيىنئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بالىلىرىنىڭ يېنىدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ چىققان پەرىدە خېنىم بېھىلەرگە قاراپلا قېيىنئانىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

— يەنە سەل ئۇششاقلىساق بولىدۇ، ئاپا، — دېدى گەپنى ئۇڭشىماقچى بولۇپ، — نۇرئەلىجاننى ئۇخلىتىمەن دەپ كۆزۈم ئىلىنىشىپ قاپتۇ. مەن قىلاي، بىردەمدە قىلىپ بولىمىز، سۈمۈ قايناي دەپتۇ مانا، — دەپلا بېھىلەرنى قايتىدىن توغراشقا تۇتۇندى، لېكىن گۈلزىننەتنىڭ خېلىلا چوڭ تىلىنىپ، ئېچىشىۋاتقان قولىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە تويى بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن شەمشىدىن ھاجىم بىلەن بىللە «سالام»غا بارغانچە بېرىپ باقمىغانىدى. يا ئۆزى ئانامنىڭ ئۆيىگە باراتتىم دېيەلمەي، يا سۇلتانىنىسىپ خېنىم «سىلىنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىلىرى بار ئىدى، بېرىپ كۆرۈپ كېلەملا» دېمەي، كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئانىسىنى، دادىسىنى، ئاكىسىنىڭ بالىلىرىنى، يەنە ئۆزىدىن ئىككى ياشلا كىچىك ئىنىسى نۇردۇنجاننى بەكمۇ سېغىنغانىدى.

«يەردىن ئۈنۈپ چىققان چامغۇرنىڭمۇ ئۇرۇقى بولىدىغۇ! مەن دېگەن ئادەم، مېنىڭمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانامنى كۆرگۈم كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. ‹ئانىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئازنىغا باراملا› دەپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ بايا ئۆزى ئاينىگار خېنىم ئاچامغا دېدى بولمىسا ئانا دېگەننىڭ ئۆيىدە ئازنا قىلىدىغان ئىش بار دەپ. خان ئاچاممۇ مۇشۇنداق ھېرىپ كېتىدىغان بولغىيمىدى؟ لېكىن ئانام خان ئاچامغا ياردەملىشىپ بېرەتتى، تاماق ئەتكەندە مەنمۇ ياردەملىشەتتىم...»

ئانىسىنىڭ مېھرىبان چىرايى، دائىم مېھرى بىلەن قاراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا يۈرىكىگە ئېقىۋاتقان ياش تېشىغا تۆكۈلۈپ كەتتى، ئۇ چاندۇرماي دېگەنچە ياشلىرى ئۇلغىيىپ، ئاخىر ئېسەدەپ كەتتى.

— نېمە بوللا، ئارزۇلۇق؟ گەپ قىلغىلى بولمامدۇ سىلىگە! بېھىنى ئۇنداق يوغان توغراپ قويسىلا ئارىسىغا ئىسسىق ئۆتمەي خام قالغان بېھى مۇرابباسى نەچچە كۈندىلا بۇزۇلۇپ، كۆكىرىپ

قالامدۇ؟ نېمىگە شۇنچە قىلىپ كېتىلا؟ سىلى ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاقمىتىلە؟ «قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن، سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېسىمەن» دەيدىغان، مەن دېگەن ئانا! شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلالامدىمەن سىلىگە؟ ۋاي ئانام! ماۋۇ ئارزۇلۇقنى قانداق قىلارمەن ئەمدى، — ئاچچىقتىن سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ، يۈزى ئېسىلىپ كەتتى.

«كىچىككىنە تۇرۇپ بوزەك ئېتىپ باقماقچىمىكىنا، سىلىگە بوزەك بولىدىغان سۇلتانىنىسىپخان تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلمىدى». ئۇ ئىچىدە بىرمۇنچە كايىغاندىن كېيىن پۈتلىرىنى ئالدىغا سۇنۇپ، بېھى تۇغراۋاتقان پەرىدە خېنىمغا قاراپ ئولتۇردى.

— ئانا، گۈلزىنىنەت خېنىم كىچىك، بىلمەي قالغان ئوخشايدۇ، بوپتۇ، سىلى چىقىپ ئاراملىرىنى ئېلىۋەرسىلە، گۈلزىننەت خېنىم ئىككىمىز قىلىۋېتىمىز.

پەرىدە خېنىم قېيىنئانىسىنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى.

لېكىن داۋاملىق سۆزلەۋاتقان سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاۋازى ئاشخانا ئۆيگە ئوقتەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋاز ئۇدۇل گۈلزىننەتنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

— بولدى، ئۇكام، يىغلىمىسىلا، كۆزلىرى قىزىرىپ قالسا ھېلى شەمشىدىن ھاجىم بىلەن دادام كەلسە سەت تۇرىدۇ. قويسىلا، يۈزلىرىنى يۇيۇپ كىرسىلە، — ئۇ گۈلزىننەتنى تۇرۇبا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى .

شۇ تاپتا گۈلزىنىنەتنىڭ بىرسىگە ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىۋالغۇسى بار ئىدى. پەرىدە خېنىم بۇنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ قېيىنئانىسىدىن قورقتىمۇ، ئۇنى تۇرۇبىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپلا يېنىپ كىرىپ بېھىلەرنى نېپىز شىلىپ ئۇششاق تۇغراشقا باشلىدى.

قازاندىكى سۇ قاينىغاندا توغراپ تەييار قىلغان بېھىلەرنى سېلىپ بىرلا قاينىتىپ سۇزۇۋېلىپ يەنە نانتاختىغا يېيىتىپ قويۇپ، قازاندىكى قايناۋاتقان سۇغا سېرىق ناۋات سېلىپ قاينىتىشقا باشلىدى، تازا قايناپ قىيام بولغاندا يەنە بىر ـ ئىككى سائەت قايناتتى، ئاندىن بايىقى قازاندىن سۇزۇپ قويغان، سۈيى سارقىپ، سوۋۇپ تەييار بولغان بېھىلەرنى قىيامغا سېلىپ، قىيام سوزۇلغۇدەك بولغۇچە يەنە قايناتتى. ئاندىن ئوتنى پەسلىتىپ قويۇپ سەۋزىلەرنى ئۇششاق قەلەم قىلىشقا باشلىدى.

ئەسلىدە مۇراببا شېكەر ئىشلەتسىمۇ بولاتتى، لېكىن سۇلتانىنىسىپ خېنىم ناۋاتتا سالغان مۇراببا ئىسسىق بولىدۇ دەپ بۇ ئۆيدە داۋاملىق مۇراببا ناۋات ئىشلىتەتتى.

بېھىلەر قىيامغا ئارىلىشىپ قېنىق قىزىل رەڭگە كىرگەندە ئوتنى توختىتىپ، سۇرتۇپ قۇرۇتۇپ تەييار قىلىپ قويغان سىرلىق كورىغا ئۇسۇپ، ئاغزىنى ياپماستىن ھويلىغا ئاچىقىپ قويدى. سەۋزە مۇرابباسىنىمۇ شۇنداق تەييار قىلىپ ئاق سىرلىق چېلەككە ئۇسۇپ قويدى. مۇراببا خۇددى كەھرىۋادەك سۇزۇك ھەم پارقىراق چىققانىدى.

— ئەجەب ئوخشاپتۇ ـ ھە! قارىسىلا، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلىدۇ، — پەرىدە خېنىم چېلەكتىكى ۋە ئايىنگار خېنىمغا ئېلىپ قويغان كورىدىكى مۇراببالارغا مەستلىكى كېلىپ شۇنداق دېدى.

گۈلزىننەت زۇۋانمۇ سۇرمەستىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشىنى قىلىۋەردى. پەرىدە خېنىم گەپ سورىسا «ھەئە» ياكى «ياق»لا دەيتتى. پەرىدە خېنىم كۆرسەتكەن مۇرابباغىمۇ قاراپلا قويدى ـ يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

كەچقۇرۇن ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن شەمشىدىن ھاجىمنىڭ گەپلىرىگىمۇ بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ جاۋاب بېرەلمىدى، ئەركىلىمىدى. خۇيلىنىپ ئەمەس، ئۇنىڭ نازۇك دىلى ئازار يېگەنىدى. «مەن ئانا ئەمەسمۇ» دېگەن سۇلتانىنىسىپ خېنىم

ئانىدەك ئەمەس، خۇددى دۈشمەندەك، ئۇنىڭ دىلىغا نەشتەر ئۇرغانىدى.

«ئەجەبا شۇ ئىشلارنى خاپا بولماي تۇرۇپمۇ كۆرسىتىپ قويغىلى بولماسمۇ؟ ئەجەبا ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىپ قويغانغا ئىسكەتىدىن چۈشۈپ كېتەرمۇ؟ كېلىنلەرگە مەقسەتنى چوقۇم زەھەردەك گەپلەر بىلەن ئېسىدىن چىقمىغۇدەك ئۇقتۇرۇش كېرەكمىدۇ؟ كېلىن بولۇش شۇنچىلىك ئازابلىق، شۇنچىلىك قىيىن ئىشمىدۇ؟ كېلىنلەر چوقۇم نەسىھەتلەرنى يۈرىكىگە نەشتەردەك سۆزلەر بىلەن ئويۇۋېلىشى كېرەكمىدۇ؟»

— نېمە بولدىڭىز، ئوماق؟ مېنى كۆرگۈڭىز كېلىپ خۇيىڭىز تۇتۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى شەمشىدىن ھاجىم ئۇنى ئەركىلىتىپ، — گەپ قىلىڭە، مەن كەچكىچە سىزنى سېغىنىپ كۈننى ئاران كەچ قىلسام مېنى مۇشۇنداق قارشى ئالامسىز؟

شەمشىدىن ھاجىمغا جاۋاب بېرەي دەپ ئويلىغان گۈلزىننەت يىغىسىغا باھانە بولغۇدەك ھېچ گەپ تاپالمىدى.

— ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي دېگەنتىم … — ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن شۇ گەپنى قىلدى. يەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ئاپلا، ئەجەب ئۇزاق بولۇپ كېتىپتۇ راست. نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىدىڭىز؟ ئەسلىدە ئۆزۈم بىللە ئېلىپ بارسام بولاتتى … لېكىن، بىرنەچچە كۈنگىچە دادام تاپشۇرغان بەزى ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولىمەن، دۇكاندىمۇ كۆپ تۇرالمايمەن، بىللە بارىمىز دېسەك يەنە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۆزىڭىز بېرىپ كەلسىڭىز سەت تۇرارمۇ؟ …

— ……

گۈلزىننەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرمىدى.

شەمشىدىن ھاجىم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى:

— مەن ئەتە ئانامغا دەي، خان ئاچام بىلەن بىللە بېرىپ كېلىڭ، ئىشلىرىم تۈگىگەن ھامان ئىككىمىز بىللە بارايلى،

ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل...

— بۇ ئۆيگە كۆنەلمەيۋاتامسىز ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆڭلىڭىز يېرىم يۇرگىنىڭىزنى بايقاپ قالدىم، — ئۇ خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قۇچاقلاپ بويىنىغا لەۋلىرىنى يېقىپ تۇرۇپ شۇنداق سورىدى.

— ياق...

— ئەمىسە مېنى سېغىنىپ كېتىپ خۇيىڭىز تۇتۇپ قالدىمۇ؟

قۇلاقلىرىنىڭ تۇۋىدىن كېلىۋاتقان ئېرىنىڭ ئاۋازى گۈلزىنىنەتكە شۇنداق لەرزان، يېقىملىق ئاڭلاندى. ئۇ كۆزلىرىنى مەهكەم يۇمۇپ ئىختىيارىنى ئېرىگە تاپشۇرۇپ يۈزىنى ئېرىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈپ جىممىدە تۇراتتى. كۆزلىرىدىن يەنە ياشلار قۇيۇلدى.

— هەي، يىغلاڭغۇ قىز، يامغۇرغا ئامراقمەن دەيتتىڭىز، ئەسلىدە ئۆزىڭىزلا يامغۇر ئىكەنسىزغۇ! يىغلىمىڭا ... قاراڭ، مەن كەلدىم مانا ... مەن يېنىڭىزدا تۇرسام، يەنە نېمىگە يىغلايسىز؟ يىغلاۋەرسىڭىز مەن بىئارام بولىمەن. مەن ئايالىنى يىغلىتىدىغان نامەرد ئەرلەردىن ئەمەس جۇمۇ، ئەمدى يىغلىماڭ، بولامدۇ؟

ئۇ پېشانىسىنى ئايالىنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ئۇنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ئۇيقۇم كەلدى... سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭمۇ كەلدى، — دېدى گۈلزىنىنەت بوش ئاۋازدا.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايىنىگار خېنىمنىڭ ئۆيىدىن بوغچا - بوغچا كىرلەر كەلدى.

— ئانا، گۈلزىنىنەت خېنىم بۈگۈن ئۆيىگە بېرىپ كەلسە بولارمىكىن، سالامغا بارغانچە بارماي ئۆزىقىپ قاپتۇ، — شەمشىدىن هاجىم تولىمۇ ئاۋايلاپ تۇرۇپ ئانىسىغا شۇنداق

دېدى، — مەن سەل ئالدىراش، خان ئاچامنى قوشۇپ قويامالا، بىللە بېرىپ كەلسۇن، يالغۇز بارسىمۇ سەت تۇرار ھەرقاچان.

دۇكانغا ماڭغىلىۋاتقان شەمشىدىن ھاجىم ئانىسىنىڭ جاۋابىنى ساقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇگۈن ئۆيدە ئازراق ئىش بار، بالام، ئەتە مەن چىرايلىق داستىخان قىلىپ بېرەي، ئەتە بېرىپ كەلسۇن.

شەمشىدىن ھاجىم تۇرۇپ قالدى ـ يۇ ، باشقا گەپ قىلماستىن:

— ماقۇل، ئانا، ئەمىسە مەن دۇكانغا ماڭدىم. گۈلزىننەت خېنىمغا بۇگۈن بېرىپ كەلگىن دەپتىكەنمەن، ئەتە باردىغان بولغانلىقىنى سىلى دەپ قويسىلا ئەمىسە، مەن مېڭىۋەردىم... — دېدى.

— ماقۇل، بالام !

«ماڭا ماي تارتىپ ئېرىگە دەپتۇ ـ دە ! كىچىك بولغان بىلەن خېلى خورىكى بار ئىكەن بۇ سېرىق ئاسلاننىڭ. شۈڭمۇ مۈشتتەك تۇرۇپ ئوغلۇمنى بىر كۆرۈشۈپلا يېنىدىن كېتەلمەس قىلىۋالغان. بولمىسا بىر ئوتلام سۇ بىلەن يۇتۇۋالغۇدەك قىزلار بار ئىدى ئەتراپىمىزدا. يا چىرايلىقىنا قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، يا چىرايلىقىنا بىر ئېغىز گېپىنىڭ ! بۇرنىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك يۇرگەن كەچكىچە ... ھۇ، سېرىق مۈشۈك.»

— سۇلتان ! ... — ھويلىدىن باھادىرخان ھاجىمنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خوش، ھاجىم، — سۇلتاننىسىپ خېنىم شىپىلداپ ھويلىغا ماڭدى، — بىرەر نەرسە لازىممۇ ئۆزلىرىگە؟

— بۇگۈن كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. دۇكاندىكى باللاردىن بىرەرسىنى ئەۋەتىمەن، ئۆيلەرگە مەش قويۇڭلار، باللار توڭلاپ قالمىسۇن، ھاۋامۇ سوۋۇپ كېتىپتۇ.

— ئوبدان، ھاجىم.

باھادىرخان ھاجىم ھويلىدا قىشلىق كەمزۇلىنى كىيىۋېتىپ

سۇلتاننىسىپ خېنىمغا ئىشلارنى تاپىلاۋاتاتتى:

— سۇت - قايماق كوچىسىدىكى ئايخان ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. بېرىپ يوقلاپ كەل. بالىچاقىسى يوق قىينىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇ پۇلنى دوختۇرخانىغا تۆلىسۇن، يېنىدا ئادەم بولسا مەخپىيرەك بەرگىن، — باھادىرخان ھاجىم يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ خوتۇنىغا بەردى.

— ماقۇل، ھاجىم. نۇر خېنىمنىمۇ ئېغىرلىشىپ قالدى دەيدۇ، يوقلىغىلى بارماقچى ئىدىم، ئىككى كېسەلنى بىراقلا يوقلاپ كېلەي دەيمەن، پۇلنى جىقراق قويۇپ قويسىلا...

— شۇنداق قىلغىن، مەن دۇكانغا ماڭدىم.

پەرىدە خېنىم بالىلىرىغا چاي ئىچۈرۈپ ئولتۇراتتى، گۈلزىننەت قاچا يۇيۇۋاتاتتى.

— گۈلزىننەت خېنىم، بۈگۈن سىلى ئاۋۇ كىرلەرنى يۇيۇۋەتسىلە، — دېدى سۇلتانىسىپ خېنىم ئاشخانا ئۆيىنىڭ پەگاھىدا ئۆرە تۇرۇپلا.

گۈلزىننەت شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئاخشامقى گېپى بويىچە، «بۈگۈن ئازنىغا بارىمەن» دەپ ئويلىغاچقا، قېيىنئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن قولىدىكى يۇيۇلۇۋاتقان چىنىدىن بەكرەك غىچىلدىغان ئاۋازلار چىقىپ كەتتى. «بۈگۈن يەنە ئانامنى كۆرەلمەيدىغان بوپتىمەن - دە. لېكىن نېمە ئامال؟ كېلىن دېگەن قېيىنئانىسىنىڭ رۇخستى بويىچە ئىش قىلىدۇ.» ئۇ يۇيۇپ بولغان چىنىلەرنى ھەرقانچە ئاۋايلاپ سالسىمۇ، جەۋەن بىلەن چىنىنىڭ ئارىلىقىدىن تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى.

— ئاڭلىلىمۇ يا؟ يەردىن زۇۋان كېلىدۇ، سىلىدىن زۇۋان يوق.

— ماقۇل، ئاپا، — دېدى گۈلزىننەت پەس ئاۋازدا. ئۇ تۈنۈگۈن پىچاق كەسكەن قولىنى تۇتتى. تۈنۈگۈن سوغۇق سۇدا سەۋزىنى ئۇزاق يۇغاچقا، پىچاق كەسكەن جاي پاقىنىڭ گېلىدەك ئېچىلىپ

قالغاندى.
«كىر يۇغۇچە قانداق قىلارمەن؟ كىر دېگەننى قولدا يۇيىدىغان نەرسە تۇرسا... قولۇمنى يەنە كەچكىچە سۇغا چىلىسام، يارا قانداق بولۇپ كېتەر؟ شەمشىدىن ھاجىممۇ ئايالىم ئازنىغا بېرىپ كەلسۇن دېيەلمەپتۇ ـ دە! ياكى ئاپام كىر يۇيىدۇ دەپ ئۇنىمىدىمىكىن...»
— پەرىدە خېنىم، سىلى تاماق ئېتىپ دۇكانغا ئەۋەتسىلە، ئاندىن گۈلزىنىنەت خېنىمغا ياردەملەشسىلە. ئىككى يەردە يوقلايدىغان كېسەل بار ئىدى، مەن شۇلارنى يوقلاپ كېلەي. ھە راست، بۈگۈن ئۆيگە كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىدۇ دەيدۇ. كۆمۈر چۈشۈرىدىغانلار كەلگۈچە كۆمۈرخانىنى تازىلىۋېتىڭلار.
سۇلتانىنىسىپ خېنىم گېپىنى تۈگىتىپ ئىشىككە مېڭىۋىدى، پەرىدە خېنىم:
— كۆمۈرخانىدا بۇلتۇر ئېشىپ قالغان كۆمۈر بار ئىدى، ئاپا، قانداق تازىلارمىز؟ — دېدى ئىككىلىنىپراق.
— ماڭا دەۋاتاملا؟ — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۆڭۈپلا پەرىدە خېنىمغا قارىدى، — مەن تاغدىن كېلىپ قالمىدىم، مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى. نەدە نېمە بارلىقىنى سىلى ئۆگەتمىسىلىمۇ ئوبدان بىلىمەن. كۆمۈرنى قاپقا ئېلىپ ھويلىغا ئاچىقىپ، كۆمۈرخانىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە ئەكىرىپ تۆكۈپ قويساڭلار بولىدۇ. نان يېمەك شۇنداق تەس بۇ جاھاندا. كۆمۈرخانىدا كۆمۈر بار دەيدا!... كۆمۈرخانا دېگەندە كۆمۈر بولماي ئالتۇن ـ كۈمۈش بولامدا؟ سىلىنىڭ كۆمۈرخانىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش ساقلامسىلەر ـ يا، باي زەردار بولغاندىكىن...
پەرىدە خېنىم بىر ئېغىز گېپى ئۈچۈن ئىشىتكەن بۇ دەشنامغا كۆڭلى ئاغرىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قېيىنئانىسى ئۇنىڭغا زەھىرىنى سانجىپ بولۇپلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى زادىلا تۇتۇۋالمىدى. بۈگۈن ئۆزىمۇ ئېزىلىپلا قوپقانىدى، چىرايىمۇ بوراندا تۆكۈلۈپ كەتكەن غورىدەك

سولىشىپ تۇراتتى، باللىرىنىڭ ئەركىلەشلىرىمۇ ھېچ تېتىمايتتى. «تېخى ۋاقتىمغۇ ئەمەس، نېمىشقا بۇنداق بىئارام بولىدىغاندىمەن؟ ئايىنگار خېنىم ئاچام دېگەندەك بىر تەكشۈرتۈپ باقسام بولامدىكىن يا؟» بۇ قېتىمقى تۇغۇتى بۇرۇنقىلىرىغا ھېچ ئوخشىمايۋاتاتتى، ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلغانچە قورققۇسى كېلەتتى. «قۇتبىدىن ھاجىم بولغان بولسىمىغۇ دوختۇرخانىغا ئاپىراتتى، ئاچامغا تېلېفون قىلسام دوختۇرخانىغا چىقىپ باقساق بولارمىكىن يا. تىلى زەھەر بۇ خوتۇن ئۆزۈمنىڭ دەردى ئاز كەلگەندەك كۆمۈرخانىنى تازىلاڭلار دەيدۇ. ئاتا ـ ئانامنىمۇ چىشلەپ تارتىپ بولدى. تازىلىساق يەنە ئۇستىگە كۆمۈر تۆكسە نېمە پەرقى؟» ئۇ ئېغىر ئۇستىخىنىنى سۆرەپ سۇپىدىن تەستە چۈشتى. باللار تېلېۋىزورنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كارتون فىلىم كۆرۈۋاتاتتى.

گۈلزىننەت ھېلىقى بوغچا ـ بوغچا كىرلەرنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇراتتى. پەردە خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. گۈلزىننەتنىڭ ھەر قېتىم قېيىنئانىسىدىن ئازار يېيىشى ئۆزىنىڭ يېڭى كېلىنلىك ۋاقتىنى ئەسلەتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك تۈگۈلۈپ قالغان ھالىتىنى كۆرسىلا يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

ئۇ گۈلزىننەتنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئۇكام، ئاۋۋال كىرلەرنى ئايرىپ ئاندىن شۇ بويىچە يۇسىلا، كەچكىچە تۈگىمىسە ئاپام يەنە خاپا بولىدۇ، شۇڭا ئولتۇرۇۋەرمىسىلە... مەن كۆمۈرخانىنى تازىلايدىكەنمەن، — پەردە خېنىم شۇنداق دەپ ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.

گۈلزىننەت كىرلەرنى رەڭلىرى، تۈرلىرى بويىچە ئايرىپ كىر ئالغۇنىڭ يېنىغا ئەكەلدى، كىرلەرنى كىر ئالغۇغا ئەمدى سالاي دەپ تۇرۇشىغا پەردە خېنىم يەنە پەيدا بولۇپ:

— كىرنى قولىمىزدا يۇيمىز، ئۇكام، بولمىسا ئاپام يەنە

خاپا بولىدۇ، — دېدى گۈلزىننەتنىڭ قولىدىكى كىر ئالغۇغا سېلىۋاتقان كىرلەرگە قاراپ.

— نېمىشقا قولىمىزدا يۇيىمىز؟ كىر يۇمىسا نېمە قىلىدۇ بۇ نەرسىنى؟ يا گۆش ساقلىمىسا بۇنىڭدا؟

— نېمىشقا ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئاينىگار خېنىم ئاچامنىڭ كىرلىرىنى داۋاملىق قولىمىزدا يۇيىمىز، بولمىسا ئاپام خاپا بولىدۇ.

گۈلزىننەت بۇنداق ھەيران قېلىشلارغا كۆندە نەچچە قېتىم يولۇقۇپ تۇراتتى، بارغانچە ھەيرانمۇ قالمايدىغان بولدى، ھەتتا ھەممە بەكلا نورمال بولۇپ كەتسە ھەيران قالىدىغان، ئارقىسىدىن نېمە ئىش بولار دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

— پەردە، كىرلىككە ئوخشاش چوڭ نەرسىلەرنى كىر ئالغۇدا، باشقىلىرىنى قولىمىزدا يۇيىمىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ يۇغىنىمغا دىققەت قىلماپىلا - دە!

گۈلزىننەتنىڭ بېشى قاتتى، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ كىرلىرىنى ئانىسى، بەزىدە خان ئاچىسى كىر ئالغۇدا يۇيۇپ بېرەتتى، ئىچ كىيىملىرىنىلا ئۆزى يۇيۇۋالاتتى. بۇنچە كۆپ كىرنى كەچكىچە قولىدا يۇيۇپ تۈگىتەلىشىگە كۆزى يەتمىدى، لېكىن يۇماي بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى. «ئۆزىنىڭ قىزىنى ئاياپ كىرلىرىنى بىزگە يۇغۇزىدۇ - يۇ، يەنە كىر ئالغۇدا يۇيۇشىمىزغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئۇلار ئادەم، بۇ ئۆيدىكى كېلىنلەر باشقا بىر تائىپىدىنمۇ؟ كېلىن بولۇپ كەلگۈچى بۇلارغا سېتىلىپ كەتكەنمۇ؟ نېمىشقا ئازراقمۇ كۆيۈنمەيدۇ، كۆڭۈل ئايىماستىن ئازراقلا باھانە تاپسا زەھەر سانجىپ تىنالماس قىلىۋېتىدۇ؟ كارىم يوق! نېمە دېسە دەر، مەن كىر ئالغۇدا يۇيىمەن...»

— پەرىدە خېنىم ئاچا، مەن كىر ئالغۇدا يۇيۇۋېرەي، ئاپام ماڭا كىر ئالغۇدا يۇمىسىلا دېمىگەنىدىكىن خاپىلىق بولسا شۇ چاغدا كۆزۈم كۆرەر...

ئۇ ئايرىپ چىققان ئاق كىرلەرنى كىر ئالغۇغا زەردە بىلەن پۇرلەپ تىقتى.

— ئەمىسە ئىتتىكرەك بولسىلا، مەنمۇ كۆرمەسكە سالاي، ئاپام كەلگۈچە يۇيۇپ بولسىلا تېخى ياخشى.

گۈلزىننەت ئالدىراپ يۇرۇپ خېلى تېز يۇدى. تۈگىتىپ بولالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر تەرەپتىن داسقا تاشلاپ، قولىدىكى يارىنىڭ ۋىژ - ۋىژ ئېچىشىشلىرىغا چىداپ قولىدىمۇ يۇدى. ئۇ تازا بېرىلىپ داستىكى كىرنى مىجىۋاتقاندا داسقا «پاققىدە» چۈشكەن نەرسە بىلەن تەڭ داستىكى يۇندى ئۇنىڭ ئاق سۈزۈك يۈزىگە شالاققىدە چاچرىدى. چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ئوقتەك ئاۋازى مېڭىسىگە بىگىزدەك سانجىلىشقا باشلىدى:

— نېمە بۇ؟ ئېشەك تۇمشۇقى قىلىپلا ئېسىپ قويۇپلىغۇ؟ يۇندىغا چىلاپلا ئېسىپ قويماپلا ھېلىمۇ، كىم سىلىنى كىرنى كىر ئالغۇدا يۇسۇن دېدى؟ كىر ئالغۇدا يۇسا ئاينىگار خېنىممۇ يۇيالايتتى. قارا، بىر ئىشنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلمىغان. بۇ خەقمۇ ئاجايىپ ئىكەن، ئانا بولىقى كۆرۈپ باقمىغان قىزنى نېمە قىلىدۇ ئەرگە بېرىپ؟ مېنى بالا باققۇچى كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە بۇ خەق... باقالمىغان بولسا يەسلىگە بەرمەي قىزنى.

لۆڭگە دېگەن ئىشلەتكەن ۋاقتى ئۇزارغانچە ھەرقانچە يۇسىمۇ بۇرۇنقىدەك بولمايدىغان نەرسە بولغاچقا، گۈلزىننەت ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ لۆڭگىلەرنى كىر ئالغۇدا بىر قېتىم يۇيۇپ، قولىدا بىر قېتىم ئۇۋۇلاپ بولۇپ چايقاپ ئاندىن يايغانىدى.

سۇلتاننىسىپ خېنىم گۈلزىننەت يۇيۇپ ئېسىپ بولغان لۆڭگىلەرنى سىمدىن ئېلىپ داسقا ئاتقانىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ئاققان يۇندى سۈزۈك بوينىدىن سارقىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش داستىكى يۇندىغا تاراملاپ تۆكۈلدى. پىچاق كەسكەن قولى ئېچىشتى، يۈرىكى ئېچىشتى، ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرى ئېچىشتى. كېلىنلىك قىسمىتى ئۇنى

مۇشۇنداق كۈنلەرگە دۇچار قىلىۋاتاتتى.

گۈلزىننەتنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئاچىسىنىڭ: «جېنىم ئۇكام، مۇشۇ تويىنى قىلىمىز دەپ ھالىمىزدىن كەتتۇق. ئاتا - ئانىمىزنى ئايىسىلا، بۇ ئۆيدە ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ چىدىسىلا. ھەرقانداق كېلىن قېيىنئانىسىنىڭ ‹نېرى تۇر، بېرى تۇر›لىرىغا ئۇچرايدۇ. كىچىككىنە ئىش بولۇپ بولغۇچە ئانامغا دەيدىغان ئىشنى قىلمىسىلا. قۇدىلارنىڭ ئارىسىغا بىر سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالسا كۆتۈرۈلمەك تەس. ئۇلارمۇ ئاران تۇرىدۇ... شەمشىدىن ھاجىم ئوبدان بالا ئىكەن، بىر - ئىككى يىل چىدىسىلا كۆنۈپ قالىلا، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

يەڭگە بولغان چوڭ ھاممىسى يوقلاپ كەلگەن ۋاقىتتا: «بالام، بىر چىرايلىق كۆنۈپ قاپىلا، سىلىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئەمىن تېپىپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نىكاھ ئىسسىقچىلىقى ئىچىدە خاتىرجەم ئۆتۈپ كېتەرلا، ئىگەكىم! بۇ ئۆي ئانىلىرىنىڭ ئۆيى ئەمەس. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدە - يوسۇنلىرى بولىدۇ. بەزى ئىشلارغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىلا، ياخشىدىن ياخشىسى چىقمايدۇ. ‹بىرگە تەگكەن ياخشى، ئىككىگە تەگكەن ياخشى، ئۈچىنچى ئەرگە تەگكۈچە گۆرگىلا كىرگەن ياخشى...› دەيدىغان گەپ بىكارغا چىقىپ قالمىغان. شەمشىدىن ھاجىمغا كۆڭۈللىرى چۈشۈپ قالغان بولسىلا باشقا ئىشلارنى بەك زىغىرلاپ كەتمىسىلە. ئاكام بۇ تويىنى قىلغۇچە كۆپ چىقىمدار بولۇپ كەتتى، شۇڭا، ئاكامنى ئاياپ ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ چىدىسىلا... سىلى ياش، كۆتۈرۈپ كېتىلا، لېكىن چوڭلار كۆتۈرەلمەيدۇ» دېگەنىدى.

«ئەجەبا ھاممام شۇ كۈنىلا مۇشۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولغىيمىدى؟ شۇڭا مېنى سەۋر قىلىشقا، چىداشقا ئۈندىگەن بولغىيمىدى؟ چىداي... ئاتا - ئانام

ئۇچۇن، شەمشىدىن ھاجىم ئۇچۇن، ئۆزۈم ئۇچۇن، ھەممە ئۇچۇن چىداي...»

ئۇ ھەممە كىرلەرنى قايتىدىن قولىدا يۇيۇپ چىقىپ يېيىپ بولغاندا خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى.

ئەمدى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ پەردە خېنىمغا كايىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ھويلىدىكى قارنى مېنى كېلىپ سۈرتسۇن دەپ ساقلاپ قويلىما، خېنىم؟ سۈرتۈۋەتسىلە پەتلىرىدىن چۈشۈپ كېتەمدىكەنلا؟ قاردىن ئاتلىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەملا؟ باللار ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ قاردىن ئاتلاپ ئوينىپ يۈرسە «ھاي»مۇ دەپ قويماپلا. قانداقراق ئانا بولارلا ــ ھە ! ئۆلمەي كۆزۈم ئۇچۇق بولسا بىر كۆرسەم زادى...

كۆمۈر چۈشۈرگەندە ھويلىدىكى خىشتا قالغان كۆمۈرنىڭ قارا ئىزى تېخىچە سۈرتۈلمىگەنلىكى ئۇچۇن پەردە خېنىم ھارغۇچە تىل ئىشىتتى.

ئۆزى يالغۇز كۆمۈرخانىنى تازىلاپ، كەلگەن كۆمۈرنى كۆمۈرخانىغا ئەكىرگۈزۈپ، ھويلىنى، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ، مەش قويۇپ، كەچلىك تاماققا كېچىكىپ قالماي دەپ قارنى سۈرتۈش ئېسىدىن چىقىپ قالغانىدى.

«قاردىن ئاتلىسا يامان بولىدۇ دېگەن گەپنى كىم تاپقان بولغىيتتى؟ ئاپام ئادەملەرگە يامان گەپ قىلسا، ئازار بەرسە يامان بولىدىغانلىقىنى ، «دىل ئازار، خۇدا بىزار» ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟»

بىر كۈن كەچكىچە كىر يۇيۇپ، توڭلاپ ئاران جېنى قالغان گۈلزىننەتنى ھېچكىم ئوت يېقىلغان ئىسسىق ئاشخانىغا چاقىرمىدى. ئۇنىڭمۇ كىرىشكە رايى بارماي ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ يوتقانغا كىرگەندە ئىككى بىلىكىدىن باشلاپ پۈتۈن بەدىنى تاشتەك مۇزلاپ كەتكەنىدى. قورساق ئاچ، كۆڭۈل يېرىم، ماغدۇرسىز ھالدا ياتقان گۈلزىننەت يىغلاپ يېتىپ ئۇخلاپ

قالدى.
— تاماق كەچ قالمىسۇن دەپ قاپتىمەن، ئاپا. هازىرلا سۇرتۇۋېتەي، خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولۇپلا سۇرتۇۋېتەرمەن دېگەنىدىم، ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — دېدى پەرىدە خېنىم ئېغىر تىنىپ.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئوت يېقىپ ئىسسىتىپ قويۇلغان ئۆيگە كىرىپلا باياتىنقى ئاچچىقى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.

باهادىرخان هاجىم بىلەن شەمشىدىن هاجىممۇ بىر يەرگە كەتكەنمۇ تېخىچە كەلمىگەنىدى.

شەمشىدىن هاجىم ئاغىنىلىرى بىلەن يىغىلىشىپ بىللە تاماق يەپ كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇ هۇجرىسىغا كىرىپ يوتقاننى شۇنداق قايرىپلا گۈلزىننەتنىڭ يۈزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتقان قولىدىكى يارىنى كۆرۈپ يۈرىكى «ۋىژژىدە» ئېچىشتى. بايا كىرگۈچە هويلىدىكى ئېسىقلىق كىرلەرنى كۆرگەچكە هەممىنى چۈشەندى.

«خان ئاچام ئېغىر ئاياغ، ئىككى كېلىن تۇرۇپ ئانام كىر يۇيۇشنىڭ ئورنى يوق...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئامراق خوتۇنىنىڭ تېخى تولۇق ئىسسىپ بولالمىغان تېنىنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇخلاپ قالدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئازنا

سۇلتانىنىسىپ خېنىم باسىن تەخسىگە ناۋات يۆگەپ، پەرىدە خېنىمنى قوشۇپ، گۈلزىننەتنى «ئازنا قىلىپ كەلسىلە» دەپ يولغا سېلىپ قويدى.

— كەلسىلە بالام، بامۇ سىلى؟ كۆزۈمدىن ئۈچۈپلا كەتتىلە.

گۈلزىننەت ئىشىكتىن كىرگەندە زىبىرنىسا خېنىم قىزىنى باغرىغا بېسىپ بىر ھازاغىچە كۆز يېشى قىلدى.

زىبىرنىسا خېنىم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ پەرىدە خېنىم بىلەن گۈلزىننەتنى مېھمانخانىغا باشلاپ دۇئا قىلىپ، تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن پەرىدە خېنىمدىن ئەھۋال سورىدى:

— باھادىرخان ھاجىم، سۇلتانىنىسىپ خېنىملار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتاملا، پەرىدە خېنىم؟ خېلى ئېغىرلىشىپ قاپلا، ئاي - كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ - ھە؟

زىبىرنىسا خېنىم ئاغزىدا ئۇلاردىن تىنچلىق سورايتتى، كۆزى قىزىدا ئىدى. تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىنى تاقىغان گۈلزىننەت پەرىزاتتەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. «سەل تارتىلىپ قاپتۇ، تارتىنىپ تاماقنى ئاز يېدىمىكىن ياكى چوڭ كېلىن ئېغىرئاياغ بولغاندىكىن جاپاسى كۆپمىكىن ۋە ياكى بىرەر ئىچ پۇشۇقى بارمىكىن...» ئانىنىڭ

كۆزلىرى يىغلايمەن دەپلا تۇراتتى.
— گۈلزىنىنەت خېنىم ، ئۆزلىرى خېلى كۆنۈپ قالدىلىمۇ؟ شەمشىدىن هاجىم ئۇبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ بىر كېلىپ كەتكەنچە يوقىلىپلا كەتتىلە، بالام. قىز ئىگىسى بولغان ئادەم يا بېرىپلا كۆرۈپ كەلگىلى بولمايدىكەن... تارتىنىپ «ئانامنى كۆرۈپ كېلەي» دېيەلمىدىمىكىن دەپ ئولتۇردۇق، — دېدى زىبىرنىسا خېنىم يەنە يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن گەپ ئېچىپ.

گۈلزىنىنەت ئەمدى ئۆز ئۆيىگە مېهمان بولۇپ قالغىنىنى هېس قىلدى. ئانىسىمۇ «سىلى ـ ئۆزلىرى» دەپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى ئۆز ئۆيىدە بۇرۇنقىدەك هېس قىلالمىدى. نېمىدۇر ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ناهايىتى نېپىز، لېكىن بىلگىلى بولىدىغان بىر پەردە ئۇنى ئوراپ تۇرغاندەك دېمى سىقىلدى.

ئانىسى پەرىدە خېنىم بىلەن گەپ قىلىشىپ ئولتۇرغان ئارىلىقتا ئاشخانا ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان خان ئاچىسى قېشىغا چىقتى. ئۇ خان ئاچىسىنىمۇ سېغىنغانىدى.

— كەلسىلە، ئۇكام، — دەپ تۆرگە سېلىقلىق كۆرپىنى كۆرسەتتى خۇرشىدە خېنىم، — هە، خېلى كۆنۈپ قالدىلىمۇ؟ ئانام كۈندە: «يا بېرىپلا بۇ ئۆيدە قىزىم بار ئىدى دەپ كۆرۈپ كەلگىلى بولمايدىكەن، يا ئۆزى دىككىدە كېلىپ كېتەي دېمىدى» دەپ گەپلىرىنى قىلىدۇ. ئاكىلىرىمۇ نەچچە قېتىم سورىدى. دادامنىڭغۇ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. نېماندىق ئۇزاق يوقىلىپ كېتىلا؟ هەپتىدە بىرەر قېتىم ئازنىغا بارىمەن دېسىلە ئۇلارمۇ ياق دېمەس؟

گۈلزىنىنەت دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا يىغلاپ كەتتى.

خۇرشىدە خېنىم خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك ئوڭايسىزلاندى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزۇپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ يۈرمىسىلە، بىركىم كۆرسە بۇ قىز ئېرى بىلەن ئەپلىشەلمىدىكىمىن دەپ

قالمىسۇن. دادامغا تېلېفون قىلايلى ، كېلىپ سىلى بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن. بولدى، ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتسىلە، يەڭگىلىرى كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ.

خان ئاچىسىمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغاندەك تۇيۇلدى. «مەن بۇرۇنقى گۈلزىننەت بولمىغاندىكىن، ئەتراپىمدىكىلەرمۇ بۇرۇنقىدەك بولمايدىكەن ـ دە.»

قويۇق ـ سۇيۇق تاماقلار تارتىلىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ھەسەن ھاجىم بىلەن بەكرى قارى كىرىپ كەلدى.

دادىسى گۈلزىننەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، قىزىغا قارىسىلا ياشلىرى تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆزلىرىنى يەردىن ئالمىدى.

ئاكىسىمۇ پارقىراق كىيىملەرنى كىيىپ چوڭلا بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن سىڭلىسىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولدى.

ئاتا ـ بالا بىردەم ئۇيان ـ بۇياننىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ بولغۇچە زېمىنغا كېچىنىڭ سايىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ھەممە يەرگە قاراڭغۇلۇق قاناتلىرىنى يېيىۋاتاتتى. گۈلزىننەت بىر قولىدا بەختىيارجاننى يېتىلىۋالغان، يەنە بىر قولىدا زەللە كۆتۈرۈۋالغانىدى. نۇرئەلىجاننى پەرىدە خېنىم يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئېغىر ئاياغ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتتىك ماڭالمايتتى. تاكسىچىلار «تار كوچىغا كىرەلمەيمىز» دەپ ئىچكىرى كوچىلارغا ئاپىرىپ قويغىلى ئۇنىمايتتى. ئۇلار ئالدىرىغانچە قەدەملىرى كەينىگە كېتىپ جىددىيلەشتۈرەتتى.

كوچىدا دۇكانلىرىنى تاقىغان تىجارەتچىلەر، ئىشتىن قايتقان خىزمەتچىلەر، مەكتەپتىن يانغان ئوقۇغۇچىلار، يەنە قانداقتۇر تىرىكچىلىك يوللىرىدىن قايتىشقان ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئۇلار كەتمەن بازىرى تەرەپكە چۈشۈپ، ئارىيا بىلەن قوناق بازىرىنى ئارىلاپ يامۇلنىڭ ئالدى بىلەن مېڭىپ يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ھاسىراپ ئۆيگە ئاران يېتىپ كەلدى.

— بۇ ئۆينى تاپالماي قىلىشلىمۇ يا ئىزىپ قىلىشلىمۇ؟ — هويلىدا قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ تۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ زەھەردەك ئاۋازى نازۇك يۈرەكلەرنى يەنە يېغىر قىلىشقا باشلىدى.

— ئاپا، — دېدى پەرىدە خېنىم چۈشەندۈرۈپ، — گۈلزىننەت خېنىمنى دادىسى بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن دەپ سەل ھايالشىپ قالدۇق، ئۇلار دۇكاندىن كېلىپ بىردەم ئەھۋاللىشىپ شۇ ... يا كۆرۈشۈپلا ماڭىلى دېگىلى بولمىدى، خاپا بولمىسىلا، يولدىمۇ شۇنداق ئىتتىك ماڭدۇق، يا بۇ كوچىلاردا تاكسى تۇسۇغىلى بولمىغان، بالىلار تېخى ئىتتىك ماڭالمايدىكەن ...

— مەن تېخى ئىككىلىرىنى تانكىغا ئوخشاش ئالدى قايسى تەرەپكە بولسا شۇ تەرەپكە كېتىپ قالدىمىكى دەپتىمەن ... بۇرۇنراق مىدىرلايمىز ئەرلىك خوتۇن دېگەن، قاراڭغۇ چۈشكۈچە تالادا تەمتىلەپ يۈرمەي ... خەق كۆرسە بېشى قېتىپ قالغان لالما خوتۇنلارمىكى دەپ قالامدۇ؟

گۈلزىننەت مەيلى نېمىلا بولسۇن ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇ گەپلەرنى كۆڭلىگە ئېلىپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرىدە خېنىم ئىككىسى بىللە تىل ئىشىتكەندە خۇددى ئۇ تىلدا ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى يوقتەك ئۇنچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ھېچ ئىش بولمايۋاتقاندەك سۈپىغا كېلىپ ئولتۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن داستىخاننى ئاچتى، مانتا يېڭىلا قاسقاندىن ئېلىنغاچقا تېخى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— ئانام نېسىۋە قىلىپ ئەۋەتكەنىدى، يەپ باقسىلا، ئاپا، دادىلارغا تەخسىگە ئېلىپ ئايرىم يۆگەپ قويايمۇ؟

— كىم ئاچ قاپتۇ؟ ! مۇشۇ بىرنېمىنى ئەكېلىمىز دەپ مۇشۇ ۋاققىچە يۈرگەن بارمۇ؟ ئاپارسىلا نېرى.

گۈلزىننەت ئېغىزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە، ئەتىگەندىن بېرى زىبىرنىسا خېنىم بازاردىن يېڭى گۆش ئەكەلدۇرۈپ، خۇرشىدە

خېنىم بىلەن ئاتايىن ئەتكەن پىتىر مانتا پەگاھقا، گۈلزىننەتنىڭ پۇتلىرىنىڭ يېنىغا تۆكۈلدى.

سۇلتاننىسىپ خېنىم «مۇشۇ بىرنېمىنى» دەپ تەخسىنى شۇنداقلا ئىشارە قىلىشىغا قولى تېگىپ كەتكەن تەخسە پەگاھقا دومىلا چۈشتى. گۈلزىننەت يىغلىماي دەپ ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالسىمۇ ئانىسى ئەتىگەندىن بېرى بىردەم يېنىدىمۇ ئولتۇرالماي ئىتتىپ، ئاغزىغا بىر تالمۇ سالماي ئەۋەتكەن مانتىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا تۆكۈلۈشى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يەنە ياشلىدى.

كىيىملىرىنى يۆتكەپ، باللىرىنى ئەكىرگەن پەرىدە خېنىم يەردىكى مانتىلارنى كۆرۈپلا تۇرۇپ قالدى.

«ئىھ، كەرەملىك ئىگەم، بەندىلىرىڭنىڭ غاپىللىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى، بىلىپ ياكى بىلمەي ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەيسەن. بىر بۇردا نانغا، بىر ئوتلام ئاشقا زار بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋەتمىگىن. بىزنى مەغپىرەت قىلغىن...» پەرىدە خېنىم ئىچىدە شۇلارنى پىچىرلىغاچ كېلىپ يەردىكى چۈۋۈلۈپ كەتكەن مانتىلارنى بىر تال ـ بىرتالدىن ئېلىپ تەخسىگە سالدى، ئاندىن ئاغزىنى قايتىدىن يېپىپ داستىخانغا يۆگەپ قويدى.

گۈلزىننەت يىغىسىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈنمۇ ياكى كىيىملىرىنى يۆتكەش ئۈچۈنمۇ چىقىپ كەتكەنىدى.

سۇلتاننىسىپ خېنىم قىلغان ئىشىدىن سەل خىجىل بولدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ تەسۋىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

پەرىدە خېنىم مانتىلارنى يېگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ كەچلىك تاماققا تۇتۇندى.

# يىگىرمىنچى باب

# هىجران

رامىزان كىرىشكە ئاز قىلىۋاتاتتى.

پەردە خىنىممۇ كۆندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ۋاقتى قىستاپ قالدى. ئۇ قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى جىمىپ كەتكىنىنى ھېس قىلىپ ئاچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا دوختۇرخانىغا بارغانىدى. دوختۇر: «بالىنىڭ ھەمراھى بالىنىڭ بوينىغا يۆگىشىپ قاپتۇ، بالىنىستىتا ياتمىسا، تۇغۇتتا خەتەر چىقىدۇ» دېدى .

كەچقۇرۇن سۇلتانىنىسىپ خىنىمدىن ئەھۋالىنى ئۇققان باھادىرخان ھاجىم ھۆجرىسىغا چىقىپ كېتىۋاتقان شەمشىدىن ھاجىمنى چاقىردى.

ــ شەمشىدىن ھاجىم، توختىغىنا، بالام. كەل، كەل ... سەن بىلەن قىلىشىدىغان مەسلىھەت بار ...

ــ خوش، دادا؟ ــ دېدى شەمشىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن بىر خىل ناقىسلىق چىقىپ تۇراتتى، دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ بېشىنى سىلاپ، ساقاللىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ بالام، خان ئاچاڭ ئېغىرلىشىپ قالدى، تۈنۈگۈن دوختۇرخانىغا بېرىپتىكەن، تەكشۈرتسە، دوختۇر «تۇغۇتى

خەتەرلىك» دېگەن ئوخشايدۇ. ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئاكاڭ بېشىدا تۇرمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، ئاكاڭ قايتىپ كەلسە، سەن تۈركىيەگە بېرىپ شۇ يەردىكى ئىشلارغا قارىساڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ.

باھادىرخان ھاجىم شەمشىدىن ھاجىمغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، تېخى تويى بولغىنىغا ئۇزاق بولمىغان ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ لىپپىدە بىر ئۆزگەرگىنىنى سېزىپ:

— ئەگەر خالىمىساڭ بۇ يەردە بارماللارنى سېتىپ، تۈركىيەدىكى دۇكاننى ۋاقتىنچە تاقاپ قويۇپ تۇرامدۇق يا؟ — دېدى ئوغلىغا نېمە دەيدىكىن دېگەندەك قاراپ، — زۆرۈر ماللارنى مەينىگار خېنىم ماڭدۇرۇپ بېرىپ تۇرار...

شەمشىدىن ھاجىم زۇۋان سۈرەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا تېخى تۈنۈگۈنلا تويى بولغاندەك تۇيۇلاتتى. «گۈلزىننەت قانداق قىلار؟... ئۇ ھېلىمۇ ئاران تۇرىدۇ، مەن بولمىسام تېخىمۇ غېرىبسىنىپ قالارمۇ؟...»

— بەك بولمىسا، بالام، ئاكاڭ كېلىۋەرسۇن. پەرىدە خېنىم يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن بارار، — دېدى باھادىرخان ھاجىم تېخىچە جىم ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ.

— ياق، ياق ... مەن باراي، دادا، ئاكام قايتىپ كەلسۇن، — دېدى شەمشىدىن ھاجىم دادىسىنىڭ ئالدىدا يەنە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەرسە سەت تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ.

باھادىرخان ھاجىم ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئوغلىغا:

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، بالام، لېكىن ھاياتتا مۇھىم نەرسىلەرنىڭمۇ مۇھىملىرى بولىدۇ. سەن ئەر كىشى، شۇڭا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگەن، بۇ پەقەتلا ۋاقىتلىق ئىش. مەن ياش ۋاقىتلىرىمدا دادام بىلەن سودىگەرچىلىككە چىقساق يىللاپ - يىللاپ ئۆيگە كېلەلمەيتتۇق. ئاتلىق ماڭاتتۇق، بەزىدە ھەتتا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ «قاق سەنەم» بولۇپ جاننى ئاران ساقلاپ قايتىپ كېلەتتۇق. ھازىر

ئايروپىلان بىلەن بىر كۈندە ئالەمنى ئايلىنىپ كېلەلەيسىلەر، بۇ قېتىم كۆپ بولغاندا بىرەر ئايدا قايتىپ كېلىسەن. خوتۇنۇڭدىن ئەنسىرىمە، ئۆيدە ئاناڭ بولغاندىكىن غېرىبسىنىپمۇ قالماس، — دېدى.

باھادىرخان ھاجىم ئوغلىغا چۈشەندۈرگەن بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىمۇ يېرىم بولۇۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ بىرلا دۇكىنى تاقىلىپ تۇرسىغۇ بىر گەپ، لېكىن تارماق دۇكانلارنىمۇ تاقاپ قويۇشلار دېگىلى بولمايدۇ. تارماق دۇكان ئاچقانلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويسا، تىجارىتىگە زىيان يەتسە تېخىمۇ بولمايدۇ. روزا ھېيت كېلىۋاتىدۇ، بۇ بىر يىلنىڭ ئىچىدە سودا ئەڭ كۆپ بولىدىغان مەزگىل، ماللارنىمۇ تولۇقلاش كېرەك. شۇڭا، كىچىك ئوغلىنى بارغىن دېمەي ئامال يوق.

— ماقۇل، دادا. ئاكامغا ئەتە تېلېفون قىلاي، كېلىۋەرسۇن. مەن ئەتىدىن باشلاپ ئۇ تەرەپكە ئاچىقىدىغان ماللارنى تولۇقلاي، ئاندىن يەنە چوڭ دۇكاننىڭ ھەم تارماق دۇكانلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر كۆرۈپ چىقاي، نېمىلەرگە ئېھتىياجىمىز بار ئىكىن ...

— بۇ قېتىم تۈركىيەدىكى دۇكانغا قانداق ماللارنى تولۇقلاشنى ئويلاشقانىدىڭلار؟

— بۇرۇنقى ئاچىققان ماللار، بولۇپمۇ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بىلەن دوپپا، كەشتىلەر بەك بازار تېپىپ كەتمىدى. ئەسلىدە بۇ قېتىم قاشتېشى ئاچىقارمەن دەپ پىلان قىلغان، خوتەنلىك تاشچى بالىلار بىلەنمۇ دېيىشىپ قويغان، قارىغاندا ئەمدى ئۆلگۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ. تۈركىيەدە قاشتېشى قىزغىنلىقى كۆچىيىۋېتىپتۇ...

— بوپتۇ، بالام. بۇ قېتىم مال ئالالىساڭ ئال، بولمىسا ھازىرچە چىقىۋېرىپ، بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ، كېلەر قېتىم ئۆزۈڭ خوتەنگە بېرىپ تاللاپ ئاچىقارسەن.

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمىدى، ئالدىراپ قالدۇق ئەمەسمۇ. مەينىگار خېنىم ئاچام ئەنگلىيەگە ئايمەلەك خېنىمنى يوقلىغىلى

چىقىدىغان ئوخشايدۇ، ئالدىنقى كۈنى توردا شۇنداق پاراڭلاشتۇق. شۇڭا ئاچاممۇ مال يوللاپ بېرەلمەيدۇ.
— كۈيۈ ئوغۇلچۇ؟ ئۆزى چىقماي مەيىنگار خېنىمنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويامدىكەن؟
— شىركەتنى تاپشۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكۈدەك ئىشەنچلىك ئادەم يوق ئوخشايدۇ، شۇڭا ئاچام ئۆزى چىقىدىكەن، ئايروپىلاندىن چۈشسىلا ئايمەلەك خېنىم ئالدىغا چىقىدىغان بولغاندىكەن، ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ، دادا. شۇكۇر ئاكام شىركەت بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئوقۇشىغا قاراپ تۇرۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ، ئىبراھىممۇ بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىكەن، شۇڭا ئوقۇشىغا سەل قارىسا بولمايدۇ.
— ھە بوپتۇ ئۆزلىرى شۇنى توغرا تاپقان بولسا. ئاناڭغا ماڭىدىغان ۋاقتىڭنى بۇرۇنراق دەپ قوي، يەنە «نەۋرىلىرىمگە ئۇنى ئەۋەتتىم، بۇنى ئەۋەتتىم» دەپ ئالدىراپ يۈرمىسۇن.
— ھە راست، دادا، — دېدى شەمشىدىن ھاجىم تۈيۈقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، — مەيىنگار خېنىم ئاچام بىر گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. «ۋاكالەتچىلىكىنى ئېلىشنى خالايدىغانلار بولسا بەك ياخشى سودا، ماللىرى ئىشەنچلىك» دەيدۇ. ئاچامنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام بىلگىنۇر خېنىمنى تونۇشتۇرۇپ قويغۇسى بار ئوخشايدۇ. لېكىن، مۇھەممەتئېلى ئاكام قىزىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا قوشۇلمايدىكەن، بۇرۇنمۇ بىلگىنۇر خېنىم «توي قىلىمەن — سۈرەتچىلىك مەركىزى ئاچىمەن» دېسە قوشۇلماپتىكەن. شۇڭا، ئاچام سىلىنى كۆرۈشۈپ باقسا، شۇ قىز ياقا يۇرتلاردا خىزمەت قىلىمەن دەپ جاپا تارتىپ يۈرمىسە، بۇ مالنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ۋاكالەتچىلىكىنى ئالسا، ئاندىن شەھەر ئىچىدە چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى ئېچىپ، توپ ھەم پارچە سېتىپ چىقارسا، دەيدۇ...
— مېنىڭچە، بالام، ئىشەنچلىك بولسا بۇ سودىنى شۇ قىزغا

تونۇشتۇرۇپ قويايلى، گىرىم بۇيۇملىرى سودىسىنى قىز بالا قىلىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قىز خېلى كۆپ ئوقۇغان، ئۆزىمۇ كىچىكىدىن چېچەن ئىدى.

— ئەلۋەتتە ئىشەنچلىك. ئاچام ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ كەپتۇ. لېكىن، دادا، مەسىلە مۇھەممەتئېلى ئاكامدا، شۇ كىشى قوشۇلمىسا گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى ئەمەس، ئالتۇن دۇكىنى بولسىمۇ ئاچالمايدۇ.

— بالام، ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى، بەدىنىنىڭ شۇ نەرسىلەرگە بولغان ئېھتىياجى، يەنە هاۋا كىلىماتى، كونا نۇرىنىڭ چۈشۈشى، ئىسسىق ـ سوغۇق ... نۇرغۇن نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چەت ئەلدە ئىشلەنگەن مال بولسىلا ياخشى بولىدۇ، ياخشى مال بولسىلا ماس كېلىدۇ دەپ خاتا ھۆكۈم قىلما. ئۇنىڭ ئۇستىگە دېڭىز بويىنىڭ نەم ھاۋاسى بىلەن بىزنىڭ قۇرغاق كىلىماتىمىزدا پەرق زور. مال ياخشى، ئىشەنچلىك بولسىمۇ، بۇ يەردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ تېرىسىگە، مىجەزىگە ماس كەلمىسە بولمايدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال تەركىبىنى تەكشۈرتۈپ بېقىپ ئاندىن باشقىلارغا سايە قىل، ياخشى ئىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ياخشى بولسۇن. بولمىسا ئۇ قىزنى خىزمىتىدىن ئايرىپ سودىغا باشلاپ قويۇپ تۆت كۈندە زىيان تارتىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

— ئەمىسە، ئاۋۋال چىقىپ ئۆزۈم بىر كۆرۈپ باقاي، دادا، تەركىبىنى تەكشۈرتۈپ كۆرۈپ ھەقىقەتەن ماس كېلىدىغان بولسا ئاندىن مۇھەممەتئېلى ئاكام بىلەن سۆزلىشىپ باقارلا، بولمىسا جايىدا قالار.

— ئەمىسە، ئەتە قۇتبىدىن ھاجىمغا تېلېفون قىلىۋەتكىن، «ئايالىڭ بالىنىستىتا» دېمە، ئەنسىرەپ كەتمىسۇن.

— ماقۇل، دادا.

— سەنمۇ بالدۇرراق چىقىپ ئارام ئال. ئايالىڭغا چۈشەندۈرۈپ قوي، يېڭىياچىلىقتا غېرىبسىنىپ، يېتىرقاپ

قالىدىغان بولدى. بىرەر ئىش بولسا ھەرگىز تارتىنمىسۇن، بىزگە دېيەلمىسە پەردە خېنىمغا يا ئاينىگار خېنىمغا دېسىمۇ بولىدۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى بولغانىكەن، بۇنداق يالغۇز قېلىشلارغا كۆنۈشى كېرەك.

شەمشىدىن ھاجىم ھۇجرىسىغا كىرىپ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ ئولتۇردى. بۇ گەپنى گۈلزىننەتكە قانداق دېيىش ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىمۇ تويىنى تۈگىتىپلا دۇكانغا چىقىپ كېتىپ، ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرۈپ خوتۇنىغا تۈزۈكرەكمۇ مېھىر - مۇھەببىتىنى بېرەلمىگەنىدى. ھەر كۈنى ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ خېلى ئۇزۇندا گۈلزىننەت كىرەتتى. مۇڭداشقۇدەك، سىرداشقۇدەك ۋاقىت نەدە ؟ بۈگۈنمۇ گۈلزىننەت تېخىچە ھۇجرىغا كىرمىگەنىدى. «نېمە تۈگىمەيدىغان ئىش باردۇ بۇ ئۆيدە؟ نېمىشقا ئۇ ئىشلارنى كۈندۈزدە قىلىپ تۈگىتىۋالمايدىغاندۇ؟ ئانامۇ ، بۇرۇنراق چىقىپ ئۇخلىسىلا بالام، دېسە بولمامدىغاندۇ؟ ...»

ئىشىك ئېچىلدى، ئۇنىڭ خىيالىمۇ ئۈزۈلدى. گۈلزىننەتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، ھارغىن چىراي كۆرۈنەتتى.

شەمشىدىن ھاجىم ئۇنىڭ ھارغىن ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى، گۈلزىننەت يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ:

— نېمانچە كەچ كىرىسىز، خوتۇن؟ — دېدى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— تېخى ئۇخلىمايلىغۇ؟ چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟ — گۈلزىننەت گەپنى ئەتەي قاچۇردى.

— ياق، چاي ئىچكۈم يوق، چاي ئىچەي دېسەم دۇكاندىمۇ بار، ماڭا سىزلا كېرەك.

ئۇ گۈلزىننەتنىڭ قولىدىكى قىزغۇچ يارىلارنى سىلىدى، ئۇ بۇ قوللارنىڭ ئاچىسىنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ شۇنداق بولغىنىنى بىلگەنىدى. لېكىن كىرلەرنى كىرئالغۇدا ئەمەس، قولىدا يۇيۇپ

مۇشۇنداق يارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.
— ئاغرىدىمۇ؟ — ئۇ گۈلزىننەتنىڭ قولىغا قاراپ شۇنداق سورىدى.
— ياق، ئاغرىمىدى.
ئۇنىڭ قولى ئەمەس، يۈرىكى ئاغرىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنى ئېرىگە دېمىدى.
ئانىسى: «ياخشى ئايال ئېرى بىلەن قېيىنئانىسىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالمايدۇ» دېگەنىدى.
— كىرلەرنى ئۇنداق بىراقلا يىغىپ يۇماي، ئاز - ئازدىن بۆلۈپ يۇيۇڭ، بىراقلا ئۇنداق كۆپ يۇسىڭىز، قولىڭىز مۇشۇنداق يارا بولۇپ كېتىدۇ، نازۇك قىز.
شۇ تاپتا گۈلزىننەتنىڭ ئېرىگە ئېسىلىپ يىغلىغۇسى، دىل رەنجىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرگۈسى كەلدى، ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئېزىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئەرگە تەگكىنىگە پۇشايمان قىلىپ باقمىدى. لېكىن، بىردەمدىلا چوڭ بولۇپ قالغىنىغا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگىنىگە، ئانىسىنىڭ باغرىدا ئۇزاقراق تۇرۇۋالماي بۇرۇنلا ئۆزىگە كۆپ يۈكلەرنى ئارتىۋالغىنىغا ھەسرەت چەكتى.
شەمشىدىن ھاجىم خوتۇنىنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قولىدىكى يارىغا لەۋلىرىنى بېسىپ تۇرۇپ كۆزلىرىگە مېھرى بىلەن قارىدى. بېغىشىدىن تارقىلىۋاتقان ئىللىق سېزىم، ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن تارقىلىۋاتقان مۇھەببەت ئۇچقۇنى گۈلزىننەتنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتمەكتە ئىدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېرىپ بىر تامچە سۇغا ئايلىنىپ ئېرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، شۇ يەردە مەڭگۈ ئارام ئالغۇسى كەلدى. بىر تامچە سۇغا ئايلىنىپ ئېرىنىڭ تومۇرلىرىدا ياشاش نەقەدەر بەخت! ئۇ يەردە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئازار بېرەلمەيدۇ، ھېچكىم ئۇنى ئېرىنىڭ ئىسسىق يۈرىكىدىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ...
شەمشىدىن ھاجىم كۆزلىرىنى خوتۇنىنىڭ كۆزىدىن

يۈتكىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ يۇرىكى سىقىلىۋاتاتتى، لېكىن دادىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا بولمايتتى.

— گۇلزىننەت، ئىككىمىز ۋاقىتلىق ئايرىلىدىغان بولىدۇق ... غېرىبسىنىپ قالارسىزمۇ؟ — شەمشىدىن ھاجىمىنىڭ ئاۋازى ئارانلا ئاڭلاندى.

گۇلزىننەت بۇ ئاۋازنى خاتا ئاڭلاپ قېلىۋاتقاندەك بىردەم جىممىدە تىڭشىدى، ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر سادا كەلمىگەندىكىن خاتا ئاڭلىمىغانلىقىغا جەزم قىلىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئېرىگە قارىدى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

— تۇركىيەگە باراملا؟... — ئۇ ياشلىرىم تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ، كۆزلىرىنى ئېرىدىن ئۇزۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى، لېكىن ياشلىرى يەنىلا تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

— ھەئە، لېكىن بۇ قېتىم ئۇزاق تۇرمايمەن، خان ئاچام يەڭگىپ بولغاندا، ئاكام بارسىلا مەن قايتىپ كېلىمەن.

ئۇ قۇشتەك تىترەۋاتقان ئايالىنى باغرىغا باستى، ئۇرۇقلاپ كەتكەن گۇلزىننەتنىڭ قوۋۇرغىلىرى غىرىسلىدى.

— مېنى يالغۇز قويۇپ كەتمىسىلە بولاتتى... — گۇلزىننەت يىغا ئارىلاش پىچىرلىدى، — مەن بۇ دۇنيادا يېگانە قالغاندەك بولۇپ قالىمەن.

گۇلزىننەتنىڭ پىچىرلاشلىرى ئىسسىق نەپسىگە قوشۇلۇپ ئېرىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى.

— قايتىپ كېلىمەن، تېزلا قايتىپ كېلىمەن... سىزنى سېغىنىپ كېتىمەن، سىزگە چىدىمايمەن. ئۆي ئىشلىرىدىن بىكار بولغان ۋاقىتىڭىزدا ماڭا تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ، مەنمۇ ھەر كۈنى سىزگە تېلېفون قىلىپ تۇرىمەن. مەندىن رەنجىمەڭ، بولامدۇ، خوتۇن؟ سىزگە ئۆزۈم ۋەدە قىلغاندەك تۇرمۇش بېرەلمىدىم، لېكىن بۇلار ۋاقىتلىق، بەرداشلىق بېرىڭ، ماقۇلمۇ؟ مەن ھامان سىزنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال قىلىمەن...

شەمشىدىن ھاجىمنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازى كىچىچە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆزۈلمىدى. گۈلزىننەت تويدىن كېيىنكى بارلىق ئازابلىرىنى يىغلاپ تۈگەتمەكچىدەك كېچىچە يىغلاپ چىقتى.

پەرىدە خېنىم بالىنىستىتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمدى ئۆينىڭ ھەممە ئىشى گۈلزىننەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

— بالام، بىر ئىلمىدىن ھالۋا ئېتەملا، — دېدى باھادىرخان ھاجىم چاي دەملەۋاتقان گۈلزىننەتكە.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان بولسا كېرەك، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ماقۇل، دادا، مېغىزلىق ھالۋا ئېتەيمۇ ياكى سىدام ھالۋا ئېتەيمۇ؟ — ئۇنىڭ قېيىنئاتىسىغا قاراپ تۇرغان ھالىتى شۇنداق مەسۇم ئىدى.

— مېغىزلىق ھالۋا ئەتسىلە، بالام، — دېدى باھادىرخان ھاجىم، — مېغىزنى زىيادىرەك سالسىلا.

گۈلزىننەت مەشكە قازاننى ئېسىپ ئېرىتىكلىك قوي يېغىدىن بىر چۆمۈچ ئېلىپ قازانغا سالدى، ئېرىگەن ياغقا ئۇننى چېلىپ بىردەم ئىلەشتۈرگەندىن كېيىن، شېكەر سېلىپ يەنە ئىلەشتۈردى، شېكەر ئېرىپ بولغاندىن كېيىن چايداندىكى چايدىن چىنىگە قۇيۇۋېلىپ ئاز - ئازدىن قۇيۇپ ھالۋىنىڭ سۈيىنى تەڭشىدى.

سۇلتانىسىپ خېنىم قازاندا ۋىژىلداپ قايناۋاتقان شېشىدەك سۈزۈك ھالۋىغا قاراپ قويۇپ داستىخانغا كەلدى.

گۈلزىننەت پىشقان ھالۋىغا ئۇششاق توغرالغان ياڭاق مېغىزىنى سېلىپ بىر - ئىككى قېتىم ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن قازاننى چۈشۈرۈپ، ھالۋىنى پىيالىلەرگە ئۇستى.

زىبىرنىسا خېنىم ھالۋىغا ئۇستا ئىدى. ھالۋىغا ئامراق گۈلزىننەتمۇ باشقا تاماقلارغا ئوخشاش ھالۋىنىمۇ ئوخشىتىپ ئېتەلەيتتى. باھادىرخان ھاجىم كىچىك كېلىنىنىڭمۇ چوڭ كېلىنىدەكلا تاماققا ئۇستىلىقىدىن سۆيۈنۈپ قالدى.

ئەرلەر ئۆز ئىشلىرىغا ماڭدى. سۇلتاننىسىپ خېنىم ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىغا مۇشتلاپ ئولتۇراتتى.

— بىرنېمە ياغامدۇ نېمە؟ كېچىچە ئارام ئالالمىدىم، رېماتىزىم دېگەنمۇ كېسەلنىڭ ئەسكىسى ئىكەن، — ئۇ يۇڭ ئىشتانغا پاتماي تۇرغان پاقالچاقلىرىغا مۇشتلاپ ئولتۇرۇپ ھاۋا رايىدىن، كېسەلدىن ۋايسىدى.

— دورىلىرىنى ئەكىرىپ بەرسەم ئىچىۋالامىلا يا پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويايمۇ، ئاپا؟

گۈلزىننەت ئامال قىلىپ قېيىنئانىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى ئويلايتتى. بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە ئانىلىق باغرىنى ئېچىشىنى، قىزىدەك كۆرۈپ مېھىر بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— ھە راست، دورىلىرىم ئارىلىشىپ كېتىپتىكەن، خېتىنى ئوقۇپ، ئايرىپ بەرسىلە، بالام. دورا تەكچىدىكى ئاياغ قۇتىسىنىڭ ئىچىدە، چىقىپ ئەكىرسىلە...

گۈلزىننەتنىڭ دورا شىشىسىدىكى خەنزۇچە خەتلەرگە قاراپ شۇنداق يىغلىغۇسى كەلدى. مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل قىسمى ئىدى. ئۇلارنى ئەسلىسە قۇياشلىق سەھەردە گۈل كۆرگەندەك شادلىققا تولاتتى. ئۇ مەكتەپكە بارغۇچە تۇمەن كۆلىنىڭ بويى بىلەن ماڭاتتى، كۆل سۈيىنىڭ سەھەردە قانداق رەڭگە، چۈشتە قانداق رەڭگە، كەچقۇرۇندا قانداق رەڭگە كىرىدىغانلىقىنى كۆزلىرىنى يۇمسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئەسلىيەلەيتتى. ئۇ كەچكى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن كۆلنى كۆرۈشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. قىشتا، كۆل ئۈستىگە تۇرۇلۇپ كېلىۋالغان شەھەرنىڭ سەھەردىكى تۈتۈنلىرىگە ئۆچلۈكى كېلەتتى.

— ئوقۇيالمىلىما؟ — دېدى سۇلتاننىسىپ خېنىم، — ئۇنداق ئوقۇغان، مۇنداق ئوقۇغان دەپ كېتىۋاتاتتى ھاۋا خېنىم، شۇنچىلىك ئوقۇپتىكەنلا - دە، ئەسلى!

گۈلزىننەت قېيىنئانىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئېسىگە كېلىپ

قولىدىكى دورا شىشىسىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قايتا قارىدى.

— بۇ كالتسىي ئىكەن، ئاچ قورساققا يېسە ياخشى دەپتۇ، بىر كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر تال يەيدىكەنلا.

ئۇ بايىقى تەئەددى گەپلەرنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ كۆڭلىگە ئالمىدىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك دورىلارنى چۈشەندۈرۈپ قويدى.

— شىشىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ بېرەي، شىشىلەر ئوخشاش ئىكەن، ئالماشتۇرۇپ قويمىسىلا، — دېدى ـ دە، ھەربىر شىشىنىڭ ئۈستىگە ئىچىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي يېزىپ قويدى.

شۇ ئەسنادا دەرۋازا ھالقىسى جاراقشىدى. گۈلزىنىنەت ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بىر يىگىت سالام بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ۋاي، غېنىجان بالام، كەلسىلە، كەلسىلە، ئۆيگە كىرسىلە...

— خوش، سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچا. ئانام: «بەختىيارجان بىلەن نۇرئەلىجاننى ئەكەلسىلە، سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى خاپا قىلىپ قويمىسۇن» دېگەنىدى، شۇڭا بالىلارنى ئېلىپ ماڭاي، يەنە ئىشلىرىم بار ئىدى، — دېدى غېنىجان ھۆرمەت بىلەن.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ناھايىتى ئوچۇق چىراي تۇراتتى.

— پەرىدە خېنىم قانداقراق تۇرىدۇ؟ بىزمۇ چۈشتىن كېيىن چىقىپ كۆرۈشۈپ كېلىمىز، ئاينۇر خېنىمچۇ؟ ئۇزاق بولدى كۆرۈشەلمىدۇق. سالام ئېيتسىلا، بالام، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم شۇنداق دەپ بولۇپ گۈلزىنىنەتكە يۈزلەندى، — گۈلزىنىنەت خېنىم! بالىلارنى ئويغىتىپ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ بەرسىلە.

نەۋرىلەر كەتتى. ئۆي بىراقلا سۆلتىنى يوقاتقاندەك جىمجىت بولۇپ قالدى.

— گۈلزىنىنەت خېنىم، لەڭمەنگە خېمىر يۇغۇرسىلا، تاماقنى دۇكانغا، دوختۇرخانىغا ئاپىرىمىز، ئۇنى جىقراق باسسىلا.

گۈلزىننەت خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولغۇچە سۇلتانىنىسىپ خېنىم توختىماي:

— ئۇزۇپ - ئۇزۇپ پىشۇرسىلا، جىق سۇلىمىسىلا، چۆپ شىلىپ - شىلىپ چىقىپ قالىدۇ، چەيلىسىلە... ھە، لەڭمەننىڭ خېمىرىغا جىق ئىشلەپ يۇغۇرسا چۆپى تەخسىدە يۇگۇرۇپ يۇرگۇدەك چىقىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپ ئولتۇردى.

ئۇلار ئاشنى پىشۇرۇپ دۇكاندىن كەلگەن بالىغا بېرىپ، ئاندىن كورىغا ئاش ئېلىپ دوختۇرخانىغا ماڭدى. بۇ گۈلزىننەتنىڭ تۇنجى قېتىم قېيىنئانىسى بىلەن يالغۇز سىرتقا چىقىشى ئىدى.

ئۇ ئاش سالغان كورىنى كۆتۈرۈپ قېيىنئانىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. قىش ئايتىپىنىڭ جانسىز نۇرى كۆڭۈلگە خۇشلۇق ئاتا قىلاتتى. ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈش ياكى قوشنىلارغا تاماق سۇنۇشتىن باشقا ۋاقىتلاردا تالاغا چىقىپ باقمايدىغان گۈلزىننەتكە بۇگۈن كوچىلار پاكىز ھەم چىرايلىق كۆرۈندى. ئادەملەرمۇ شۇنداق سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. گەرچە ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ ئۇ ھەربىر ئادەمگە، يولدىكى ماشىنىلارغا، ئۈچ چاقلىق ھارۋىدا يۈك سۆرەپ كېتىۋاتقان كىراكەشلەرگە، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەرگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدىكى ئازارچىلىقلارنى ئۇنتۇپ بىردەمدە ھاياتقا مەپتۇن بولدى. «شەمشىدىن ھاجىم نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇ يەردىمۇ ئايتاپ چىقتىمىكىن؟ ئالدىنقى كۈنى پاراخوتتا كېتىۋاتىمەن، كېلەر قېتىم تۈركىيەگە سىزنى ئەكېلىمەن دېگەنىدى. بۇگۈن نېمە ئىش قىلىدىكىن؟»

— نېمانداق قېرى خوتۇندەك مىسىلدايلا؟ ئاش سۇ يەپ قالىدۇ، ئىتتىكرەك ماڭسىلا .

قېيىنئانىسىنىڭ سۆيلىشى بىلەن ئۇ قەدەملىرىنى تېزلىتىپ يېتىشىپ ماڭدى.

ئۇ سەھەر تۇرۇپ چوڭلار ياتقان ئۆيدىكى مەشكە ئوت يېقىپ،

تەرەتكە سۇ قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئىشىك ئالدى بىلەن ھويلىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ ناشتىلىق تەييار قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى ناشتىدا ئۈماچ ياكى يوبدان ئېتەتتى، بەزىدە ھالۋا، سۈت چاي ياكى مۇراببا بىلەن ناشتا قىلىشاتتى.

قىش پەسلى كىرىپ قالغاچقىمۇ سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ چايلىرى، تويلىرى، يوقلاقلىرى سەل سېلىكىپ قالدى، لېكىن يەنە ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم بارىدىغان ئىشى چىقىپ تۇراتتى، ھېچ بولمىسا ھاجى خېنىملارنىڭ قاتار چېيىغا باراتتى.



# يىگىرمە بىرىنچى باب

## چېقىلغان ئۆي

— دادا، بۈگۈن بىر كۈن دۇكاننى تاقاپ قويۇپ ئۆي ئىزدىدىم. ھېچبىر مۇۋاپىق ئۆي تېپىلمىدى. تاختا كۆۋرۈكتىكى ئىككىنچى ئولتۇراق رايونىدا بىنا ئۆيلەر بار ئىكەن، لېكىن سەل كىچىك ئىكەن، بىللە ئولتۇرۇشىمىزغا تارلىق قىلىدىكەن، يېقىن ئەتراپتا ئىجارە بېرىدىغان كەڭرەك زېمىن ئۆيلەر يوق ئىكەن، مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلايلى دەپ يېنىپ كەلدىم، — بەكرى قارىي گېپىنى تۈگىتىپ دادىسىنىڭ جاۋابىنى ساقلاپ ئولتۇردى. كۆزلىرىدىكى غەملەرنى يوشۇرۇپ قالماقچىدەك دادىسىغا قارىمىدى.

— ئىككى يۇرۇش ئۆي ئىجارە ئالساق چىقىم كۆپىيىپ كېتىدۇ، يەنە قىشلىق پار پۇلى، سۇ - توك پۇللىرى، باشقۇرۇش چىقىملىرى، ھەممە نېمىسى ئىككى ئائىلىنىڭ چىقىمىغا تەڭلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئامال بار چوڭراق ئۆي تېپىپ بىللە تۇرايلى، ئۆينى چېقىشنىڭ سۇرۇكىنى قاچانغىچە دەپ بەردى، بالام؟

— كېلەر ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دەپتۇ، لېكىن كىم ئۇنداق تېز كۆچۈپ بولالايدۇ دەيلا. تەييارلاپ قويغان ئۆي بولمىسا ھېچكىم ئۇنداق تېز كۆچەلمەيدۇ. بۇ خەقمۇ يا بۇرۇنراق مۇنداق ئىش دېمىدى، قىش - زىمىستاندا ئادەمنى پاراكەندە قىلىپ...

— بوپتۇ، بالام. قىشتا كۆچ دېسىمۇ ئۆيىمىزنىڭ ئورنىغا ئۆي سالىدىكەنمىز. جانان كوچىسىدىكىلەرنى كۆچۈرگەندەك شەھەر سىرتىغا كۆچۈرۈۋېتىپ ئۆيىمىزنىڭ ئورنىغا بىنا سالسا قانداق قىلاتتۇق؟ تېخى تام قوپۇرۇۋالغۇدەك بولسىمۇ پۇل بېرىدىكەن.

ھەسەن ھاجىم ئۆيى چېقىلسىمۇ يەنىلا ئۆز ئورنىدىن يۆتكەلمىگىنىگە خۇش ئىدى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي شۇ ماكانىنى تۇتۇپ ئولتۇرالىغانىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىش ئىدى. لېكىن چېقىلغان ئۆينى ئادەم ئولتۇرغۇدەك ھالەتكە ئەكېلىش ئۈچۈن كۈچ، ئىقتىساد كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى ...

— دادا، «ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچسەڭ ئوغلاقلىق ئۆچكەڭگە زىيان» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. بۇلار ئۆيۈڭلارنىڭ ئورنىغا ئۆي سېلىپ بېرىمىز دېگەنىبىلەن تامنىلا قوپۇرۇپ بېرىدىكەن، باشقا ھەممە ئىشنى ئۆزىمىز قىلىدىكەنمىز، يەنە پۇتۇنلەي شۇلارنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە قىلىدىكەنمىز.

— ئۇغۇ شۇ. «يوق دېسە چېلىپ ئىچىڭ» دېگەندەك تويىنىڭ قەرزلىرى تېخى كانايىنى سىقىپ تۇرغان، بۇ ئىشقىمۇ ئاز پۇل كەتمەيدۇ، تويىنىڭ قەرزلىرى يەنە قانچىلىك قالدى، بالام؟

گۈلزىننەتنىڭ تويىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇلار خېلى كۆپ قەرزدار بولغانىدى. ئەمدى قوپۇپ ئۆيۈڭنى چاقىمىز دەپ بۇلارنى قىستاۋاتاتتى.

— ئاتمىش مىڭ كوي ئەتراپىدا، دادا. ھازىر پۇل كىرىم بولۇشنىڭ ئورنىغا چىقىملا بولۇپ تۇرۇۋاتىدىغۇ تاڭ. ئۆي ئىجارە ئالساق ئۇنىڭغىمۇ پۇل، بۇ ئۆيلەرنى چېقىپ لاقا ـ لۇقىلارنى يۆتكەشكىمۇ پۇل كېتىدۇ.

— ئەتە قىممەترەك بولسىمۇ چوڭراق ئۆيدىن بىرنى تاپقىن، بالام. تېخى تاپقان ئۆيگە شۇنداقلا كىرىپ ئولتۇرغىلى بولماس،

سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، جابدۇپ كۆچۈپ كىرىشكىمۇ خېلى ۋاقىت ھەم پۇل كېتەر ...

— ماقۇل، دادا، بۇ ئىشنى ئەتە پۈتكۈزەي.

چاشگاھ مەزگىلىدە گۈلزىنىنەت ئازنىغا كەلدى. بۈگۈن ئۇ يالغۇز كەلگەچكە خان ئاچىسىمۇ، ئانىسىمۇ خېلى ئازادە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچىشكەچ مۇڭداشتى.

— مۇشۇ بىرەر ئاي ئىچىدە ئۆي كۆچۈپ قالىدىغان ئوخشايمىز، بالام، بۇ كوچىدىكى ئۆيلەرنى چېقىپ ئۆز ئورنىغا يېڭىدىن پىششىق خىشلىق ئۆيلەرنى سالىدىكەنمىز. ئاكىلىرى ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆي ئىزدەپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— نېمىشقا چېقىۋېتىدىكەن بۇ ئۆيلەرنى؟ يېپيېڭى تۇرسا تېخى؟

گۈلزىنىنەت بالىلىق ئەسلىمىسى قالغان بۇ مەھەللىنىڭ چېقىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاچچىق بولدى.

— كوچىدىكى ھەممە ئۆيلەرنى ئەسلىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئۆزگەرتىپ ياسايدىكەن، ئۇكام. بىزنىڭ ئۆي بەك كونىرىمىغان بىلەن، شامال چىقسىلا ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك كونىرىغان ئۆيلەرمۇ بار ئەمەسمۇ، شۇڭا ھەممىنى بىراقلا چېقىپ ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىدىكەن، — تاماق ئېتىۋاتقان خۇرشىدە خېنىم گەپكە ئارىلاشتى.

ئۇ ھەممىگە يېتىشىمەن دەپ تۇرىدىغان شەرەنداز چوكان ئىدى. قولىدىن كەلسۇن ـ كەلمىسۇن، ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىپ باقاتتى. شۇڭا، نەدىلا بولسۇن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەھەللىدىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىملەرگە ئۇنىڭ قەدىمى يەتمەي قالمايتتى. بەزىدە باشقىلارغا باغرىنى سۇۋاپ يۈرۈپمۇ دەشنىمىنى يەپمۇ قالاتتى، لېكىن ئەتىسىلا يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆز خاراكتېرى بويىچە يەنە شۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى.

زىبىرنىسا خېنىم ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم، كىشىگە ئازارى يوق ئايال ئىدى. قىزلىرىغىمۇ، كېلىنىگىمۇ، قولۇم - قوشنىلىرىغىمۇ ئوخشاشلا ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى. بۈگۈن ئېرىپ ۋاي دەپ كېتىپ، ئەتىسى بىرەر باھانىدە مۇزلاپ سىڭارىيان قاراپ قالىدىغانلارغا ئوخشىمايتتى. ياسىنىپ - تارىنىشىمۇ باشقا خېنىملاردەك ئەمەس، ئاددىي - ساددا ئىدى. خۇشلۇقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ ئاسانلىقچە باشقىلارغا بىلىندۈرمەيتتى. خۇددى تىنچ كۆل سۈيىدەك، ھەممىنى قەلبىگە يوشۇرۇپ باشقىلارغا راھەتبەخش، زۇمرەتتەك سۈزۈك جىمجىتلىقنى ھەدىيە قىلاتتى.

— خۇش خەۋەر باردەكمۇيا، ئۇكام؟ — دەپ سورىدى خۇرشىدە خېنىم گۈلزىننەتتىن، — ھەممە ئىش ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى، بالدۇرراق بالىلىق بولسىلا بولاتتى.

گۈلزىننەت خان ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى.

— بىلمىدىم، جىمجىت شۇ...

— قانداقراق ئۆتۈۋاتىلا ئۇ ئۆيدە؟ پەرىدە خېنىم تۇغۇپ يېتىپ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ زىممىلىرىگە چۈشۈپتۇ ئەمدى، ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەرلىمۇ؟ بۇ ئۆيدە سىلىنى ئوقۇيدۇ دەپ كۆپ ئىشقا سالماي، يامان ئۆگىتىپ قويغان ... شەمشىدىن ھاجىم تېخى يوق. بىرەر ئىش بولۇپ قالغۇدەك بولسا دەرھال ماڭا تېلېفون قىلىسىلا. كېلىن بولماق تەس، ئۇكام، سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچام قاتتىقراق گەپ قىلىپ قالسىمۇ كۆتۈرسىلە، ھەرگىز تەڭ تۇرىدىغان، گەپ ياندۇرىدىغان ئىشنى قىلمىسىلا، بۇ تويىنى ئاسان قىلمىدۇق.

«بۇ تويىنى ئاسان قىلمىدۇق» دېگەن گەپ گۈلزىننەتنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىسىلا يۈرىكى ئاغرىيتتى.

— ماقۇل، خان ئاچا، — گۈلزىننەتنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە كۆزىنىڭ ياشلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي ئانام! نېمە بوللا؟ شەمشىدىن ھاجىمنى كۆرگۈلىرى كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ يىغىياچىلىقتا شۇنداق بولىدۇ، لېكىن كۆز ياشلىرىنى ھەرگىز ئانام كۆرۈپ قالمىسۇن.

مىجەزى ئانىسىنى تارتقان گۈلزىننەت خان ئاچىسىغا ئارتۇق گەپ قىلمىدى، لېكىن خېلى ئۇزاق ئۈنسىز يىغلىۋالدى.

كەچقۇرۇن گۈلزىننەت ئانىسى يۆگەپ بەرگەن بىر باسمىن تەخسە پولۇنى ئەكەلگەندە سۇلتانىنىسىپ خېنىم يالغۇز ئولتۇراتتى.

— ئەسساللامۇ ئەلەيكۇم! ئاپا، مەن كەلدىم... ئانام، خان ئاچام سىلىگە سالام ئېيتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سالامەت بولسۇن!

گۈلزىننەت داستىخان سېلىپ زەللىسىنى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— ئانام تاماق ئېتىپ، نېسىۋە قىلىپ بەرگەندى، يەپ باقسىلا ...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم گۈلزىننەت كىچىك تەخسىگە بۆلۈپ بەرگەن پولۇنى يەپ ئولتۇرۇپ:

— سىلە ئازنىغا بارغان كۈنلەردە سىلىنىڭ ئۆيدە زاراخەتمە قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆزىچە.

بۇ گەپنىڭ ھېچ مەنىسىنى بىلەلمىگەن گۈلزىننەت:

— ياق، قانداق دەيلا، ئاپا؟ — ئۇ بىرەر ئىشنى بىلىۋالماقچىدەك قېيىنئانىسىغا قاراپ ئولتۇردى.

— ھازىر قايسى زامان بولۇپ كەتتى، ھازىرمۇ پولۇ ئېتىپ زەللە قىلامدۇ يېڭى تويى بولغان قىزىغا؟ توۋا... قانداق شور پېشانە خوتۇن بولغىيتتىم مەن، بىرەر قېتىممۇ بىر قۇددىدىن تەلىيىم كېلىپ باقمىدى. ئاينۇر خېنىمغۇ «خېنىم» بولۇۋالغان

بىلەن ئەزەلدىن قائىدە بىلمەيدىغان خوتۇن، تېگى سەھرادىن، ئەجەبلىنىپ كەتمەيمەن. ماۋۇ زىبىرنىسا خېنىمنىڭمۇ تېگى ـ تەكتى شەھەرلىك، چوڭ ئۆتكەن خېنىم ئەۋلادىدىن تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرگىنىنى دەيمەن. ھازىر دېگەن زەللىگە بىر ھەپتىسى يېڭى چىققان جانان چىنىلەردىن، خىرۇستاللاردىن، بىر ھەپتىسى دۇبەينىڭ، تۈركىيەنىڭ قىممەت باھالىق شارپىلىرىدىن، بىر ھەپتىسى بىرەر كىيىملىك چېكەن ... قىلىپ زەللە قىلىدۇ خەق قۇدىلىرىغا. تېخى بەكرەك ئىسىل خەقلەر قىزلىرىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويىدىكەن، «ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولمىسىلا، قۇدا خېنىم كۆڭلى خالىغاننى ئېلىۋالار...» دەپ. بىزنىڭ ئۆيدىغۇ ئۇنداق نەرسىلەر ئېشىپ ـ تېشىپ، سۆرىلىپ يۈرىدۇ، تەمەيىم يوق ئۇنداق نەرسىلەردىن. ئادەم شۇ ئىززەت تەمە قىلىپ قالىدىكەن، مېنىڭمۇ بىر يېرىم كەم بولمىغاندىكىن خەقنىڭ قۇدىلىرىدىن. «ئۆلۈك دۇئاغا تويماس، تىرىك ئىززەتكە» دەپ ئاڭلىغان بولغىيتتىلە ! شەمشىدىن ھاجىمدەك ئىسىل بالىنى كۈندۈزدە چىراغ يېقىپ ئىزدەپمۇ تاپالمايتتىڭلار. بۇ كۆزى كور بالام ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قىزلارنىمۇ ياراتماي يۈرۈپ ئۆزىچە سىلىڭگە باغلىنىپ قالدى. بالىنىڭ كۆڭلى ئىكەن دەپ تويۇڭلارنى قىلىپ قويغانغا ئادەمنى مۇنداق تويغۇزماڭلار. زىبىرنىسا خېنىمغا دەپ قويسىلا، قانچىلىك ئىززىتىمنى قىلسا كۆتۈرۈپ قوپقۇچىلىكىم بار مېنىڭ. «باھادىرخان ھاجىم» دېسە پۈتۈن قەشقەر تەۋرەپ كېتىدۇ. ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆزىگە كىچىك كۆرۈنۈپ قالغان بولساق شەيتانلىرىغا نەسىھەت قىلىپ چوڭراق كۆرۈۋېلىشسىلا ! قويسىلا يات كىشىنىڭ ئىشىكىدەك گۆشىيىپ ئولتۇرماي، تەرەتكە سۇ تەڭشەپ بەرسىلە !

گۈلزىنىنەتمۇ مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ مۇشۇ كوچىلارنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولغانىدى، لېكىن بۇنچە كۆپ قائىدىلەرنىڭ

بارلىقىنى بىلىش تۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ كىچىك چەينەككە سۇ تەڭشەپ ئىككى قوللاپ قېيىنئانىسىغا بەردى، ئاندىن قالغان ئاشنى كەچتە ئەرلەر كەلگۈچە سوۋۇپ كەتمىسۇن دەپ داستىخانغا يۆگەپ، چۈمكەپ قويدى.



# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئىسسىقلىق ئاش

سەھەردە ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان گۈلزىنىنەت دەرۋازا ھالقىسىنىڭ جاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھاجىمكام ئۆيدە بارمىدۇر؟ — دېدى سەھەردە كەلگەن مېھمان.

— دادام يوق، مەسچىتكە چىقىپ كەتكەن...

— نۇر خېنىم ئاچام بەندىچىلىك قىلغانىدى، نامازغا ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم. شۇنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، پېشىنگە چىقىرىدىكەنمىز.

گۈلزىنىنەت مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇپ، قولىدىكى سۈپۈرگىنى قويۇپلا ئۆيگە كىردى.

— ئاپا، بىر كىشى كەپتۇ، «نۇر خېنىم ئاچام بەندىچىلىك قىلغان، نامازغا ئېيتقىلى كەلدىم» دەيدۇ، پېشىنگە چىقىرىدىكەن.

يۈزى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن گۈلزىنىنەت قوللىرىنى مەشكە قاقلىدى.

— ئاخىر جاننى ئاپتۇ - دە بۇ نەس كېسەل، — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرغان يېرىدە، — بۇ ئۇلۇغ ئاي - ئۇلۇغ كۈنلەردە ئاخىرەتلىكىنى ياخشى قىلىپ

بىرەر... ۋاي، ۋاي، ھەممىمىزگە بىر كۈنى بار بۇ ئۆلۈم. رەھمەتلىك تېخى ياش ئىدى. دادىلىرىغا تېلېفون قىلىپ دەپ قويسىلا، بالام، قۇتبىدىن ھاجىمنى ئېلىپ ھازىرلا بارسۇن. قۇدا ـ باجا بولۇشقان ئادەم كېچىكىپ بارسا سەت تۇرىدۇ. مەنمۇ ماڭسام بولارمۇيا، ھازىرلا؟

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، بىردەمدىلا ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدىن تەمتىرەپ قولى ئىشقا بارمايۋاتاتتى.

ــ شۇنچىلىك جاھان، مانا. بىچارە تۇنىسا خېنىم نېمە بولۇپ كېتەر ئەمدى؟ ــ سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىردەم ئۆزىگە، بىردەم گۈلزىننەتكە گەپ قىلاتتى، ــ «بالىنىڭ ئوتى بالادەك بار» دەيدىغان گەپ بار، خۇدايىم ھېچ بەندىسىگە مۇنداق كۈننى كۆرسەتمىسۇن. ئاينىگار خېنىم ئاچىلىرىنىڭ قېيىنئاچىسى ئىدى، يامان كېسەل بولۇپ بەك كۆپ دەرد تارتىپ كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ھازىدارلىق كىيىملىرىنى ئىزدەۋېتىپ گۈلزىننەتكە :

ــ سىلىمۇ جابدۇنسىلا، پەرىدە خېنىممۇ يوق، ئىككىمىز بىللە بارايلى، ــ دېدى.

ئىككى ئايال ناشتا قىلىپلا ھازىدارلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. كوچىنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگىچە ھېچبىر ھازا ئاۋازى ئاڭلانماي جىمجىت تۇراتتى. يېقىن بارمىغان ئادەم «ئۆلۈم بولغان ئۆي بۇ كوچىدا ئەمەس ئوخشىمامدۇ» دەپ قالغۇدەك تىمتاسلىق ئىدى.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا بارغاندىلا ئاندىن بېشىغا سەللە ئوراپ قاتار تۇرغان ھازىدار ئەرلەرنى كۆرۈشتى. ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا مېڭىپ ھويلىغا كىردى، ھويلىدىمۇ لىققىدە ئەرلەر بار ئىدى. ئۆي تەرەپتىن تۇنىسا خېنىمنىڭ ئېزىلىپ، قوشاق قوشۇپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاقساقاللىق بىر مويسىپىت كىشى ئەرلەرگە كايىۋاتاتتى:

— ئاياللارغا دەڭلار ! بوشراق يىغلىسۇن، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ زىيان يېتىدۇ، ئۆلۇككىمۇ ئازاب بولىدۇ. ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ گەپنى تولا تەكرارلاپ كەتتىم، يۇغۇچىلارغا دەڭلار، تېزرەك بولسۇن، نامازغا كېچىكىپ قالىمىز ...

قىش پەقەت مۇشۇ ئۆيدىلا بولۇۋاتقاندەك ھەممە يەر مۇز چىللاپ كەتكەندى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم تۇنىسا خېنىمنى قۇچاقلاپ ھازا ئاچتى.

— ياش كەتكەن خېنىم، دەردىگە داۋا تېپىلمىغان خېنىم، — سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ يىغا ئاۋازى زىل ھەم مۇڭلۇق ئىدى، يۇرەككە تېگىپ كۆزلەرگە ياش كەلتۇرەتتى، — ۋاي چىرايلىق خېنىم... ئەمدى تۇنىسا خېنىمنى قانداق ئۆرە قىلىمىز، خېنىم...

تۇنىسا خېنىم ئۇششۇك تەگكەن دەرەختەك شۇمشىيىپلا قالغانىدى، ۋۇجۇدى تىترەپ، گەپ قىلىشقىمۇ ئاران ماغدۇرى يېتىۋاتاتتى.

— ۋاي بالام، نۆۋەت مېنىڭ ئەمەسمىدى ... يىغلاپ قالسۇن دېلىمۇ، بالام؟... مەن قانداق چىدايمەن، بالام؟ — تۇنىسا خېنىمنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازى ئەتراپتىكىلەرنىڭ يۇرىكىنى ئاغرىتتى. ئارىدا دېمى كېسىلىپ، ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇزۇن بىر تىنىق بىلەن ئۆكسۇپ يىغىسىنى يەنە داۋام قىلدى، — مېنى قانداق ئۆرە بولسۇن دېگەنلا، بالام... ۋاي نۇر خېنىم ... دەردكە چىدىماي كەتكەن، بالام...

ئاياللار بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا يىغلىشاتتى. بەزىلىرىنىڭ ئېسەدىگەن، ئۆكسۇگەن ئاۋازى، ئارىلاپ ئۇھ تارتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇنىسا خېنىم ھېچكىمنىڭ گېپى بىلەن كارى يوق توختىماي يىغلاپ ئاخىر ھوشىدىن كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاينىگار خېنىم بىلەنمۇ شۇنداق قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى.

— بولدى، سەۋر قىلىشسىلا ! تولا يىغلاۋەرسىلە ئۆلۇككە

ئازاب بولىدۇ...

بۇۋى بولسا كېرەك، ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن چوكان ئاياللارغا بايىقى مويسىپىت كىشىنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ:

— مېيىتنى سۇغا ئالىمىز، تەييارلاپ قويغان نەرسىلەرنى ئاچىقىپ بېرىڭلار... — دېدى.

كېلىنلەردىن بىرسى تەييارلاپ قويغان رەيھان، قىزىلگۈل بەرگى، سوپۇن، ئەتىر، يەنە باشقا نەرسىلەرنى ئاچىقىپ بايىقى بۇۋىگە بەردى.

ئاياللار تۇنىسا خېنىمنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇرنىنىڭ ئاستىنى بېسىپ، مۇزلاپ كەتكەن پۇت - قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇراتتى.

نۇر خېنىمنىڭ قىزلىرى بولسا كېرەك، ئورۇققىنە ئىككى قىز ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۇۋرۇككە يۆلىنىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇلاردا نە قوشاق قېتىپ يىغلىغۇدەك ماغدۇر، نە ئازابىنى ئىپادىلەپ چىقارغۇدەك كۈچ قالمىغان، يۈزلىرى تاتارغان، قورۇپ كەتكەن لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا جايىدا ئارانلا تۇرۇشاتتى. ئىشىكتىن ھەر قېتىم كىرگەن مېھمان ئۇلارنى قۇچاقلاپ ھازا ئاچاتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىلەن گۇلزىننەتنى ھازىدارلارنىڭ قاتارىغا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ھەجەر خېنىم، غەزىنە خېنىملار كېلىپ سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

مېيىتنى چىقىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئاياللار تەرەت ئېلىپ نۇر خېنىمنىڭ تەلىسىنى ئوقۇشقا ئولتۇردى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم گۇلزىننەتكە:

— سىلى ئۆيگە بېرىپ چوڭ كورىدا مەنچۇزە ئېتىپ تۇرسىلا، ھايال ئۆتمەي ئارقىلىرىدىن يېتىپ بارىمەن. ئاندىن ئىككىمىز ئىسسىقلىقنى ئېلىپ بىللە كېلىمىز . ئاچچىق - چۇچۇك قىلىپ ئەتسىلە، بەك قويۇق بولۇپ قالمىسۇن جۇما،

خېنىم بالام، ماڭسىلا، ــ دەپ يولغا سالدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم بۇرۇندىن يېنىدا بىرەر ـ ئىككى يات ئادەم بولۇپ قالسىلا شۇنداق تاتلىق تىللىرى چىقىپ «ۋاي بالام» دەپ ھالى قالمايتتى.

گۇلزىننەت ئۆيگە كەلگۈچە تولا ئويلاپ قانداق قىلىشىنى بىلەلمىدى، ئۇ باشقا تاماقلارنى ئوخشىتىپ ئېتەلىگەن بىلەن مەنچۇزە كېسىشنى بىلمەيتتى.

چۈشتىن سەل قايرىلغاندا سۇلتانىنىسىپ خېنىم كەلدى.

ــ ئاش پىشتىمۇ؟ ــ دېدى ئىشىكتىن كىرەر ـ كىرمەيلا.

ــ ھەئە ئاپا، پىشتى، ــ دېدى گۇلزىننەت نېمىگىدۇر سەل تەمتىرەپ.

ــ بىر چۈمۈچ ئۇسسىلا، ئەتىگەننىڭزى ئىسسىق ئىچمەي توڭلاپ، تىترەپ كەتتىم. ئۇلارمۇ يوقسىز بولمىغاندىكىن ئۆيگە مەش قويۇپ قويسا بولمامدۇ دەيمەن. پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ قالمىسا بولاتتى ...

ــ ئاش ئىچسىلە، ئاپا، ئىسسىپ قالىلا.

قاچىنى قولىغا ئالغان سۇلتانىنىسىپ خېنىم ياغلىرى تەپچىرەپ تۇرغان قىپقىزىل شورپىلىق ئاشنى كۆرۈپ خېلى خۇش بولدى ـ يۇ، ئارىلاشتۇرۇپ بېقىپلا يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى.

ــ نېمە بۇ؟ مەن مەنچۇزە ئەتسىلە دېدىم، سىلى نېمە ئەتىلە؟ مەن قورچاقما بۇ ئۆيدە ؟ سېنىڭ گېپىڭ نېمىگە ھېساب دېگەنلىرىمۇ بۇ؟ ئۆزلىرىچە مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالمىغۇدەك يوغىناپ كەتتىلىما؟ ...

گۇلزىننەت «ۋاقىدە» مەيدىسىگە تەگكەن قاچىدىن ئۆزىنى قاچۇراي دەپ بولغۇچە قىزىق ئاش يۈزىگە چاچرىدى. ئۇنىڭ ئاشنىڭ سۈيى چاچرىغان بويىنى بىلەن ئېڭىكى شۇ ھامانلا قىزىرىپ چىقتى، ئۇچىسىدا پاختىلىق جىلىتكە بولغانلىقى ئۇچۇن مەيدىسى بەك كۆيۈپ كەتمىدى.

گۈلزىننەت جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. بۈگۈن ئۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپمۇ يۈرمىدى، سۈرتۈپمۇ قويمىدى، ئۆزىنىمۇ تۇتۇۋالمىدى، يىغلىدى، يىغلاۋەردى ...

— مەنچۇزە دېسەم خۇيمەن ئەتكىنىنى ! مېنى تولا زاڭلىق ئەتمىسلە، خېنىم. خاتالىشىپ قاپلا ! مېنى بوزەك ئېتمەن دېيىشلىرى ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشلىرى. مەن ئۆزىنى مانا مەن دېگەنلەرگىمۇ تېتىيالايمەن. سىلىدەك سېرىق تۈككە ئابايام تېتىيمەن. بىشەملىك قىلىپ مىچىلداپ ئولتۇرماي قوپۇپ ئاشنى كورىغا ئۇسۇپ داستىخانغا چىگسىلە، مەن كۆتۈرەلمەيمەن.

«توۋا، ماۋۇ كۆڭلى قارا خوتۇن ‹بىر يېرى كۆيۈپ قالار› دەپمۇ ئويلىماستىن قازاندىن يېڭىلا ئۇسقان قىزىق ئاشنى ئاش ئەتكەن گۇناھىمغا بېشىمغا ئاتتىيا؟ مەنچۇزە بولسا نېمە بوپتۇ، خۇيمەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۆلۈملۈك ئۆيگە ئىسسىق ئاپارساق، هازىدارلار ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا بولىدىغۇ؟»

سۇلتانىنىسىپ خېنىم تەرەت ئالغىلى ماڭدى، گۈلزىننەت يىغلاپ يۈرۈپ داستىخان تېپىپ كورىنى چىگدى، ئاندىن ئۆزىمۇ ئەتىگەنكى هازىدارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولۇپ ئولتۇردى. بوينىنىڭ ئاش چاچرىغان يېرى ۋىژىلداپ ئېچىشىۋاتاتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ۋاتىلداپ سۆزلىگەنچە بايا سېلىۋەتكەن هازىدارلىق كىيىملىرىنى قايتا كىيىۋاتاتتى.

— يائاللا ! بىر قېتىم بولسىمۇ دېگەن ئىشىمنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغان بولسا يۈرىكىم يېرىلىپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ ـ هە ! خەقنىڭ كېلىنلىرى قانداق كېلىنلەردۇ؟ ماڭا قانداق كېلىن بېرىدىغاندۇ خۇدايىم؟ قايسى ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلىرىمغا مۇشۇنداق كېلىنگە ئۇچرايدىغاندىمەن؟ توۋا ... توۋا ...

كۆلگەنگىمۇ، يىغلىغانغىمۇ ئۆتىدىغان بۇ هايات

گۈلزىننەتكىمۇ ئۆتۈۋاتاتتى. شەمشىدىن ھاجىم كۈن ئارىلاپ تېلېفون قىلىپ تۇراتتى. خوتۇنىنىڭ تۈگىمەس يىغىلىرىنى «مېنى كۆرگۈسى كېلىپ يىغلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرەتتى. سېغىنىشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەركىلىتىپ ھەر ھالدا ئۇنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىنى دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدەك ئازراق بولسىمۇ ئىللىقلىققا تولدۇراتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ناتىۋان

— ئۇكام، ئەتە ئۆي كۆچمەكچى ئىدۇق، كېلىپ ياردەملىشىپ بېرەلەرسىز؟ سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچامغا دەپ باقسىلا، ئەگەر ئۇ ئۆيدە زۆرۈر ئىش بولمىسا كېلىپ ياردەملەشكەچ يېڭى ئۆيىنى كۆرۈۋالسىلا، — خان ئاچىسى گۈلزىنىنەتكە تېلېفوندا شۇنداق دېدى.

«كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق» دېگەن گەپنى كىم دېگەن بولغىيتتى؟ بۇ كىچىككىنە هويلىدىن شۇنداق كۆپ مال ـ بىسات چىقتى، تاشلىۋېتەي دېسە لازىملىق، ئېلىپ قالاي دېسە ساقلايدىغان ئورۇن يوق نەرسىلەرمۇ بىر ماشىنا چىقاتتى. ئۆي كۆچىدىغان ماشىنا نەچچە قېتىم كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ ئاخىر كەچكە تايىن تېپىۋاتقاندا ئەڭ ئاخىرقى نەرسىلەر يېڭى ئۆيگە توشۇپ بولۇندى.

يېڭى ئۆينى تېخى بېسىقتۇرۇپ بولالمىغان بولسىمۇ، قېينئانىسىنىڭ: «كەچتە بۇرۇنراق ئۆينى تاپارلا» دېگەن گېپى ئېسىدە تۇرغان گۈلزىنىنەت:

— مەن ئەمدى ماڭاي، ئاپام يالغۇز، بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىلە دېگەنىدى، — دەپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يېڭى كۆچكەن ئۆيدىن چىقتى.

بۈگۈن هېرىپ كەتكەچكە زەللىدىن ئىبارەت باش قېتىنچىلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنتۇپ

قالدىمۇ يا ئۆي كۆچكەندىكىن ھېچنېمە بولماس دەپ قالدىمۇ، گۇلزىننەت قۇرۇق قول قايتىپ كەتتى.

ئۇ كۆز باغلىنىشۋاتقان مەھەلدە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دەرۋازا ھالقىسىنى جاراقشىتتى.

— كەلسىلە، خېنىم! كەچ قالغان بازارچىدەك كېلىشلىرى ئەمدىمۇ؟ — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنىڭ قۇرۇق قول كەلگىنىنى كۆرۈپ تەئەددى بىلەن.

— ئۆي كۆچۈپ بولالماي كەچ بولۇپ كېتىپ، شۇ...

گۇلزىننەت يەرگە قارىدى. ئۇ قېيىنئانىسى گەپ قىلسىلا يەرگە قاراپ تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

— ۋاي، چىقسىلا تولا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي! مېنىڭ ئانىلىرىنىڭ تولۇق پولۇسىدىن تەمەيىم يوق. ئىززەت دەۋاتىمەن، ئىززەت! چىقسىلا، ماڭسىلا - ھە! — سۇلتانىنىسىپ خېنىم گۇلزىننەتنى ئىتتەرگەندەك قىلىپ ھويلىدىن چىقىرىۋەتتى، — نېمە ئادەم زاڭلىق ئېتىدۇ، جىم تۇرۇپ بەرسەم... بۇغۇ كىچىك، ئاتا - ئانىسىمۇ كىچىكمۇ؟ تۇنۇگۈنكى يېڭى قۇدا زەللە يۆگەپ بەرمىسەك سەت تۇرارمۇ دەپمۇ ئويلىمىغىنىنى قىزىنى سالتاڭ ئەۋەتىپ، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم دەرۋازىنى تاقاپ كىرىپ كەتتى، ھويلىدا تۇرۇپ ئاچچىق بىلەن سۆزلىگەن ئاۋازى ئىشىك ئالدىدىكى گۇلزىننەتكە ئېنىق ئاڭلىناتتى.

گۇلزىننەت نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ، يۈزىگە يېپىلغان دەرۋازىدىن ئاستا كەينىگە ياندى.

ھارغانلىقى ئۈستىگە، قورسىقى ئاچقان، يۈرىكى تىل - دەشنام بىلەن لىققىدە تولغانىدى. كۆزلىرى نەملىشىپ، لەۋلىرى تىترەپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ ئۆيىگە دەرھال قايتىپ كەتكۈسى كەلدى، لېكىن بۇگۈن ئۆي كۆچكۈچە دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ گەپلىرىدىن «قەرز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى.

«ئۇلارنى يەنە تەڭلىككە سالسام بولمايدۇ. مېنىڭ خەۋىرىم بولمىغان بىلەن تويدا قەرز ئالغان ئوخشايدۇ، تېخى توينىڭ

قەرزى تۆگىمەي تۇرۇپ يەنە دەرد تارتتىم دەپ بارسام ھەرگىز بولمىغۇدەك.»

«ھەرقانداق ئىش بولسا ماڭا دېسىلە» دېگەنىدى خان ئاچىسى.

ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تېلېفوننى ئالدى:

— خان ئاچا، زەللە ئېلىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپ قاپتىمەن.

ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك چىڭ تۇتۇۋالدىكى، كۆزلىرىدىن دەريا ـ دەريا ياش تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ خان ئاچىسى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يىغلىغانلىقىنى ئازراقمۇ بىلەلمىدى.

— مېنىڭ يادىمدا بار ئىدى، ئۇكام، لېكىن بۈگۈن ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، ئۆيدە تاماق ئەتكۈدەك ئىمكانىيەت يوق، شۇڭا گەپ قىلالمىغانىدىم. سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچام ئىسىل ئايال، بۈگۈن ئۆي كۆچكەننى بىلگەندىكىن بىرەر قېتىملىققا بىر نېمە دەپمۇ كەتمەس، ئۇلار زەللىگە قاراشلىق ئادەملەر بولمىغاندىكىن.

گۈلزىننەت گەپنى خان ئاچىسىغا قانداق دېسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىردەم ئويلاندى.

— خان ئاچا، ھازىر زەللىگە خىرۇستال، چىنە ـ چەينەك، شارپا، چېكەن، سومكا ياكى نەق پۇل دېگەندەك نەرسە بولسىمۇ بولىۋېرىدىكەن...

— ھە، — خۇرشىدە خېنىم ئاۋازىنى سوزۇپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەن شۇ ئارىلىقتا ھەممىنى چۈشەندى، — مەن باراي، ئۇكام، سىلى دەرۋازا ئالدىدىمۇ؟

— ھەئە، مەن ئىشىك ئالدىدا سىلىنى ساقلاپ تۇراي.

بۇنداق ئىشلارنى تولا ئاڭلىغان، كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن خۇرشىدە خېنىم گۈلزىننەتنىڭ قولىدا زەللىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دەرۋازىدىن قوغلانغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، شۇ ھامان ئېرىدىن پۇل ئېلىپ گۈلزىننەتنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

خۇرشىدە خېنىم كەلگەندە گۈلزىننەت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ تۇرغانىدى. ھارغىنلىقتا ئۇنىڭدا ئازابلانغۇدەك ماغدۇرمۇ

قالمىغان، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ قوغلانغان دەرۋازىدىن كىرىۋېلىش ئىستىكىدىن باشقا، خىيالىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

كوچا چىرىغىنىڭ گىرىمسەن يورۇقىدا ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراشمىدى. خۇرشىدە خېنىم گۈلزىنىنەتنىڭ بۇ زەردار ئائىلىدە كۆرۈۋاتقان كۈنىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئازراق گەپ قىلىپ تەسەللى ئېيتقۇسى كەلدى.

— گۈلزىنىنەت خېنىم، — دېدى ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا كەلگەندىن كېيىن گۈلزىنىنەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ، — كېلىنلىك سەپىرىمۇ ھاياتلىق سەپىرى ئىچىدىكى ئەگرى ـ توقايلىققا تولغان بىر سەپەر، مەن سىلىدىن «بۈگۈن نېمە ئىش بولدى» دەپ سورىمايمەن. چۈنكى كېلىنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كۆرىدىغان كۈنلىرى بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بىلىمەن، «ھەممىلا قېيىنئانىلارنىڭ قېيىنئانىلىقى قاتتىقمۇ، ھەممە كېلىنلەر مۇشۇنداق كۈنلەرنى كۆرەمدۇ؟» دەپ سورىغۇلىرى بار. ھەممىسى ئۇنداقمۇ ئەمەس، كېلىنلىرىنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ئانا ـ بالا بولۇپ ئۆتىدىغان قېيىنئانىلارمۇ بار. سىلىنىڭ پېشانىلىرىگە مۇشۇنداق قېيىنئانىلىقى قاتتىق قېيىنئانا پۈتۈلۈپتۇ، بۇنىڭغا چىدىماقتىن باشقا ئامال يوق. بىر كۈنلەردە ئىنسابىغا كېلىپ بۇ ئىشلارمۇ ئوڭشىلىپ كېتەر. ئەگەر ئەرلىرى بىلەن كېلىشەلمىگەن بولسىلا بۇ باشقا گەپ ئىدى، لېكىن شەمشىدىن ھاجىم ئىككىڭلار ياخشى ئۆتۈۋاتىسىلەر، شۇڭا چىدىسىلا، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۈگۈن ماڭا تېلېفون قىلغانلىرى بەك توغرا بولدى. سىلى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرىپ ئۆيلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋەرسىلە، قېيىنئانىلىرىغىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلىۋەرسىلە.

خۇرشىدە خېنىم گۇلزىننەتكە دەيدىغان گېپىنى تۈگىتىپ، باھادىرخان ھاجىمنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇردى.

خېلى ئۇزۇندا ئىشىك ئېچىلىپ سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچا، تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتاملا؟ ھاجىمكام، باللار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئايىنگار خېنىمنىڭ قېيىنئاچىسى كېتىپ قاپتۇ ... ئۇ كۇنى مەن ئۆيدە يوق بولۇپ قاپتىكەنمەن، ئانام يالغۇز بېرىپ كەلدىم دەيدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۇنى ئىسسىقلىق ئېلىپ بېرىپ كېلىمەن...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! خۇداغا شۇكۇر. زىبىرنىسا خېنىم، ھاجىم ، سىلىنىڭ باللار تىنچمۇ، بالام؟ ئۆينى تىنچ - ئامان كۆچۈۋېلىشلىمۇ؟ قېنى ئۆيگە كىرسىلە، تۇڭلاپ كەتكەنلا؟ كەلسىلە ...

ئىشىكنى ئۇرغىنى يەنە گۇلزىننەت بولۇپ قالسا دەپ دەيدىغان گەپلىرىنى تەييارلاپ چىققان سۇلتانىنىسىپ خېنىم خۇرشىدە خېنىمنى كۆرۈپلا دەرھال ئېسىلزادىلىك ھالىتىگە قايتىپ، تەۋازۇ بىلەن تەكەللۇپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداق يېقىملىق، سۆزلىرى تارتىملىق ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ بايىلا تېخى كېلىنىنى بوسۇغىدىن قوغلىۋەتكەن ھازازۇل ئايال ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمايتتى.

— خوش، كەچ قالماي، — تۇزۇت قىلدى خۇرشىدە خېنىم، — گۇلزىننەت خېنىم جىددىيچىلىكتە زەللىسىنى ئالمايلا كېتىپ قاپتۇ، كەينىدىن يۇگۇرۇپ كەلسەم ياخشى ئۆيگىمۇ كىرىپ بولالماپتىكەن، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇگۇن ئۆي كۆچۈپ، ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇپ بولالمىغاچقا داستىخان قىلالمىغان. ئانام لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى كۆڭلى تارتقان نەرسىنى بازاردىن بولسىمۇ ئەكەلدۇرۇپ...

خۇرشىدە خېنىم گەپكە ئارىلاشتۇرۇپ يۇز يۆنىلىك پۇلدىن

بىرنى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بولدى. ئۇ ئىشنى شۇنداق چىرايلىق ئەپلىدىكى، سۇلتانىنىسىپ خېنىممۇ ئۇنىڭ گۈلزىننەتنى ئۆيگە كىرگۈزمىگەنلىكىنى بىلگەن ـ بىلمىگەنلىكىنى پەرەز قىلالمىدى.

— خۇداغا ئامانەت ، سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچا، مەن ماڭاي، بالىلار ئانامنى خاپا قىلىپ قويمىسۇن. سىلىنى كەچ بولغاندا مالال قىلىپ قويدۇق، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— ئۆيگە كىرمەي كەتسىلە قانداق بولىدۇ؟ ئەتىگەندىن بېرى ھارغانسىلەر، كەلسىلە بىر پىيالىدىن ھاردۇق ئېشى ئېتەي، ئىشىك ئالدىدىن كەتسىلە سەت تۇرىدۇ، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم خۇددى راست دەۋاتقاندەك خۇرشىدە خېنىمنى ئۆيگە كىرىشكە خېلىلا چىڭ تۇتتى، — ئەمىسە، زىبىرنىسا خېنىمغا سالام ئېيتسىلا، مەنمۇ بىر كۈنى ھاردۇق سورىغىلى بارىمەن... ئىشىك ئالدىدىنلا ياندىلا ئەمدى... خاپا بولماي كەتسىلە.

«ئۇرۇقى يامان خەق بۇلارنىڭ، ساقلاندىسىنى ھەرنىمە قىلىپ يەنە قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ماڭدى مانا... بوشراق تۇرسام چېكىپ باققۇسى بار مېنى. مەن كىم؟! مېنى چېكىپ باقماقچى بولغانلار ئۆزى چېقىلىپ كېتىدۇ.» سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئىچىدە شۇنداق دەپ بايىقى پۇلنى جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

گۈلزىننەت يۈز يۆەنىنىڭ يۈزى بىلەن قېيىنئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم سۇپىغا چىقىپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نېپىز ئاق ھىلھىلە رومال ئاستىدىكى سۇزۇك چىرايىدىن چوڭقۇر ئىخلاس ۋە ئىللىق تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدىكى قوپال ئاۋاز بىلەن قاتتىق گەپلەرنى بۇ ئايالنىڭ دېگەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

گۈلزىننەت ئۆيلەرنى بىرەر قۇر سۈپۈرۈپ تازىلاپ قويدى، قېيىنئانىسى يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى، توختىماي

مىدىرلاۋاتقان لەۋلىرىنى ئاچمىغاندىن كېيىن ھۆجىرا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ياسىداق ھۆجىرا مۆز چىلىلاپ تۇراتتى. پەردىلەردە، كارىۋات ياپقۇچلىرىدا پارلايدىغان تىللا رەڭ نۇرمۇ جىلۋە قىلمايتتى. يۇقىرى ۋاتلىق چىراغنىڭ كۆچلۈك نۇرى گۈلزىنىنەتكە ئىچىدىكى بارلىق ئازابلىرىنى ئاشكارا قىلىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. ھۆجرىنىڭ بىر يېرىدە بىركىم ماراۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بىچارىلىكىنى، ناتىۋانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تولىمۇ بىئارام بولدى.

«ئاھ، خۇدا، چارچىغان جانلار ئارام تاپسۇن دەپ كېچىنى ياراتقانسەنمۇ؟ ياشلار تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ كۆزلەردە قاراق ياراتقانسەنمۇ؟ مەن ئاجىز، ناتىۋان، ماڭا سەۋر بەرگىن. بارلىق جانلىرىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ ئازراق بەخت بەرگىن...»

ئۇ ھارغىن تېنىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. شەمشىدىن ھاجىم تۈركىيەگە كەتكەندىن بېرى تولا كەچلەردە مەشكە ئوت ياقمايلا سوغۇق ھۆجرىدا يېتىپ قالاتتى. سوغۇقلۇق جاننى قاقشىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيتتى. سوغۇق كېچىلەر بارغانچە ئۇزىراپ كېتىپ باراتتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ئات قويۇش چېيى

قۇتبىدىن ھاجىم تۈركىيەدىن قايتىپ كەلگەننىڭ ئەتىسى، پەرىدە خېنىم دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بوشاندى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم توخۇ شورپىسىغا شوۋىگۇرۇچ سېلىپ گۈلزىنىنەت بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا ماڭدى. دوختۇرخانىدا ئادەم مىغىلدايتتى. كارىدوردا يېتىپ كەتكەن كېسەللەر، تالادا سوغۇقتا شۈمشىيىپ ئولتۇرۇشقان كېسەللەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى... ئىشقىلىپ دوختۇرخانىغا كەلگەن ئادەم «بارچە ئادەملەر ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانمىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغۇدەكلا ئىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم گۈلزىنىنەتنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە ئېسىدە قالغىنى بويىچە پەرىدە خېنىمنىڭ ياتىقىنى ئاسانلا تاپتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — سۇلتانىنىسىپ خېنىم قولىسى بىلەن يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى، — قانداق ئەھۋاللىرى، ئاينۇر خېنىم؟ جاپا تارتىپ قېلىۋاتىسىلا، يا كېلىپ بىللە قايىلىشىپ بەرگىلى بولمايدىكەن دوختۇرخانىدىكى تارچىلىقتا ...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! سوغۇقتا نېمىشقا ئاۋارە بولۇپ كەلگەنلا، سۇلتانىنىسىپ خېنىم، تىنچ تۇردىلىمۇ؟ ھاجىم سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتاملا؟ ...

قولدىلار تەۋازۇ قىلىشىپ ئەھۋال سوراشتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم دۇئا قىلىپ، پەرىدە خېنىمدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن ئاق يۆگەكتە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقان نەۋرىسىنى قولىغا ئالدى.

— غەمسىز بولسىلا، — دەپ بوۋاقنىڭ قاڭشىرىنى بوشلا چىمدىپ قائىدىسىنى قىلىپ قويغاندىن كېيىن، — قۇتبىدىن ھاجىمغىلا ئوخشاپتۇمۇ نىمە؟ قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، خۇدايىم ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، — دەپ پەرىدە خېنىمنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

— قانداقراق تۇرىلا، پەرىدە خېنىم ئاچا؟

گۈلزىنىنەت ئۆز ئاچىسىدەك بولۇپ قالغان يەڭگىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى، يۆگەكتىكى بوۋاقتا مەستلىكى كېلىپ ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى.

— خۇداغا شۈكۈر، يەيدىغان رىزقىم بار ئىكەن، ھايات قالدىم. ئۇكام، ئۆزلىرىچۇ؟ مەن يوق، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىدا يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىۋاتاملا؟

— ياق، ھازىر ئۆيدىمۇ ئادەم ئاز بولغاندىكىن ئىشمۇ كۆپ ئەمەس، جاپا تارتمىدىم.

— ئۆزلىرى قانداقراق تۇرىلا، بالام؟ — پەرىدە خېنىمدىن ئەھۋال سورىدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم، — ئاۋۋالقى ئىككىسىدە ئوك سېپىدە بولغاندىكىن، خۇدايىم بۇ قېتىممۇ بىر يول بېرەر دېسەك، «يېرىم» بولۇپ قاللا. بوپتۇ، سىلى يا ئېتىز ـ ئېرىقتا چىقمىغاندىكىن ھېچ نەرسە بولماس.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى، ئاينۇر خېنىم تومپۇچكىدىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ داستىخان راسلاشقا باشلىدى.

— ھازىر خېلى ياخشى، ئاپا. كېچىچە قورسىقىم ئاغرىپ، بالا بىر تەرەپتىن يىغلاپ سەل قىينالغان، سەھەرگە يېقىن ئاغرىق توختىدى.

پەرىدە خېنىمنىڭ چىرايى سارغىيىپ قالغان، لەۋلىرىمۇ

قۇرۇپ كەتكەنىدى.

— بالا كېچىچە يىغلاپ چىقتى، — دېدى ئاينۇر خېنىم، — پەرىدە خېنىمنىڭمۇ قورسىقى ئاغرىپ ھالى قالمىدى ... ئاخىر دوختۇر كىرىپ بىر تال ئوكۇل ئۇرۇپ قويغان بىلەن سەل ئارام تاپتى. ئوكۇلنىڭ كۈچى تۈگىسىلا ئاغرىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ ئوپېراتسىيە قىلغان جاي.

— بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن دەردمۇ تۈگەيدۇ، ئەمدى جاپا تارتىپ قالىدىغان بوللا، ئاينۇر خېنىم، — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم، — نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆيگە ياندۇرۇپ چىقساق سەل ئارام تېپىپ قالارلا...

— نېمە بولسا پەرىدە خېنىمنىڭ ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ قالدى، شۇڭا جاپامۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن دېسىلە، گۈلزىننەت خېنىم خېلى كۆنۈپ قالدىمۇ؟ — ئاينۇر خېنىم قۇدىسىدىن تەسەللاسىغا سورىدى، — تويدىن كېيىنمۇ شۇ بىر بارغانچە يا بىر بېرىپ ھاردۇق سوراپ كېلىپ بولالمىدىم، بۇسۇغا داۋاندىن چىقماقنىڭ تەسلىكى شۇ...

— كۆنۈپ قالدى، بىر ئوبدان تۇرىدۇ. قارچىغىدەك ئوغلۇمنى تۇۋلۇك بويانلىق بەرسەم كۆنمەمدۇ دەيلا، ئاينۇر خېنىم، كۆنۈپ قالدى! يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كۆزۈمنىڭ قارىقىغا دەسسىتىپ باققان باللار دېسىلە بۇ! كۆنمەمدىغان بۇنداق ئوغاۋاللىغا!

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ جاۋابىدىن ئاينۇر خېنىمنىڭ كۆڭلى غۇژژىدە ئاغرىدى. ئۇنىڭغىمۇ «سېنىڭ قىزىڭغىمۇ قارچىغىدەك ئوغلۇمنى تۇۋلۇك بويانلىق بەردىم» دېگەندەك بىلىندى.

«قىز تۇغقان گۇناھمۇ؟ قىزىمنى بۇ ئائىلىگە ياتلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن داۋاملىق ئېگىلىپ، يېلىنىپ تۇرۇشۇم كېرەكمىدۇ؟ قىز بالىغىمۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياخشىسىنى يېگۈزۈپ، ئېسىلىنى كىيدۈرۈپ ئارزۇلاپ باقمىزغۇ؟ ئارزۇلۇق

قىزىمنى خىزمىتىگە بەرسەممۇ بىر ئېغىز رەھمىتى يوق، ئۇ ئوغلىنى تۇۋۇلۇك بويانلىق بەرمىدى، مەن قىزىمنى تۇۋۇلۇك بويانلىق بەردىم...» كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىدى ئاينۇر خېنىم.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىلەن گۇلزىنىنەت خېنىم دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

دەرۋازا ھالقىسى جاراقلىدى.

— كەلسىلە، دادا ...

باھادىرخان ھاجىم بىلەن قۇتبىدىن ھاجىم بىللە قايتىپ كەلگەنىدى.

گۇلزىنىنەت قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئاكىسىغا چاي دەملىدى. ئەرلەر ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئولتۇراتتى.

— دادا، قىزىمغا ئىسىم قويىدىغان ئىش ئىدى ... ئەتە جۈمە، خەيرلىك كۈن، سىلىچە ئەتە ئىسىم قويۇۋەتسەك بولارمۇ؟

— قۇتبىدىن ھاجىم چاينى ئوتلاۋېتىپ يېڭى تۇغۇلغان قىزىنىڭ ئىسىم قويۇش ئىشىنى چىقاردى.

— راست، خېلى ئۇزىقىپ قاپتۇ ـ ھە ! قانداق ئىسىم ئويلاشتىڭلار، بالام؟ — دېدى باھادىرخان ھاجىم.

— بۇرۇنقىدەك سىلى قويۇپ بېرەرلا، دادا، سىلى ياخشى كۆرگەن ئىسىمنى بىزمۇ ياخشى كۆرىمىز.

— ئوغۇللىرىڭغا مەن ئىسىم تاللاپ بېرىپتىمەن، ئەمدى قىزىڭغا ئۆزۈڭ تاللاپ ئىسىم قويغىن . پەرىدە خېنىمنىڭ ئويلاپ قويغان ئىسىملىرى بولسا شۇنى قويساقمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىسىم دەپ ئادەمنىڭ ئاغزى كەلمەيدىغان گەپلەرنى باللارغا ئىسىم قىلىپ قويۇۋالماڭلار. مەنىسى ياخشى، ئاسان ئەستە قالىدىغان، ئاتىلىشى چىرايلىق ئىسىملار بولسۇن.

قۇتبىدىن ھاجىم كۈلۈمسىرەپ، پۈتىغا مۇشتلاپ ئولتۇرغان ئانىسىغا قارىدى.

— ئانام رازى بولسا ئىسمىنى ئايسۇلتان خېنىم قويساق، سىلىچە بولارمۇ، دادا؟

— ۋاي جېنىم بالام، سىلى كونىچە كۆرمەي يارىتىپ، مېنىڭ ئىسمىمنى قويسىلا مىلىڭ مەرتەم رازىمەن. سىلى بولسىلىمۇ ئېتى ئۆچۈپ قالمىسۇن دەپ مېنى ئويلاپلا ھەرنېمە بولسا! باللار چوڭ بولۇۋېلىپلا خوتۇن بىلەن بالىسىنىڭ غېمىنى يەپ مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دەپ يۈرەتتىم، خۇداغا شۈكۈر...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئېچىلىپلا كەتتى.

— ئەمىسە ئەتە سەھەردە ئىمام ئاخۇنۇمنى ئېلىپلا ئۈچىمىز بېرىپ ئىسىم قويۇۋېتىپ كېلەيلى، بالام.

باھادىرخان ھاجىم تامغا يۆلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بەش - ئون مىنۇت مۈگدىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ مۇشۇ نەچچە مىنۇتلۇق ئۇيقۇسىنى بىر كېچىنىڭ ئۇيقۇسىدىنمۇ چوڭ كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ تامغا يۆلىنىپ مۈگدەپ قالسا ھېچكىم ئويغاتمايتتى.

— ۋىيەي، نېمە دەۋاتىلا، ھاجىم! ھەر ئىش يولى بىلەن بولار... — سۇلتانىنىسىپ خېنىم تاس قالدى ئاغرىۋاتقان پۇتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى.

— ھە، يەنە نېمەڭ چالا قېلىۋاتىدۇ، خوتۇن؟

باھادىرخان ھاجىم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ئېچىپ سەل كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى.

— ئىسىم دېگەننى مۇنداق قائىدە - رەسمى بىلەن قويىدىغان ئىش بارغۇ! بەختىيار غوجام بىلەن نۇرئەلىجاننىڭ ئات تويىنى قىلىپ، ئايسۇلتان خېنىمنىڭكىنى ئۇچىگىلار بېرىپلا قويۇپ كەلسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئاينۇر خېنىم مېنى «چېدىماسلىق قىلىپ كەلمەپتۇ» دېمەمدۇ؟ ئادەمنى يۈزىنى كۆتۈرۈپ ياشىغىلى قويسىلا قۇدا - باجىنىڭ ئالدىدا. مېنىڭمۇ يارىشقىنى قىلغۇچىلىكىم بار. بىر ئادەمگە بىرلا قېتىم ئىسىم قويىدۇ، مۇشۇنداق چوڭ ئىشقىمۇ سەل قايلايدىكەنلا.

— ۋاي، گېپىڭمۇ تۈگىمەيدىكەن، خوتۇن. ئۈچىنچى

قېتىملىق تۇغۇتتىمۇ مېھمان ئاپىرىپ خەقنى ئاۋارە قىلىۋالمىساڭ قېتىقىڭ ئۇيۇماي قالارمۇ؟ بۇ قىش زىمىستاندا مېھماننى نەگە باشلايدۇ؟ پەردە خېنىم نەدە ياتىدۇ؟ ئاۋۇ ئىككى ئارزۇلۇق نەۋرەڭمۇ شۇ ئۆيدە، يا بىرىنى بولسىمۇ ئەكېلىپ بېقىپ بېرەي دېمەيسەن. يەنە خىجىل بولماي مېھمان ئېلىپ بېرىپ يەپ ـ ئىچىپ كەلگۈڭ بار ـ ھە، سېنىڭ؟ راست، ھاياتتا ئىسمىنى بىرلا قېتىم قويىدۇ، لېكىن شۇ كۈنى يەپ ـ ئىچىپ تويۇنۇۋالمىسىمۇ قويغان ئىسىم ئىسىم بولماي قالماس!

— مېنىڭ ئون گېلىم باردەك يەپ ـ ئىچىپ دەپ كەتتىڭىيا؟ قۇتبىدىن ھاجىم ئاران بىر قىز يۈزى كۆردى، ئىززىتىنى قىلايلى دېدىم شۇ. ھامان يوقلاپمۇ بارىمىز ئەمەسمۇ، سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ كەلسەك نېمە يامان بوپتۇ؟

خىجىللىقتا قالغان قۇتبىدىن ھاجىم گەپكە ئارىلاشتى.

— دادا، ئانامنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، بوپتۇ مېھمان بولسا بولا، بىرسىمۇ مېھمان، ئىككىسىمۇ مېھمان، قاتاردا ئۆزاپ كېتەر...

— بالام، مەن بىلىمەن. ئاناڭ «بوپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىۋالسىلا جەددى ـ جەمەتىنىڭ بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە ھەممىسىنى يىغىدۇ. بۇ قىشتا مېھمان كۈتمەك ئاسان دەمسەن؟ شۇڭا، ئىشنى يوغىناتمايلا تۈگىتەيلى دەيمەن، سوغۇقتا خەقنى قىيناپ ...

— ۋاي شۇ، غوجىكام ئەر ـ ئايال، ئىنىلىرى ئەسمۇتۇللا قارىم ئەر ـ ئايال، يېڭى قۇدىلار، ئاكام، ئىنىم ئەر ـ ئايال بولسىلا بولىدۇ. ئاينىگار خېنىمنىڭ ئۆيىدە مۇسىبەت بولدى، ئۇلارنى چاقىرغىلى بولمايدۇ. ئۇنچىلىك مېھمان ئۆزاتقانغا قۇدىلار يىقىلىپ قالماس؟ ھايات دېگەن شۇ، مېھمان ئۇزىتىپ، مېھمان بولۇپ، مېھمان كۈتۈپ ... بېرىش ـ كېلىش قىلىپ ياشىمىسا جاپا تارتىپ ئۆي تۇتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟

— بىلىمەن، سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ مەنىسى شۇ

مېهماندارچىلىق بىلەن زەللىدە. لېكىن هاياتنى ئۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارغا ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىپ قويساق بولمايدۇ، بىز بۇ دۇنياغا مېهمان بولۇپ، يەپ - ئىچكىلىلا كەلمىگەن. مەن ساڭا تولا دەپ كەتتىم بۇ گەپنى، چايدىلا يۇرۇۋەرمەي، ئۇنى - بۇنى كۆر، ئوقۇ، هېچ بولمىسا باشقىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ شۇنى بولسىمۇ بىلىپ قوي. ئۇخلاپ، كېلىنلەر پىشۇرۇپ ئالدىڭغا ئەكېلىپ بەرگەن تاماقنى يەپلا يېتىۋەرمە.

— ئوهوي، دەۋىرىدىكەنلا ! مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگىلى ئەللىك يىل بولدى، يەنە نېمىنى ئوقۇيمەن؟ مەكتەپكە بىرەملا يا سەۋىيەم تۆۋەن كېلىۋاتقان بولسا؟ ئەجەب قېرىغانچە يارىمايدىغان بولۇپ قالدىم سىلىگە !

— كىتاب ئوقۇ، هېچ بولمىسا تېلېۋىزور كۆرۈپ قوي. كىتاب ئوقۇمىغان ئايال كۆزى كور ئايالدۇر ! ئۇنىڭ كۆزى جاهاننى كۆرەلىگەن بىلەن قەلبى قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ، قاراڭغۇ قەلب بىلەن باللىرىنىڭ، ئېرىنىڭ قەلبىنى قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟ ئۆز يېنىدىكى قەدىردانلىرىنىڭ قەلبىنى، كۆڭۈل خاھىشىنى بىلەلمىگەن ئادەم بىچارىدۇر. سېنى بىچارىلىكتە قالمىسۇن دەيمەن.

— ماقۇل، هاجىم ! ماقۇل ! «قېرىغاندا ئىتنىڭ تىزىنى كۆردۇم» دەپ، ياش يىگىتلەردەك تەلەپلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى سىلىنىڭ. هازىر مېنىڭ كۆزۈم خەت كۆرەلەيدىغاندەك كىتاب ئوقۇ دېگىنىنى.

باهادىرخان هاجىم شۇنچە كۆپ گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ ئاقىۋەت سۇلتاننىسىپ خېنىم يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلدى.

ئەر - ئايال ئوتتۇز مېهمان تاشبەگنىڭ مېهمانخانىسىغا گۇگۇتنىڭ تېلىدەك لىققىدە كەلدى. مەشتە ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئوت يېقىلمىغان ئۆي ئانچە ئىسسىپ كەتمىگەنىدى، ئەتىگەن ئىسرىقلىغان بولسا كېرەك، ئۆيدىن قويۇق ئارچا پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

قىش بولۇشىغا قارىماي داستىخان خېلىلا مول تەييارلانغانىدى. مېھمانلار تىنچلىق سورىشىپ، جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن سىنچايدىن باشلاپ تاماقلار تارتىلىشقا باشلىدى.

ئىسسىق - سوغۇق، قويۇق - سۇيۇق، تاتلىق - تۈرلۈم ھەممىسى ئۆز نۆۋىتى بىلەن كېلىشكە باشلىدى.

پەردە خېنىم ياندىكى ئۆيدە يېڭى تۇغۇلغان بالىسى بىلەن ياتاتتى، ئىككى بالىسى يېنىدا ئويناپ ئولتۇراتتى. بۈگۈن ھەممە ئادەم مېھمان كۈتۈش بىلەن ئاۋارە، ھېچكىمنىڭ نە ئۇنىڭغا، نە بوۋاققا قارىغۇدەك چولىسى تەگمىدى.

تاماقلار بىرەر قۇر تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن بوۋاققا ئىسىم قويۇش ئۇچۇن ئۇنى ئەكىردى. ھەممەيلەن بوۋاقنى بىرەر قۇر قولىغا ئېلىپ غەمسىز بولۇشنى تىلەپ قاغشىرىنى بوش مىجىپ قويۇپ، ئىسىم قويىدىغان قارىمنىڭ ئالدىغا قويۇشتى.

— خانغا نېمە دەپ ئىسىم قويىمىز؟ قانداق ئىسىم ئويلاشقان، ھاجىم؟

قارىم بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ سۈپلىگەچ ئولتۇرۇپ باھادىرخان ھاجىمنىڭ جاۋاب بېرىشىنى ساقلىدى.

— قۇتبىدىن ھاجىم ئانامنىڭ ئىسمىغا يېقىنراق قىلىپ ئايسۇلتان خېنىم قويساق دەيدۇ. مەنىسى ياخشى بولسا، ئەقىدە - ئېتىقادىمىزغا مۇخالىپ كېلىدىغان يېرى بولمىسا مۇشۇ ئىسمنى قويساق سىلىچە بولارمۇ، قارىم؟

— ۋاي، نېمانداق چىرايلىق ئىسىم بۇ.

— شۇ، شۇ، سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ئېتى ئۆچمەيدىغان بوپتۇ مانا !

— ھازىرقى ياشلار نەدىنمۇ تاپىدىكىن، شۇنداق غەلىتە، ئېغىزغا كەلمەيدىغان ئىسىملارنى قويىمىز دەپ تۇرۇۋالىدىكەن، بۇ ئىسىم بەك چىرايلىق ئىسىم بوپتۇ...

ئاياللارغا بۇ ئىسىم ياراپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسىم خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ھەم كۆپ قوللىنىدىغان ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن ئىدى.

قارىم ئىسىمنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن :

— بولىدۇ، بۇ ياخشى ئىسىم بولغۇدەك. ئەمىسە قىزىمىزنىڭ ئىسمى ئايسۇلتان خېنىم بولسۇن، — دەپ بالىنى ئالدىن سېلىپ تەييارلاپ قويۇلغان جايىنامازغا ياتقۇزۇپ سۈرىلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ، — مۇبارەك ئىسمىلىرى ئايسۇلتان خېنىم بولسۇن ! ئىمان - ئېتىقادلىق، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىززەت - ھۆرمەتلىك ئېسىل ئاياللاردىن بولغايلا، ئامىن ! — دەپ بالىنى باھادىرخان ھاجىمغا بەردى.

— مۇبارەك بولسۇن ! ئىسمىلىرى ئايسۇلتان خېنىم بولدى، خۇدايىم ساق - سالامەت چوڭ بولغىلى نېسىپ قىلسۇن.

ھەممەيلەن قۇتبىدىن ھاجىمنى مۇبارەكلەشتى.

تاشبەگ پەتنۇسقا سېلىنغان پەلتولۇق سارجىنىڭ ئۈستىگە يۈز يۈەننى قويۇپ قارىمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قارىم، ئۆزلىرىنىڭ قەدەم رەنجىگە لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل كۆرسىلە ...

— ۋاي، ئۇنداق قىلسىلا بولمايتتى، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ !

قارىم سۆلھى - سالالار بىلەن ئاخىر رەخت بىلەن پۇلنى ئالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن باھادىرخان ھاجىمغا، قۇتبىدىن ھاجىمغا تەييارلانغان رەختلەر ئەكىرىلدى.

باھادىرخان ھاجىم ئۇ نەرسىلەرنى قەتئىي رەت قىلىپ ئالمىغانىدى، تاشبەگ:

— ھاجىم، لايىقلىرىدا بولمىدى، شۇنداق بولسىمۇ مەزۇر

تۇتسىلا، ئاددىي بولۇپ قالغان بولسا تولۇقلىۋېتەرمىز، قولۇمنى يانىدۇرمىسىلا، ــــ دەپ مەھكەم تۇرۇۋېلىپ ئاخىر رەختنى ئالدۇردى.

بۇگۈنكى مېھمانغا كەلگەن بارلىق ئەرلەرگە بىر پەلتولۇقتىن سارجا قويۇلدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا پەلتولۇق سارجا بىلەن ئىككى يۈز يۈەن پۇل، ئاينىگار خېنىمغا، مەينىگار خېنىمغا، شەمشىدىن ھاجىمغا نېسىۋە دەپ رەخت قويۇلغاندىن كېيىن قالغان بارلىق ئاياللارغا توغاچ رەڭلىق گاباردىيوندىن پەلتولۇق قويۇپ قويدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۆزىگە قويۇلغان رەخت بىلەن پۇلغا قاراپ قاشلىرىنى لىككىدە ئۇچۇرۇپ بىر سىڭار يان قارىدى ـ يۇ، ھاجىمنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، تەبەسسۇم بىلەن رەختنى ئالدى.

ئۆي ئىگىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باھادىرخان ھاجىم:

ــــ قويۇلغان رەختلەر ئەمدى بىزگە تېگىل بولدى. ئەكەتمەيلى، ــــ دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا قاراپ، ــــ سەن رەختلەرنى ئاينۇر خېنىمغا ئاچىقىپ بەرگىن. چۈشەندۈرۈپ قوي، كۆڭلىگە ئېلىپ يۈرمىسۇن.

باھادىرخان ھاجىم ئەرلەرنى باشلاپ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەسچىتكە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغىلى كىرىپ كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ گۈلزىنىنەتتىن دەرھاللا بۇ رەختلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋەتتى:

ــــ بالام، دادىلىرى ئۇنداق دېگەنبىلەن رەختلەرنى يانىدۇرۇپ بەرسەك «مەزۇر تۇتمىدى» دەپ قۇدىلارنىڭ كۆڭلى رەنجىپ قالىدۇ. ھازىرچە ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ تۇرسىلا، كەچقۇرۇن مېھمانلارغا ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، دەرھال بېرىپ، دەرھال قايتىپ كەلسىلە، ــــ دېدى.

گۈلزىنىنەت بۇنداق كۆپ ھەم ئېغىر رەختلەرنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟! ئۇ رەختلەرنى سۆرەشتۈرۈپ ھويلىغا ئاچىقىپ

تۇرۇشىغا ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان پەرىدە خېنىم كىچىك ئىنىسىنى قوشۇپ قويدى. ئىككىيلەن بىللە رەختلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم نەۋرىسىگە ئاتاپ ئەكەلگەنلىرىنى داستىخانغا قويدى.

— ئاينۇر خېنىم، قۇدام! ئايسۇلتان خېنىم قىزىمىغا يۆگەكلىك ئىككى مېتىر پاختا رەخت، ئىككى قۇر كىيىم، ئېغىزلاندۇرۇشقا بادام، ياڭاق، پەرىدە خېنىم بالامغا بىر قۇر كېچىلىك كىيىم ئالغاچ كەلگەن، ئىسسىققىنا كىيىپ ياتار، — ئۇ شۇنداق دەپ سومكىسىنىڭ ئىچكىرىكى يانچۇقىدىن قىزىل يىپقا باغلانغان چىلانىنىڭ ئۇرۇقىدەك ئۈچ تال ئالتۇن بىلەن بىرنەچچە تال قىزىل خىرۇستال مارجان ئېسىلغان بىلەزۈكنى ئالدى، — ئايسۇلتان خېنىمغا بىر تال ئالتۇن بىلەزۈكۈم بار ئىكەن، لايىقلىرىدا قىلالمىغان بولساقمۇ مەنزۇر تۇتارلا ... ھە، يەنە بىر قوي ئاتىدۇق، پەرىدە خېنىمغا سويۇپ بېرىشەرلا ...

— سۇلتانىنىسىپ خېنىم، بەك كايىپلا، رەھمەت! ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى تۇرسا نېمانچە كايىپ ئەمدى... رەھمەت!

مېھمانلار بىر ئېغىزدىن «كايىپلا، رەھمەت» دەپ تۈزۈت قىلىشتى.

بۇ بىلەزۈك پەقەت بىر يېرىم گىرام ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ ئىسمى ئالتۇن بىلەزۈك ئاتىلىپ بۈگۈنكى داستىخانغا چىقتى. ئەمدى كىم بىلىدۇ بۇ قائىدە قانداق تەرەققىياتلارنى بېسىپ ئۆتۈپ كىملەرنى قاڭغىر قاقشىتىدىغان «قائىدە»گە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ كىملەرگە نېمىلەرنى بەدەل قىلدۇرىدۇ؟ كىملەرنى يىغلىتىپ، كىملەرنى كۈلدۈرىدۇ؟ قانچىلىك ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا، قانچىلىغان نارەسىدە قارا كۆزلەرنىڭ يېتىم بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ؟...

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئىنىسىنىڭ كىچىك نەۋرىسى پەرىدە خېنىمغا سويۇپ بېرىدىغان قوينى يېتىلەپ كەلگەنىدى.

داستىخاندا ئولتۇرماي ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن رەخت قويغاندا ئۇنتۇلۇپ قالدى.

پەقەت ئۇزاپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندىلا سۇلتانىنىسىپ خېنىم بۇ جىيەن نەۋرىسىگە رەخت قويۇلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىچى «ۋىژژىدە» ئېچىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇزاپ چىققاندا جىيەن نەۋرىسىگە رەخت قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى دەي دېسە باھادىرخان ھاجىمدىن قورقتى، دېمەسلىككە تېخى كۆڭلى ئۇنىماي ئاچچىق بىلەن قايتىپ كەلدى. ئويلىغانچە ئىچى ئاچچىق بولۇپ، قورسىقى ئېسىلىپ بەك قىينالدى.

قۇتبىددىن ھاجىم «ھېلى باراي» دەپ بالىلىرىنىڭ يېنىدا قېلىپ قالغانىدى. قايتىپ كېلىپ ئەمدى چاپىنىنى سېلىپ تۇرۇشىغا، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى جالاققىدە ئېچىلدى.

— بۇ پەسىلەر قاچان ئادەم بولار - ھە ! — زەردە بىلەن سۆزلەپلا كىردى سۇلتانىنىسىپ خېنىم، — بىر قېتىم بىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلسا ئۆلۈپ قالارمۇ؟ نەدىنىمۇ پېشانىلىرىگە پۈتۈلۈپ قالغان بولغىيتتى بۇ ئېرىمەس؟ بۇگۈن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا مېنى يەنە يەر قىلدىيا !

— ئانا، بىرەر ئىش كۆڭۈللىرىگە كېلىپ قالدىمۇ؟ بايا بىر ئوبدان تۇراتتىلە، ئەگەر بىرەر ئىشتا سەۋەنلىك كۆرۈلگەن بولسا مەن پەرىدە خېنىمغا دەي، تۈزەتسۇن، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، كەچۈرۈۋەتسىلە.

قۇتبىددىن ھاجىم نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ ئانىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تەشۋىشلەندى ھەمدە ئانىسىنىڭ ئاق يۈزىنىڭ ئېسىلىپ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ: «بىرەر ئىش ئانامنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ بېشى ئاغرىپ كېتىپتۇ، ھېلى قان بېسىمى ئۆرلەپ قالمىسا بولاتتى» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— قايلىسىلا، بالام، تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يەر قىلىپ بولۇپ ئەمدى نېمىنى تۈزىتىدۇ؟ مەن تۇغقانلارنى يەنە يىغىپ

«بۇگۈن خاتالىقنى تۈزىتىدىكەن، يىغىلىپ، داخىل بولۇپ بېرىشىسىلە» دەمدىمەن؟ بۇ ئاينۇرخان ئەزەلدىن شۇنداق، بىر قېتىم مېنى قاقشىتىۋالمىسا قېتىقى ئۇيۇمايدۇ. بۇ سەھرالىق خوتۇن شەھەردە يۈز يىل ياشىسىمۇ پەسىلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغۇدەك. ئىسىت، ئىسىت، پەرىدىخانغا قىلغان ئەقىدەم. «ۋاي چوڭ كېلىنىم» دەپ يەر - سۇغا پاتۇرماي نەگە بارسام يېنىمغا قىستۇرۇپ يۈرۈپ ئۆزۈم يوغىنىتىۋەتتىم - دە ! مانا ئەمدى مۇشۇنداق بېشىمغا دەسسەپ ئوينايدۇ... بالا ئۈچ بولدى، نېمە قىلالايتتىڭ دەيدۇ - دە !

— ئانا، دېسىلە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ قايسى ئىش ئۇ سىلىنى شۇنچە رەنجىتكەن؟ سىلىمۇ ئاران تۇرىلا، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا... بۇ ئۆيدە، بىزگە سىلى ئۆرە تۇرۇپ بەرمىسىلە بولمايدۇ...

قۇتبىدىن ھاجىم تېخىمۇ گاڭگىرىدى. ھەممە ئىش خېلى جايىدا بولغانىدى. بۇلارمۇ باشقىلارنىڭ ئات قويىدىغان چايلىرىغا قاتنىشىپ باققان، ھەممە يەردە ئىشلار ئاساسەن ئوخشاش بولاتتى. ئوخشىماي قالسىمۇ ناھايىتى كىچىك ئىشلاردىلا پەرق بولاتتى. بولمىسا ئېتىدىغان تاماقتىن تارتىپ داستىخانغا تىزىدىغان گېزەككىچە ھەممە نەرسە ھەممە ئۆيدە ئوخشاش قائىدىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، بۈگۈنكى ئىشلارمۇ شۇنداق جاي - جايىدا بولغان ئەمەسمىدى !

«زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ بىر چىرايلىق ئۆزىغانغۇ؟ ئانام نېمىگە شۇنچە خاپا بولۇپ قالغاندۇ؟ ئانام خاپا بولۇپ قالسىلا ئاچچىقى ئاسان يانمايتتى، بۇ ئىشنىڭ دەردىنى ئەمدى قاچانغىچە تارتىپ ئۆتەرمىز؟ زادى نېمە ئىش چالا قالغان بولغىيتتى؟» قۇتبىدىن ھاجىمنىڭ بېشى قېتىپ كەتتى.

— ۋاي بالام، ۋاي بالام ! سىلىنىڭ تومۇرلىرى تۇتۇقلۇق، شۇڭا مېنى شۇنداق يۈرەكلىك بوزەك ئېتىدۇ.

قۇتبىدىن ھاجىمنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. يا نېمە ئىش

بولغاننى دېمىسە، يا سۆزلەپ باش ئاغرىتىشتىن توختىمىسا، نېمە دېگۈلۈك، نېمە قىلغۇلۇق؟ !

— قايىلىسىلا، بالام، ئانامغىمۇ باشقا ئايالالار بىلەن ئوخشاشلا رەخت قويۇپ قويسۇن، بوپتۇ دېدىم. نىيازقارىم بىر تال ئىنىم، ئەلۋەتتە شۇنىڭ نەۋرىسىگە قاتاردا بىر پارچە رەخت قويۇپ قويغانغا تاشبەگ دىۋانە بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئەليارغوجام ئاتايىن مەكتەپتىن رۇخسەت سوراپ كېلىپ مۇشۇ سوغۇقتا شۇمشىيىپ قوي يېتىلەپ بارديا ئەتىگەن. مەنزۇرە خېنىم بىلەن مۇرادىلجان تېخى يادىدا يوق، ئاشۇ بالا كۆز مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرسا ئايرىپ قويسا قانداق بولىدۇ ؟ ئايىنىگار خېنىمنىڭ قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنى قارىلىق بولۇپ قالدى دەپ ئېيتىمىدۇق، ئېيتمىساقمۇ نېسىۋىسى يوقما؟ ئايىنىگار خېنىمغا دوق ـ سوقى چىقار ھەرقاچان ئەتە ـ ئۆگۈن؟ ھەرنېمە بولسا مەيىنىگار خېنىم تۇركىيەدە بولۇپ قاپتۇ، بولمىسا رەختكە چىدىماي ئۆلۈۋالامدىكەنمۇ دەيمەن ئاينۇرخان. مەيىنىگار خېنىم يېنىمىزدا بولغان بولسىمۇ شۈكۈر بەيگە، ئايمەلەك خېنىمغا، ئىبراھىمجان بالامغا، قۇدىلارغا رەخت قويۇشى كېرەكقۇ ! شۇنداق تۇرۇپ كىچىككىنە ئىشلارغا چىدىماي مېنى يېڭى قۇدىلارنىڭ ئالدىدا يەر قىلدى، يۈزۈمنى تۆكتى، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. بالام، چاشقان تۆشۈكى بولسىمۇ كىرىۋالغۇدەك بولۇپ كەتتىم مەن. يېڭى قۇدىمىز «سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ كونا قۇدىسىنىڭ ئالدىدا ئىززىتى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ» دەپ قالامدۇ؟

سۇلتاننىسىپ خېنىم بەكمۇ كۆپ ئۇۋالچىلىق تارتقان ئادەمدەك سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى.

قۇتبىدىن ھاجىم نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى. «بۇ خوتۇن خەقنىڭ قائىدىسى نېمانچە كۆپتۇ؟ ئانام دادامدىن قورقمىسا يەنە قانداق قائىدىلەرنى چىقىرار بولغىيدى؟ ئوتتۇز ئادەمنىڭ بۇگۈنكى مېھماندارچىلىقىغا بىر قوينىڭ گۆشى يەتمەي بازاردىن گۆش ئەكەلدى. شورپا ـ كاۋاپ، چۆچۈرە،

لەڭمەن، مانتا، پولۇ ... ھېچ نەرسە چالا قالمىدى. كېيىن داستىخاندا ئېشىپ قالغان نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسى، بۇنىڭ زەللىسى دەپ تولۇق قۇرۇقدالدى، ئەمدى يەنە قانداق قىلسا بولىدىغاندۇ؟ رەختلەرنى دادام قايتۇرۇپ بېرىڭلار دېگەن تۇرسا، ئانام يەنە نېمىشقا رەختنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ خاپا بولىدىغاندۇ؟»

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ئانا، قېيىنئانام توغرا قىلمىغان بولسا، مەن پەرىدە خېنىمغا دەي، تۇزەتسۇن، كەم قىلىپ قويغان جايلىرىنى تولۇقلىسۇن، — دېدى قۇتبىدىن ھاجىم ئانىسىنى جىملەش ئۈچۈن.

— نېمىنى كۆڭلۈمگە ئالمايمەن؟ بۇ شۇنداق كىچىك ئىشما؟ يۈزۈمنى يەر قىلىپ يەكسان قىلىپ بولغان تۇرسا ! بالام، قوللىرىدىكى چىنە يەرگە چۈشۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتسە، سىلى يەنە شۇ چىنىدە تاماق يېيەلەملا؟ يەر بولغان يۈزۈمنى قانداق قىلىپ ئەسلىگە ئەكەلگىلى بولىدۇ؟ بۇ پەقەت بىر پارچە رەختنىڭلا ئىشى ئەمەس، مېنىڭ ئىناۋىتىم، ئابرۇيۇم ـ دە !

— قانداق قىلىمىز، بولغۇلۇق بوپتۇ، شۇ چاغدىلا ماڭا دېگەن بولسىلىمۇ بوپتىكەن. ئەمدى بېرىپ دەي دېسەم تېخى ئۇنىمايلا، دېمىسەك تاغاملار كۆڭۈل ئاغرىتىپ قالىدۇ. شۇڭا، مەن تاغامدىن ئەپۇ سوراي، مەن تولۇقلاپ كۆڭلىنى ئالاي. ئانا، مۇشۇ قېتىم كەچۈرۈۋەتسىلە.

— بالام، كىچىك بالىكەنلا جۇمۇ ! ئىشنى خەق قىلسا سىلى نېمە كەچۈرۈم سورايتتىلە؟ سىلىنىڭ مۇشۇ ياۋاشلىقلىرىدىن خەق مېنى ئاشۇنداق بوزەك قىلىدۇ. دادىلىرىنىڭ پوقىنىمۇ دورىمىدىلا سىلى. دادىلىرى ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن جېنىدىنمۇ كېچەتتى، قىلدىن قىيىق كەتسە تىك تۇراتتى. كوچىنىڭ بېشىدىن ئۆي تەرەپكە قايرىلسىلا گۇرسۇلدىگەن ئاياغ تىۋىشىدىن ئۆيلەر تىترەپ دادىلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ھەممىمىز قول باغلاپ تۇراتتۇق.

سۇلتاننىسىپ خېنىم توختىماي چالۋاقايتتى. بۇ ئىشلارنى سۆزلىگەنچە قورسىقى كۆپۈپ، ئۇنتۇپ قالغانلىرى ئېسىگە كېلىپ ئىچى تېخىمۇ ئاچچىق بولماقتا ئىدى.
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن، ئانا؟ سىلى قانداق قىل دېسىلە مەن شۇنداق قىلاي.
سۇلتاننىسىپ خېنىم قانداق قىلسا قۇدىسىدىن ئاچچىقى چىققۇدەك ئۆچ ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. سىمىزلىكتىن پەسكە ساڭگىلاپ، يوغان ئالتۇن زەنجىرى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېڭەكلىرى تېخىمۇ ساڭگىلاپ ئالتۇن زەنجىرلىرى كۆرۈنمەيلا قالدى.
— قانداق قىل دېسەم شۇنداق قىلامىلا، بالام؟ ئىتتى - مىتتى دەپ قالامىلىمىكى...
— كۆڭۈللىرىدىن مۇشۇ ئاغرىق - ئاداۋەتنى چىقىرىۋېتىدىغان ئىش بولسا «قانداق قىل» دېسىلە مەن شۇنداق قىلىمەن، دەپ باقسىلا، ئانا.
قۇتبىدىن ھاجىم بىردەمدە نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالدى، ئانىسىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ ئانىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.
— ئەمىسە بۈگۈندىن باشلاپ پەردىخاننى ئىزدىمىسىلە، مەنمۇ يوقلاپ بارمايمەن. ئىززەت قىلمىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقسۇن، يېتىپ باقسۇن ئىشىككە تەلمۈرۈپ. ئاينۇرخان بېشىنى ئۇرۇپ كېلىپ ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن ئاندىن يۆتكەپ كېلىشنى ئويلىشىمىز، بولمىسا خوتۇن دېگەن تولا.
— ئانا ! ئۈچ بالامنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىسىلا. ئۇلارنى تاشلاپ قويسام باللار غېرىبسىنىپ كېتىدۇ. پەردە خېنىممۇ ئوپېراتسىيەدىن يېڭىلا چىقتى، قۇۋۋەتلىكرەك يەپ ئەسلىگە كەلمىسە كېيىن قىينىلىپ قالىمىز. مەن ئۇلارغا دەي، چالا قىلغىنىنى، كەم قويغىنىنى

ھەممىسىنى تولۇقلاپ بەرسۇن، لېكىن ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيلى، ئانا، يامان بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ خوتۇن ـ باللىرىم، سىلىنىڭ نەۋرىلىرى ئەمەسمۇ ...

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى.

— مانا، شۇنچىلىك! سىلىنىڭ مۇشۇنداقلىقلىرىدىن ئۇلار شۇنداق يوغانچىلىق قىلىدۇ. بېشىمغا دەسسەيدىغان شوتىنى سىلى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇلارغا قويۇپ بەرگەن تۇرسىلا، ئۇلار بېشىمغا دەسسىمەي قانداق قىلىدۇ؟ لەنەت سىلىدەك ئوغۇلنى تۇغقان مەندەك خوتۇنغا.

ئىشىك جالاقىدە يېپىلىپ، ھۇجرا گۆردەك تىمتاسلىققا چۆكتى.

«ئۇياققا تارتسا كالا ئۆلىدۇ، بۇياققا تارتسا ساپان سۇنىدۇ.» ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك جىمجىت يۇرۇۋەرگىلى تېخى بولمايدۇ. قۇتبىدىن ھاجىم ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ كاللىسى گادىرماچلىشىپ كەتتى.



## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئاي پەسلى

رامىزان كەلدى.

بۇ ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ خاسىيىتىدە ھەممە ئادەم دىگۈدەك ئەپۇچان، كەڭ قورساق، سەۋرچان بولۇپ كىتىۋاتاتتى.

گۈلزىنىنەت بۇرۇنقىدەك كۆپ كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كەلمىدى. بۇ رامىزاننىڭ خاسىيىتىدىن ياكى سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكىنىدىن ئەمەس، گۈلزىنىنەت بۇرۇنقىدىن كۆپرەك «ئىش» بىلىپ قالغانىدى. ئانچىكى ئىشلارغا يىغلاپ يۈرمەيتتى. «خوش، ئاپا، خوپ، ئاپا، نىمە ئىش قىلاي، ئاپا...» دەپ يۈرۈپ ئاستا ـ ئاستا «تۆمۈر چىش»لىرىنى بىلەپ، تۇرمۇشنىڭ «قاتتىق نان»لىرىنى يۇمشىتىپ يىيىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى.

ھېلىقى ئىشنىڭ تۇۋىدىن ھەيدەلگەن كۈندىن كېيىن ئازنىغا بىرىنچىمۇ كۆپ ئويلىمايدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يانچۇقىدا قېيىنئانىسىغا «كۆڭۈللىرى خالىغانىنى ئېلىۋالسىلا» دەپ بەرگۈدەك پۇل يوق ئىدى. خان ئاچىسىغىمۇ داۋاملىق پۇل تېپىپ بەرسىلە دېگىلى بولمايدۇ، ئاكىسىمۇ قەرز تۆلەپ دۇكاننىڭ ئىجارىسىنى تاپشۇرۇپ ئاران تۇرغاندا، ئۇلارغىمۇ جاپا سېلىۋەرگىلى بولمايدۇ. ئانىسىغا ئۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرىكىنى زىدە قىلىشقا كۆڭلى چىدىمايدۇ. تويى بولۇشىنىڭ ئالدىدا ئانىسىنىڭ ھەممە ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىۋېتىپ ئۆزىگە

تويلۇق ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت ئالىدىغانغا قوشۇپ بەرگەنلىكى ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە. «قېرىغاندا ئالتۇن ياراشمايدىكەن» دېگەن بىلەن، قېيىنئانىسىنىڭ چۆمۈچنىڭ سېپىدەك چوڭ ئالتۇن بىلەزۈكىدىن نەچچىسى، مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان قوش ـ قوش ئالتۇن زەنجىرلىرى، ئالتۇن قاداق دوپپىسى، قوش چاڭگالدا بىر كەلگۈدەك ھەر خىل نۇسخىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلىرى بار.

بەزىدە گۈلزىننەتكە قېيىنئانىسى مۇشۇ ئالتۇنلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈنلا تولا مېھماندارچىلىققا بارىدىغاندەكمۇ تۇيۇلۇپ قالاتتى. چۈنكى، ھەر قېتىم بارىدىغان يەرنىڭ گېپى چىقسا، تاقاپ باقمىغان يېڭى جابدۇقلىرىنى تاقاپ ئەينەككە نەچچە قاراپ ئاندىن ئىشىكتىن چىقاتتى.

قېيىنئانىسىنىڭ ھېلىھېلە شارپىسىدىن ۋىل ـ ۋىل كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن قاداق دوپپىسىنى، ھەر خىل نۇسخىلىق يوغان بىلەزۈك، زەنجىر، ھالقىلىرىنى كۆرگەندە، رومالىنى مەھكەم ئوراپ ئارتىۋالغان ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىپ يىغا يامىشاتتى.

دۇنيادا ھەممىدىن يوقلۇق يامان، لېكىن بارنىڭمۇ ھېسابى بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

رامىزاننىڭ يەتتىنچى كۈنى گۈلزىننەتنىڭ ئىنىسى ئىپتارغا چاقىرىشقا تەييارلانغان باغاقنى كۆتۈرۈپ كەلدى. باغاقنى كۆرۈپ سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئەرۋاھى مىڭ گەز ئۆرلىدى:

— ۋاي ئانام! نېمە بۇ؟ توققۇز تال باغاقكەنغۇ؟ بىزنى كىم كۆرۈپ قالدى سىلىنىڭ ئۆيدىكىلەر؟ توققۇز ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئىپتارغا بارىدىكەنمەن. ۋاي نومۇسۇم، ۋاي يۈزۈم! ئانىلىرىغا تېلېفون قىلىپ دەپ قويسىلا، بىز بارالمايمىز. بىزگە باغاقنى ساناپ ئەكېلىپ بەرمىسىمۇ ئۈزىمىزنى سورىغۇچىلىكىمىز بار ئىدى، بىزنى تېخىچە بىلەلمەي قاپتۇ.

گۈلزىننەت تۇرۇپلا قالدى.

قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە ئىپتارلىغىلى ئادەتتە ئەرلەرلا باراتتى.

توققۇز كىشىلىك باغاقنى بەك ئاز دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، ئاز بولۇپ قالغان بولسىمۇ چىرايلىق قىلىپ «مېھمىنىمىز كۆپرەك ئىدى» دېسىمۇ ياكى گەپ قىلماي مېھماننى باشلاپ بېرىۋەرسىمۇ بولاتتى.

— ئاپا، يېڭى كۆچكەن ئۆيىمىز كىچىكرەك ئىكەن، ئانام مېھمانلارنى قىستاپ قويمايلى دەپ شۇنداق قىلىپ قالدىمىكىن، مەيلى قانچىلىك ئادەم بولسا ئېلىپ بېرىۋېرەيلى، ھېچ گەپ بولمايدۇ.

گۇلزىنىنەتنىڭ ئاۋازى بەكمۇ تۆۋەن چىقتى. ئۆزىگە يىغلىماسلىقنى، قانچىلىك قاتتىق بولسىمۇ مۇشۇ ئۆيدىكى «نان»نى يېيىشكە ۋەدە قىلغاندىن بېرى ھەرقانداق ئىش يۈز بەرسىمۇ يىغلىمىغانىدى، بۈگۈنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن زور غەيرەت بىلەن قېيىنئانىسىغا شۇلارنى دېيەلىدى.

— قايىلىسىلا، بالام، سىلىنىڭمۇ كىچىك تىللىرى چىققىلى تۇردى مۇشۇ كۇنلەردە پەرىدەخاندىن ئۆگىنىپ، — قېيىنئانىسى ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرغان گۇلزىنىنەتكە گەپنىڭ ئاخىرىنى قىلىشقا پۇرسەتمۇ بەرمەي سۆزلەپ كەتتى، — قىز باققان ئادەم ئىززىتىنى قىلىشقا چىداش كېرەك، چىدىمىسا ئۇچۇق گۆرگە كىرىپ يېتىۋالسا بولىدۇ. ئۇيلاپ باقسىلا، دادىلىرى كىچىك ئادەمما؟ بىز كىچىك ئائىلىمۇ؟ توققۇز تال باغاقنى تۈتقۇزۇپ كىچىككىنە بىر ماڭقىنى ئەۋەتىپ قويسىلا بېرىۋېرىدىغانغا بىز ئاچ قالمىدۇق. ئانىلىرىغا دەپ قويسىلا، ئۆي كىچىك بولسا ئەتكەن ئېشىنى ئۆزلىرى يەپ، ئىپتارسىنى ئۆزلىرى قىلىۋەرسۇن. قىزىنى بېرىۋالغاندىن كېيىن ئەمدى مۇشۇنداق «بىزدە ھېچ نەرسە يوق» دەپ دولىسىنى چىقىرىپ تۇرۇۋالسا بولىۋېرىدۇ. ۋاي خۇدايىم! ۋاي خۇدايىم! قۇدىدىن تەلىيىم چىققان كۇنى بېشىم ئاسمانغا يېتىدۇ جۇمۇ مېنىڭ! ئاينۇرخان سالغان دەردلەر تېخى ئۇنتۇلماي تۇرۇپ ما ئىشنىڭ چىقىۋاتقىنىنى.

گۈلزىننەت ئەمدى ياشلىرىنى توختىتىپ قالالمىدى. ئۆزىنى نېمە دېسە مەيلى، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىنى بىرنېمە دېسە ھەرقانداق ئادەم چىداپ تۇرالمايدۇ ـ دە!

— ئاپا، بىزمۇ يوق دېمىدۇق. پەقەت ئۆيىمىز كىچىكرەك بولغاچقا باغاقنى ئازراق ئەۋەتىپ قاپتۇ. مەيلى قانچىلىك مېھمان بولسا دېسىلە، ئۆيگە پاتمىسا سىرتتا بىرەر تېز تاماقخانىدا بولسىمۇ ئۆزىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ يىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاۋازى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئوغىسىنى قايناتسا قايناتتىكى، ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن دىلىنى ئازراقمۇ ئېرىتەلمىدى. ھاكاۋۇرلۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قاشلىرىدا، بۇلۇتتەك تۇتۇلغان چىرايىدا ئازراقمۇ مېھىر ئۇچقۇنى كۆرۈنمىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئۇمۇ كېلىن ئىدى، گۈلزىننەتتىنمۇ كىچىك، ئىش ئۇقمايدىغان بوز قىز ئىدى. قېيىنئانىسى ئۇنىڭغىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى ـ يۇ، بۇ دەرىجىدە زالىم ئايال ئەمەس ئىدى.

باھادىرخان ھاجىم يىللاپ ـ يىللاپ ئۆيگە قايتالماي تىجارەت بىلەن سىرتلاردا يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى «قورقۇپ قالىدۇ» دەپ يېنىغا ئەكىرىپ بىللە ياتاتتى. تاماق ئېتىشنى، دوپپا تىكىشنى، ئۆي تۇتۇشنى، باردى ـ كەلدىنى، بالا بېقىشنى... ھەممىنى شۇ قېيىنئانىسى ئۆگەتكەن، باللىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپ بەرگەنىدى.

— بىردەم گەپ قىلمىسىلا، خېنىم، سىلىنى گاچا دېمەيمىز، — دېدى يەنە زەردە بىلەن، — ئاچچىقتىن كېسىلىپ ئۆلۈپ قالماي مەن، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم مەيدىسىنى تۇتۇپ، چوڭقۇر تىنىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، — قايلىسىلا، سىلى مۇشۇ شەھەردە چوڭ بولغانمۇ يا تاغتۇرادىن كېلىپ قالغانمۇ؟ نېمانداق ئادەمنى زاڭلىق ئېتىلا دەيمەن؟ كىم قۇدىسىنى تېز تاماقخانىدا ئېپتار قىلدۇرىدۇ؟ ئۆلگۈچە كۆرىدىغىنىم بارمۇ نېمە مېنىڭ بۇ

خەقتىن؟ كونا دەرۋازىدىن قىز ئالغانغا «داد !» دەپ چىقىپ كەتمەي مەن. بولدى، بولدى ! بارماپتىمەن شۇ ئىپتارغا، ئاتا ـ ئانىلىرىنىمۇ قىينىمايلى «يوق» بولغاندىكىن. دەپ قويسىلا، بارمايمىز. كۆڭۈل، ئىززەت دەپ بارمىساق قورساق دېگەن بىر گىردىدە تويىدۇ. توۋا ... توۋا ... تېخى باغاقلىرىنىڭ ئىچىدە ئانامنىڭمۇ باغىقى يوق ئىكەن ...

گۈلزىنەت هويلىغا چىقىپ سۇپىدا ئولتۇردى. «نېمانداق تۇگىمەيدىغاندۇ بۇ بارغۇلۇقلار؟ ! كاشكى بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم كۆنلىرىمىز بولغان بولسا، ئۆيىمىز چېقىلمىغان بولسا، بۇ خوتۇننىڭ جەددى ـ جەمەتىنى مېهمان قىلىپ تازا بىر تويغۇزۇپ قويساق بوپتىكەن. لېكىن، ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۇ ئۆينىڭ نەرىگە ئۇنچە مېهماننى سىغدۇرۇپ بولغىلى بولىدۇ؟ ئەجەبمۇ قائىدىمىز كۆپ ئىكەن.»

هويلىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا قۇتبىدىن هاجىم پەيدا بولۇپ قالدى.

— هويلىدا ئولتۇرۇپلىغۇ، ئۇكام؟ — دېدى تۇۋرۇكنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان گۈلزىنەتنى كۆرۈپ، — ئانام بىر يەرگە كەتكەنما؟

— ياق، ئاپام ئۆيدە بار.

ئۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى قېيىنئاكىسىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئىتتىكلا سۈرتتى، لېكىن قۇتبىدىن هاجىم هويلىغا كىرىپلا ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ بولغانىدى.

— نېمە بولدى، ئۇكام؟ كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ قاپتۇغۇ؟ سوغۇقتا هويلىدا ئولتۇرۇپ ئاغرىپ قالمىسىلا.

— هېچنېمە بولمىدىم، ئۆيدە ئىسسىپ كېتىپ بۇ يەردە ئولتۇردۇم.

قۇتبىدىن هاجىم بۇرۇن پەردە خېنىمدىن ئانىسىنىڭ كېلىنلەرگە قىلىۋاتقانلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇڭا، بۈگۈنمۇ شۇنداقراق بىرەر ئىش بولغىنىنى پەرەز قىلدى.

«شەمشىدىن ھاجىم تېخى يوق، بىر ئوبدان خىزمەتنى قىلىۋاتقاندىكىن ئۇششاق ئىشلارغا بوپتۇ دېسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئانام. كىچىك بولغاندىكىن بىلمىگەن ئىشلارنى بارا ـ بارا ئۆگىنىپ كېتەر ئىدى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى قۇتبىدىن ھاجىم.

— ئۇكام، مەن ئۆيگە بىر نەرسەمنى ئالغىلى كەلگەن، يەنە ماڭمىسام دۇكاندىكىلەر يالغۇزلۇق تارتىپ قالىدۇ. بىرەر ئىش بولغان بولسا دېسىلە، ياردىمىم تېگىپ قالار، ھېچقانداق ئىش بولمىسا مەن ماڭاي، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا.

گۈلزىننەت ئىختىيارسىزلا مۆللىدە يىغلاپ كەتتى، خۇددى شەمشىدىن ھاجىمنى كۆرۈپ ھاللانغاندەك ئۆپكىدەپ يىغلايتتى.

قۇتبىدىن ھاجىم ئانىسىنىڭ تۇيۇقسىز چىقىپ قېلىپ «بىرلىشىپ غەيۋەتىمنى قىلىشىپسەن» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولدى، ئۇكام ؟ ئانام بىرنېمە دېدىما؟ — دەپ سورىدى قۇتبىدىن ھاجىم ئىشىككە قاراپ قويۇپ.

گۈلزىننەت ئۆزىنى توختىتىپ، بولغان ئىشنى دەپ بەردى.

— سىلى ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈۋەرسىلە، ئۆيدىكىلەرگىمۇ باشقا گەپ قىلمىسىلا، ئەتە ئېپتارغا بارىمىز، ھەرگىز ئەنسىرىمىسىلە، ئۇكام. ئانام زىلراق، بەزى ئىشلاردا سىلى كىچىك بولغاندىكىن بوپتۇ دەۋەتسىلە، كۆڭۈللىرىگە بەك ئېلىۋالمىسىلا. بىر ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككى ئادەمنىڭمۇ چىقىشالماي قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. سىلەرمۇ بارا ـ بارا بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئېلىپ چۈشىنىشىپ قالىسىلەر. مەن ماڭاي، يۈزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە.

قۇتبىدىن ھاجىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈلزىننەت ئاستا ئۆيگە كىردى. ئۇ پەقەت ئەتە كەچتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىلى ئاغرىپ قالىدىغان بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا

تۇراتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆينىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن قېيىنئانىسى قېشىغا كىردى:

— ئاپا، مەن بېرىپ ئانامغا قارىشىپ بەرگەچ تۇرايمۇ؟ خان ئاچام يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنىڭغا تازا بىر ئالايدى.

— ئىختىيارلىرى ! — دېدى زەردە بىلەن، — مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا نېمە ئىدىم؟ ! دادىلىرىغا دەپ قويۇپ بارارلا ! سىلى مۇشتۇمدەك بولغان بىلەن شاختا تۇرۇپ پىشىپ قاق بولۇپ كېتىپتىكەنلا - ھە ! دادىلىرىغا قانداق قىلىپ دەپ بوللا بۇ گەپنى؟ خىجىلمۇ بولمايدىكەنلا. ماڭسىلا - ھە، بېزىرىپ تۇرماي. كەچتە بىز يەيدىغان ھولۇپىلار سىلى بارمىسىلا تەييار بولماي قالمىسۇن يەنە.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم بۇ ئىشنى باھادىرخان ھاجىمغا گۈلزىننەت خېنىمنى دېدى، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. قۇتبىدىن ھاجىممۇ ئۆزى دېسە ئانىسىنىڭ يەنە كايىشىدىن ئەنسىرەپ دادىسىغا «يېڭى قۇدىلار ئىپتارغا باغاق ئەۋەتىپتۇ، ھەممىمىز بارىدىكەنمىز» دەپ ھەل قىلغانىدى.

— ماقۇل، ئاپا، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەچتە بالدۇرراق بارارلا ئەمىسە، مەن ماڭدىم.

ئۇ ئۆزىگە ھەيران قالدى. «مەن قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق گەپ ئۆتمەس، قېلىن بولۇپ قالدىم؟ — ئۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى، — چۈنكى ئامالىم يوق، ئەگەر قېيىنئانام بىلەن تەڭ تۇرسام ئۆزۈمگە زىيان، ئاتا - ئانامغا جاپا، ‹قىزى ئۆي تۇتالماي ئاجرىشىپ كەتتى› دېگەن ئاتنى كۆتۈرۈپ ياشىغاندىن، جاپا تارتساممۇ، كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان ئىشلار بولۇپ قالسىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئۆيدە ياشىغىنىم ياخشى.»

بەلكىم بۇ ياشتىكى نۇرغۇن قىزلار ئويناپ يۈرەر، ئوقۇپ يۈرەر، لېكىن گۈلزىننەتتەك يەنە نۇرغۇنلىرى مۇشۇنداق تېزلا

چوڭ بولۇپ ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ كېتەتتى. تۇرمۇش ئۇلارغا شۇنداق دەرسلەرنى ئۆتەتتىكى، ئۇلار زادىلا ئېسىدىن چىقىپ قالمىغۇدەك ساۋاقلارنى ئېلىپ يېشىدىن بالدۇر چوڭ بولۇپ كېتەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم مەشنىڭ يېنىدىكى كۆرپىدە ياتاتتى.

«نېمانچە قېلىندۇ بۇ قىز بالا؟ قىلغان گەپلىرىم قىرىغىمۇ كەلمىدى. تېخى بارماي قالدۇ دەپ هاجىمغا دەپ بۇگۈن ئېپتارغا بارىدىغان قىلدى. بۇ مېكىجىننى بوش چاغلىمىسام بولغۇدەك. زادى مۇشۇنداق ياۋاش كۆرۈنگەن ئادەم ئەسلىدە يامان بولىدۇ. ئىشىكتىن «مى» دەپ كىرىپ، «مياۋ» دەپ چىقىدىغان ئالۋاستىلار.»

قۇتبىدىن هاجىم سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ مۇشۇ ئىشنى باهانە قىلىپ يەنە گۇلزىننەتنى يىغلىتىپ يۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ مېهماننى ئۆزى بىلىپ كۆپەيتىپ ئەكەلگەنىدى. باهادىرخان هاجىمنىڭ ئاكىسى بىلەن ئىنىسى ئۆيئىچى، سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئانىسى، ئاكا ـ ئىنىلىرى ... بولۇپ مېهمان يىگىرمىدىن ئاشقانىدى، ئۆيگىمۇ سىغىشىپ ئولتۇردى.، ئايىنىگار خېنىمنىڭ قېيىنئانىسى هەم ئۆزى مۇسىبەت سەۋەبىدىن كەلمىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ناهايىتى چوڭ سۇپەت ئولتۇراتتى، داستىخانغىمۇ قولىنى ئۇزاتمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە باغاققا باهانە قىلىپ قۇدىسىغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ۋەسۋەسىسى غەلىيان قىلىۋاتاتتى.

ئەرلەر تاراۋى نامىزىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پولۇ دەم يېگۇچە ئاياللار بىللە ئولتۇرۇپ بىردەم ـ يېرىمدەم هال ـ مۇڭ بولۇشتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئانىسى هەجەر خېنىم قىزىنىڭ تامامەن ئەكسىچە باغرى يۇمشاق، كىچىك پېئىل، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى.

سۇلتاننىسسىپ خېنىم ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ئىمكان تاپالمىدى، چۈنكى ئانىسى زىبىرنىسا خېنىم بىلەن ئۆتكەن - كەچكەن گەپلەرنى قىلىشىپ، ئاتا - ئانىلىرىنى ئەسلىشىپ سۇلتاننىسسىپ خېنىمغا بومبىنىڭ پىلتىسىنى تارتىش پۇرسىتى كەلمەي قالدى.

ئۇلارنىڭ گېپى تۈگەپ تۇرۇشىغا ئەرلەر قايتىپ كىردى، باھادىرخان ھاجىم بار يەردە ئۇ ئەزەلدىن ھېچكىمگە ئازار بېرىشكە پېتىنالمايتتى.

رامىزان كىرگەندىن بېرى باھادىرخان ھاجىم ھەر كۈنى دوختۇرخانىلاردا داش قازاندا ئاش ئېتىپ كېسەللەرگە خالىس تاماق تارقىتىۋاتاتتى. ئاشپەزگە ھەر كۈنى سويىدىغان قوي، كېتەرلىك گۈرۈچ ۋە سەۋزىلەرنى قۇتبىدىن ھاجىم يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

ھېيتگاھتا ئون نەچچە يەرگە شىرە قويۇپ يولدىن ئۆتكەنلەر ئۈچۈن مېۋە - چىۋە، قوغۇن - تاۋۇز ھەم نان، سۇ قويۇپ قويىدى. ئىپتارغا ئۆيىگە ئۈلگۈرەلمىگەنلەر، يېگۈدەك نەرسىسى يوق غېرىبلار، ئىشلەمچى مۇساپىرلار ياكى كەچ قالغان يولۇچىلار شۇ نەرسىلەردىن ئېھتىياجىغا لايىق يەپ كېتەتتى، تۈگىسە يەنە تولۇقلاپ تاكى خۇپتەندىن يانغۇچە ئىككى بالا شۇ يەردە تۇراتتى.

رامىزان مۇشۇنداق رەھمىتى، مەرھەمىتى، بەرىكىتى بىلەن دىللارنى ئېرىتتى. سۇلتاننىسسىپ خېنىملا بۇلاردىن مۇستەسنا ئىدى.

باھادىرخان ھاجىم بىلەن قۇتبىدىن ھاجىم ئىپتارغا چاقىرغان يەرلەرگە بېرىپ، تاراۋى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆيگە كەچ كېلەتتى، كۆپىنچە كەچتە سۇلتاننىسسىپ خېنىم بىلەن گۈلزىننەت ئىككىسىلا ئىپتار قىلاتتى. سۇلتاننىسسىپ خېنىمنىڭ بۇگۈن ئىپتار قىلىپ ئولتۇرۇپ پىغانى ئۆرلەپ، كوتۇلداپ قالدى:

— تۇۋا، ئەر كىشى دېگەن شۇنداق ئەركىن بولىدىكەن، خالىسا يېرىم كېچىدە كېلىپ «سۇيۇق - سەلەڭ بىر نېمە ئېتىۋالار» دېگەن، خالىسا مۇشۇنداق كۈنلەپ - كۈنلەپ ئۆيگە كەلمىگەن. بىز بوسۇغىدىن ئاتلىماي چىقىرىدىغان بولدۇق بۇ رامىزاننى. رامىزان بولغاندىكىن تويمۇ يوق، چايمۇ يوق، يا ئاكام بىلەن ئىنىم بولغان ئادەم «ئاچا، كېلىنلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئىپتار قىلىپ كەتسىلە يالغۇز ئولتۇرغۇچە» دەپمۇ قويمىدى، كۆپنى چاقىرغان قاتاردىلا چاقىراي دېدى - دە! غەزىنىخانمۇ شۇ! مەندىن ئالدىغاندىلا ئەسلەيدۇ مېنى، ماڭا بېرىدىغاندا مەن ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمەيمەن، مۇشۇنداق. ئەسلىدە ھەممە گەپ شۇ تۇغقانلىرىمدا! بىر قورساقتا ياتقان قېرىنداشلىرىم شۇنداق قىلىۋاتسا، كېلىنلەر قانداق قىلماقچىدى، ئانامدىن كېيىن قالسام كۆرىمەنغۇ تېخى...

گۈلزىننەت قېيىنئانىسىنىڭ چاي، تويلار يوق ئىچى پۇشۇپ، تۇغقانلىرىدىن قاقشاپ بېرىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ تەسەللى بېرىپ قىلغان بىرەر ئېغىز گېپىنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كېتىپ يەنە كۆڭۈلسىزلىك بولۇشىدىن قورقۇپ جىممىدە ئولتۇرۇۋالغانىدى. كېيىن گەپنى بۇرايدىغان ھەم قېيىنئانىسىنى خۇش قىلىدىغان ئامالدىن بىرنى تاپتى:

— ئاپا، كۈندە ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرغۇچە خان ئانامنى، ئاينىگار خېنىم ئاچامنى ئىپتارغا چاقىرايلىمۇ؟ — دېدى ئەركىلەپ، — خان ئانام كەلسە سىلىمۇ زېرىكىپ قالمايلا، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن، سىلى مۇڭدىشىپ ئولتۇرسىلا بولىدۇ.

«يامان نېمە - دە بۇ! ئانامنى ھەممىدىن ئەزىزلەيدىغىنىمنى بىلىۋېلىپلا ‹خان ئانام، دېسە خان ئانام› دەپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمىگىنىنى. بوپتۇ، ‹ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى› دەپتىكەن، ئۇ ياخشى بولسا مەنمۇ ياخشى، يامانلىق قىلىمەن دېسە ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ.»

سۇلتانىنىسىپ خېنىم خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئەجەب ئوبدان دېدىلە، شۇنداق قىلايلى. ئانامۇ كېلىنلەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەندۇ، كەلسە بىز بىلەن بىرنەچچە كۈن تۇرسا، كۆڭلى ئېچىلىپ قالار...

— ئەمىسە تېلېفون قىلىپ «ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە ئېپتارغا كەلسىلە» دەپ قويايمۇ؟

— ماقۇل، ئانامغىلا دېسىلە جۇمۇ، مېنىڭ غەزىنىخانىغا داستىخان سېلىپ يۈرگۈم يوق، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاكىسىنىڭ ئايالىدىن خاپا بولۇپ ئولتۇراتتى، — ئاڭلاپلا قالسا يەنە كېلىۋېرىدۇ يۈزىنى پۇلۇدەك قىلىپ.

— ماقۇل، ئاپا. ئەتە ھەممە تاماققا ئۆزۈم تەييارلىق قىلىپ ئېتىپ باقايمۇ؟ غەيرىي تاماقلارنى ئېتىمەن.

— قانداق غەيرىي تاماقلار ئۇ؟ كۆرسەتمىگەن ھۈنىرىم بار دېسىلە! ئانامغا تېتىغۇدەك ئېتىشكە كۆزلىرى يەتسە مەيلى، مەندىن سورىماي ئېتىۋەرسىلە. لېكىن يېگۈسىز بىرنېمىلەرنى قىلىپ يەنە مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرمىسىلە جۇمۇ.

— ياق، ئاپا، چوقۇم سىلى خۇش بولغۇدەك تاماقلارنى ئېتىمەن.

گۈلزىننەت ئىشىك تۈۋىدىن قوغلىنىپ، خان ئاچىسى ئەكېلىپ بەرگەن يۈز يۈەن پۇلنىڭ خاسىيىتى بىلەن دەرۋازىدىن قايتا كىرگەن ھېلىقى كۈنى، مۇزدەك ھۇجرىدا يالغۇز يېتىپ نۇرغۇن ئىشلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

«ئون بىر يىل ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگىنىمگە ئوخشاش، ھازىر ھاياتنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا، ئىمتىھانلىرىغا دۇچ كەلدىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇيۇم يوققا چىقتى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆڭلۈم چۈشكەن ئەر شەمشىدىن ھاجىم، ئۇ جېنىمنى تىكىپ ئېرىشىشكە ئەرزىيدىغان ئەر. لېكىن، ئۇنىڭ ئانىسى

تولىمۇ ھازازۇل خوتۇن. خۇدايىم ئۇ ئايالنىڭ نەپسىنى بالا، تىلىنى زەھەر قىلىپ يارىتىپتىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق بىر ئىنسان كېلىشىپ بولالمايدۇ. مەندەك بىر كىچىك قىز تېخىمۇ شۇنداق. مېنىڭ ئۇ ئايال بىلەن تەڭ تۇرۇش، گەپ تالىشىش، قارشىلىشىش خىيالىم يوق. بۇ خوتۇن ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايدىغان، ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى تۆۋەن كۆرىدىغان، قۇسۇر ئىزدەيدىغان، ئازراقلا كەمچىلىكىنى تېپىۋالسا، زەھىرىنى سانجىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدىغان ئايال.

مەن بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كەلدىم. ئانامنىڭ ئۆيىدىكى نازۇكلۇقۇم شۇ ئۆيدە قالدى. بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئېنىق بىلىشىم كېرەك. دۇنيادا ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئانا ئەلۋەتتە ئورنىنى ھېچكىم تولدۇرالمايدىغان سۆيگۈ دېڭىزى ! ھەرقانداق ئادەم ئانار دەرىخىدىن ئەنجۈر ئۈزۈۋالىمەن دېسە مەغلۇپ بولىدۇ. مەنمۇ ئانا مېھرىنى قېيىنئانامدىن ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالسام بولمايدۇ. قېيىنئانام ماڭا ئانىلىق مېھرىنى بەرمىسىمۇ، ئازار بەرمىسىلا مەن رازى. قېيىنئانام مېنى ئۆزىگە ئوخشاش پىشقان ئايال چاغلاپ قالدى، ئۆزىنىڭمۇ مەندەك كېلىنلىك دەۋرىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ بۇرۇن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بىر كىچىك قىز ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ئاستا ـ ئاستا پىشىپ ـ يېتىلىپ ھازىرقىدەك شەرەنداز ئايال بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى.

مەن بىر قىز بولۇپ تۇغۇلغانىكەنمەن، ھامان بىر ئەرنىڭ ئايالى، بىر ئۆينىڭ كېلىنى بولۇپ ياشىشىم كېرەك. ئاپامنى ‹ھازازۇل، قېيىنئانىلىقى قاتتىق› دەپ بۇ ئۆيدىن كەتسەم، يەنە قانداق ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرىمەن، بۇنىسى نامەلۇم، لېكىن دۇنيادا ئىككىنچى بىر شەمشىدىن ھاجىم مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، بۇ ئۆيدىن كەتمەيمەن، مەيلى قېيىنئانام قانچىلىك قاتتىقلىق قىلسىمۇ چىداي، شەمشىدىن

ھاجىم ئۇچۇن ھەممىگە بەرداشلىق بېرەي.
مېھرىنۇر خانىم: «ھاياتىڭلاردىكى سىلەر دۇچار بولغان ئەڭ قىيىن كۈنلەر كەلگۈسىڭلاردىكى ئەڭ بەختىيار كۈنلىرىڭلار ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل» دېگەنىدى. توغرا ! بۇ قىيىنچىلىقلار مېنىڭ مۇكەممەل، پىشقان بىر ئايال بولۇشۇمنىڭ بەدىلى بولۇپ قالسۇن. بۇمۇ بىر «ئالىي مەكتەپ»، مەن قېيىنئانامنىڭ «ئالىي مەكتەپ»نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزەلىسەم، كەلگۈسى تۇرمۇشۇم چوقۇم بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەمدى يىغلىمايمەن !»
گۈلزىنەت شۇ كۈندىن كېيىن ئوۋچىدىن ئۈركۈپ تۇرغان قۇشتەك تولىمۇ ھوشيار بولۇپ كەتتى. قېيىنئانىسى ئىشلارنى بۇيرۇش ئەمەس، ئويلاپ بولغۇچە تەييار قىلىپ بولۇشنى ئۆگەندى. بۇرۇنقىدەك تەمتىرەپ، گاڭگىراپ يۈرمەيدىغان بولدى. سىلكىش، دوق قىلىش، قوسۇر ئىزدەشلەرگە ئانچە پەرۋا قىلماسلىقنى ئۆگەندى.
گۈلزىنەت چۈشكە يېقىن ئېپتارنىڭ تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ قېيىنئانىسىنىڭ قېشىغا كىردى:
— ئاپا، داستىخاننى سارايغا راسلىدىم، زوھۇردىن كېيىنلا ئوت يېقىپ قويسام ئۆي خېلىلا ئىسسىپ قاپتۇ، تاماقلارنىڭ تەييارلىقلىرىنىمۇ قىلىپ تۈگەتتىم، ئەمدى بېرىپ خان ئانامنى ئەكېلەيمۇ؟
سۇلتانىسىپ خېنىم زوھۇردىن كېيىن ئۇخلىمىغاچقا، بايا ئۇخلاپ ئەمدى ئويغانغانىدى.
— سىلى بارمىسىلىمۇ نىياز قارىم ئەكېلىپ قويىدۇ، سىلى باشقا ئىشلارنى قىلسىلا، — دېدى ئۇ كېلىنىنىڭ ئىشلارنى قىلىپ تۈگەتتىم دېگىنىنى ئاڭلىمىغاندەك.
— ئۆزۈم بېرىپلا ئەكېلەيچۇ نىياز قارىمكامنىڭ چولىسى تېگىپ بولغۇچە ... بىردەمدىلا كېلىمەن، ئاپا.
ئۇ ئەركىلەپ، «ئاپا» دېگەن سۆزنى ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ، كۈلۈپ تۇراتتى. سۇلتانىسىپ خېنىمنىڭ ئىچى

پۈشقاندەك بولۇپ قاپاقلىرىنى سوزۇپ قويدى.
— ماقۇل ئەمىسە، بارسىلا. كىچىچە پۈتۈم ئاغرىپلا چىقتى، ماۋۇ پۇلغا بۇ دورىدىن بىر قۇتا ئالغاچ كەلسىلە.
— مۇشۇنىڭدىنلا ئالسام بولامدۇ، ئاپا؟ ئويلاپ باقسىلا، يەنە باشقا دورىمۇ لازىممۇ؟
— بولدى، مۇشۇنىڭدىنلا ئالسىلا. يەيدىغان دورىنىڭ كۆپلۈكىدە زىرىكىپمۇ كەتتىم مۇشۇ دورىلاردىن. يىمىسە جان ئاغرىغان، بىرلا يەپ قويسا بۇ دورا دىگەننى داۋاملىق يىمىسە بولمىغان ... ياشلىق دىگەن ئاجايىپ ئىسىل چاغلار ئىكەن، نىمە ئىش قىلسا قاملاشقان، نىمە يىسە سىڭگەن، نىمە كىيسە ياراشقان ...

ياشلىقنىڭ پاشالىقىڭ،
ھەر تەرەپتىن گۈل كىلۇر.
تاڭلا بەش كۈندىن كىيىن،
سىنىڭ قىشىڭغا كىم كىلۇر.

دىگەن بۇ گەپ بەك توغرا ئىكەن...
— سىلى ھازىرمۇ ياش، ئاپا. يۈزلىرى مىنىڭ يۈزۈمدىنمۇ چىرايلىق.
— يۈزى چىرايلىق بولغان ھىساب ئەمەس ئىكەن، تەن ساق بولسا بولىدىكەن. تىشىم پۈتۈن بولغان بىلەن ئىچىم تۈتۈن بولۇپ كەتتى مىنىڭ.
سۇلتانىنىسىپ خىنىم پۈتىغا مۇشتلىغىنىچە مەشنىڭ يىنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.
گۈلزىننەت قىيىنئانىسى بەرگەن دورا شىشىسىنى ئىلىپ، قىيىنئانىسىنىڭ ئاپىسىنى ئەكىلىشكە ماڭدى...
— ئاپا! ... — دەپ توۋلىدى ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن ھەجەر خىنىمنى يۆلەپ كىرىۋاتقاچ، — خان ئانام كەلدى.

كەچتە يەنىلا ئۈچ ئايال ئىپتارغا ئولتۇردى. باھادىرخان ھاجىم بىلەن قۇتبىددىن ھاجىم يەنە سىرتتا ئىپتار قىلغانىدى. ئايىنىگار خېنىم «مۇسىبەتلىك قېيىنئانامنىڭ يېنىدىن ئايرىلالمايمەن» دەپ كەلمىدى.

ھەجەر خېنىم تەسۋىسىنى قويۇپ داستىخانغا كەلدى. ئىپتار سۈيىنى ئوتلاپ ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلىپ بولغاندىن كېيىن گۈلزىننەت تەييارلىغان تاماقلارنى ئەكىردى.

— خان ئانا، بۇ لىغمىرداقنى بۇغداي ئۇنىنى سىقىپ ئۇيۇتتۇم، ئاشقازاننى ئاغرىتمايدۇ، قورساقنى كۆپتۇرمەيدۇ . ئاپامنىڭ پۇتى دائىم ئاغرىيدۇ، شۇڭا سوغۇق يەلدىن بولغان بولسا زىيان قىلمىسۇن دەپ، تۇرۇپمۇ سالماي تەرخەمەك بىلەن ئەتتىم، يەپ باقسىلا.

— ئاپا، سىلىمۇ يەپ باقسىلا، ئوخشىتالىدىممىكىن...

ئۇ كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلماي تاماققا چوكا سوزغان بۇ ئىككى ئانىسىنىڭ چىرايىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ئۆچۈرلارغا دىققەت قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى شۇنداق ئوماق ھەم سۆيۈملۈك ئىدى.

— جىگەرمۇ ساللىمۇ نىمە، بالام؟ — ھەجەر خېنىم ئارا باسىن تەخسىگە راسلانغان لىغمىرداققا چوكا سېلىۋېتىپ سورىدى، — خېمىرلىقمۇ بار ئىكەن - ھە؟

— جىگەرنى پىياز بىلەن قورۇدۇم، سىققان خېمىردىن چىققان خېمىر تېلىپىغا قىيما يېيىتىپ پوشكالچىلاپ قاسقاندا پىشۇردۇم ، ياغمۇچنى ئۆزۈم ئەتتىم ... بوپتۇمۇ، تۇز - تەمى بىرقانداق بولۇپ قالمىغاندۇ؟

سۇلتانىنىسىپ خېنىم قاشلىرىنى لىككىدە ئۆچۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ بىرەرسى بىر ئىشنى ئۆزىدىن ياخشىراق قىلغاندا مۇشۇنداق ياراتمىغاندەك قىلىپ قاشلىرىنى ئېتىپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— بەك ئوخشاپتۇ، كىچىك بولغان بىلەن قوللىرى تاتلىق

ئىكەن جۇمۇ، بالام، ــ ھەجەر خېنىم قورۇغان جىگەر، قىيمىلىق خېمىرلىق سېلىنغان لىغىرداقنى ياقتۇرۇپ قالدى.
ــ ئاپا، تاماقنىمۇ ئەكىرەيمۇ؟ خان ئېشى ئەتكەنىدىم... ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىقئاش قىلدىم، سېرىقئاشنىڭ خېمىرىنى تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەنلا يۇغۇرغان، كاۋاپنىمۇ يۇمشاق قىلىپ قورۇپ ئاندىن ئۇستىگە سالدىم، سوغۇقمۇ كەلمەيدۇ.
گۇلزىننەت خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ سۆزلەپ تۇراتتى.
ــ ئەكىرىۋەرسىلە ـ ھە، ئانامنىڭ چىشى بولمىسا سېرىقئاشنى قانداق يەيدۇ؟ غەيرىي تاماق ئېتىمەن دېسە قانداق تاماقلارنى ئېتىپ كېتىدىكىن دەپتىمەن تېخى... نەدىكى ئىسسىق باسمايدىغان بىرنېمىلەرنى ئېتىپ ...
ــ بالام، چىشىم پەقەت يوقمۇ ئەمەس، ئالدىرىماي چاينىسام يېيەلەيمەن. گۇلزىننەت خېنىمنىڭ قىلىقى چىرايلىق، تىلى تېخى تاتلىق، تۆشۈككە پىششىق قىز بالا ئىكەن، مۇشۇ كەمدە بۇنچىلىك كېلىن ئەكىرمەكمۇ تەس، ئۇنداق دېمىسىلە، ئازار بولۇپ قالمىسۇن.
ــ ۋاي ئانا! جىنىنى ئۇسسۇلغا سالىدۇ كىچىك بولغان بىلەن. ھەممىمىز كىچىك، كىچىك دەپ كېتىمىدىكەنمىز، نەنىڭ كىچىكى بولىدۇ؟ مەن بۇنچىلىك چاغدا ئايىنىگار خېنىمنىمۇ تۇغۇپ بولغان. بەك ھۇنىرى تولا، ھېلى مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان، ھېلى خۇيلانغان، ھېلى مۇشۇنداق گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن... ئادەم زادى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ.
ــ بالام، مىجەزلىرى ئىتتىك سىلىنىڭ. سىلىدىن خۇش بولۇپ قالاي، مۇشۇ كېلىن ـ باللار كۆز قارايتىپ يىغلاپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن. جاھان بۇلا ئەمەس، بىزنىڭمۇ بالىۋاقىمىز بار، قىزلىرىمىز بار، بىزدىن كېيىن قالسا نېمە كۈنلەرنى كۆرىدۇ، خۇدايىم بىلىدۇ. دىققەت قىلىسىلا، مىجەزىم

ئىتتىك دەپ مۇشۇ كېلىن ـ بالىلارغا ئازار بېرىپ قويمىسىلا.

— ماڭا ئازار بەرمىسىلا شۈكۈر دەپ ئولتۇرۇۋاتىمەن ھازىر. بەرگىنىنى يەيمەن، نەدىمۇ تۇنۇگۈن كىرگەن كېلىنگە چۆمۈچنى بېرىدىغان ئىش بار؟ مەن ھېچنېمىگە ئارىلاشمايمەن. شەمشىدىن ھاجىم يېنىدا بولماي قالدى دەپ كۆڭۈل ئىزدەپ، كۆزىگە قاراپلا كۈنۈم ئۆتۈۋاتىدۇ، ئانا.

— ئۈنچىلىك بولغان بولسا بوپتۇ، بالام، ئىشقىلىپ بىزدىن ئۆتۈپ قالمىسۇن.

باھادىرخان ھاجىملار بۈگۈن خېلى بۇرۇن قايتىپ كەلدى. باھادىرخان ھاجىم كىرىپلا قېيىنئانىسىدىن قىزغىن ئەھۋال سورىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىنچلىقمۇ؟ سالامەت تۇرۇۋاتامىلا، ئانىكا؟ رامىزانىڭىزى بېرىپ ئەھۋال سوراپمۇ كېلەلمىدىم، ھەرنېمە بولسا بۈگۈن كەپلا ...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! خۇداغا شۈكۈر، بالام. سىلىمۇ ئىشلىرى تولا ئادەم، سىلىدىن كۆڭۈل ئاغرىتامدىغان، ئۆتكەندە قۇتبىدىن ھاجىمدىن بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپلا، رەھمەت، بالام، خۇدايىم ئەجىرلىرىنى بېرەر ... بۈگۈن گۈلزىننەت خېنىم بالام مېنى ئالغىلى بېرىپتىكەن، شۇ بالام بىلەن كەلدىم.

باھادىرخان ھاجىمغا بۇغداي ئۇندا ئەتكەن لىغىرداق بەكلا ياراپ كەتتى:

— بۇرۇنراق ئېتىپ بەرسىلە بولماسمىدى، بالام، لىغىرداق يېگۈم كېلىپ قالغانىدى، يەي دېسەم بازارنىڭ لىغىرداقلىرى ئۆپكەمنى پۇۋۇلەپ، يۆتەلدۈرەمدىكى دەپ ئەنسىرەپ يېيەلمەي يۈرگەن، بۇ شۇنداق ئوخشاپتۇ ئەمەسمۇ...

— شۇنى دېسىلە، بالام، تۆشۈككە بەك ئېپى بار ئىكەن بۇ قىزىمنىڭ، خان ئېشىنىمۇ ئەكىرسىلە، بالام، دادىلىرى ئىچىپ باقسۇن.

گۈلزىننەت قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئاكىسىغا تاماقلاردىن كەلتۈردى.

— بۇ قىشتا كۆكباشنى نەدىن تېپىپ ئەتكەنلا، بالام، بۇ ئاشنى؟ بەك ئوخشاپتۇ، شۇنداق ئىسسىق باستى.

— سېرىقئاشنى ئۆيدە قىلسىمۇ بولىدىكەن ـ ھە، ئۇكام؟ چۆپنى بەكرەك ئىنچىكە سالسىلا تېخىمۇ ياخشى بولغۇدەك ...

— كۆكباش تاللا بازىرىدا بار ئىكەن، تىللىرىغا تېتىغان بولسا پات ـ پات ئېتىپ بېرەي، دادا .

— توخۇملۇق خېمىر سۇغا كىرسە سەل ئېسىلىۋالىدىكەن، ئىنچىكە سوزسامۇ پىشىپ چىققاندا سەل توم چىقىپ قالدى، بۇدا تېخىمۇ ئىنچىكە قىلاي ...

گۈلزىننەت بۇلتۇر قاغىلىققا ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بۇ تاماقلارنى ئېتىشنى ئاچىسىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ بۇگۈن بەكلا خوش بولۇپ كەتتى. ئەتكەن تاماقلىرى ھەممە ئادەمگە تېتىغانىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى. «ما سېرىق توكىنىڭ كېرىلىپ كەتكىنىنى، ھاجىم دېگەن تۈز كورمۇ بىر ئۆمۈر مەن ئەتكەن ئاشنى يەپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندە، بۇ مېكىجىنىنىڭ بىر قاچا يىلمان سۇمۇلىكىنى ماختاپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي ئەمدى...»

— ئايال كىشى پولۇ بىلەن لەغمەن ئېتىشنىلا بىلسە بولمايدۇ، — دېدى ھەجەر خېنىم، — مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە تاماقلارنى ئېتىپ، ئۆيدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۆينىڭ مېھرىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ھازىر چوكانلار ھۇرۇن، نېمە ئېتىسەن دەپ سورىسىڭىز پىلتىسى بازاردا بار لەغمەننى، نېمە ئېتىسەن دېسىڭىز گورۇچ دۇملەپلا گاچپەن ... شۇنداق قىلىپ ئەرلىرىنى ئۆيدىن تەزدۇرۇۋېتىدۇ ...

— شۇنى دېسىلە، ئانىكا، — باھادىرخان ھاجىممۇ گەپ قوشتى، — باللارمۇ نەدىكى ئىسمىنى بىز ئاڭلاپمۇ باقمىغانلا

ئاشخانىلارغا «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى ئېسىپ قويسىلا كىرىپ كېتىۋېرىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، تاماقنى يېمەي خەتنى يەيدىغاندەك...

ھەجەر خېنىمنىڭ گېپى سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈرۈپ قويدى. ئاخىر ئىچىدىكى ئاچچىقى تىلىنى جىم تۇرغۇزماي چاستوتىسى توغرىلانغان رادىيودەكلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي ئانا، غەزىنە خېنىم ئاڭلىسا كۆڭلى ئاغرىپ قالمىسۇن، ئۇتتۇز يىلدىن بېرى كۈندە تامىقىنى ئېتىپ، خىزمىتىنى قىلىۋاتسامۇ بۈگۈن بىر قاچا ئېشىنى يەپلا گۈلزىنەت خېنىمنى ماختاپ كەتتى، دەپ. ئۆمۈرلىرىدە تاماق يەپ باقمىغاندەك ئەجەب ماختاپ كەتتىلە ... — ئۇ شۇنداق دەپ ئېرى بىلەن ئوغلىغا قارىدى، — بىردەمدە ھەممىڭلار كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالماڭلار، مۇشۇ يېشىڭلارغا كەلگۈچە يېگەن - ئىچكەنلىرىڭلارنى كىم ئېتىپ بېرىۋاتىدۇ؟ ئۇنتۇپ قالماڭلار ... بىكار تېشىپ چىقمىسۇن بىر يېرىڭلاردىن.

باھادىرخان ھاجىم كۈلۈپ كەتتى. قۇتبىدىن ھاجىم داستىخاننىڭ چۆچىسىنى ساناۋاتقاندەك داستىخاندىن كۆزىنى ئۈزمىدى، ئۇ كۈلۈپ تاشلىسا ئانىسىنىڭ رەنجىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— نېمە دەپ غەزىنە خېنىمنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك، بالام؟ يا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمىساق، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەلدىمۇ يا؟ ئۆزلىرىنىڭ بالىسى بولغاندىكىن دەۋېرىپتىمەن مەنمۇ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا... كىچىككىنە قىز بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن سۆيۈنۈپ دېدۇق... سىلىنى ماختاپ يۈرمىسەكمۇ بولار دەپ قاپتۇق، — دېدى ھەجەر خېنىم.

گۈلزىنەت ھەجەر خېنىم مۇشۇ ئۆيدە تۇرغان كۈنلەردە ھەر كۈنى يېنىدا ھەمراھ بولۇپ يېتىپ، شەمشىدىن ھاجىمنىڭ يوقلۇقىمۇ بەك بىلىنىپ كەتمىدى.

ھەجەر خېنىم كېچە ـ كېچە ئۆتكەن ـ كەچكەن گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. ئېرى سودىگەرچىلىككە كېتىپ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن بەش بالىنى قانداق بېقىپ قاتارغا قوشقانلىقىنى، ئوغۇللىرىنىڭ ۋاپادار، كېلىنلىرىنىڭ ئوڭلۇق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئىشقىلىپ ئۇ گېپى تۈگىمەيدىغان، شېرىنسۆخەن، كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ، يېقىملىق ئايال ئىدى.

— گۈلزىننەت خېنىم، بۈگۈن ئىپتارغا ئۆتكەندىكىدەك خان ئېشى ئەتسىلە، بالام، ئىپتارنى ئۆيدە قىلىمىز.

باھادىرخان ھاجىم كۆمۈرخانىدىن كۆمۈر ئەكىرىۋاتقان گۈلزىننەتكە شۇنداق تاپىلاپ قويۇپ دۇكانغا كەتتى.

— قۇتبىدىن ھاجىم ئۆپكە ـ ھېسىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ، ئىپتارغا ئۇلگۈرتۈپ قويسىلا، تۇنىسا خېنىمنىڭكىگە ئىسسىقلىق ئاپىرىپ كېلەيلى، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم پۇتىغا پۇراقلىق بىر خىل دورىنى سۈرتۈپ مەشنىڭ ئىسسىقىغا قاقلاپ ئولتۇراتتى، — قۇدا تۇرۇپ تۈزۈكمۇ يېنىدا بولالمىدىم، ئازنا ئاخشاملىرىدا ئاپارغان ئىسسىقلىقىنىمۇ تازا دىل خالاپ بېرەلمەي قالدۇق.

— دادىلارمۇ بۈگۈن ئىپتارنى ئۆيدە قىلىدىكەن، بىز بېرىۋېرىمىزمۇ، ئاپا؟ — گۈلزىننەت ئوتنى چۇقچىلاپ قويۇپ شال سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— تاماقنى تەييار قىلىپ قويۇپ، بېرىپلا بۇرۇنراق قايتىپ كېلەرمىز. بۈگۈن ـ ئەتە دەپ بەك ئۈزىقىپ كەتتى، ئايىنىگار خېنىم شۇ ئۆيدە نان يەيدۇ، ئابدۇراخمانجانمۇ ئۇزۇن يىللىق كويۇ ئوغۇل، كۆڭۈل ئاغرىتىپ قالمىسۇن.

گۈلزىننەت خېنىم ئۆپكە ـ ئۈچەيلەرنى يۇيۇپ تازىلاپ، قېيىنئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر باشتىن قۇيۇپ، ئۆپكىنى قازانغا سېلىۋېتىپ، ئۆپكە قاينىغۇچە ئىپتارنىڭ تامىقىغا تەييارلىق قىلدى. ئۆپكە پېرىلىپ، پىشاي دېگەندە ئۈچەينى قۇيۇپ قازانغا سالدى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم قولىدىكى

يوتقان تىكىدىغان ئۆزۈن يىڭنە بىلەن ئۇچەينىڭ سۇ يىغىلىپ قالغان يەرلىرىنى تېشىپ سۇيىنى چىقىرىپ تۇردى، شۇنداق قىلسا ئۇچەي ئېتىلىپ كەتمەي ياكى بىر يېرى سۈيۈق، بىر يېرى قويۇق بولۇپ قالماي تەكشى پىشىپ چىقاتتى.

ئۇلار چوڭ سىرلىق كورىغا ئۆپكە ـ ھېسىپنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىققاندا، روزىدار تۇرۇپمۇ زوھۇردىن تارتىپ تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە بىردەممۇ ئارام ئالمىغان گۈلزىنەتنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرى ئالمىشىپ، كورىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەپ ئاران كېتىپ باراتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم سېمىزلىكىگە باقماي، قىزلاردەك چېكىپ دەسسەپ ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

ئىپتاردىن كېيىن گۈلزىنەت زوھۇرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى.

— بالام، ھېساب ـ كىتابنى قىلىپ باقتىڭمۇ؟ — باھادىرخان ھاجىم سوئال نەزىرى بىلەن قۇتبىدىن ھاجىمغا قارىدى، — تۈركىيەدىكى دۇكاننىڭ ھېسابىنى ئۇكاڭ قىلىپ، شۇ يەردىلا ئايرىيدۇ، بۇ يەردىكى دۇكانلارنىڭكى بىزگە قاراشلىق.

— قىلدىم، دادا، خېلى بىر نەرسە ئايرىلدى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئويلىغىنى بارمۇ؟ قەيەرگە، كىملەرگە بەرسەك بولغۇدەك؟

— بىلگىنۇر خېنىم ئاينىگار خېنىم ئاچامغا يەكەندىكى ئۆزى ئىشلەۋاتقان مەكتەپتە «كىيىمى يېلىڭ، ھەتتا مەكتەپكە يالاڭ ئاياغ كېلىدىغان باللار بار ئىدى، باھادىرخان ھاجىمكام ئازراق ياردەم قىلارمۇ؟» دەپ تېلېفون قىپتىكەن. مەن دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەي دېگەنىدىم، سىلىچە شۇ باللارغا قىشلىق كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئاياغ قىلىپ بەرسەك مۇۋاپىق بولارمۇ، دادا؟

باھادىرخان ھاجىم ساقاللىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مۇشۇ قىش ـ زىمىستاندىمۇ يالاڭ ئاياغ

مەكتەپكە كېلىۋاتقان بالىلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرەكلىرىنى ئېچىشتۇردى.

— ئوغلۇم، سەن بىلگىنۇر خېنىم بىلەن ئالاقىلىشىپ قىيىنچىلىقى بار بالىلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئال، باشقا قوشنا مەكتەپلەردىكى بالىلارمۇ قالمىسۇن، ياخشى كىيىملەردىن، ئاياغلاردىن ئېلىپ ئۆزىمىز ئاپىرىپ كىيدۈرۈپ قويۇپ كېلەيلى ...

— ماقۇل، مەن ئالاقىلىشەي، دادا.

قۇتبىدىن هاجىم دادىسىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ گەپنى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسى قوشۇلغاندىن كېيىن يەنە بۆلەكچە سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ئۆتكەن يىلى رامىزاندا سەن تۈركىيەدە ئىدىڭغۇ ـ هە! شۇڭا ئۇكاڭدىن سوراپ بۇ يەردىكى هېسابنى ئېنىق قىل ... باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇرغان پۇل، يىغىلمىغان نېسى پۇل، ئامباردىكى نەق مال هەممىنى هېسابلاپ چىقىپ يەنە بىر ئايرىپ باق، زاكات دېگەن ئاشنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشايدۇ، كۆپۈكىنى ئېلىۋەتسەڭ قازاندىكى ئاش تېخىمۇ پاكىز، ئېچىشلىك بولىدۇ ...

— چۈشەندىم، دادا، بىز مەسلىهەت قىلىشقان، مەسلىهەتمۇ بىر يەرگە كەلگەن. شەمشىدىن هاجىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلى پىلانلىرىمىزنى بىر ئاڭلاپ باقسىلا، ئەگەر توغرا تاپسىلا، بۇ يىل زاكاتنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن دۇكاننى شىركەت قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، بىر بوغالتىر تەكلىپ قىلساق بولامدىكى دەيمەن. هەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ كېلىپ هېسابات قىلىپ بەرسە، بەزى تىجارەتلەرنى قوشساق، بەزى تىجارەتلەرنى كېڭەيتسەك، تارماق دۇكانلارنىمۇ كۆپەيتسەك ... ئەمدى ئۆزىمىز ئېغىزدا هېساب چىقىپ يۈرۈۋەرسەك بولمىغۇدەك. لىغىرداق ساتىدىغان، دۇغ ساتىدىغانلارمۇ هازىر شىركەتلىشىپ بولدى. شۇنداق قىلساق هېسابمۇ ئېنىق بولىدۇ، هېچكىمنىڭ هېچكىمنىڭكىگە ئارىلىشىپمۇ قالمايدۇ.

باهادىرخان هاجىم بۇ گەپنى شەمشىدىن هاجىمدىنمۇ

ئاڭلىغان بولغاچقا ئانچە ئەجەبلەنمىدى ھەم ئۆزىمۇ ئۆزۈندىن بىرى تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى، يېڭى تۈرلەرنى قوشۇپ بىر ئىزغا سالغاندىن كېيىن ئوغۇللىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتاتتى.

— مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلارمىز، بالام، — باھادىرخان ھاجىم پۈتلىرىنى ئازراق تۈزلەپ ئولتۇردى، — مەنغۇ بۇرۇندىن ئاغزىمدا ھېساب چىقىرىپ كۆنگەن، شۇڭا ماڭا بۇ ئىش بەك غەيرىي تۇيۇلمايدۇ. ئەگەر سىلەر شىركەت قۇرىمىز دېسەڭلار مەنمۇ قوشۇلىمەن. مېنىڭمۇ ئىش ـ ئوقەتنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ تازا ئوبدان مۆلچەرلەيلى .

— شەمشىدىن ھاجىم كەلسە بارمەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز. مېنىڭچە شىركەت قىلساق ئىشلار قېلىپلىشىپ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— زاكاتنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى قانداق قىلىمىز؟

— بىرەر مىڭ بالىغا كىيىم قىلىپ بەرسەكمۇ تۈگىمەيدۇ، ئېشىپ قالغىنىغا ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بىر يېتىم بالا بار ئىكەن، شۇنى ئۆيلەپ قويساق بولارمۇ دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ بالىنىڭ ئۆيلەنگەندىن كېيىنكى ئولتۇرىدىغان ئۆي مەسىلىسى بېشىمنى قاتۇرۇپ بۇنى سىلىگە دېيەلمىدىم.

— ھە، ئۇنداقتا شۇ بالىنى تېپىپ ئۆيگە باشلاپ كەل. ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى بىلىپ باقايلى، ئەگەر ئۆيلىنىپ خاتىرجەم ياشىغۇسى بولسا ئۆيلەپ قويارمىز. باشقا خىيالى بولسا ئۇنى كۆرەرمىز. مېنىڭچە بولسا ئۇ بالا ئۆيلەنگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ يەرلىرىنى تېرىسۇن، بولمىسا ئۆمرى مەدىكارچىلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۇرمۇشى ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ئىش تېپىپ ئىشلىسىمۇ، بىرەر تىجارەتنىڭ بېشىنى تۇتسىمۇ بولىدۇ. يېزا دېگەندە ئۆي، باغبارانى، ئۇلاغ ـ ئۇلمەك، دەل ـ دەرەخ بولىدۇ، شۇنداق يەردە ئادەم ئاسانلا كۆكلەپ، ئالغا

سىلجىيدۇ. شەھەردە ھېچنېمىسى بولمىسا، ھەممىنى بازاردىن سېتىۋېلىپ بىر ناننى ئىككى قىلماق تەس.

— دۇرۇس، دېگەنلىرى توغرا، دادا. مەن ئەتە ئۇ بالىنىڭ بار يېرىنى سۈرۈشتە قىلاي ...

— ئالىمجان قانداقراق كېتىپ بارىدۇ، دىققەت قىلىپ باقتىڭمۇ، بالام؟

— يامان ئەمەس، لېكىن دۇكاندىكى بالىلارنى سەل تەزدۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئۆزىنى غوجايىن ساناپ ھېچ ئىش قىلماي، ئۇلارنى باشقۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇ بالىلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا كۆنمەيدىكەن، تۇنۇگۇنمۇ ھەيدەر كېتىمەن دەپ يېنىمغا كىرىپتىكەن، نەسىھەت قىلىپ ئېلىپ قالدىم.

— بۇ بولماپتۇ. باشقىلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن سەندە باشقىلارنى باشلىيالىغۇدەك ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. باشلىق دېگەن باشقۇرغۇچى ئەمەس، باشلامچى دېگەن گەپ. ئۆزى ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ باشقىلارنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ. دادىسىمۇ باشقۇرالماي يېنىمىزغا ئەۋەتتى ـ دە بۇ بالىنى. دىققەت قىل، بالام. نەچچە يىلدىن بېرى ئىشلەۋاتقان بالىلار كېتىپ قالسا بولمايدۇ. ئۇ بالىلارنىڭ بىزدە ئەجرى بار. بىزمۇ يەنە باشقىلارنى تەربىيەلەپ ئۇ بالىلارچىلىك بىرنەرسە ئۆگىتىپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ.

قۇتبىدىن ھاجىم خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئانىسىدىن يوشۇرۇنچە يوقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ھەر قېتىم بارغاندا قېيىنئانىسىنىڭ «سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى ئالغاچ كەلمەپلا، نەۋرىلىرىنى كۆرگۈسى كەلمەپتۇمۇ» دېيىشلىرى تىلىنى قىسىپ قويۇۋاتاتتى.

ئۇ ئۇت يېقىلمىغان مۇزدەك ھۇجرىسىغا كىرىپ چىراغنىمۇ ياقمايلا سېلىقلىق كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلىدى. بۇرۇن پەرىدە خېنىم ئۆينى ئىسسىتىپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى، ئوغۇللىرى تىگەنگە ياماشقان قوزىلاردەك ئۇنىڭغا يامىشىپ، چىرمىشىپ ئوينايتتى. ئايال كىشى بولمىسا ئۆيمۇ، كۆڭۈلمۇ مۇشۇنداق

مۇزلاپ كېتەتتى. ھەتتا دۇنيامۇ ئايالدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى.

ئايسۇلتان خېنىمغا ئات قويغان كۈندىن بۇيان بۇ ئۆيدىن ھېچكىم پەردە خېنىم بىلەن بالىلارنى يوقلاپ بارمىدى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم خۇددى دۇنيادا چوڭ كېلىنى بىلەن ئۈچ نەۋرىسى مەۋجۇت ئەمەستەك ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ تىلغا ئېلىپ قويمىدى. بۈگۈنكى ئەرلەرنىلا ئىپتارغا چاقىرغان باغاق تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە سۆزلەپ، قايناپلا ئولتۇردى:

— توۋا، توۋا، قايلىسىلا، بالام، ئاينۇرخانىنىڭ قانچىلىك پەسلىكىنى ئەمدى بىلگەنلا مانا! ئىككىمىزنى قوشۇپ چاقىرىپ قويسا ئۆلۈپ قالارمىدى؟ بىز يەر - جاھاننى يەپ كېتەتتۇقما؟ قاچان ئۇنتۇپ بولارمەن بۇ دەردلەرنى، «قېنىمغا يىغلىمايمەن، قەدرىمگە يىغلايمەن» دەيتتى رەھمەتلىك چوڭ ئانام. نېمە دەيدىغاندۇ دەپتىكەنمەن، مۇشۇنداق قەدىر - قىممىتى تۆكۈلگەندە، دىلى ئاغرىپ شۇنداق دەپتىكەن... قوشۇپ چاقىرىپ قويغان بولسا، ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسمىدى. ئارىدىكى تىكەننى ئېلىۋەتكۈسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ... بوپتۇ. ئۆزى چىدىسا ماڭا نېمىتى! قېنى، قىزى ئولتۇرۇپ باقسۇن، تۇغۇت ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ ئاينۇرخان.

گۈلزىنەت بىرەر گەپنى خاتا قىلىپ قويۇپ قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا گەپكە قېلىشتىن قورقۇپ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاپلا بەردىكى، «ھە» دەپمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

— بىزنىڭمۇ قۇدىلارنى، تۇغقانلارنى ئىپتار قىلدۇرىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، دادىلىرى كەلسە مەسلىھەت قىلىشىپ، ۋاقتىنى سوزماي قىلىۋېتەيلى.

— دادامىلار ھەر كۈنى سىرتتا ئىپتار قىلىدىكەن - ھە، ئاپا؟

— تونۇش - بىلىشلىرى، ئاغىنە - بۇرادەرلىرى تولا، شۇڭا

سىرتتا كۆپرەك ئىپتار قىلىدۇ. ئەرلەر شۇنداق ئۇلۇغ خەق ئىكەن، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان. بىز بىردەم تالاغا چىقماقچى بولساق رۇخسەت سوراپ، تامىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يەنە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلمىسەك بولمىغان.

سۇلتانىنىسىپ خېنىممۇ، گۈلزىننەتمۇ ئۆيدىكى ئەرلەرنىڭ سىرتتىكى خالىس ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى.

باھادىرخان ھاجىم: «ئايال كىشى دېگەن گەپكە ئامراق، تالا ـ تۈزدە دەپ يۈرۈپ ئىشنى رىيا قىلىدۇ. بىز بىركىمنىڭ بىزنى ماختىشى ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىۋاتمايمىز» دەپ، قىلىۋاتقان ئېھسانلىرىنى ھەتتا قىزلىرىدىنمۇ يوشۇرۇن تۇتاتتى.

شۇنداق قىلىپ تاشبەگنىڭ ئۆيىدىكى ئىپتارغا ئەرلەر بېرىپ كەلدى. سۇلتانىنىسىپ خېنىممۇ قايناپ ـ تېشىپ توختاپ قالدى.



## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## زەللە قىينىقى

رامىزانمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. شەمشىدىن ھاجىم تېخىچە قايتىپ كەلمىدى.

— ھېيتلىقلىرىغا ئانىلىرى نېمە ئېلىپ بېرىدىكەن؟ — دەپ تۆيۇقسىزلا سورىدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم بىر كۈنى مەشىنىڭ يېنىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان گۈلزىننەتتىن.

— بىلمەيمەن، كىيىملىرىمۇ تولۇق، نېمە ئېلىپ بەرسە مەيلى، تالاغا كۆپ چىقمىغاندىكىن كۆپ كىيىممۇ كەتمەيدىكەن.

— دادىلىرى: «بىز گۈلزىننەت خېنىمنىڭ ھېيتلىقىغا بىر تال ئۈزۈك ئېلىپ بېرەيلى» دەيدۇ، ئانىلىرىمۇ شۇنىڭ لايىقىدا بىر ئىش قىلمىسا سەت تۇرار !...

«نەدىمۇ كېلىنگە نېمە ئېلىپ بېرىشنى ئەر كىشى بېكىتىدىغان ئىش بار؟ خان ئاچامغا ئېلىپ بېرىدىغان نەرسىنى ھېچقاچان دادام بېكىتىپ بەرمەيتتىغۇ؟» شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقان گۈلزىننەت لەۋلىرىنى چىشلەپ، تىكىۋاتقان كەشتىسىدىكى ئەتىرگۈللەرگە ئېگىشتى.

— بولدى، ئاپا، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىلىمۇ بىر نەرسە ئېلىپ يۈرمىسىلە، ئۈزۈكلىرىمۇ بارغۇ، بارلىرىنى سېلىپ تۇرارمەن...

— ۋاي، قايسى ئۈزۈكنى دەيلا؟ — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنىڭ باھانە كۆرسىتىشىگىمۇ پۇرسەت بەرمىدى، — يىڭناغۇچنىڭ قانىتىدەك ئېگىلىپ ئاران تۇرىدىغان، ھېلىقى

ساندا بار، ساپادا يوق ئۆزۈكلەرنىمۇ؟ سىلى بۇرۇن كەم بولسىلا مەيلى، ھازىر باھادىرخان ھاجىمنىڭ كېلىنى. سىلىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ۋاي دەپ چوڭ كۆرىدىغان سۇلتانىنىسىپ خېنىم كەينىگە سېلىپ مەرىكىلەرگە بارىدۇ، شۇڭا شۇنىڭ لايىقىدا يۈرمىسىلە بولمايدۇ. كىيىملىرىمۇ شۇ مەن بىلىدىغان كىيىملەر. ئۆي كۆرسەتكەن يەرلەرگە بارغاندا كىيگەن كىيىملەر شۇدۇر؟ قىز چىقارغان ئادەم دېگەن چىداپ بىر - ئىككى يىل كىيىم ئالمىسىمۇ بولغۇدەك جابدۇيدۇ قىزىنى، زىبىرنىسا خېنىم گۈلزىبا خېنىمنى قاغىلىقا چىقىرىپ ئاسانلا قۇتۇلۇپ، بۇنداق قائىدىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بىز قاغىلىقلىق ئەمەس، يەتمىش پۈشتىمىزغىچە مۇشۇ شەھەردە ياشىغان خان ئەۋلادى ... ئوھوش، ئەتىگەندە ئوڭ - تەتۈر سۆزلەپ يەنە ئوغامنى قايناتتىغۇ ...

گۈلزىننەت قېيىنئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئانىسى بىر ئۆمۈر يىغىپ، تاقاپ كەلگەن ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىپ قىزىنى جابدۇپ بېرىپمۇ يەنە سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى رازى قىلالمىغانىدى. دادىسى بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قىزىنى ياتلىق قىلىپمۇ يەنە بۇ ئايال قۇدىسىنىڭ بىر ئېغىز رەھمىتىنى ئاڭلىيالمىدى. بۇ ئايالغا ئالتۇن تاغنى تىكلەپ بەرسىمۇ رازى بولمايدىغان ئايال ئىدى.

— ئەتە ئازنا قىلىپ كەلسىلە، — سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاۋازىدا بۇيرۇق تەلەپپۇزى بار ئىدى، — ھېيتتا بىزنىڭ ئۆزۈك ئېلىپ بېرىدىغانلىقىمىزنىمۇ دەپ قويسىلا! شەمشىدىن ھاجىمغىمۇ يەنە نەدىكى بىرنېمىلەرنى ئېلىپ كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ يۈرمەڭلار، پەرىدىخاننىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ماڭا ھازىر. ئارتۇق خاپىلىق كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق.

گۈلزىننەت يېقىندىن بېرى «ئانامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن» دېمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوتتەك بارغۇسى، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا بىرەر سائەت بولسىمۇ ئېغىناپ

يېتىمۋالغۇسى بار بولسىمۇ، زەللە ئۇچۇن كېتىدىغان پۇل ئۇنىڭدا بولمىغاندىكىن چىداپ يۈرۈۋاتاتتى.

بۈگۈن قېيىنئانىسى ئۆزى «بېرىپ ئازنا قىلىپ كەلسىلە» دەۋاتىدۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟

— سىلى يالغۇز قالسىلا، ئاپا، — دېدى ئۇ ئازنىغا بارماسلىقنىڭ باھانىسىنى ئىزدەپ، — كېيىنچە بارارمەن، بۈگۈن سىلىگە ھەمراھ بولاي.

— بېرىۋەرسىلە، — قېيىنئانىسى ئورنىدىن قوزغالدى، — مەنمۇ ئانامنىڭ يېنىغا بارىمەن.

ئەمدى دەيدىغان گەپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئازنىغا بارماسلىق ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئورۇنۇشلىرىمۇ كار قىلمىدى.

«كەچتە يەنە بوسۇغىدىن كىرەلمەي قالارمەنمۇ؟ ئىشىك تۈۋىدە يېتىم بالىدەك بويۇن قىسىپ ئولتۇرارمەنمۇ؟»

ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھېيتلىق توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمىدى. چۈنكى، ئاكىسى قەرزلەرنى تۆلەش ئۈچۈن ئۆزى ئېچىۋاتقان دۇكاننى تاقاپ دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ ئىككى ئەر كىشى بىر دۇكاننى ئېچىۋاتاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە «ماڭا ھېيتلىق نېمە ئېلىپ بېرىسەن» دېگىلى بولاتتىمۇ؟!

خان ئاچىسى مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىپ، بويىدىن ئاجراپ كېتىپ ياتاتتى. شۇ تاپتا بۇ ئۆيىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق چىقىمى بار ئىدى. پەقەتلا شۇ يىپ رەخت دۇكىنىدىن ئانچە - مۇنچە كىرىم بولاتتى.

گۈلزىننەت كەچتە كەتكىلى مېڭىۋىدى، زىبىرنىسا خېنىم دۇخوپكىدا پىشۇرۇپ تەييار قىلغان سامسىنى يۆگەپ داستىخان قىلىپ بەردى.

— زەللىلىرى ئاددىيراق بولۇپ قالدى، بالام، ئۇلار زەللىگە قاراشلىق ئادەملەر بولمىغاندىكىن كۆڭلىگە ئېلىپمۇ كەتمەس ...

— ياق، شۇنداق چىرايلىق زەللە بولدى، ئانا، ئېپتاردا سۆيۈق - سەلەڭ تاماق بىلەن يەيمىز.

گۈلزىننەت ئانىسى بىلەن باھار ئاپتىپىدەك كۈلۈپ خوشلاشتى ـ يۇ، يول بويى قانداق قىلىشنى كۆپ ئويلىدى، لېكىن ئامال تاپالمىدى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يىراق شەھەرلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، بۇ شەھەردە تۇرىدىغانلىرىمۇ تېخى بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ ياشايدىغان قىزلار ئىدى. ھازىر ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرالىغۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى. «بىرەر كىمدىن يۈز كوي ئۆتنە ئېلىپ تۇرسام، شەمشىدىن ھاجىم كەلگەندە قايتۇرۇپ بېرەتتىم.» ئۇ شۇ ئۈمىد بىلەن ئويلا ـ ئويلا ھېچكىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي، ئۆستەڭبويىغا كېلىپ كوچىنىڭ ئاغزىدا خېلى ئۇزاق تۇردى.

سوغۇق شامال ۋىژىلداپ يۈزىنى چاقاتتى، ئادەتتە تالاغا چىقماي سوغۇقنى بوش چاغلاپ يېنىكلا كىيىنىۋالغاچقا، سوغۇق ئورۇق بەدىنىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. قولىدىكى داستىخان بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتقاندەك بىلىنىدى.

قېلىن ماموق چاپانلارنى كىيىپ شارپىلىرىنى مەھكەم ئورىغان قىزلار نەلەرگىدۇر ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى. ھەربىيچە جۇۋا، بېشىغا قۇلاقچا كىيىۋالغان باققاللار ھارۋىسىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالغان كىچىك مەشكە قوللىرىنى قاقلايتتى، مىسكەرلەر، تۇنىكىسازلار، قاسقان گىرۋىكىنى ئوتقا قاقلاپ ئەگمە ياساۋاتقان قاسقانچىلار، قىزىق تونۇرغا باش تىقىپ نان يېقىۋاتقان ناۋايلار... ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكىدە، بىر ناتىۋان قىزنىڭ ئامالسىزلىق ئىچىدە ئۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغىنىدىن تامامەن خەۋەرسىز ھالدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئۇ ئۇدۇلىدىكى دۇكانغا لىققىدە تىزىۋېتىلگەن مىس بۇيۇملارنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئەگەر ھازىر يانچۇقۇمدا پۇلۇم بولغان بولسا ئاشۇ چىرايلىق مىس چەينەكلەردىن بىرەرنى ئېلىپ ئاپامغا ئەكىرىپ بەرسەم خۇشال بولارمىدى؟ ياق، ئاپام ئۇنداق نەرسىلەرگە خۇشال بولمايدۇ، ئۆيدە

ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق چەينەكلەر تەكچىلەرگە قاتار تىزىقلىق، تېخى تولىسى چەت ئەلنىڭ ... قولۇمدىكى داستىخاننىلا كۆتۈرۈپ كىرىۋەرسەمچۇ؟ بىر قېتىم بوپتۇ دەپ ئۆيگە كىرگىلى قويارمۇ ياكى ئۆتكەنكى قېتىمقىدەك بوسۇغىدىن قوغلىۋېتەرمۇ؟ «زەللە» دېگەن پەقەت يېگىلى بولىدىغان نېسىۋە دېگەن گەپ ئىدى. ئەمدى كىم تاپتى بۇ شەكلى ئۆزگىرىپ، ئادەمنىڭ گېلىنى سىرتماقتەك سىقىدىغان جانغا جاپا زەللىلەرنى؟ !»

داستىخاندىكى سامسا سوۋۇپ كەتتى. ئۇ تېخىچە ئۆيگە كىرەلمەي دوقمۇشتا يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنگە قاراپ تۇراتتى، لېكىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى چىرايلىق بىر قىز، — گۈلزىننەت خېنىممۇ سىلى؟ تويدا بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتىكەنلا، شۇنداق مەستلىكىم كەلگەن، يەنە شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپلا ...

ئۇ بىلگىنۇرنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدى، مەينىگار خېنىم بۇ قىز بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا ئامراق ئىدى. تويدىن كېيىنمۇ بىر - ئىككى قېتىم مەينىگار خېنىم ئىككىسى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندا چاي دەملەپ ئەكىرىپمۇ بەرگەنىدى، شۇڭا ئۇنى دەرھاللا تونۇدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! بىلگىنۇر خېنىم، تىنچ تۇرۇپلا...

ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان مۇئەللىمە بولغان بۇ قىز بىلەن يۈز يېقىشىپ تىنچ - ئامانلىق سورىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەمنى كۆرسە ئالاھىدە قىزىقىش، ھۆرمەت، ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. بىلگىنۇرنى كۆرگەن دەسلەپكى چاغلىرىدىمۇ شۇنداق بولغانىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاددىيغىنا كۈلكىسىدىمۇ ھېكمەت باردەك، مۇنداقلا قىلغان بىر سالىمىدىمۇ ئىسسىقلىق، لاتاپەت تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك، ئۇنى كۆرگەن كۈنلىرى يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى.

بىلگىنۇرنىڭ يۈرىكى «ۋىژژىدە» قىلدى. شەمشىدىن ھاجىم

كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزنىڭ ئېرى بولغانىدى. يەكەنگە بېرىپ خىزمىتىنى باشلىغاندىن كېيىن ھەسرىتى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، بۇگۈن گۈلزىننەتنى يىراقتىن كۆرۈپلا كونا يارىلىرى يەنە شەلۋەرىدى. گۈلزىننەتنىڭ قەھۋەرەڭ كۆزلىرى، قىزغۇچ نەمخۇش لەۋلىرى، كىچىك يۇمىلاق يۈزى ئۇنىڭغا ئازاب ئەكەلدى. ئۆزى سۆيگەن، قولىنى تۇتۇپ بېقىشمۇ نېسىپ بولمىغان ئەر مۇشۇ قىزغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ ھايات ئىككىلىسىگە ئارزۇ بېرىپ مۇراد تاپىدىغان نىشانىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىدى. بۇ ئارزۇ ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكىنى بىر ئۆمۈر كۆيدۈرۈشكە يېتەتتى. بىر ئۆمۈر بىر – بىرىنى كۆرسە يوقاتقانلىرى ئۈچۈن ئازاب چېكەتتى.

— مەينىگار خېنىم ئاچام ئۇبدان تۇرۇپتۇمۇ؟ — دېدى ئۇ گۈلزىننەتنىڭ سوغۇقتىن قىزىرىپ تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، — تېلېفون كېلىۋاتامدۇ؟ بىز توردا ئالاقىلىشىپ تۇرغان، يېقىندىن بۇيان تورغا چىقماس بولۇپ قالدى، تىنچ – ئامان تۇرغاندۇ ـ ھە؟

— ھەئە، تىنچلىق، ئالدىنقى كۈنى ئاپام بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەن، ھازىر ئەنگلىيەدە قىزىنىڭ يېنىدا ئۇخشايدۇ. سىلىنى يەكەنگە ئوقۇتقۇچىلىققا كەتتى دەپ ئاڭلىغانىدىم، كۆنۈپ قاللىمۇ؟

— كۆنۈپ قالدىم ... بۇ يەردە تۇرۇپلىغۇ؟ بىر يەرگە جابدۇنغانمىدىلە؟

— ياق، ئانامنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتىمەن ...

— ھە، كۆرۈشەرمىز، مەن ماڭغاچ تۇراي ئەمىسە ...

بىلگىنۇر ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— بىلگىنۇر خېنىم !

ئۇ بىلىپ ـ بىلمەي تۇيۇقسىزلا بىلگىنۇرنى چاقىردى. «ئەجەبا، ئۇ قىزدىن پۇل سورامدىمەن؟ نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ مەن نېمىشقا شۇنچە بىقوۋۇل، نېمىشقا يانچۇقۇمدا يۈز كوي

پۇلۇممۇ يوق ــ ھە !» خورلۇقتىن، خىجىلچىلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

«ئىسىت، غۇرۇرۇمنى ساقلىشىم كېرەك ئىدى، تۇرمۇش ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن.»

— بىرەر گەپلىرى بارمۇ، گۇلزىنىنەت خېنىم؟ — بىلگىنۇر قاراپ تۇرسىمۇ ئۆزىگە ھېچ گەپ قىلمىغان گۇلزىنىنەتتىن سورىدى.

گۇلزىنىنەت يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى، لېكىن ئۆتكەندە ئازنىغا بارغاندا ئانىسى داستىخانغا يۆگەپ بەرگەن توخۇ كاۋېپىنى قېيىنئانىسىنىڭ: «بۇ توخۇ ئۇۋۇلۇقىنى تاپالماي ئېزىپ قېلىپ سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىپ قالغان بولسا، ئەمدى بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ ــ دە، دوقۇرۇپ !» دېگىنى ئېسىگە كەلگەن ۋاقىتتا، پۇلدىن باشقا ھەر قانداق زەللىنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ تىلىغا ئوت قويۇۋېتىدىغانلىقىنى، بۇ ئوتنىڭ ئۆزىگە تۇتىشىۋېلىپ نەچچە كۈنگىچە، ھەتتا سەللا بىخەستەلىك قىلسا بىر ئۆمۈر ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ:

— يانلىرىدا پۇل بولسا يۈز كوي بېرىپ تۇرسىلا بوپتىكەن، — دېدى تېخىمۇ قىزىرىپ، تىترەپ تۇرۇپ، — زۆرۈر لازىم بولۇپ قالدى، شەمشىدىن ھاجىم قايتىپ كەلسىلا ھايالشىماي بېرىۋېتىمەن، — ئۇ ئاۋازىنى ئۆزىمۇ ئارانلا ئاڭلىدى. ئۇنىڭدا ھازىر ئۇدۇلىدىكى بۇ قىزغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ پۇل سورىغۇدەك ماجال قالمىغانىدى، لېكىن مۇشۇ پېتى ئۆيگە كىرىپ قېيىنئانىسىنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرىگە قارىغۇدەك جۈرئەت تېخىمۇ يوق ئىدى.

— ھە، بار، بار، — دېدى بىلگىنۇر، — يۈز كوي بولسا يېتەمدۇ؟ يەتمىسە كۆپرەك بېرەي.

گۇلزىنىنەت يۈز يۈەننى چىڭ سىقىمداپ دەرۋازا ھالقىسىنى جاراقلاتتى.

— كىم بۇ؟ نېمە ئىشىكنى يېرىۋېتىدىغاندەك ئۇرۇپ ...

— مەن، مەن كەلدىم، ئاپا. سىلىنى كېلىپ بولدىمىكىن

دېگەنىدىم، راستىلا كېلىپ بوپىلا ...

— ئەسلىڭغۇ ئانامنىڭ يېنىدا نەچچە كۈن تۇرۇپ كېلەي دېگەن، سىلىنى يالغۇز قېيىنىلىپ قالمىسۇن دەپ يېنىپ كەلدىم.

— خان ئانام تىنچ تۇرۇپتۇمۇ؟ نىيازقارىمكام، غەزىنە خېنىم ئاچام، بالىلىرى ... ھەممىسى تىنچ تۇرغاندۇ؟

ئۇ بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپلا قولىدىكى داستىخاننىڭ ئۇستىگە بايا بىلگىنۇردىن ئالغان، قولىنىڭ تەپتىدە ئىسسىپ قالغان يۇز يۇەننى قويۇپ قېيىنئانىسىغا سۇندى:

— ئاپا، ئانام: «داستىخان ئاددىي بولۇپ قالدى، سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ دىلى تارتىدىغان نەرسىلەردىن ئېپتارلىق ئېلىۋالسىلا» دېگەندى، نېمە ئېلىشىمنى بىلەلمەي پۇلنىلا كۆتۈرۈپ كەلدىم. ئاز بولسىمۇ يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، بازارغا چىققان ۋاقتىمىزدا بىرنەرسە ئالارمىز.

— بازارغا چىققاندا بۇنچىلىك پۇلغا قاراشلىق بولۇپ قالمىدىم مەن، ھازىر ئۇسسىمۇ كەلمەيدۇ بۇ پۇلغا.

گۇلزىننەت «نېمە دېسە دەۋالسۇن» دېگەندەك جىملا تۇردى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھازىر مۇشۇ بوسۇغىنىڭ ئىچىدە تۇرسىلا، ئاتا - ئانىسىغا دەردىنى ئاڭلاتمىسىلا شۇ كۇپايە ئىدى. بۇرۇنقىدەك سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن شادلىنىپ، بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۇجۇقۇپ يۇرمەيتتى.

— ھېيتلىقنىڭ گېپىنى دېدىلىمۇ؟ — دېدى سۇلتاننىسىپ خېنىم گۇلزىننەت تېخى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرماستىنلا، — ئۆيدىكىلەرنىڭ قانداق تەييارلىقى بار ئىكەن؟

ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ قېيىنئانىسىنى بۇلارنى سوراپ يۇرمەس دېگەنىدى، لېكىن بۇ خوتۇن ئۇنىڭ پۇتى بوسۇغىدىنمۇ ئاتلىماي تۇرۇپ ساقلاپ تۇرغاندەك بۇ گەپنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بولدى.

— ھەئە، سورىدىم، تەييارلىقى بار ئىكەن، ئاپا.

— قانداقراق تەييارلىق قىپتۇ؟

— ئۇنى ئېنىق سورىماپتىمەن، «ھېيىتتا يارىشقىلىرىنى ئوبدان قىلمىساق بولمايدۇ، بۇ تۇنجى ھېيت ...» دېدى.

— ھېيتقىمۇ ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى، كۆرىمىزغۇ ...

— قانداق تاماق ئېتىمەن، ئاپا؟ — گۈلزىنىنەت گەپنى بۇرىدى، — داداملار بۇگۈن ئىپتارنى ئۆيدە قىلامدۇ يا سىرتتىمۇ؟

— ئەتە بىز تۇغقانلارنى، قۇدىلارنى ئىپتار قىلدۇرىمىز، دادىلىرى بىلەن شۇنداق مەسلىھەتلەشتۇق. شۇڭا تاماق ئەتمىسىلە، ئاۋۇ داستىخاندىكى زەللىنى يەرمىز ... سىلى ئەتىكى مېھمانغا تەييارلىق قىلسىلا، تالادىن ئەكىرىدىغاننى قۇتبىدىن ھاجىم ئەكىرىپ بېرىدۇ، ئۆيدە قىلىدىغاننى سىلى قىلىلا.



# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ئېپتار

ئىپتارغا ئاز دېگەندىمۇ ئەللىك ـ ئاتمىش مېھمان كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ گۈلزىننەتنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ قانداقمۇ ئۇنچە كۆپ مېھماننى يالغۇز ئۇزىتىپ بولالىسۇن؟ !

قىزلارنىڭ تاماق ئېتىشنى بىلىشى ئالاھىدە ئىش ئەمەس. ھەرقانداق قىز بالا چىنىنى كۆتۈرەلىگۈدەك بولغاندىن باشلاپلا تاماق ئېتىش، نان يېقىش، ساڭزا سېلىش، پىشۇرۇقلارنى پىشۇرۇش ... ئىشقىلىپ ھەممىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلىرىدا تۆشۈك ئىشلىرىغا پىشىپ بولىدۇ. لېكىن، ئىپتار دېگەندە ھەممە ئادەم تەڭلا تاماققا ئولتۇرىدۇ، ئۇ قانداقلا قىلسىمۇ ئۆزى يالغۇز ئۇنچە كۆپ مېھمانغا يارىغۇدەك تاماق ئېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىدى.

— ئۆيلەر تازىلاقلىق، ئوت يېقىپ ئىسسىتىپ قويساقلا بولىدۇ، مېھمانلارغا قانداق تاماقلارنى ئېتىمىز، ئاپا؟ — دېدى ئۇ قېيىنئانىسىغا يالۋۇرغاندەك، — مەن ئېتىپ بولالارمەنمۇ؟

— ئېتەرلا؟ ئۆتكەندە ئاغزىلىرى قۇلاقلىرىغا يېتىپ كېتىپتىكەن ئانام كەلگەندە.

— ئۆزىمىز يېگىلى ئەتكەن بىلەن، كۆپ ئادەمگە ئەتكەن ئوخشىمايدۇ، ئاپا. مېھمانلارغا تېتىغۇدەك ئەتمىسەم تېخى بولمايدۇ. شۇڭا...

— ئېتىپ كۆنسىلە ئەمدى، ئۆيدە كىلىن تۇرۇپ ئاشپەز ئەكەلسەك سەت تۇرار ! مەنچۈزە دېسەم خۇيمەن ئىتتىشكە ئۇستىغۇ سىلى، — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئاشنى ئاتقان ئىشنى خىجىلمۇ بولماي دەۋاتاتتى. — ئاۋۋال گۆشنى ئەكىرىپ، يەپ بولۇشىغا شورپىسىغا مەنچۈزە سالىمىز، «ياق» دېسىلە خۇيمەن تاشلىسىلىمۇ مەيلى، كەينىدىن بىر تارتىمدىن لەڭمەن ئەتسەك، پولۇنى بورۇنراق دۇملەپ قويىمىز، مانتا بىلەن كاۋاپنى قىلمىساقمۇ بولار، مېۋە - چىۋىمۇ كۆپ بولغاندىكىن.

— ئاپا، مەن مەنچۈزە كېسەلمەيتتىم، شۇڭا، نۇر خېنىم ئاچام ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى خۇيمەن ئەتكەن. ئۆلۈم بولغان ئۆيدە شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا «مەنچۈزە كېسەلمەيمەن» دېيىشتىن خىجىل بولۇپ سىلىگە دېمەپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن.

— بەك كالۋا جۇمۇ سىلى، مەنچۈزىنى كېسەلمىسىلە بازاردىنلا ئالغاچ كېلىپ سالسىلا بولمىدىمۇ؟ خۇيمەن يىراقتا ئاپارغۇچە سۇ يەپ ، ئۆلۈك بېلىقتەك مىچ - مىچ بولۇپ قالىدۇ، مەنچۈزىنى سۈيۈقراق ئەتسە سۇ يەپ قالسىمۇ تەمى كەتمەيدۇ، شۇڭا يىراقتا خۇيمەن ئاپارمايمىز.

— بىلدىم، ئاپا.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم چاقىرىدىغان مېھمانىنىڭ سانىنى چىقىرىشقا باشلىدى:

— چوڭ ئادەم ئەللىك بولىدىكەن، ئۇرۇق - تۇغقانىنىڭ ئىچىدىكى ئىش بولغاندىكىن بالىلارمۇ كېلىدۇ. داستىخاننى ئۈچ ئۆيگە راسلىساق بولامدۇ نېمە؟

ئۇ مېھمان كەلگەندە بەك سۈلكەتلىك بولۇپ كېتەتتى، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆكسۈمەيتتى، مېھمانلارغىمۇ بەك ئىززەت قىلاتتى. شۇڭا، جېنى چىقىپ كەتسىمۇ مېھمان ئۈچۈن ھەممىنى ئاشۇرۇپ قىلاتتى.

باھادىرخان ھاجىم: «ئىشلار يولىدا بولسۇن، باشقىلارغا بېسىم بولۇپ قالىدۇ، ياخشى ئىش دەپ قىلغىنىڭ رىيا بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئىشلارنى بەك چوڭ قىلىشقا قوشۇلمايتتى. لېكىن، جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدىغان سۇلتانىنىسىپ خېنىم ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بەزى بىلدۈرۈپ، بەزى بىلدۈرمەي ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرەتتى.

ئۈچ ئۆيگە داستىخان سالسا گېزەك تېزىش ئۈچۈنمۇ نەچچە ئايال يېرىم كۈن ئىشلىسە ئاران تىزىپ بولغىلى بولىدۇ. گۈلزىننەت كېچىچە غەم يەپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىگەندە ھەجەر خېنىم نەۋرە كېلىنلىرىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى.

تاماق ئېتىش گۈلزىننەتكىمۇ ئاشمىدى. قۇتبىدىن ھاجىم ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا ئېگىز پۈتلۈق مەش ئۇچاقلارنى قويۇپ، داش قازاننى ئېسىپ بەردى. چوڭراق نەۋرە كېلىنلەر، ھاما خېنىملار ئىشلارنى قولمۇ قول قىلىشىپ گۈلزىننەت ئەنسىرىگۈدەك بىرەر ئىشمۇ يۈز بەرمىدى. ھەجەر خېنىم ئەكەلگەن نەۋرە كېلىنلەر گېزەكلەرنى راسلايدىغان، تاماقلارنى تارتىدىغان، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيىدىغان ئىشلارنى قىلدى.

گۈلزىننەت مېھمانلار قاتارىدا ئىپتارغا كەلگەن ئاتا ـ ئانىسىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەممە يەرگە يېتىشىپ، ئۇلارغا خۇددى مۇشۇ ئۆيىنىڭ يېڭى كېلىنى ئەمەس، مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسىدەك خۇشال ـ خۇرام تۇيغۇ بەردى.

بەكرى قارىي بىلەن خۇرشىدە خېنىم باللاردىن ئەنسىرەپ بۇرۇنراق ماڭغاچ تۇرغانىدى، زىبىرنىسا خېنىم بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان ھەسەن ھاجىم:

— گۈلزىنىنەت خېنىم خېلى ئىش ئۇقۇپ قاپتۇ ـ ھە، خوتۇن؟ — دېدى كوچا چىرىغىنىڭ گىرىمسەن يورۇقىدا ئۆز خىياللىرىغا پېتىپ كېتىۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ، — قارىسام

يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قولىغا ئاپتۇ.

— مەنمۇ كىچىكلىك قىلىپ، قۇدىلارنىڭ ئالدىدا بىزنى يەرگە قارىتىپ قويارمۇ دەپ ئەنسىرىسەم، بىر ئوبدان ئەپلىشىپ قالدى. كىشىلەر سۇلتانىنىسىپ خېنىمنى «ئادەم چىقىشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان، قېيىنئانىلىقى قاتتىق ئايال» دېيىشىدىكەن، قارىسام ئۇنچىۋالامۇ ئەمەستەك ...

— خەق دېگەن دەۋېرىدۇ، خوتۇن، ئۇششاق گەپكە قۇلاق سالماڭلار... گۈلزىنىنەت خېنىم بىرەر گەپ كۆتۈرۈپ كەلسىمۇ نەسىھەت قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇڭلار، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن.

زىبىرنىسا خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— ھازىرغىچە گەپ كۆتۈرۈپمۇ كەلمىدى، ئەمدى ئۇنداقمۇ بولماس. قۇدىلار ئويلىغىنىمىزدىنمۇ بەك باي كىشىلەر ئىكەن، ئالدىمىزدا ھېيت كېلىۋاتىدۇ، بۇ تۇنجى ھېيت، ئۇلارنىڭ لايىقىدا يارىشىقىنى قىلمىساق بولمايدۇ... بەك ئارالجىپ كېتەمدۇق نېمە، بۇلارغا تەڭ كېلىشىپ بولالماي. قەرزلەرمۇ تۇرىدۇ تېخى، — دېدى غەمكىنلىك بىلەن.

— ئەنسىرىمەڭلار، قۇدىلارنىڭ ئىززىتىنى ئوبدان قىلىمىز، خوتۇن، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا ھەل بولىدۇ. سىلى كۆپ غەم يېمەي ۋاقتى كەلگەندە ئىشلارنى چىرايلىق قىلىڭلار، قىزىمىز ھەرگىز سۇنۇپ قالمىسۇن. بۇ كۇنلەرمۇ ئۆتۇپ كېتىدۇ، ئۆينى پۇتكۇزۇپ كۆچۇۋالساقلا ھەممە ئىشنى يەنە ئىزىغا چۇشۇرۇۋالىمىز.

— بۇ ئۆي قاچان پۇتەر، ھاجىم؟

— ئەتىيازلىققا لاي تۇتقۇدەك بولسىلا ئۇل قويۇشقا چۇشىمىز دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى ئاسان، لېكىن بىز قىلىدىغان ئىش شۇنىڭدىن كېيىن چىقىدۇ. زۇنۇن ۋاپۇرۇچ يادىڭلىدىمۇ؟ شۇلارنىڭ ئۆيى ئىككى يىل بۇرۇن چېقىلىپتىكەن، تام پۇتكەن

بىلەن تېخىچە ئۆيى يوق تۇرمەي، كۆچۈپ كىرەلمەيۋېتىپتۇ. ئۆينى ئادەتتىكىچە زىننەتلەپتىكەن، يۈز مىڭ كوي كەتتى، يەنە پۇتمەيۋاتىدۇ دەيدۇ. بېشىمنى شۇ ئىش قاتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىز دە نەدە ئۇنچىلىك پۇل بار دەيسىلە؟ توينىڭ قەرزلىرىمۇ شۇ پېتى تۇرىدۇ... ئۆينىڭ ئۇستىنى چۇمكەپ، زىننەتلىگۇدەك ھالەتكە ئەكېلىشكىمۇ نۇرغۇن پۇل كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھەممە ئادەم ئۆي ياساۋاتقاچقا، ياغاچچى، تامچى ئۇستىلارنى، ئۆي زىننەتلەيدىغانلارنى تاپماقمۇ تەسلىشىپ كېتىپتۇ، باھامۇ ئۆسۈپ كەتكەنمىش.

زىبىرنىسا خېنىم گەپ قىلمىغان بىلەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۈگۈن ئېرى ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەندىن كېيىن كۆڭلى يەنە غەمگە تولدى. «بۇزۇپ - چاچقان يېرىمىغۇ يوق، يەنە نېمىشقا يوقنىڭ سىناقلىرى بۇنداق دېۋەيلەپ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟ ‹تۆگىگە مىنىپ يانتاقتا چۆككىلى بولمايدۇ› دەيدىغان رەھمەتلىك چوڭ ئانام، مۇشۇ شۇ ئىكەن - دە. ئاتا - بوۋىمىز چوڭ ئۆتكەن ئادەملەر تۇرسا، ئەمدى بولغاندا كىچىك بولۇۋالغىلى بولمىغان، چوڭ قىلاي دېسە چوڭ قىلغۇدەك قولدا بىر نېمە بولمىسا ...»

— سامان بازىرىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى ساتايلى، ئاكامۇ ئىشلەتمىدى، بىكار تۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردىن ئۆتۈپ كەتسەك كېيىنگە خۇدايىم بار ئەمەسمۇ...

ئۇلار ئەنجان رەستىسىدىن ئۆتۈپ خام بازىرى تەرەپ بىلەن ماڭدى، رامىزان بولغاچقا كوچىدا ئادەم شالاڭ، كوچا چىراغلىرى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى.

— شۇ مىراسنى ئالمايلى، خوتۇن. ئاكاڭلار نېمە قىلسا قىلار، يا باللىرىغا ئىشلىتەر. مېنىڭ پەقەت كۆڭلۇم تارتماي تۇرىدۇ.

— مەنمۇ ئاتا - ئانامنىڭ بالىسىغۇ! ئۇلاردىن مىراس تەگكەن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئېلىپ باللىرىمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتسەم يامان بولماس...

— ئاكائىلار شۇ ھويلىدا ئولتۇرۇۋاتسا، يېرىمىنى بىز ساتىمىز دەپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ. ھازىرچە ئۇ ئۆينىڭ گېپىنى قىلىشمايلى، پەقەت ئامال قالمىغاندا بىر گەپ بولار...

— يېڭى قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە گېزەك ئەۋەتىدىغان ئىش بار راست، ھېيتتىمۇ ئاز قالدى، ئەتە ـ ئۆگۈننىڭ ئىچىدە گېزەكلەرنى ئېلىپ نۇردۇنجاندىن ئەۋەتىپ بەرسەك بولامدىكى.

— ئۇ قانداق گەپ؟ ئائىلىمىزغانلا بىر گەپكىنا بۇ؟

— ئىككى ـ ئۈچ يىل بولدى، شۇنداق ئىش چىقىپتۇ. يېڭى تويى بولغان قىزغا ئاتا ـ ئانىسى ھېيتلىق گىزەك ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرىدىكەن.

— توۋا، ھېيت ھەممە ئۆيدە بولىدۇ ئەمەسمۇ ! كېلىننىڭ ئۆيىدىن گېزەك كەلمىسە ئۇلار ھېيت قىلالمامدىكەن؟ نەدىنمۇ تاپىدىغانسىلەر مۇشۇنداق قائىدىلەرنى؟...

— مەن تاپامدىمەن؟ — زىبىرنىسا خېنىم ئۇۋالچىلىق تارتقاندەك ئەندىكتى، — خەق تېپىپتۇ. قۇدىلارنىڭ ئالدىدا بۇ يوق قائىدە ئىدى دەپ ئەۋەتمەي ئولتۇرۇۋالغىلى بولماس؟

— قانچىلىك بىرنېمە كېتەر؟ نېمانداق ئىشنىڭ ئىچىدىن ئىش تاپىدىغانسىلەر؟ بىكار قالامدىغانسىلەر مۇشۇنداق ئىش تاپمىساڭلار؟ ... — ھەسەن ھاجىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — نېمىدېگەن ئارتۇق ئىش بۇ. ئوغۇللۇق ئائىلىلەرمۇ قوبۇل قىلمىسا بولمامدىغاندۇ، شۇنىڭغا قاراشلىق بولمىغاندىكىن؟

«قارىمامدىغان قىزغا ئاتا بولماقنىڭ تەسلىكىنى ! بۇرۇنقىلار ‹قىزغا بولساڭ ئاتا، بۆكۈڭ بولۇر لاتا› دەيتىكەن. بۇ دېگەن قىزىڭنى ياخشى تەربىيەلەپ، ياخشى باشقۇرمىساڭ يۈزۈڭ چۈشىدۇ، قىز بالا دېگەن نازۇك دېگەن گەپ ئىدى. ھازىرچۇ؟ ‹قىزغا بولساڭ ئاتا، تارتىپ ئۆلىسەن جاپا › دەپ ئۆزگەرتىپ قويسا بولغۇدەك.»

سۇلتانىنىسىپ خېنىم گۈلزىنەتنى بازارغا ئاچىقىپ بىر يېرىم مىسقاللىق ئالتۇن ئۈزۈكتىن بىرنى ئېلىپ بەردى.

— ئۆزۈك دېگەن مۇنداق تۇتسا قولىغا ئۇرۇنغۇدەك، يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ «توككىدە» ئاۋازى چىققۇدەك بولىدۇ، قىلتىرىقتەك كىچىك بىرنېمىلەرنى ئۆزۈكۈم بار دەپ سېلىپ يۈرمىسىلە، كېلەر قېتىم ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يوغانراق قىلىپ ئۆزگەرتىپ بېرەي...

گۈلزىننەت ئىنچىكە بارماقلىرىغا لايىقىدا ئۆزۈك سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن قېيىنئانىسىغا ئۇنداق دېمىدى.



# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ھېيتلىق گېزەك

ئىشىك ھالقىسى جاراقلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! تىنچلىقمۇ، سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچا؟ گۇلزىنىنەت خېنىم ئاچا، ئۈزلىرىمۇ تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتامىلا؟

گۇلزىنىنەتنىڭ ئىنىسى نۇردۇنجان ھويلىغا كىرىپ، ئىشىكتىن چىققان گۇلزىنىنەتكە ۋە ئۇنىڭ كەينىدە ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ «كىم كەلگەندۇ» دېگەندەك بويۇنداپ قاراپ تۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا سالام بەردى.

— ئانام ئازراق ھېيتلىق گېزەك ئەۋەتكەنىدى...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! زىبىرنىسا خېنىم نېمانداق كايىغاندۇ، بۇمۇ لازىم ئەمەس ئىدى. ئۆيگە كىرسىلە، غوجام بالام...

— گۇلزىنىنەت خېنىم، ئىنىلىرىنى ئۆيگە باشلىسىلا، بالام، كەلگۈچە توڭلاپ كەتكەندۇ سوغۇقتا...

— بولدى، ئۆيگە ھېيتتا كەلگەندە كىرەرمەن. ئاچا، ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى قايسى ئۆيگە ئەكىرەي؟ سىلى يالغۇزلۇق قىلىپ قالىلا ئەكىرىپ بەرمىسەم.

ئون بەش - ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان نۇردۇنجان ھارۋىغا بېسىلغان گېزەكلەرنى ئۆيگە توشۇشقا باشلىدى.

بىر خون نان، گۇللۈك يالتىراقتا ئورالغان بەش قۇرلۇق ساڭزا، قېيمىقچا، باقالى، قات - قات، كىچىك يەشىكلەردىكى

پىچىنە ـ پىرەنىكلەر، كەمپوت، بادام، ياڭاق مېغىزى... يەشىك ـ يەشىك مېۋە ـ چېۋىلەر بىردەمدە ئۆيگە توشۇلۇپ بولدى.

نۇردۇنجان سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ: «ئۆيگە كىرىپ چاي ئوتلاپ ماڭسىلا، بالام» دېگىنىگە «خوش» دەپ خوشلىشىپ، ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم گېزەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ:

— بىزنىڭ ئۆينى بىلمەيدىغاندەك ساڭزىدىن بىرنىلا ئەۋەتىپتۇ ـ ھە، ئانىلىرى، — دېدى نەرسىلەرنى جايلاشتۇرۇۋاتقان گۈلزىننەتكە، — بىز ھېيتنىڭ داستىخىنىنى چوڭ سارايغا سالىمىز ئەمەسمۇ، ئىككى خون مەزە، ئىككى ۋازا ساڭزا كېتىدۇ.

— بىزنىڭ ئۆي ئانچە چوڭ ئەمەس، ساڭزىدىن بىرنىلا قويايتتۇق، ئانام سىلىنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ دەپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاپا، كەملىسە بازاردىنلا يەنە بىرنى ئەكىرەرمىز يا بۇيرۇتۇپ قويساق سېلىپ بېرەر...

— ۋىيەي، مېنى داستىخانغا ئىككى خىل ساڭزا تىزىپ يۈزىنى تۆكسۇن دەملا؟ ۋايتوۋا...

— ئەمىسە؟...

— ئانىلىرىغا تېلېفون قىلىپ دېسىلە، يەنە ئەۋەتسۇن. مەن رەڭمۇ رەڭ ساڭزا تىزىپ ھېيت قىلالمايمەن.

گۈلزىننەت خان ئاچىسىغا تېلېفون قىلدى:

— خان ئاچا، ساڭزىنى ئۆيدە سالغانمۇ، بازاردىن ئالغانمۇ؟

— سوراپ قاللىغۇ، ئۇكام؟ بازارنىڭ ياخشى ئەمەس دەپ ئۆيدە سالغان.

— ھە، بىزنىڭ ئۆي چوڭراق ئەمەسمۇ، ئىككى يەرگە ساڭزا قويىدىكەنمىز...

ئىككىيلەن جىممىدە تۇرۇپ كەتتى، دېمەك دېيىلمىگەن سۆزلەر ھەممىنى سۆزلەۋاتاتتى.

— ئۆيگە ئۆزىمىز ئىشلىتىمىز دەپ ئېلىپ قويغاننى

ئەۋەتەي، ئۇكام، بىزگە يەنە سالارمەن.

— يەنە بىر خون مەزە ...

ئەتىسى ساڭزىنىڭ كەم قالغىنى بىلەن بىر خون مەزە يەنە بىر يېشىك ئانار بىلەن ئۈزۈم كېلىپ سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ يېرىم كۆڭلى لىققىدە تولدى.

ناشتىدىن تۇرۇپ دۇكانغا ماڭغىلىۋاتقان باھادىرخان ھاجىم كەمزۇلىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن ئىككى مىڭ كوي پۇلنى ئېلىپ سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا :

— بۇگۈن گۈلزىننەت خېنىم بىلەن چىقىپ ھېيتلىق گېزەك ئېلىۋېلىڭلار، ھېيتقا بەك قىستاپ كەتسە ياخشىلىرى قالمايدۇ. پۇل يەتمىسە گۈلزىننەت خېنىمنى دۇكانغا ئەۋەت، يەل - يېمىشنى قۇتبىدىن ھاجىم هارپا كۈنى ئەكىرىپ بېرەر، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

باھادىرخان ھاجىم تۈنۈگۈن ھەسەن ھاجىملارنىڭ ئۆيىدىن ئەۋەتىلگەن، ساراي ئۆيگە تىزىپ ئۈستىگە داستىخان يېپىپ قويۇلغان كېلىننىڭ گېزىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم پۇلنى تەتىللا جىلىتكىسىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، سوزۇلۇپ ياتتى. ئىسسىق ئۆي ئۇنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرىنى ئېرىتىپ ئۇيقۇ بېسىۋاتاتتى.

مەشنىڭ ئالدىدا قاچا يۇيۇپ ئولتۇرغان گۈلزىننەت يۇندى چېلىكىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا بالىلىرىنىڭ ھەممىسى پۇل بېرەتتى، باھادىرخان ھاجىم «كېلىنلەرگە خەجلەپ بەر، بارغان - كەلگەن يەرگە ئىشلەت» دەپ پۇل بېرەتتى. ئاكىسى، ئىنىسىمۇ ئاچىمىز باينىڭ ئايالى دېمەي پۇل بېرەتتى. لېكىن، بۇ ئايال پۇلغا يەنە شۇنداق ئامراق ئىدىكى، پۇللىرىنى ئىشلەتمەي يىغىپ ساقلايتتى. پۇل لازىم بولسا ئوغۇللىرىدىن، ئېرىدىن ئالاتتى.

ئۇ خۇددى ئەتىسىگە ئىشەنچى يوق ئادەمدەك، خۇددى ئەتىلا بۇ

ئۆيدىن كېتىپ، نامراتلىقتا قالدىغاندەك توختىماي پۇل يىغاتتى. يىغقان پۇللىرىنى ھېچكىمگە دېمەي، «خىزمىتىم بولمىغاندىكىن ئايدا كىرىپ تۇرىدىغان پۇلۇم يوق» دەپ قوياتتى بىچارىلەرچە.

بۇگۈنكىدەك كىرىپ قالغان پۇللارنىڭمۇ ئىسىنى چىقارمايلا كىچىك خەزىنىسىگە تاشلايتتى.

— ئانا، — دېدى بىر كۈنى قۇتبىدىن ھاجىم، — مۇشۇ ئۇلۇغ ئاي - ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بالىلىرىمىنى بىر يوقلاپ قويسىلا بولاتتى. قىرىقى توشىدىغانغىمۇ ئاز قالدى، مەن تەييارلىق قىلىپ بېرەي، گۈلزىنىنەت خېنىم بىلەن بىللە بېرىپ كەلسىلە، ماقۇلمۇ؟ — ئۇ ئانىسىغا كىچىك بالىدەك تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— بارمايمەن، قىرىقى توشقان بولسا ئۆزى كەلسۇن. مەن ئاينۇرخاننىڭ ئالدىغا بارغان، ئىپسىمدىن چىقمىغۇدەك يانغان، ئەمدى بارغۇم يوق. ئىپتارغا گۈلزىنىنەت خېنىم ئىككىمىزنى قوشۇپ قىچقىرىپ قويۇشقىمۇ يارىمىدى، ئىككىمىز دۇنيا يەپ كېتەمدۇق، بالام؟ كۆڭۈل دېگەن شۇنداق كىچىككىنە يەردە... ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆڭۈل، مېنىڭ كۆڭلۈم سەزمەيدىغان، بىلمەيدىغان بىرنەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭكىدىنمۇ ئۆتەر زىل، نازۇك كۆڭۈل.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم سىگار يان قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئاق سۇزۇك يۈزى قىزىرىپ ئاچچىقى چىرايىغا تېپىپ چىققانىدى.

— ئانا، شەمشىدىن ھاجىم قايتىپ كەلمىسە بولمايدۇ، ھېلىمۇ يېڭى توي قىلغان ئادەم خوتۇنىنى يالغۇز قويۇپ بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. پەرىدە خېنىمنى يۆتكەپ قويماي كەتسەم بالىلار بىلەن قىينىلىپ قالىدۇ. پەقەت بىر قېتىم يوقلاپ كەلسىلە، قالدى ئىشلارنى شۇنىڭدىن كېيىن دېيىشەرمىز، ھېلىمۇ تۆت ئادەمنى بەك ئۇزاق تاشلىۋەتتۇق، مېنى ئازراق

چۈشىنىپ قويسىلا، ئانا ...

— ئاۋۋال قىرىقى توشسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار !

«ئانام نېمىشقا ئۇنداق كىچىك ئىشلارنى يوغىنىتىپ، كۆڭۈلسىزلىكنى ئاۋۇتىدىغاندۇ؟ ئۈچ بالىنى ئانىسى بىلەن قىرىق كۈندىن بېرى تاشلىۋەتتى، ئەمدى بولغاندا يوقلاپ قويسىلا دېسەممۇ تاش چىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. قانداق قىلارمەن؟ يا تۇغۇتلۇق ئايالنى ئەر كىشى يوقلاپ كەلگىلى بولمىسا، ئۆزۈم ئەكېلىپ ئولتۇرۇۋېرىدىغانغا يا مېنىڭ ئايرىم ئۆيۈم بولمىسا، ھامان مۇشۇ ھويلىدا ھەممىمىز بىللە ياشايمىز ئەمەسمۇ ...» ئۇ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقى بىلەن ئۈزۈپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇتبىدىن ھاجىم بۇ ھەقتە قايتا گەپ قىلمىدى. سۇلتانىنىسىپ خېنىممۇ ئېغىز ئاچماي رامىزان چىقىپ كەتتى. پەردە خېنىمنىڭمۇ قىرىقى توشۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# روزا ھېيت

ھارپا كۈنى ئىدى. گۈلزىنىنەت ھۆجرىسىغا كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىز ھېيت ئۆتكۈزۈشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ياتتى.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى توي قىلغانغا قەدەر بالىلار بايرىمى بىلەن ھېيتنىڭ ھارپىسىدا بەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. ئانىسى ئېلىپ بەرگەن ھېيتلىق كىيىملىرىنى ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر قېتىم كىيىپ بېقىپ ھېيت كەلگۈچە كىر قىلىپ بولاتتى. خۇددى ھېيت كەلسە بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىدىغاندەك، ھەممە يەرنى گۈللەر قاپلاپ، مەھەللىسى باغۇ بوستان بولۇپ كېتىدىغاندەك ياكى ئۇ زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر ئىشلار يۈز بېرىدىغاندەك ساماۋى خىياللارغا چۆمۈلەتتى. لېكىن، ئادەتتىكىدەكلا بىر كۈندە ھېيت بولاتتى. ھېيت كۈنى دادىسى بەرگەن ھېيتلىقنى ئېلىپ قوشنىلارنىڭ قىزلىرى بىلەن قاق سەھەردە ھېيتگاھقا بېرىپ چوڭ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ ساما كۆرەتتى. ھېيتلىق پۇللىرىنى ئاداشلىرى بىلەن داملىشاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك خالتىلىق يېمەكلىكلەر كۆپ بولمىغاچقا، لىغىرداق، گازىر، پەشمەت، مېۋە ـ چېۋە ئېلىپ يەپ جاھاننى سېتىۋالغاندەك شاھانە تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆيگە قايتاتتى.

بۇ يىلقى ھېيت قانداقراق بولار؟ بۇلتۇرقى ھېيتتا، ئۇ ھېيت

كېلىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەي ئۆگىنىش قىلغانىدى. كېلەر يىللىق ھېيتنى چوقۇم يىراق يۇرتلاردىكى گۈزەل شەھەرلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۆتكۈزىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ رىزقى يىراق يۇرتلارغا ئەمەس، باھادىرخان ھاجىمنىڭ ھويلىسىغا چېچىلغاچقىمۇ، ھېيتنى بۇ ئۆيدە كۈتۈۋالدى.

شەمشىدىن ھاجىم توي كۈنى سوۋغا قىلغان كارىۋات بېشىدىكى قىزىل ئەتىرگۈل قۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ گۈلگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئۇ ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن بۇنداق بۇرۇن توي قىلغۇسى، بۇنداق بۇرۇنلا بارلىق ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئۆيدە ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى. ئەمدى بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كارىۋات بېشىدىكى ئاشۇ ئەتىرگۈلدەك قۇرۇپ قالغانىدى. بەزىدە ئۇ قەلبىدىكى ئاشۇ قۇرۇپ قالغان ئەتىرگۈلنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇراپ قالاتتى، لېكىن قۇرۇپ قالغان ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولمىغاندەك، ئۇ ئارزۇلىرىنىمۇ ئەمدى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دېگىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭ داۋاملىق قۇرۇپ قالغان ئەتىرگۈلگە قاراپ ئولتۇرغۇسى كەلمەي كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

توي كۈنى تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزارغان، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ، تەشۋىش چىرمىۋالغانىدى. شەمشىدىن ھاجىم چوڭلاردىن ھايا قىلىپ، توي كۈنىمۇ ھوجرىغا ھەممە ئادەم ئۇخلاپ بولغاندا كىرىپ، ئەزاندىن بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەنىدى. ھازىرمۇ دادىسىغا ئېغىز ئېچىپ: «دادا، ھېيتتا بولسىمۇ قايتىپ بارايمۇ؟» دېيەلمىدى.

كۆزىگە ھېچ ئۇيقۇ كەلمىگەن گۈلزىنەت يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى، ئىشىكى ئوچۇق قالغان كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىقلىق تۇرغان شەمشىدىن ھاجىمنىڭ تويلۇق شىم ـ كاستۇمى ئۇنىڭغا خۇددى ئېرى شۇ يەردە ئۆرە تۇرغاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمنى ئېلىپ كارىۋاتقا قويۇپ قاراپ

ئولتۇردى. بۇ كىيىم شەمشىدىن ھاجىمغا بەكلا يارىشاتتى، تويدىمۇ مۇشۇ كىيىمنى كىيىپ چولپانلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ۋىژىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى ... كۆزلىرىنى يۇمغانىدى، ياشلىرى قىزىل رەڭلىك كېچىلىك كىيىمىنىڭ ياقىلىرىغا تاراملاپ تۆكۈلدى. ئېرىنىڭ كىيىمىنى ئىشكاپقا ئېسىپ قويۇپ ئورنىغا كېلىپ ياتتى. شەمشىدىن ھاجىمنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىۋاتاتتى. گۈلزىنەت ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىسىلا، ئۇ كۆزلەردە «مىڭ بىر كېچە»دىكى تۈگىمەس چۆچەكلەر باردەك، شۇ كۆزلەردىن چىقالماي ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ كۆزلەرنى سېغىنىپ كەچنىڭ بۇرۇنراق كىرىشىگە، ئېرىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كۆزلىرىدىكى گۈلزاردىن خوتۇنىغا گۈللەر تىزىپ بېرىشىگە تەقەززا بولاتتى.

ئۇ سېغىنىش، غېرىبسىنىش ھەم ئازاب ئىلكىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇ كۆزلەر قاراڭغۇدىمۇ يەنىلا كۈلۈپ قاراپ، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ تىنىق ھالدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلەتتى.

شەمشىدىن ھاجىم سەھەردە مەسچىتكە دادىسىدىن بۇرۇنراق مېڭىپ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان خوتۇنى بىلەن چاقچاقلىشاتتى، كوچا چىرىغىنىڭ نۇرى تولۇق يورۇتالمىغان گىرىمسەن كوچىدا خۇددى ئەمدىلا مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئاشىق - مەشۇقلاردەك قىزغىن، لېكىن باشقىلار كۆرۈپ قالارمۇ دېگەن تەشۋىشتە، قورقۇپ تۇرۇپ مۇھەببەتلىشەتتى. گۈلزىنەت ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغان سۆيۈملۈك بىر ئەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن رازى ئىدى.

«قاچانمۇ كېلەرلا؟ قاچانمۇ بۇ يالغۇز كېچىلەر ئاخىرلىشار؟...» ئۇنىڭ كۆزلىرى سەھەرگە يېقىن ئۇيقۇغا ئىلىندى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم سەھەردە ھەزرەتكە — دادىسىنىڭ ھەم

ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ كەتتى. ئەرلەر ھېيت نامىزىغا كەتكەنىدى. گۈلزىننەت ھويلا ـ ئارانىي تازىلاپ بولۇپ مەشكە كۆمۈر لىقلاپ قويۇپ يەنە ھۇجرىسىغا كىرىپ ياتتى. كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىغاچقا، پۈتۈن بەدىنى ئېغىرلىشىپ سىرقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا تىنىقىمۇ ئېغىر كېلىپ ياتقاندا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان تېلېفوننى قولىقىغا تۇتتى.

— گۈلۈم ... ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

شامالدەك لەرزان ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېنىككىنە سىيپىدى.

— سىرگە بولسۇن! ئۆزلىرىنىڭمۇ ئايەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!

ئۇ ئاخشامقى ئىزتىراپلىق سېغىنىشلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەچكە، ئاۋازى تىترەپ تاسلا قالدى يىغلىۋەتكىلى.

— مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— ھىم ...

— بىر قېتىم بولسىمۇ «سېغىندىم» دەپ باقسىڭىز يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ؟ دەڭە، بىر قېتىملا...

— دېسەممۇ نېمە پايدىسى؟ تۈركىيەگە كېتىۋېلىپلا مېنى ئۇنتۇپ قالغان تۇرسىلا...

— سىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟! سىز مېنىڭ خۇش پۇراق رەيھان گۈلۈم تۇرسىڭىز. ھېيتتا يېنىڭىزدا يوق بولۇپ قالدىم، ئۆيدىكىلەر ھېيتلىق كىيىم ئېلىپ بەردىمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈك ئېلىپ بەردى. ئۆزۈك ئېلىپ بەرمىسىلىرىمۇ يېنىمدا تۇرسىلا بولاتتى، ئۆزۈكنى يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىملا سالىدىكەنمەن...

— ھە، مېنىچۇ؟ كۆندە سېغىنامدىكەنسىز؟ — شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

گۈلزىنىنەت خۇددى ئېرى يېنىدا باردەك تولىمۇ راھەتلىنىپ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتى.

— ھەئە. پاتلا كېلىمەن دېگەنىدىلە، لېكىن كېلىپ بولالمىدىلا، ماڭا بىر ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەندەكلا تۇيۇلىدۇ ... — ئۇ ئېرى كۆرەلەيدىغاندەك تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ دومسايدى.

— خان ئاچامنى نېمىشقا يۆتكەپ ئەكەلمەيسىلەر؟ قىرىق كۈن بولدىغۇ، ئانامغا دەڭە، ئۇلارنى يۆتكەپ ئەكەلسەڭلار، ئاكام بۇ يەرگە قايتىپ كەلسە، مەنمۇ يېنىڭىزغا بارالايمەن.

— پات يېقىندا يۆتكەشنىڭ گېپى يوق. ئۆتكەندە ئاپامغا پەردە خېنىم ئاچامنى يوقلاپ كېلەيلى دېسەم، «مەن بارمايمەن، ئۇلاردىن خاپا بولۇپ قالدىم» دېگەنىدى. نېمىشقا خاپا بولغىنىنى دەپ بەرمىدى، مەنمۇ سورىمىدىم، ئىشقىلىپ ئارىلىقتا خاپىلىق بار ...

— ئۇنداق قىلماڭلار، مەن سىزنى سېغىنىپ ئېلىشىپ قالاي دېدىم، مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلار...

— مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ دەيلا؟ مېنىڭچە بولسا ھازىرلا قايتىپ كەلسىلە دەيتتىم، لېكىن مېنىڭ ئامالىم يوق. سىلى ئۇ يەردە ھېيتنى قانداق ئۆتكۈزىلا؟ بىزغۇ مېھمان كۈتىدىكەنمىز ...

— نامازدىن يېنىپ ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ شۇلار بىلەن بىللە ھېيت ئۆتكۈزىمەن. قورساق كۆتۈرۈپ قالسىڭىز سىزنى تۇركىيەگە ئەكېلىمەن، مۇشۇ يەردە يەڭگىيسىز. ماڭا بىر ھويلىغا لىق كەلگۈدەك بالا تۇغۇپ بېرىڭ جۇمۇ، سىزگە ئوخشايدىغان مەلىكىلەر، ماڭا ئوخشايدىغان شاھزادىلەر ھويلىمىزغا تولۇپ كەتسۇن...

— شۇنداق بولسا ياخشىمۇ؟ ئۆزلىرى كەلمەي تۇرۇپ نەدىكى

گەپلەرنى قىلىپ كەتتىلىغۇ! بىر ھويلا بالىنى مەن قانداق بېقىپ بولىمەن؟ ...

— ئەلۋەتتە ياخشى، بۇ يەردە ئاچامىۇ بولغاندىكىن قىينىلىپمۇ قالمايسىز. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بارسام، باللىرىم يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: «دادام كەلدى! دادام كەلدى!» دەپ بەس - بەس بىلەن ماڭا ئېسىلىشسا... شۇ چاغدا سىزگە يېتىشمەي قالسام، ماڭا قېيداپ قالماڭ جۇمۇ... ھا - ھا - ھا، — شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۈلكىسى گۈلزىننەتنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئەجەب قىزىق گەپ قىلىسىلا جۇمۇ! بولدى مەن تالاشمايمەن، باللىرى بىلەنلا ئوينىۋالسىلا...

— باللار بىلەن بىردەم ئوينىۋالغۇچە قېيىندىماي تۇرۇڭ، ماقۇلمۇ، خوتۇن ... ھا - ھا - ھا ...

— كۆڭ چۈش بولغۇچە ياتتىلىمۇ، خېنىم! تۇۋا، تۇۋا ... ھېيت بولۇۋاتسا، قوشنىغا ئاپتاپ چۈشكۈچە يوتقانغا كىرىپ ياتقىنىنى ...

تۇپراق بېشىدىن يانغان سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاشخانا ئۆيدىن ھەم باشقا ئۆيلەردىن گۈلزىننەتنى ئىزدەپ تاپالماي ھۇجرىسىغا كىرگەندى.

— شەمشىدىن ھاجىمدىن تېلېفون كەپتىكەن، سۆزلىشىپ قاپتىمەن، ئاپا ...

گۈلزىننەت خىجىلچىلىقتا قىزىرىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

— ئىسسىقىنا بىر قاچا ئاش ئەتكەچ تۇرغاندۇ دېسەم، ياتقىنىنى! «ئىچى كۆيمىگەننىڭ بىرنېمىسى قىچىشماپتۇ» دېگەن مانا شۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئانىسى بولغان بولسا تۇپراق بېشىغا بىللە چىقىپ، قۇشلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ كېتەر بولغىيدىلە ھەرقاچان؟ ماڭا ئەتىگەن بىر ئېغىز «ئاپا، بىللە چىقايمۇ» دەپمۇ قويمىدىلا! شۇنداق دەپ قويسىلىمۇ ۋاي ماقۇل دەپ كەتمەيتتىم

مەن. خىجىل بولماي مۇشۇ كەمگىچە يېتىپلا، جامائەتمۇ نامازدىن يانغىلى تۇردى، پەتىچىلەر كىرسە سىلىنىڭ كارىۋاتلىرىغا باشلامدۇق، خېنىم؟ داستىخانمۇ تىزىلماپتۇ تېخىچە... مېھمان باشلايدىغان ئۆيگە ئوت يېقىپمۇ قويماپلا...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئەتىگەندە يامان چۆش كۆرۈپ قويۇپقاندەك بىر مەيدان زەھىرىنى چېچىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەستىن ھېيتلىق داستىخاننى تىزدى. «مېھماننى سىلىنىڭ كارىۋاتىقا باشلامدۇق» دېگەن گەپ ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلدى. شۇ گەپ ھەر قېتىم يادىغا يەتسە ياشلىرى توختىماي تۆكۈلەتتى.

باھادىرخان ھاجىم نامازدىن كېلىپ خوتۇنىغا، كېلىنىگە ھېيتلىق بەردى.

قۇتبىدىن ھاجىم ئۇدۇللا قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بالىلىرىنى يوقلىغىلى كەتكەنىدى.

مەھەللە - كوي توپ - توپ بولۇپ پەتىگە كىرىشكە باشلىدى. ئاياللار ئاشخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ چاي راسلاپ بېرەتتى.

پەتىچىلەر بىرەر قۇر سېلىككەندىن كېيىن، باھادىرخان ھاجىممۇ جامائەتكە قوشۇلۇپ مەھەللىدىكى ئۆيلەرنى پەتىلەشكە چىقىپ كەتتى.

ئىككى ئايال ئەتىگەنكى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تەسىرىدىن گەپ - سۆز قىلىشماي جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

گۈلزىننەت ئانىسىنى شۇنداق سېغىنغانىدى، بۇگۈن مەيلى نېمە بولسىمۇ ئانىسىغا ئېيسىلىپ تازا ئېيزىلىپ بىر يىغلىۋالغۇسى كېلىپ تۇراتتى.

«ئاپام مېنى ‹ھېيتلاپ كەلسىلە›، دېسە بولاتتى. خان ئاچاممۇ دادام بىلەن ئاكام نامازدىن كەلگەن ھامان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلىغىلى باراتتى. ھېلى كەچ بولۇپ كەتسە بارغان بىلەن بارمىغاننىڭ پەرقى يوق، كىنو كۆرگەندەكلا، ئاتا - ئانامنىڭ

دىدارىغا قانالماي يېنىپ كېلىدىغان گەپ. بۈگۈنمۇ زەللە ئېلىپ كېلەرمەنمۇ؟ ئەتىگەن دادام بەرگەن ھېيتلىق پۇلۇمغۇ بار، شۇنى بېرەرمەن، ئانام ئەۋەتتى دەپ.»

— تاماق ئەتمەملا؟ ھېيتتىمۇ ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئاچ ئولتۇرىمىزما بىر - بىرىمىزگە دومسىيىپ؟!

سۇلتانئىسسىپ خېنىم ھېيتلىق سەرپايلىرىنىمۇ سالماي مەشىنىڭ يېنىغا سېلىقلىق كۆرپىدە ئولتۇراتتى.

— نېمە تاماق ئېتەي؟ — ناخۇش سورىدى بۈگۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ بارالمايدىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان گۈلزىننەت.

— دادىلىرى پەتىدىن كەلسە، ئانامنى يوقلىغاچ، ئاكامنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بارىمىز، ئاسانراق پىشىدىغان بىرنېمە ئېتىپ تۇرسىلا...

ھېيتتا ئادەتتە ئەرلەر پەتىنى خالىس ئوقۇيدۇ، ئاياللار بولسا چاقىرغان يەرلەرگىلا بېرىپ پەتە ئوقۇيدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەممە ئادەم خالىس پەتە ئوقۇيدىغان بولغاندىكىن چوقۇم ئۆيدىكى چوڭ ئاياللار ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ، كېلىدىغان مېھمانلارنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. مېھمان سېلىككەندە ياكى چۈشتىن كېيىنرەك ئاياللارمۇ ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ.

ھېيت كۈنى ئانىسى گۈلزىننەتكە تېلېفون قىلىپ:

— بالام، نېمانداق تېخىچە كېلىپ بولالمايلا؟ بۈگۈن دېگەن قۇرت - قوڭغۇزغىمۇ بىر كۈن ھېيت، ئاچىلىرىمۇ تۈنۈگۈن كەلگەن، ھەممىمىز سىلىنى ساقلاپلا ئولتۇردۇق... — دېگەنىدى.

سۇلتانئىسسىپ خېنىم:

— شەمشىدىن ھاجىم يانلىرىدا بولغان بولسىغۇ ئەتىگەن نامازدىن كېيىنلا بىللە بېرىپ سالام بېرىپ، پەتە ئوقۇپ كەلسەڭلار بولاتتى. ھازىر يالغۇز بېرىپ يۈرمەي بىز پەتىگە

بارغان كۆنى بارارلا، — دەپ گەپنى ئۈزدى.

«ئەرلىك ئايال كوچىدا يالغۇز يۈرمەيدىغان، ئەرلىك ئايال نامازشامدىن كېيىن تالاغا چىقمايدىغان، ئەرلىك ئايال ئېرىدىن بىسوراق بىر يەرگە بارمايدىغان...» ئۇمۇ ئەرلىك ئايال بولغاندىكىن شۇنداق قىلسا بولماسمىدى ئەمىسە؟ !

روزا ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى گۈلزىنەت قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنىڭ ھەم تۇغقانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيت پەتىسىگە ماڭدى.

— ھېيتلىق ئۇزۇكلىرىنى سېلىۋالسىلا ! — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولۇپ تۇرغان گۈلزىنەتكە، — ھېيتلىق ئۇزۇك دېگەننى ھېيت پەتىسىگە بارغاندا تاقىسۇن دەپ ئالدۇق.

گۈلزىبا خېنىم سىڭلىسىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى. نېمىشقا يىغلايدىغانلىقى ئۆزىگىمۇ مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇ يالغۇز سىڭلىسىنى سېغىنىپ يىغلىدىمۇ ياكى ئون توققۇز ياشلىق سىڭلىسىنىڭ ئانىسىدەكلا ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز تۇرقى يىغلاتتىمۇ ۋە ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېگەن گەپنى ئون يىل يادلاپ يۈرگەن سىڭلىسىنىڭ ئەمدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىغانلىقىغا يىغلىدىمۇ ... ئىشقىلىپ ئۇ يىغلىغانىدى.

زىبىرنىسا خېنىم قۇدىلىرىغا، تۇغقانلارغا ھېيتلىق قويىدىغانلىرىنى قويۇپ بولۇپ گۈلزىنەتكە بىر تىۋىت پەلتو، شەمشىدىن ھاجىمغا بىر پوپايكا قويۇپ قويدى.

ئوغلى بىلەن گۈلزىنەتكە قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ئاق ـ سۇزۇك چىرايى قىزىرىپ كەتتى، لېكىن باھادىرخان ھاجىم بار بولغاچقا گەپ قىلمىدى، ئۇزاپ چىقىپ تاكى ئۆيگە كەلگۈچىمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

گۈلزىنەت داستىخاننى كۆتۈرۈپ قېيىنئانىسىنىڭ كەينىدە كېلىۋاتاتتى. ئۆيگە بارسىلا يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكنى كۆڭلى تۇيۇپ، قەدەملىرى كەينىگە داجىپلا تۇراتتى .

«يەنە نېمە خاپىلىقلار بولار؟ ئانام ئالغان نەرسىنى مەن كىيگەندىكىن ئاپام بۇنچە قىلىپ كەتمىسە بولمامدىغاندۇ؟»

ئۇ كۈنى كەچ ئۆيدە باھادىرخان ھاجىم بىلەن قۇتبىدىن ھاجىم بار بولغاچقا ئارتۇق گەپ ـ سۆز بولۇنمىدى.

## ئوتتۇزىنچى باب

# سەۋدا

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن مەشنىڭ ئىرىسىدىكى كۆرپىدە سوزۇلۇپ ياتقان سۇلتانىنىسىپ خېنىم:

— تۈنۈگۈن ئانىلىرى ھېيتلىققا قويۇپ قويغان نەرسىلەرنى ئەكىرسىلە، — دېدى ئىشىك ئالدىنى سۇپۇرۇپ سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى مەشكە قاقلاۋاتقان گۈلزىننەتكە.

ئۇ ئەنسىرەۋاتقان، تەشۋىشلىنىۋاتقان ئىش ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى سىرقىرىتىپ، پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرىنى قويمىدى. خۇددى مەكتەپتىكى ئىمتىھان مەيداندا تۇرغاندەك كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى.

— ئەكىرىپ نېمە قىلىمىز، ئاپا؟ — دېدى ئۇ يەرگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك تۆۋەن ئاۋازدا.

— چېكەمگە تاڭاي دەيمەن! بەك ئېسىل نەرسىلەرنى قويىدى ئەمەسمۇ ئانىلىرى ھېيتلىقلىرىغا...

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ تەئەددىلىك ئاۋازى گۈلزىننەتنى تېخىمۇ ئۈجۈقتۇرۇۋەتتى.

ئۇ قوللىرىنى مەشنىڭ تەپتىدىن تارتىپ جايىغىلا زوڭ ئولتۇردى.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — سۇلتانىنىسىپ خېنىم بۇگۈن ئاسان بولدى قىلمايدىغاندەك قىلاتتى، — قانداق

قىلالايتتىڭ دەۋاتامىلا يا؟ مەن بۆرۈن بوزەك بولغان بولسام، ئەمدى بوزەك بولمايمەن، دەپ قويأي سىلىگە ! مېنى بولدى قىلارمىكىن دەپ ئويلاپ قالغان بولسىلا خاتالىشىپ قاپلا ... قويسىلا، بىزنىڭ ئۇلتۇرۇپ مېنى زېرىكتۇرەلمەيلا !

گۈلزىننەت مەشنىڭ دالدىسىدا بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.

سۇلتاننىسىپ خېنىم ياتقان جايىدىن ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— توۋا، سىلىنىڭ ئۆيدىكىلەر ئەجەب نومۇسنى بىلمەيدىكەن دېسە، — ئاچچىقتىن ئۇنىڭ يۈزى ئېسىلىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، — كىممۇ يېڭى تويىنى قىلغان قىزىنىڭ تۇنجى ھېيتلىقىغا تەييۇنەمنىڭ ۋاقتىدا قالغان ياغاق پەلتونى قويىدۇ؟ كىم شۇنداق نەرسىنى كىيىدۇ ھازىر؟ كىم يېڭى كۈيئو ئوغۇلغا ئاتۇش بازىرىدا ئەللىك كويدىن توۋلاپ سېتىۋاتقان پوپايكىنى قويىدۇ؟ ئەجەب پەسلەشتۇردۇڭلار - ھە بىزنى ! قايىلىسىلا، خېنىم، ئانىلىرى يۈزىنى داپتەك قىلىپ ھېيتلىق ئېتىپ قويغان بىلەن، ئۇ نەرسىلەرنى قولۇم مەينەت بولۇپ كەتمىسۇن دەپ تۇتۇپ بېقىشقىمۇ ئېرىنىمەن. «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەننى بىلمەيدىكەن سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر. ئۆز ۋاقتىدا شەمشىدىن ھاجىمنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ دەپ كۆپ سۇرۇشتىسىنى قىلمايلا خېرىدارلىقلىرىنى قىلغانغا بۇرۇن - قۇلىقىمغىچە تويغۇزدى. «دادا!» دەپ چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدىم... ئەسلىدە تويلىرىدا تويلۇققا نوركا پەلتو ئېلىشى كېرەك ئىدى، ئالماپتۇ. بوپتۇ، كېيىنچە تولۇقلاپ بېرەر دېسەم ھېچ خىيالىدا يوق، ھېيتتا بولسىمۇ تولۇقلاپ بېرەر دېسەم كۆرگەنلا قىلغان ئىشىنى، قويغان نېمىسىنى خالاغا چىققاندا كىيىشتىنمۇ نومۇس قىلىدۇ كىشى ! بىزنىڭ ئۆيدە تۇغقانلارنى ئېپتار قىلدۇرغان كۈنى كۆزلىرىگە ئىشتان كىيىۋالمىغان بولسىلا كۆرگەنلا... كەلگەن نەۋرە كېلىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا نوركا پەلتو، بەگ بالىسىدەك شۇنداق ئېسىل... رامىزانىمۇ

تۆگىدى. ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەرلەرگە تويغا، چايغا، ئۆي كۆرسەتكەن يەرلەرگە بىللە بارساق سىلىنى نېمە دەپ كەينىمگە سالىمەن؟ سىلى ئۆلارنىڭ قاتارىدا قانداق تۇرىلا؟ ھېلىقى ياغاق پەلتونى كىيىپ باراملا؟ بۇ يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟ شەمشىدىن ھاجىم ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆلسۇنمۇ ئەمدى؟ قىزىنى بىرىمىز دەپ ئاغزىنى تامشىتىپ، بىرەلمەي ھەسرەتتە قالغانلار تاماشايىمىزنى كۆرۈپ داپ چالسۇنمۇ؟

گۈلزىننەت يىغىدىن توختاپ قالغانىدى. ئېيتىلىۋاتقان گەپلەر ئۇنى كىچىكلىتىپ بۇ دۇنيادا يوقلا قىلىۋېتىپ باراتتى. قىزارغان كۆزلىرىنى يەردىن يۆتكەپ قېيىنئانىسىغا قاراپ بەكمۇ تەستە ئېغىز ئاچتى:

— چاقىرغان يەرلەرگە مەن بارماي، ئاپا. مەن ئۆيدە قېلىپ تاماق ئېتىپ، ئۆي تازىلاپ، كىرلەرنى يۇيۇپ ئولتۇرۇپ تۇراي، خاپا بولمىسىلا.

بۇ گەپلىرى زادىلا قولاشمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئۆزىگە ئۆچلۈكى كەلدى.

— نېمە ! ساقمۇ ئۆزلىرى؟ ئۆي كۆرسەتكەنلەرزە ماڭا كۆرسىتىدىكەن ـ دە ئۆيىنى؟ ئەرگە سىلى تەگلىمۇ، مەنمۇ؟ مەن ئۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ بولغان، بىلىمەن. ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرارىمىش ! كېلىنىمنىڭ كىيگۈدەك چاپىنى يوق ئىدى، ئۆيدە قالدى دەپ بارايمۇ مەن؟ ! ۋىيىي، ۋىيىي، مېنى ئاچچىقتىن كېسىلدۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ ئارام تاپىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ شۇم ! ۋاي، تۇۋا ... كۆرمىگەننى كۆرىدىكىنا ئادەم ...

سۇلتانىنىسى خېنىم بېشىنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى، ئاندىن مەشنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان گۈلزىننەتكە:

— سىلى قايىلىسىلا، خېنىم، بۇ يەردە ماڭا پوتىلىرىنى ئېقىتىپ بەرمەي، ئانىلىرىغا تېلېفون قىلىپ دېسىلە، ئاچىلىرى

قاغىلىققا كېتىپ بولغۇچە بىللە چىقىپ، تاللاپ تۇرۇپ سىلىگە نوركا پەلتو ئېلىپ بەرسۇن. زۆھرە خېنىمنىڭ يېڭى توي قىلغان كېلىنىگىمۇ ئانىسى ئون ئالتە مىڭ كويغا بىر مېتىر ئون سانتىلىق نوركا پەلتو ئېلىپ بېرىپتۇ. سىلىمۇ ئوخشاش بالا، سىلىگىمۇ ئۇنچىلىك قىلسا يامان كەتمەس؟ بىزنىڭمۇ زۆھرە خېنىمدىن بىر يېرىمىز كەم ئەمەستۇ؟ زۆھرە خېنىمنىڭ رېمونتچى ئوغلىدىن مېنىڭ تۇركىيەدە سودا قىلىدىغان ئوغلۇمنىڭ بىر يېرى كەم ئەمەستۇ؟ — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ھەر قېتىم گۈلزىننەتكە گەپ قىلغاندا بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ قوللىرىنى شىلتىيتتى، گۆشلۈك يۈزى تېخىمۇ كۆپۈپ، سېمىزلىكتىن كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ، قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ سەتلىشىپ كېتەتتى.

— ئەتە - ئۆگۈن ئاينۇرخان بېشىنى ئورۇپ كېلىدۇ ھەرقاچان، پەردە خانىنى يۆتكەيدىغان ئىش بار. شۇ چاغقىچە نەدىن بولمىسۇن ئۇچىلىرىغا نوركا پەلتو چىقىپ بولسۇن!

گۈلزىننەت قېيىنئانىسىنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ئون ئالتە مىڭ كويغا بىر چاپان كىيىدىغانلىقنى ئۇ تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. باشقىلار كىيىۋالغان نوركا پەلتولارغىمۇ شۇنداقلا قاراپ قويغان؛ ئۇنىڭ كۆزىگە ئورمانلىقتىن قېچىپ چىققان مۇشۇكئېيىق ئادەملەر ئارىسىغا ئازغىنىپ كېلىپ قالغاندەكلا تۇيۇلغان، ئەمدى ئاشۇنداق چاپىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ماۋۇ ئايالنىڭ ئالدىدا ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتى تۆكۈلۈپ، دەشنام ئىشىتىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

— تېلېفونلىرى قېنى؟ — سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ ھاردۇقى چىقىپ گېپىنى يەنە باشلىدى.

— ھۇجرىدا ...

— مەن چىقىپ ئەكىرىپ بېرەمدىمەن يا ئۆزلىرى ئەكىرىپ تېلېفون قىلامىلا؟

— ......

— گەپ قىلىۋاتىمەن، بۇگۈن گاچا بولۇۋېلىپ قۇتۇلالمايلا.
— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ئاپا.
— نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايلا، ئارزۇلۇق؟ ئەجەب خېلى يوغان ئىشلارنى قىلالايتتىلە، بۇگۈن كىچىك بولۇپ قاللىما؟
گۈلزىننەتنىڭ ياشلىرى يەنە تۆكۈلدى، پاختىلىق جىلىتكە ئىچىدىكى ئۇرۇق بەدىنىنىڭ سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ تىترەشلىرىمۇ ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.
سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. گۈلزىننەتنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان قۇشتەك تىترەۋاتقان بىچارە تۇرقى، يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بۇ خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئېرىتەلمىدى، ھېسداشلىقىنىمۇ قوزغىيالمىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئۆزى كىيمىگەندەك پەقەت بىر نوركا پەلتولا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— ئۆيىمىزدە قىيىنچىلىق بار، ئاپا، — گۈلزىننەتنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى توختاپ ـ توختاپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئارىلاپ ئېسەدەپمۇ تاشلايتتى، — رەخت دۇكىنىدىن بىرسى تاقىلىپ قالدى، دادام بىلەن ئاكام بىرلا دۇكانغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۆيىمىز چېقىلىپ كەتتى، ھازىرقىسى ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي. توينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى چىقىملارنىڭ بەزىلىرىنى قەرز ئاپتىكەن ... — ئۇ سۆزلەۋاتقاندا خۇددى جىنايەتچىدەك بېشىنى يەردىن بىرلىكمۇ كۆتۈرمىدى.
«يوقسۇزلۇق ئادەملەرنى يەرگە قارىتىپ قويىدۇ» دەيتتى رەھمەتلىك چوڭ دادىسى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە خېلى ھاللىق ئائىلە ئىدى. مۇشۇ تويدىن كېيىن تاسلا قېلىۋاتاتتى يوقسۇللار قاتارىغا قېتىلىپ كەتكىلى.
سۇلتانىنىسىپ خېنىم لەپپىدە بىر قىزاردى، بۇ ھەرگىزمۇ كېلىنىگە ئىچى ئاغرىپ قىزىرىش ئەمەس، ئاچچىقى كېلىپ قىزارغانىدى، بەكرەك ئاچچىقى كەلگەندە بولسا كۆكىرەتتى.
— مېنى تولا كولدۇرلاتمىسىلا، ھەسەن ھاجىمنى كىم

بىلمەيدۇ؟ ! ئائىلىمىزدە قىيىنچىلىق بار دەپ كەتكىنىنى. مەن ئەقلىمنى بىلسەم سىلەرنىڭ جەمەت پۈتۈن قەشقەرنى سورايتتىكەن... ئەمدى قويۇپ قىزىنغا چاپان ئېلىپ بېرەلمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى، دەپ مېنى ئىشەندۈرمەكچىمۇ سىلى؟ نېمە دېسىلىرىمۇ مەيلى، ئۇنداق قارا گەپ قىلمىسىلا. زىبىرنىسا خېنىممۇ چوڭ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ بالىۋاقىسى، نىكولاينىڭ تىللاسىنى سىقىمىدا ئەمەس، دوپپىسىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ خەجلىگەن خەقلەر ئۇ ! «ھەسەل ئالغان قاچىنىڭمۇ يۇقى بولىدۇ.» ئەمدى يەنە بۇ گەپنى بىرەر يەردە دەپ يۈرمىسىلە جۇمۇ، نومۇس ! يالغان گەپ قىلسا ئادەمنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ، يۈزى چۈشىدۇ ...

گۈلزىنەت قانداق قىلسا قېيىنئانىسىنى بۇ گەپلەرگە ئىشەندۈرۈپ نوركا پەلتودىن ئىبارەت بالا ـ قازانى ئۇنتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى ئويلاپ، كاللىسى قاقشال بولۇپ كەتتى، لېكىن ھېچ ئامال تاپالمىدى. بۇ خوتۇننىڭ ئاغزى ئېچىلدىمۇ دېگىنىنى قىلمىسا ئارام تاپمايتتى.

«قانداق قىلغۇلۇق؟ بىر چاپان ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ كەتكىلى بولمايدۇ ـ دە ! ئىلاھىم، ئاپامنىڭ دىلىغا ئىنسابنىڭ ئۇرۇقىدىن ئازراق چېچىپ قويغىن. مەندەك بىر ناتىۋاننىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم قالمىدى. ماڭا مەن كۆتۈرەلمىگۈدەك ئەلەملەرنى بەرمىگىن.» ئۇنىڭ يۈرىكى سۆزلەۋاتاتتى. يۈرەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا يۈرەك كېرەك. لېكىن بۇ ئايالدىكى يۈرەك گۈلزىنەتنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىيالمىدى ياكى تىڭشاشنى خالىمىدى.

ـــ قويسىلا، مەن بۈگۈن مۇشۇ ئىشنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمايمەن. تېلېفون قىلامىلا، بارامىلا، يىغلامىلا، كۆلەمىلا ... مەيلى نېمە ئىش قىلسىلا قىلىپ، ئۈچىلىرىغا بىر نوركا پەلتو پەيدا قىلسىلا. تېخى شەمشىدىن ھاجىمغىمۇ نوركا قۇلاقچا قويۇشى كېرەك ئىدى، ئۇ گەپنىمۇ دەپ يۈرمىدىم ئۆزى بىلەر

دەپ.
— ئاپا، مېنىڭ نوركا پەلتو كىيگۈم يوق. مەن سىلىگە يالۋۇراي، ئاتا ـ ئانامنى كەچۈرسىلە، مېنى كەچۈرسىلە، بىزنى كەچۈرۈۋەتسىلە... ھازىر ئەمەس، ھەتتا كېلەر يىلىمۇ ئاتا ـ ئانام ماڭا نوركا پەلتو ئېلىپ بېرەلمەيدۇ، ئەھۋالىمىز ئۆزىمىزگە ئايان. ئۆيىمىزنىڭ تېمى يۇتسە قانداق قىلىپ كۆچۈپ كىرگۈدەك قىلىشىمۇ بېشىمىزنى قاتۇرۇپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارغا، ماڭا ئۇن ئالتە مىڭ كويغا نوركا پەلتو ئېلىپ بېرىڭلار دېيەلمەيمەن...

گۈلزىنەت تېخىچە مەشىنىڭ يېنىدا، قوللىرى ئامالسىزلارچە تىزىدىن پەسكە ساڭگىلىغان، بېشى ئېگىلگەن، كۆزلىرى قىزارغان، تىنىقىنىمۇ ئاۋايلاپ تىنىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — سۇلتانىنىسىپ خېنىم تولىمۇ پەس ئاۋازدا سورىدى، بۇرنىدىن ئاچچىق بىر بۇس تىنىقى بىلەن پۇششىدە چىقىپ كەتتى. چىشلىرى كىرىشىپ، چىرايى كۆكەردى.

— ھەئە، ئاپا.

گۈلزىنەتنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىگە ئاران ئاڭلاندى، لەۋلىرى قۇرۇپ، تىترەپ تۇراتتى.

ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. گۈلزىنەتنىڭ تولا يىغلاپ چارچىغان يۈرىكى ئۆكسۈيتتى، يۈرىكىنى بىر ياۋا مۈشۈك قاماللىۋالغاندەك، مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرى يۈرىكىگە پېتىپ جېنىنى قاقشىتىۋاتقاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم كۆزلىرىنى بوش يۇمۇپ ئولتۇراتتى، چىرايىدىن ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغىلىمۇ بولمايتتى. ئۇ ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى، يېقىنلاشقىلى، نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئايال ئىدى.

— ئۇنداقتا، بۇ توي خاتا بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ گەپلىرىنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — توي دېگەن گۈلى گۈلىگە، خىلى خىلىغا كەلمىسە بولمايدۇ، ھەر كىم ئۆز

خىلى بىلەن بىللە ياشىشى كېرەك. بۇنداق كېتىۋەرسەك سىلەرمۇ، بىزمۇ بەك قىينىلىپ كەتكۇدەكمىز...

گۈلزىنىنەتنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى، يەرگە ساڭگىلىتىۋالغان بېشىنى دەرھال كۆتۈرۈپ قېينئانىسىغا قارىدى.

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ يىلاننىڭ كۆزلىرىدەك سوزلۇك كۆزلىرى نېمە ئويلاۋاتقىنىنى ئۇنىڭغا ھەرگىز بىلدۈرمەيتتى.

«ياشاش نېمىدېگەن تەس؟ سەن ھەممە ئارزۇ ـ ئارمىنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ھاياتىڭنى بەدەل قىلىشنى خالىساڭمۇ، سېنىڭ تۆلىگەن بەدىلىڭگە خەق قويىنىنى ئاچمىسا يەنە قانداق قىلالايسەن؟ قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ؟ يىغلاش، ئاھ ئۇرۇش نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟ ئەقىدە ۋە ساداقەتچۇ؟»

گۈلزىنىنەت ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ ئېغىر خورسىندى.

— ئاھ، خۇدا...

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاشتى. خۇددى قېينئانىسى بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تىقىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك گۈلزىنىنەتنىڭ تېنى شۈركۈندى،

— قويسىلا ! — قېينئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، — كۆزۈمگە قاداقتەك قارىماي، يەرگە قارىسىلا. مەن دەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى دېدىم، ئەمدىكى گەپ ئۆزلىرىدە ... — سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ھويلىغا ئاچىقتى، — ئانىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يا مەن دېگەندەك قىلسىلا، يا شۇ يەردە تۇرۇپ قالسىلا. مەن شۇنچىلىك قىلسام سىلەر بىلمىدىڭلار. ئەمدى مېنىڭمۇ باشقا ئامالىم يوق.

ھازىر ئۇنىڭ تەقدىرى بىر چاپاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغانىدى. ئۇ ھويلىدا روھى چىقىپ كەتكەندەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى كۆلدەك توزۇپ كېتىۋاتاتتى.

«ئادەم ۋاقتى كەلسە بىر چاپانچىلىكمۇ ئەمەس ئىكەن ـ دە، ئەسلى !» گۈلزىنىنەت شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ ئىشىك قىسىۋالغان چاشقاندەك قاراپ تۇرماي ماڭسىلا...

قېيىنئانىسى ئۆزىنىڭ ئىشكىنى ھەم يېپىپ ئۇنى ھويلىدا يالغۇز قويۇپ كىرىپ كەتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىن بەكلا رايى قايتىپ كەتتى. بىر مۇشۇك بولسىمۇ يۇزىگە ئىشىك يېپىلماس ئىدى، بىر ئادەمنى مۇشۇكچىلىكمۇ كۆرمىگەن بىر ئادەم بىلەن داۋاملىق بۇ ئۆيدە ئانا ـ بالا بولۇپ ياشىغىلى بولسۇنمۇ؟ بۇ ئازابلار ئۇنىڭ شەمشىدىن ھاجىمغا بولغان مۇھەببىتىنىمۇ بېسىپ چۈشۈۋاتاتتى.

كىچىك ۋاقىتلىرىدا چوڭ ئانىسى «قىز بالا دېگەن ئاجىز» دېسە، ئۇ تاكاللىشىپ كەتكەنىدى، «مەن ئاجىز ئەمەس، مەن ھېچكىمدىن قېلىشمايمەن، قاراپ تۇرسىلا...» دەپ چوڭ سۆزلىگەنىدى. «قىز بالىنىڭ ئاجىزلىقى مۇشۇمىدۇ؟ مۇشۇكچىلىكمۇ قەدىر ـ قىممىتى بولمىغان قىز ئەلۋەتتە ئاجىز.»

ئۇنىڭ يۇرىكى قېتىپ كەتكەنىدى، لېكىن يەنىلا ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. يىغلىماي دېسىمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئېسەدىگەن پېتى ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يانچۇقىدىن تېلېفوننى ئېلىپ تاقىۋەتكەندىن كېيىن ياستۇقنىڭ تېگىگە تىقىپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭغا تېلېفوننىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. نوركا پەلتوسى يوق ئايالنىڭ شەمشىدىن ھاجىمغا لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇرۇن بىلمەي خاتا قىلغانلىقىنى قېيىنئانىسى دەپ بولدى.

ئۇ ھويلىغا چىقىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ھويلىغا تۇنجى قېتىم ئاق پاياندازغا دەسسەپ باشقىلارنىڭ: «ئاقىۋوللۇق بولسىلا، ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ ئۆيدە بەختلىك ياشاش نېسىپ بولسۇن !» دېگەن تىلەكلىرى ئىچىدە قەدەم باسقانىدى. لېكىن،

ئاق پايانداز مۇ، ئاق تىلەكلەرمۇ ئۇنىڭ يولىنى ئاقارتىپ بېرەلمىدى. ئۇ بۇ ھويلىدا ياشاپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شۇنچە كۆچەپمۇ ئاخىر قوغلاندى. ئۇ ياشاش ئۈچۈن، سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش ئۈچۈن ھەممىگە چىدىغانىدى، لېكىن يەنىلا قوغلىنىشتىن خالىي بولالمىدى.

بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ نوركا پەلتوسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئادىمىيلىك ھوقۇقى دەپسەندە بولدى، غۇرۇرى يەر بىلەن يەكسان بولدى.

ئۇ مۇشۇ بوسۇغىنىڭ ئىچىدە ياشاپ قېلىش ئۈچۈن ھەممىگە چىدىغانىدى، شۇ تاپتا، بۇ بوسۇغىنىڭ ئىچىدە ياشاش پەقەت ئۇنىڭلا تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەگەر ئۇلار خالىمىسا، بۇ بوسۇغىنىڭ ئىچىدە ياشاش ئەمەس، بۇ دەرۋازىنىڭ تۈۋىگىمۇ كېلەلمەيدىكەن.

مانا، بۈگۈن بىر پەلتو ھەممىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ دەرۋازىنى ھىم يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.



# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## ياش يۈرەكنىڭ دەردى

گۈلزىننەت بۇ ئۆيدىن كېتىشنى تاللىغاندىن كېيىن بوسۇغىدىن چىقىپلا تۇرۇپ قالدى: «مۇشۇنىڭ بىلەن ھەممە ئاخىرلىشارمۇ؟ بۇ بوسۇغىدىن چىقماق ئاسان، قايتىپ كىرمەك تەس ... ئاپامغا يەنە يالۋۇرۇپ باقايمۇ؟ ياق، يالۋۇرساممۇ پايدىسى يوق.» ئۇنىڭغا تېخى ئەتىگەن سەھەردىلا ئۆزى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ قويغان بۇ پاكىز كوچىغا قەدەم باسماق تەس كېلىۋاتاتتى. «ئاجرىشىپ كېتەرمىزمۇ؟ تېخى يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمەي ‹ئاجراشقان ئايال› بولۇپ ئولتۇرارمەنمۇ؟ شەمشىدىن ھاجىمغا تېلېفون قىلىپ، بولغان ئىشنى دەپ باقسام بولارمۇ؟»

ئۇ ئويلىغانچە گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. ئىچىدە ياۋا ئوتلار ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆڭلى بىسىق ھەم پاراكەندە بولدى، ئىچىدىكى ياۋا ئوتلار گېلىغا تاقىشىپ نەپەس ئالدۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئەركىن، يېنىك بىر تىنىۋالغۇسى كەلدى، لېكىن كەكرىدەك ئاچچىق ئوتلار نەپىسىنى توسۇپ دېمىنى سىقىۋاتاتتى. ئۇ گېلىنى سىلاپ باقتى، مۇزدەك قولىغا بوينى ئىسسىق ئۇرۇلدى، لېكىن يەنىلا تىنالماي قىينىلىۋاتاتتى. ئاستا قەدەم بىلەن بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئىچىدىكى ئوت - چۆپلەر ئۆسۈشتىن توختاپ قالغاندەك ياكى كەينىگە يانغاندەك بولدى، نەپىسىمۇ سەل راۋانلىشىپ يۈرىكى ئازراق ئىزىغا چۈشتى.

ئۇنىڭ خىيالىغا ئاتا - ئانىسى كەلدى: «ئۆيگە بارسام كۆرگەن

كۈنلىرىمنى ئانام ئاڭلىسا يىغلارمۇ؟ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىمنى ئاڭلىغان كۈندىكىدەك يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالارمۇ؟ دادام بىچارە چوقۇم شۈكلەپ كېتىدۇ. بۇ ئىش غورۇرىغا تېگىدۇ، ئەلەم بولىدۇ. خان ئاچام ‹سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئاچامنىڭ گېپىنىڭمۇ توغرا تەرەپلىرى بار›، دەپ ماڭا نوركا پەلتو ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاكامنى ئىزدەيدۇ. ئاچام: ‹نېمىشقا ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە ياشىماي، كىم نېمە قىلسا شۇنى دوراش كېرەك ئىكەن؟ گۈلزىننەت خېنىم تېخى كىچىك، نوركا پەلتو كىيگۈدەك بولغاندا سۇلتانىنىسىپ خېنىم دېمىسىمۇ بىز ئېلىپ بېرىمىز›، دېيىشى مۇمكىن. بىچارە ئاكام، ئىنىم قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟ كۈندىن ـ كۈنگە مۈڭ بېسىپ كېتىۋاتقان چىرايى تېخىمۇ سولۇپ كېتەرمۇ؟ كاساتلىشىپ قېلىۋاتقان تىجارىتىدىن، تىرىكچىلىكنىڭ قاتتىقلىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن، ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن نارازى بولارمۇ؟ مەھەللە ـ كويدىكىلەر نېمە دەپ قالار؟ ‹يوغان يەرگە قىز بەردۇق دەپ جاھانغا پاتماي كەتكەن، خوپ بوپتۇ دېيىشەرمۇ؟ ياكى بىچارىلەر، قەرز ـ قۇۋۇل قىلىپ بۇ توينى تەستە قىلىۋىدى، ئەجەب ئوۋال بوپتۇ دېيىشەرمۇ؟› ھەركىم نېمە دېسە دەيدۇ، لېكىن ئىچىمدىكى دەردنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قانداق قىلاي؟ ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرىش مۇمكىنچىلىكى قالمىدى. يا نوركا پەلتونى ئۆتنە ئېلىپ كىيگىلى بولمىسا...»

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ خىياللىرىنىڭ ئايىغىنى چىقىرالماي، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ قالدى. ئۆتكەندە مۇشۇ دوقمۇشتا بىلگىنۇردىن قەرز ئالغان يۈز يۈەننىمۇ تېخى قايتۇرمىغانىدى. چۈشكە تايىن تېپىۋاتقان شەھەردە ئوتتەك قىزغىن ھايات داۋام قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەم خاتىرجەم، بەختلىك كۆرۈندى. ئۇمۇ بۇرۇن ھېچكىمنىڭ بېشىنى قاتۇرمايتتى، خاتىرجەم ياشاۋاتاتتى. تويى بولغاندىن بۇيان بۇ ئائىلىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ باش قېتىنچىلىقى، غېمى بولۇپ

قالغانىدى. تويدىن بۇرۇنقى گۈزەل تەسەۋۋۇرلار، ھاياجانلىنىشلار، تەلپۈنۈشلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئۇ بىر قوشنىسىنىڭ «باي بولسا نېمە پايدىسى، باي بۆلۈپ بېرەمتى؟» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى.

يەنە كىمنىڭدۇر «بايغا تېگىپ تىترەپ ياتقۇچە، كەمبەغەلگە تېگىپ ئوسۇرۇپ يات» دېگىنىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. بايلىق يامان نەرسە ئەمەس، باي بولۇشمۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. يامان بولغىنى شۇ بايلىق دېگەن نەرسە ھەممە ئادەمدە تەڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئادەملەر ئارىسىدا ئېگىز - پەسلىك پەيدا قىلىپ قويغان.

ئۇ ئۆيدىن ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن دېگەن نىيەتتە چىققىنى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئەگەر بىرەر خۇش خەۋەر بولسا خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشماق ئۈچۈن بارغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پاختا بازىرى تەرەپتىكى يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ئېگىز قەۋەتلىك ماگىزىنلار، بىرەر مەھەللىدەك چوڭلۇقتىكى يەر ئاستى تاللا بازارلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتېشى دۇكانلىرى ۋە داڭلىق ماركىلىق ماللار جەملەنگەن يەرگە كەلدى. ئۇ ياشاۋاتقان كوچا بىلەن شەھەرنىڭ بۇ بۆلىكىنىڭ پەرقى چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ قالغاندەك سەزدى. «شەمشىدىن ھاجىم تۈركىيەنى بەك تەرەققىي قىلغان پاكىز، گۈزەل شەھەر دېگەنىدى. مۇشۇ جايغا ئوخشامدىغاندۇ؟» ئۇ سىرتىدىن قارىسا جىمجىت تۇرغان دۇكانلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالدى. خۇددى بۇنداق يەرلەردە ئادەم قېرىمايدىغاندەك، ئايلىنىپ يۈرگەنلەر ياكى مال ئېلىۋاتقانلار ساپلا قىزلار ئىدى. ئالىپتە كىيىنگەن چىرايلىق ئاياللار ئۆيىدە يۈرگەندەك ئەركىن - ئازادە يۈرۈشەتتى. قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەتلەرنى، كىيىم - كېچەكلەرنى باللار ساپاقلىق كەمپۈت ئالغاندەك غەمسىز سېتىۋېلىشاتتى. چىرايلىق سومكىلىرىنى بىلىكىگە ئېسىپ،

بىر قولىدا تېلېفونلىرىنى تۇتۇۋېلىپ كىملەر بىلەندۇر قىزغىن پاراڭلىشاتتى، چىرايىدا مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغاندەك كۈلكە پارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئادەملەر ئارىسىدا ياشاشقا زادىلا ماس كەلمەيدىغاندەك ئويلاپ قالدى. كىيىملىرى ياراشمىغان، ئۆتۈكلىرى قوپال، رەڭگى تولىمۇ ئوچۇق سومكىسى مەتۇ، يۈزى قارا ـ قۇرا، ئۇزۇن قوللىرى يەرگە تەگكۈدەك ساڭگىلاپ تۇرغان... ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا ھەقىقەتەن ئارتۇقتەك ھېس قىلدى. خىياللىرى ئۇنى شۇنداق ئىشەنچسىز تەمىرىتىپ يۈرگەندە، بىر دۇكانىنىڭ تىكلىمە ئەينىكىدىن ئۆزىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇستىخىنىغا لىققىدە كەلگەن قىزىل ماۋۇق پەلتو ، قىزغۇچ تەبىئىي بۇدۇر چاچلىرى ئاق يۇڭ شارپىسىدىن ئازراق چىقىپ قالغان، سۇزۇك يۈزى شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدە سۇس پارقىراپ تۇرغان، نەمخۇش لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان، كىچىك قىزىل قول سومكىسى چاپىنىنىڭ رەڭگىگە پار كېلىپ يارىشىپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭغا ئېغىر خىياللار ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەسۇملۇق، چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرىدىن ساددىلىق تۆكۈلەتتى.

ئۇ تويدىن كېيىن ئالىي مەكتەپنى كۆپ ئويلىمايدىغان ھەتتا زادى ئويلىمايدىغان بولغانىدى. لېكىن، بۈگۈن بۇ چىرايلىق خانىملارنى كۆرۈپ خىيالىغا يەنە ئالىي مەكتەپ كەلدى. ئۇنىڭچە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئۆزى ئىشلەپ، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولالايدىغان ئاياللار مۇشۇنداق ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالايتتى. مەيلى ئاتا ـ ئانىسى، مەيلى ئېرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولسۇن، باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ياشاش ئادەمنى ھامان خارلىققا سۆرەپ بارىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ئۇ باھادىرخان ھاجىمنىڭ ئۇستى ئەينەك بىلەن يېپىلغان ھويلىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقماي يېرىم يىلغا يېقىن ياشىغانىدى. بۇ يېرىم يىل ئۇنىڭغا ھاياتىدىكى ئەڭ بەختىيار ھەم ئەڭ ئازابلىق، ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنى ھەدىيە قىلدى. ئۇ

ھازىر ئۆزىنى تېخى بۇلتۇرلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن قىز دەپ ئويلاشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى، ھازىر ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى، كۆرگەنلىرى كۆپىيىپ، ئۇنى خۇددى ئەللىك يىل ياشىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

قاراڭغۇلۇق تىۋىشسىز قەدەملىرى بىلەن شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى.

گۈلزىننەتنىڭ ئىچىدە يەنە ئەتىگەنكىدەك ياۋا ئوت – چۆپلەر ئۆسۈپ كەتتى. تىنىقى قېيىنلىشىپ، گېلى بوغۇلغاندەك بولدى. ئەتىگەن ناشتىمۇ قىلمايلا چىققانىدى. سۈلتاننىسىپ خېنىمنىڭ سېسىق گەپلىرى بىر ئۆمۈر تاماق يېمىسىمۇ كۆڭلى تاماققا بارمىغۇدەك قىلىپ قويغانىدى. ئەتىگەنكى كۆڭۈلسىزلىك يادىغا يېتىشى بىلەن ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم تولىمۇ قەدىرسىز ھېس قىلدى.

«قەدىرسىزلىك نېمىدىن پەيدا بولىدۇ؟ يوقسۇزلۇق، پۇلسىزلىق، ئامالسىزلىقتىن ... ياق! قەدىرسىزلىك ئەسلىدە بىلىمسىزلىكتىن پەيدا بولىدۇ. بىلىمسىز ئادەم ھەتتا ئۆزىنىڭ قەدىرسىز بولۇپ قېلىۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيدۇ. قەدىر – قىممەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسلا بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئادەملەرنىڭ قەدرىنى ئاشۇنداق ئەرزىمەس نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا خار قىلىپ قويىدۇ.

بىلىمسىز ئادەم ماددىي نەرسىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ نەرسىلەر ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پالاقلاپ ياشايدۇ. ئۇلارنى شۇنداق بىر سەۋدا ئالدىغا سېلىۋالغان، ئۇلارنى شۇ سەۋدا ئۇنسۇلغا سېلىپ بىر ئۆمۈر بىر تىنىقتا جېنى قالمىغۇچە قىينايدۇ. ئۇلار شۇ قارا سەۋدانىڭ قولىدا دۇنيانىڭ مەنىشەتلىرىگە تويماي، كۆزلىرى ئوچۇق كېتىدۇ.

ئەگەر قېيىنئانام مېھرىنۇر خانىمدەك بىر ئايال بولغان بولسا قانداق بولاردى؟ چوقۇم سۆزۈك خېنىمنىڭ ئاچىسىنىڭ قۇدىسىدەك قۇدىلىرىدىن زەللە تەمە قىلمايدىغان، ھەتتا ، مېنى

ھاقارەت قىلىپ ھېيتلىق گېزەك ئەۋەتىپتۇ، بىز ھېيتلىق داستىخان سالالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق. بۇ گېزەكلەرنى ھېيت ئۆتكۈزەلمەيدىغان بىچارىلەرگە بەرسۇن، دېيەلەيتتى. ‹ مۇشۇ زاماندىمۇ زەللە كۆتۈرۈپ يۈرەملا؟ بۇ يا ئۆتمۇش بولمىسا، ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق پۇل ـ مېلى، يەي دېسە ھەرقاچان يەيدىغان نەرسىسى كەم ئەمەس. مېنى ئۆتمۇشتە تويمىغان بولسا ئەمدى تويۇۋالسۇن دەپتۇ ـ دە، قۇدام! بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمىسىلا›، دەيتتى. ئەگەر شۇنداق بىر قېيىنئانام بولغان بولسا بۇگۈن ھەرگىزمۇ نوركا پەلتويۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدىن ھەيدەلمەيتتىم. ‹ئۆزلىرىگە نېمە ياراشسا شۇنى كىيسىلە، خەق نېمە كىيسە ماڭا ماس كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ دېمەي كىيىپ يۈرمىسىلە، كىيىم دېگەن ئوبراز. سىلىنىڭ ئۇستىباشلىرىدىن سىلىگىلا خاس خاراكتېر تۆكۈلۈپ تۇرسۇن›، دېيىشى مۇمكىن ئىدى.»

مېھرىنۇر خانىم ئۇنىڭغا: «ھەرقانداق قېيىن كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەگەر قېيىنچىلىقتا يولۇقۇپ قالساڭلار، ھەرگىزمۇ مۇدھىش خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتمەي، ئەكسىچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاڭلار ...» دېگەنىدى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا نېمە دېيىش ھەققىدە ئازراق ئويلىنىۋېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى. كاللىسىدا خىياللار ئۈزۈلمەيتتى.

«شەمشىدىن ھاجىم بولغان بولسا بۇ ئىش قانداق بولار بولغىيتتى؟ يەنىلا ئۆيدىن قوغلىنارمىدىم؟ بەلكىم شەمشىدىن ھاجىم يېنىمدا بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىش يەنىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئاپام بۇنداق ئىشلارنى ھېچقاچان ئەرلەرگە بىلدۈرۈپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۆيدىن يوقىلىپ كەتسەم شەمشىدىن ھاجىم شۇ ھامان ئىزدەپ بارىدۇ، شۇڭا بۇنداق بولماسلىقىمۇ

مۇمكىن. نوركا پەلتو كىيمىسەڭ بولمايدۇ دەپ سانجىق بەرگەن بىلەن قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى.»

ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، دۇكانلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇنتۇلۇپ قالغان ئۇ ئىشلار يەنە ئېسىگە كېلىپ يۈرىكىنى سىقتى.

«خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، كۆتۈرۈشۈپ بەرگۈدەك ئاتا - ئانام بار. قىسمىتىم شۇ ئوخشايدۇ. شۇڭا، قانچىلىك جاپا تارتساممۇ، ئازاب چەكسەممۇ ئۆيۈمنى تۇتىمەن. ئاتا - ئانامنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلمايمەن» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ قايتا ئۈرۈمچىدىن ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن قاراڭغۇلىشىۋاتقان شەھەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆيىگىمۇ بىردەمدە كەلدى.

ئۇنىڭ قاراڭغۇ چۈشكەندە پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۆيدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى:

— تىنچلىقتۇ، بالام؟ — دېدى ئانىسى سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمسەلا قاراپ.

— تىنچلىق، ئانا ...

— ھەرنېمە بولسا كەللە، ئۇكام، ئەتە تېلېفون قىلسام كېلەلەرمۇ دەپ ئولتۇرغانىدىم تېخى. سىلى بىلەن بىر مۇڭدىشىۋالىدىغان بولدۇم.

ھېيتلاپ كەلگەن گۈلزىبا خېنىممۇ تېخى قايتىپ كەتمىگەنىدى.

ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىردەم جىممىدە تۇرۇپ ئۆزىنى دەڭسىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئازراق مىجەزىم يوق، ئاپام «ئارام ئېلىپ كەلسىلە» دېگەنىدى، — دېدى چاندۇرماستىن تەمكىنلىك بىلەن ئانىسىغا قاراپ.

ئاش راسلاۋاتقان خورشىدە خېنىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى. بۇ كۆزلەردە ئۇ ئىككىسىلا بىلىدىغان ئەنسىزلىك لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ گۈلزىننەتنىڭ كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈپ قويۇشىدىن بەزى ئىشلاردىن گۇمان قىلغاندەك بولدى ـ يۇ، يەنىلا ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

گۈلزىننەت شۇ كۈنى كېچىسى ئاچىسى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ تويدىن كېيىن كۆرگەن كۈنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— قانداقمۇ چىدىغاندىلا، ئۇكام؟ نېمىشقا ئىگىسى يوق ئادەمدەك ھەممىنى ئىچلىرىگە سېلىپ، دەردلىرىنى يۇتۇپ يۈرىۋېرىسىلا؟ توۋا، شەمشىدىن ھاجىم قانداق ئارزۇلۇق بولسا بىزمۇ سىلىنى شۇنداق ئارزۇلاپ باققان ...

ئۇ قاراڭغۇدا گۈلزىننەتكە تۇيدۇرمايمەن دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىۋاتقان بولسىمۇ گۈلزىننەت يەنىلا ئاچىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى.

— تويدىن كېيىن يوقلاپ بارغان ۋاقتىمدا قېيىنئانىلىرى بىر چىرايلىق گەپ قىلغان. مەن شۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ «ھالىڭ نېچۇك؟»مۇ دېيەلمەپتىمەن ئەمەسمۇ؟ يىراقتا بولغىنىمنىڭ زىيىنى مۇشۇ. قوللىرىدا تېلېفون بولغاندىكىن «ئاچا، مۇنداق كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىمەن» دېسىلە بولماسمىدى، جېنىم ئۇكام ! جان كۈندە چېچەكلىمەيدۇ. ئېغىرلىق قىلىشنىڭمۇ يولى بار ... بوش تۇرسا ئېشەك ئېتىپ مىنىدۇ بۇ خەق ئادەمنى !

گۈلزىبا خېنىمنىڭ ئاۋازى يۇقىرى چىقىپ كەتكەندى، گۈلزىننەت ئاتا ـ ئانىسىنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

لېكىن، ئۇلارغا قانچە كۈن ئاڭلاتماي يوشۇرۇپ يۈرگىلى بولاتتى؟ باش دېگەنمۇ بىر ئۆمۈر ئاغرىمايدۇ. ھامان «بالام ، باشلىرى ساقايغان بولسا قايتىپ كېتەملا» دەيدۇ ـ دە. ئۇنىڭ خىيالىنى گۈلزىبا خېنىم بۇزدى.

— يېڭى ياتلىق بولغان قىز تۇنجى قېتىم يامانلاپ كەلگەندە ئاپىرىپ قويىدىغان قائىدە بار ئىدى، بۇ ئەھۋالدا سىلىنى ئاپىرىپ قويغۇمۇ يوق، ئۇكام. ئالدىرىماي مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلارمىز. بۇ ئىشلاردىن شەمشىدىن ھاجىمىنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ بىرەر قېتىم دەپ باقلىمۇ يا؟ مىجەزى ئوچۇق، مېھرىبان كۆرۈنۈۋاتاتتى ئۇ بالا ...

— ياق، ئاچا ، دەپ باقمىدىم.

— نېمىشقا؟ سىلىنىڭ ئۇ ئۆيدە يولداشلىرىدىن باشقا كىملىرى بار ئىدى دەيدىغان؟

— دېگۈم كەلمىدى، — دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا، — ئۇنىڭمۇ ئىشى تولا، كۆڭلىنى يېرىم قىلغۇم كەلمىدى.

— سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم بولسا مەيلىمۇ؟

— ......

— بوپتۇ، كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نەرسە. ئادەم كۆڭۈل بەرگەن ئادىمى ئۇچۇن شۇنداق كۆپ بەدەللەرنى تۆلەشكە رازى بولىدۇ. ئەگەر ئۆيلىرىنى بۇزغىلىرى بولمىسا كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئاكىلىرىغا دەپ باقسام، نوركا پەلتونىڭ ئادەتتىكىرەكىدىن بولسىمۇ ئېلىپ بېرەرمىز يا...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلزىنەت ئىتتىكلا ئېغىز ئاچتى:

— ياق، ياق، ئاچا. ئەمدى نوركا پەلتويۇم بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ ئۆيگە بارمايمەن. سىلى بىلمەيلا، مەن ئەتىگەن ئاپامغا بەك كۆپ يالۋۇرۇپ كەتتىم. ئاتا ـ ئانام ئۇچۇن، ئۆزۈم ئۇچۇن، شەمشىدىن ھاجىم ئۇچۇن... — ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا پىچىرلىغان ئەلەملىك ئاۋازى قاراڭغۇنى يېرىپ ئۇدۇل گۈلزىبا خېنىمنىڭ يۈرىكىگە تەگمەكتە ئىدى، — تۆككەن ياشلىرىمغا تاش بولسىمۇ ئېرىپ كېتەتتى، ماڭا ئىچى ئاغرىيتتى. لېكىن ئۇ خوتۇن مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ تالاغا چىقىرىۋەتتى. «نوركا پەلتو كىيمىسەڭ

بۇ ئۆيگە كەلمە» دېدى. ئەمدى ئۇ ھاقارەتلىك ماكانغا قايتا قەدەم باسقۇم يوق. بۇ ئۆمرۈمدە نوركا دېگەن شۇ نەرسىنى ھەرگىزمۇ ئۇچامغا ئارتمايمەن.

— شەمشىدىن ھاجىمغا كۆڭۈللىرى بار ئەمەسمۇ، ئۇكام. ئادەمگە ھاياتىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن نىكاھلىنىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمايدۇ. سىلىمۇ بەلكىم چىداپ مۇشۇ كۈنگە كەللە...

شەمشىدىن ھاجىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ گۈلزىننەتنىڭ يۈرىكى ۋىژژىدە ئېچىشتى. لېكىن، ئەتىگەن قېيىنئانىسىنىڭ دېگەنلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەن يەنە مۇزلىدى.

— نوركا پەلتويۇم بولمىسا، شەمشىدىن ھاجىمغا لايىق كەلمەيدىكەنمەن، ئاچا. بىزدەك سېرىقتال ياشايدىغان ئائىلىمۇ ئۇلاردەك بايلارغا ماس كەلمەيدىكەنمىز. قېيىنئانام «بۇ توي خاتا بولۇپ قاپتۇ، ھەر كىم ئۆز خىلى بىلەن ياشىسۇن» دېدى. شۇنداق دېسىمۇ يەنە بارامدىمەن، ئاچا؟ ئادەمنىڭ غۇرۇرى ھەممىدىن قىممەتلىك ئەمەسمۇ. كۆڭۈل ھەممىدىن ئۈستۈن ھەم نازۇك. ئۇ خوتۇن مېنىڭ غۇرۇرۇمنى ئەسكى بوتۇلكىنى چاققاندەك پارە - پارە قىلىۋەتتى، — گۈلزىننەتنىڭ ئاۋازىنىڭ قوپال چىقىشىدىن يىغلىغىنىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.

— بىچارە ئۇكام، ئۇ ھازازۇلنىڭ قولىدا كۆرمىگەن كۈنلىرى ئاز قاپتۇ. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ئۇ خوتۇنىنىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنلىرى تېخى ئالدىدا... بوپتۇ، بارغۇلىرى بولمىسا بارمىسىلا، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. مەن دادامغا ئەھۋالنى دەي، ئانامنىڭ يۈرىكى ئاجىز، ھازىرچە ئۇقتۇرماي تۇرايلى، كېيىنچە بىرەر ئامال بىلەن ئۇقتۇرارمىز.

ئىككىلىسى بىردەم جىمىپ قېلىشتى. سەلدىن كېيىن گۈلزىبا خېنىم:

— بۇ ئىشلارنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ شەمشىدىن

هاجىمغا دەپ قويساق بولارمىكىن؟ سىلىنىڭ دىگۈلىرى بولمىسا مەن بولسامىۇ دەپ قويىاي.

— ياق، ئاچا، نېمىلا بولسۇن ئۇلار ئانا ـ بالا، ئۇنى تەڭلىككە سالغۇم يوق. قۇتبىدىن ھاجىم ئاكامىنىڭ ئاپامغا تولا يالۋۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرگەنمەن. شەمشىدىن ھاجىمنىڭمۇ شۇنداق كۆنگە قېلىشىنى خالىمايمەن. مەيلى قانچىلىك يالۋۇرسىمۇ ئاپام ئۆزى دېگەن يەرگە ئەكەلمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ، شۇڭا بولدى، دېمەيلى. دېگەنىڭمۇ پايدىسى يوق.

— ھە راست، ئۇكام، بويلىرىدا باردەكمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ ئىشنى سەل چاغلىساق بولمايدۇ.

— ياق، ئۇنداق شەپە يوق.

گۈلزىنىنەت بارلىق دەرد ـ ھەسرىتىنى ئاچىسىغا سۆزلەپ بېرىپ ئىچى بوشاپ، يەڭگىللەپ ئۇخلاپ قالدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خۇرشىدە خېنىم قاناتلىرىنى يېيىپ يەنە بۇ ئىشنى چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىش تەرەپدارى بولدى.

— گۈلزىبا خېنىم، يېنىكلىك قىلمايلى، بىر ئىشنى بۇزماق ئاسان، تۈزىمەك بەك تەس. ھازىر گۈلزىنىنەت خېنىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىدىماي ھەرنېمە دەپ باقمىز، لېكىن قىز بالىنىڭ بىتەلەيلىكى بەك يامان ئىش. كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇ مەھەللىدىلا نازۇكلۇقىدىن بىر ئۇتلام سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۈدەك، شەرانىدازلىقىدىن ئۇستاز تۇتۇۋالغۇسى كەلگۈدەك، چىرايلىقلىقىدىن ھۆر ـ پەرىمىدۇ، دەپ قالغۇدەك نى قىزلار بار نىكاھ زېدىسى بولۇپ ئۇلتۇرۇپ قالغان. بەلكىم بۇ ئىشتىن ئاشۇ ئۆيدىكى باشقىلارنىڭ خەۋىرى يوقتۇر يا باشقا سەۋەبى باردۇر، بىز گۈلزىنىنەت خېنىمغا بىر نوركا پەلتو ئېلىپ بەرگەنگە ئۆلۈپ قالمىغاندىكىن، ئالساق ئېلىپ بېرەرمىز… ئىشقىلىپ ئالدىراپ بىرنېمە دېمەيلى.

ئۆچەيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. توي قىلىپ چالا ـ

بۇلا ئۆي تۇتۇپلا چوڭلارنىڭ مۇشۇنداق قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ئاجرىشىپ كېتىپ قايتا نىكاھلىق بولالماي ئولتۇرغان چوكانلار ياكى ئۆزىدىن چوڭ قېرى ئادەملەرگە تېگىپ ئىچىگە تىنىپ ياشاۋاتقانلار، ياكى بىرنەچچە بالىسى بار ئادەملەرگە تېگىپ ئۆگەي بالىلىرى بىلەن كېلىشىپ بولالماي يەنە ئاجرىشىپ تۇل چوكان بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. بىر قېتىم تويى قىلىنغاندىن كېيىن ئاجراشتىڭمۇ، تەلىيىڭنىڭ قايتا كەلمىكى بەكمۇ تەس.

— نېمىلا بولسۇن بىز ئالدىراپ ئاغزىمىزدىن بىرەر گەپ چىقارمايلى. شەمشىدىن ھاجىممۇ قايتىپ كېلەر، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىرەر ياخشى يول چىقىپ قالار.

گۈلزىبا خېنىم ئارقىلىق گۈلزىنەتنىڭ نېمىشقا «بېشى ئاغرىپ» قالغانلىقىدىن ھەسەن ھاجىممۇ، خۇرشىدە خېنىم ئارقىلىق بەكرى قارىيىمۇ خەۋەر تاپتى. قىزىنىڭ بەخت خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنچە كۆچىگەن بۇ ئاتا ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق پۇچىلاندى.

تېخى ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرغان قىزىنىڭ چالا چوكان بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشىنى ئويلىسا «قەرز قىلىپ بولسىمۇ نوركا پەلتو ئېلىپ بېرەيلى، بويتۇ كەتسۇن» دېگۈسى كېلەتتى. قېيىنئانىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بوسۇغىدىن چىقىرىۋەتكىنىنى ئويلىسا، قىزىنى ئىككىنچىلەپ ئۇ ئۆيگە بارغۇزغۇسى كەلمەيتتى.

پەقەت كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھى بار چوكانلارنىلا بوسۇغىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. يۇسا تۈگىمەيدىغان گۇناھى بار ئاياللارنىلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. بۇ دېگەن بەك ئېغىر ئالىدىغان ئىش. نوركا پەلتوسى يوق كېلىنىنى بوسۇغىدىن چىقىرىۋېتىش قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قىلىنغان ھاقارەت. ھەسەن ھاجىم بۇ ئىشنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئاغرىپ،

باغرى ئېزىلەتتى.

«بىچارە قىزىم، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتسامىمۇ بوپتىكەن، رايىغا بېقىپ ئازراق يول ئىزدەپ باققان بولسام بۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرمەس ئىدى. ئۆزى ئارزۇلىغاندەك بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرەر ئىدى... خەيرىيەت، ئادەم ھاياتلا بولسا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيدۇ.»



## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# ئەپۇ سوراش

كەچتە باھادىرخان ھاجىم گۈلزىنىنەتنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىپ:

— كېلىن بالا قېنى؟ قوشنىلارنىڭكىگە بىرەر ئىشقا بۇيرۇدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ياق، — دېدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك تەمكىنلىك بىلەن، — ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى، سەل مىجەزى يوق ئىكەن، بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ كېلەي دەيدۇ.

— مىجەزى يوق بولسا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارساڭ بولمىدىمۇ؟ بۇ ئۆيدە ئاغرىسا ئۇ ئۆيگە ئەۋەتىپ قويماي. ئېغىر بوي بولۇپ قالدىمۇيا؟ شەمشىدىن ھاجىم يوق، ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىپ قوي، خوتۇن. ئۇ بالا تېخى كىچىك، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن.

— ۋاي، ئاچىسى قاغىلىقتىن كەپتىكەن، مۇڭدىشىۋالاي دېگەندۇ! دائىم كىچىك - كىچىك دەيدىكەنلا، كىچىك ئادەم ئەرگە تەگمەيدۇ!

— ئاچىسى بىلەن مۇڭدىشىۋالغۇسى كەلگەن بولسا بوپتۇ، مىجەزى يوق بولسا قايتىپ كەلسۇن...

ئەتىسى سۇلتانىنىسىپ خېنىم مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئاچچىقلىنىۋاتاتتى.

«نەدىكى تېگىنىڭ تايىنى يوق، مايماق - سۇيۇق خەقلەرگىمۇ بىر ئوبدان كېلىن، ئېسىل قۇدىلار ئۇچرايدىكەن. نېمە قىلغان گۇناھىمغا خۇدايىم ماڭا داۋاملىق، «ئۇھۇ !» دەپ بولغۇچە ئۆپكىسى يۇگۈرۈپ چىقىدىغان قۇدىلارنى بېرىدىغاندۇ؟ زۆھرەخانىنىڭ كېرىلىپ كەتكىنىنى، «دېدەك مونچاق سالسا كىرمىگەن ئۆي قالماپتۇ، دېگەندەك، نوركا چاپاننى كېلىنى كىيىپتۇ، ئەگەر ئۆزى نوركا كىيىپ قالسا ھېيتگاھقا بېرىپ مەيداندا ئولتۇرىدىغان ئوخشايدۇ خەققە كۆرسىتىمەن دەپ. ماۋۇ مېكىجىن ئىتتىكرەك نوركا پەلتونى پەيدا قىلىپ قايتىپ كەلسە بولاتتى. ئاتا - ئانىسى ھەر قانچە بولسىمۇ بىر پەلتو ئۇچۇن قىزىنىڭ ئۆيى بۇزۇلۇپ كەتسە قاراپ تۇرماس ! يوق - يوق دەپ داۋاملىق يوقنىڭ تونىنى كىيىۋالىدۇ. ئۆيگە كىرسە تىك بېقىپ قارىغىلى بولمىغان ئېسىللىقىدىن. ھامان مەن دېگەندەك قىلىدۇ، يوق بولسا مېنىڭ نېمە كارىم ! مەن يوق قىلىپ قويدۇممۇ يا. قاراقچى بۇلاپ كەتمىگەندۇ بارىنى؟ قىز باققاندىكىن تىقىپ ساقلىغان دۇنيالىرىنى چىقارسۇن. مەنمۇ خەقنىڭ ئالدىدا «ماۋۇ مېنىڭ كېلىنىم» دەپ بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەي ...» ئۇنىڭ خىيالىنى تېلېفوننىڭ ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى.

«زىبىرنىساخانىنىڭ بېشىغا «پىت» چۈشتى، مانا !»

ئۇ ئۆزىگە سۆزلىگەچ ناھايىتى چاغ كەيپىيات بىلەن تېلېفوننى ئالدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! سۇلتانىنىسىپ خېنىم، قانداق ئەھۋاللىرى؟ ھاجىم، گۈلزىنىنەت خېنىم، باللار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ مەينىگار خېنىم، شەمشىدىن ھاجىملار ئوبدان تۇرۇپتۇمۇ؟ ئۆزلىرى سوغۇققا چىلىقماي، زۇكامدىماي ئوبدان تۇرۇۋاتقانلا؟

ئۇ بىردەم تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن ئاينۇر خېنىمنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ قالدى.

— ھە... خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمىز...

ئاينۇر خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى، ھەتتا شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى كۆرمىگەن نەۋرىلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سوراپمۇ قويمىدى. خۇددى «نېمە گەپ؟» دېگەندەك جىممىدە تۇردى.

— سۇلتانىنىسىپ خېنىم، ئايسۇلتان خېنىمغا ئات قويغان كۈنى ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ. ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسامغۇ، مىڭ مەرتەم تولۇقلايتتىم، تېخى يېقىندىراق خەۋەر تېپىپ قالدىم. كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە شۇ ئىشنى... — ئاينۇر خېنىم بىردەم تۇرۇپ ئارىدىكى كەيپىياتنى يەملىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سىلىنى نېمانداق نەۋرىلىرىنى كۆرگۈسى كەلمەيدىغاندۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، ھەر كۈنى قەدەم رەنجى قىلىپ قالامدىكى دەپ، تاتلىق تومۇ تاماقلارنى قىلىمەن، سىلى يوق... ئاخىر قۇتبىدىن ھاجىم بالامدىن سەۋەبىنى ئۇقۇپ شۇنداق پۇچىلاندىم. بىز تۇنۇگۈن - بۈگۈن كۆرۈشكەن ئادەملەر ئەمەسقۇ... شۇڭا كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزرەمنى مەنزۇر تۇتسىلا، كەم بولۇپ قالغان ئىشلارنى مەن تولۇقلاي، مەن ناماقۇل... مەندىن ئۆتكەن يېرى بولسا خاپا بولمىسىلا.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم تومۇزدا تاۋۇز يېگەن ئادەمدەك بىر قېتىم ئۇسسۇزلۇقىغا قاندى. لېكىن، چاندۇرماستىن بىردەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ۋاي، نېمىسىنى دەيلا ئاينۇر خېنىم، مېنىڭغۇ كىندىكىمنى لاتىدا كەسمىگەن. نىياز قارىم ئۇكام يوغان بولمىسىمۇ ئۆزىگە لايىق ئادەم ئەمەسمۇ، كۆڭلى ئاغرىپ قاپتۇ. بىر تۇغقان دېگەننىڭ بېغى چىڭ يەردە بولىدىكەن، ئۇكامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ سىلى تەرەپكە ئۆتەلمەي سەل ئۇزىقىپ قالدى... — دېدى تەنە ئارىلاش.

— ئايسۇلتان خېنىم سىلىگىلا ئوخشايدۇ، — ئاينۇر خېنىم گەپلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىقنى سەزمىگەندەك گېپىنى

داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق بۇدرۇق چوڭ بولدى. نۇرئەلجان بىلەن بەختىيارجانمۇ ھەر كۈنى سورايدۇ «قاچان كېتىمىز، خان ئانامنى سېغىندۇق» دەپ. سىلىنىڭمۇ بالىلارنى كۆرگۈلىرى كەلگەندۇ. شۇڭا، ۋاقتىلىرى بولسا بالىلارنى بىر يۆتكەپ بېرەيمىكى دەپتىم...

دۇنيادىكى بارلىق تۆلەنگەن بەدەللەر ئىچىدە ئانىنىڭ بالا ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدىلى ھەممىدىن زور بولىدۇ. بۈگۈن ئاينۇر خېنىمنىڭ تۆلەۋاتقىنىمۇ شۇ بەدەللەر ئىچىدىكى ئەڭ قىيىنى ئىدى. ئۇ ھېچ گۇناھى بولمىسىمۇ غۇرۇرىنى دەسسەپ تۇرۇپ قىزى، قىزىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قۇدىسىدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى، لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بىلەن يۈرىكى قانداق ھالدىدۇ؟ ئۇ قانچە كېچە پۇچىلىنىپ، قانچىلىك ئازاب بىلەن تېلېفوننى قولىغا ئالغاندۇ؟ بۇنى شۇنداق ئوتلاردا كۆيۈپ، شۇنداق كېچىكلەردە ئېقىپ باققان ئادەملەرلا ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم قەستەنگە بىردەم جىممىدە تۇرۇۋالدى. بۇ جىمجىتلىق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسىرگە تەڭ بىر ئۇزۇن جەرياننى بېسىپ ئۆتتى.

«مۇشۇنداق بېشىڭنى ئۇراتتىڭ، — دەپ كۈلدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئىچىدە، — قىز تەرەپ دېگەن سىڭىپ پاتار بولغۇلۇق، بەك شاخلاپ، جاھانغا پاتماي قالمىغۇلۇق. بولمىسا ھېلىغۇ ئۈچ بالا ئىكەن، ئون بالا بولسىمۇ مەن پەرىدەخاننى قانداق كېلىن قىلغان بولسام يەنە شۇنداق چىقىرىۋېتەلەيمەن بۇ ئۆيدىن.»

«بوپتۇ، خۇداغا قويدۇم، — ئاينۇر خېنىم چاندۇرماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، — بۇ سەندىن مەن يوغان دەيدىغان جاھان ئەمەس. بالام ئۈچۈن بۇنداق ئوشۇقچىلىقلارنى جىق كۆتۈردۈم، يەنە كۆتۈرەي، ياراتقۇچى ئەجرىمنى بېرەر، كۈنلەر ئۇزۇن...»

— مەن ھاجىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەي، پات ئارىدا سىلىگە خەۋىرىنى بېرىمەن...

— ماقۇل، سۇلتانىنىسىپ خېنىم، ئۆزلىرى مۇۋاپىق كۆرگەن

ۋاقىتتا بالىلارنى يۆتكەپ ئەكېتىشۋالارلا.

سۇلتاننىسىپ خېنىم ئاينۇرخاننى يالۋۇرغۇزىمەن دېگەن مەقسەتتە يەتتى. ئەمدى گۈلزىننەت نوركا پەلتوسىنى كىيىپ ئاچىسى ياكى خان ئاچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ كەلسە بولاتتى. ئۇ شۇنى ساقلاپ ھەر كۈنى قۇلىقى ئىشىكتە ياتاتتى. ئۆينىڭ ئۇششاق ئىشلىرى، نەچچە ۋاق تاماق ئېتىش ئۇنى ئوبدانلا ھالسىراتتى. بۇرۇن چاي ئىچكەن قاچىسىنىمۇ جايىدىن ئالماي ئاتلاپ چىقىپ كېتەتتى. ھازىر بىر قوشۇقىنىمۇ ئۇ ئالمىسا نەچچە كۈنگىچە ھېچكىم قاراپمۇ قويماي جايىدا تۇراتتى.

ئۇ گۈلزىننەت كەلسە نوركا پەلتوسىنى كىيدۈرۈپ، ئەلنىڭ كۆزىچە كەينىگە سېلىپ بېرىپ پەردە خېنىمىنى يۆتكەپ ئەكەلمەكچى ئىدى، لېكىن قىرىشقاندەك ئۇ تەرەپ جىمجىت، ھېچبىر خەۋەرمۇ يوق. ئۇلاردىن خەۋەر بولمىغاندىكىن ئاينۇر خېنىمغىمۇ خەۋەر بېرەلمىدى.



## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# ئاشكارا مەخپىيەت

شەمشىدىن ھاجىم ھېيتتىن كېيىن تېلېفون قىلىپ ئايالى بىلەن كۆرۈشەلمىدى. تېلېفون كەلگەندە گۈلزىنىنەت ھېيتنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈپ، ھېيت پەتىلىرىگە بېرىپ، تېلېفون ئالالماي، ئۇ بىكار بولغاندا شەمشىدىن ھاجىم تېلېفون قىلماي، كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

شەمشىدىن ھاجىم بۇ نەچچە كۈندىن بېرى تېلېفون قىلسا گۈلزىنىنەتنىڭ تېلېفونى ئېتىك چىقىۋاتاتتى.

ئۇ بۈگۈن ئاكىسىغا تېلېفون قىلىپ تىنچ ـ ئامانلىق سوراپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاكا، گۈلزىنىنەت خېنىم بىلەن پەقەت ئالاقە قىلالمىدىم، تېلېفونى داۋاملىق ئېتىك، ئۆيدە بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟ — دېدى ئەنسىرەپ.

— ياق، ئۇكام، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئانام «مىجەزى يوق، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئارام ئېلىپ كېلەي دەپ كەتتى» دەۋاتاتتى، شۇنىڭدىن بېرى يوقتۇ... ئەنسىرىمىگىنە، بىرەر ئىشمۇ بولمىغاندۇ؟

— خان ئاچامنى قاچان يۆتكەيدىغاندەك تۇرىسىلەر، ئاكا؟

شەمشىدىن ھاجىم بۇ گەپنى تولىمۇ ناقىسلىق ئىچىدە سورىدى.

قۇتبىدىن ھاجىم نېمە دېيىش ھەققىدە بىردەم ئويلاندى،

گەپنىڭ ئۆزىنى دېمىسە ئىنىسىنىڭ ئاكام سەۋەبسىزلا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بولغان ئىشنى دېدى:
— قىزىمغا ئىسىم قويغان كۈنى، — دەپ باشلىدى ئۇ گەپنى، — نىياز قارىم تاغامنىڭ كىچىك نەۋرىسىگە رەخت قويۇلماي قاپتۇ. ئانام شۇنى باھانە قىلىپ ئات قويغان كۈندىن كېيىن بالىلىرىمنى بىرەر قېتىم يوقلاپمۇ قويمىدى. يۆتكەپ كېلىدىغان ئىشقىمۇ تاش چىشلەپ تۇرۇۋېلىپ باردۇ. مەنمۇ ئىككى ئارىدا تەڭقىسلىقتا قالدىم. ھېيتنىڭ ئالدىدا شۇنچە يالۋۇرساممۇ زادى ئۇنىمىدى. ئانام بىر قېتىم يوقلاپ قويسا، ئاندىن بالىلارنى ئۆزۈملا بېرىپ يۆتكەپ ئەكەلسەممۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، ئانام بىر قېتىم يوقلاپمۇ قويمىسا، قېيىنئانامغا بالىلارنى مەن ئەكېتەي دېگىلىمۇ بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانامنىڭ خەۋىرى يوق ئەكەلسەممۇ ئۆيدە گەپ تۇگىمەيدۇ. بىز دۇكانغا چىقىپ كەتكەن بىلەن ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇپ سىكە - پىيازلىق قىلىپ ئىش تېپىپلا تۇرىدىكەن.
— ئانام مۇشۇنداق قائىدە - يوسۇنلاردا ئاشۇرۇۋېتىدۇ، بىرەر ئامالىنى قىلىپ بالىلىرىڭنى ئەكېلىۋال، ئاكا. تۆت جان ئادەم قارا قىشتا ئۇ يەردە تۇرۇپ جاپا تارتىپ قالمىسۇن...
— زادى ئامال تاپالمىدىم، پەرىدە خېنىم «مەن ئانامغا يالۋۇراي، ئاپامدىن كەچۈرۈم سورىسۇن، بولمىسا بۇ ئىش تۈگىمەيدۇ» دېگەنىدى. ئەمدى قاچان قېيىنئانام ئانامدىن ئەپۇ سوراپ، ئانام رازىلىق بەرسە ئاندىن بالىلارنى يۆتكەپ ئەكېلەلەيدىغان ئوخشايمەن. سەنمۇ بەك ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىڭ. مەنمۇ خىجىل، لېكىن ئامال يوق بولۇپ قالدى. خان ئاچاڭنى يۆتكەپ قويماي كەتسەم بالىلار بىلەن قىينىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، سەنمۇ كۆڭلۈڭگە ئالماي تۇرغىن، ئۇكام، مەن ئامالىنى قىلىمەن.
— ئاكا، ئوبدانراق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ قېيىنئاناڭدىن كەچۈرۈم سورىغىن. ئاينۇر خېنىم ئاچام ئەزەلدىن خېلى غەرەز

ئۇقىدىغان ئايالدەك كۆرۈنەتتى. ياق دەپمۇ تۇرۇۋالماس... بەزى ئىشلاردا ئۆزىمىز ئوتتۇرىغا چىقمىساقمۇ بولمايدىكەن. مەن ئۇزۇن تۇرۇپ قالسام ھېچ گەپ يوق، لېكىن گۈلزىننەت خېنىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم، مەن يېنىدا يوق بىرەر ئىش بولۇپ قالغانمىدۇ دەپ.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرى قانداقراق، ئۇكام؟ سالامەتچىلىكتۇ؟ مەينىگار خېنىم ئاچام بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدىم. كەچلىرى تولىراق بالىلارنىڭ يېنىغا بارىمەن، شۇڭا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغىمۇ بارالمىدىم. بولمىسا توردا كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق.

— بۇ يىل بۇ تەرەپتىكى ئىشلىرىمىزمۇ خېلى يۈرۈشۈپ قالدى، باشقا ئىشلارمۇ نورمال. ئاكا، گۈلزىننەت خېنىمنىڭ خەۋىرىنى ئۇقسام بولاتتى. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە سۆزلىشىۋاتساق ئانام كىرىپ كايىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىلىشەلمىدىم... كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— ئانامغۇ: «بېشى ئاغرىپ قاپتىكەن، ئارام ئالغىلى كەتتى» دەۋاتاتتى. مەن كەچتە بالىلارنى كۆرگىلى بارىمەن، پەرىدە خېنىم قېيىنئاناڭنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلسە گۈلزىننەت خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقسۇن، مەن ساڭا ئەتە خەۋەر بېرەيمۇ؟

— مالال كۆرمىسەڭ كەچتە تېلېفون قىلاي، ئاكا. ئەتىگىچە يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىدۇ. گۈلزىننەت كىچىك، بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئانام بىلەن ئوتتۇرىسىدا خاپىلىق بولۇپ قالدىمىكىن دەيمەن.

— بەك ئەنسىرەپ كەتمە، ئۇكام، گۈلزىننەت خېنىم كىچىك بولغان بىلەن ئىشلارنى شۇنداق جايىدا قىلىدىكەن، ئانام بىلەنمۇ ئوبدانلا ئۆتۈۋاتىدۇ. مەن كەچتە سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. كەچتە كۆرۈشەيلى... ئامان بول!

قۇتبىدىن ھاجىم تېلېفوننى قويۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ دادىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— دادا... قاچان كەلگەنىدىلە؟ كەلگەنلىرىنى بىلمەي

قاپتىمەن... كەلسىلە، ئولتۇرسىلا.

— نېمىنى يوشۇرۇۋاتىسىلەر؟ — باھادىرخان ھاجىم ئولتۇرمايلا ئوغلىدىن سوراشقا باشلىدى، — تۈنۈگۈن ئايالىڭنى نېمىشقا يۆتكىمەيسەن دېسەم، «تېخى ماغدۇرىغا كەلمەپتۇ، مىجەزى يوق ئىكەن» دەۋاتامتىڭ؟

باھادىرخان ھاجىمنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىسىلا قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى. شۇڭا، باللار بەزى ئىشلارنى دادىسىدىن يوشۇراتتى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم بولسا باللارنىڭ دادىسىغا دېمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، قىلىدىغىنىنى خاتىرجەم قىلىپ يۈرەتتى.

— چوڭ ئىشمۇ يوق، ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دادا.

باھادىرخان ھاجىم ھەممىنى ئاڭلاپ قالغاندەك ئىدى. دادىسىنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى قۇتبىدىن ھاجىمنى تەمتىرىتىۋەتتى.

— ماڭا دېگىنە ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ئائىلىمىزدىكى كىچىك ئىشنىمۇ مەن بىلسەم يامان بولماس؟ يا سەنمۇ يوشۇرۇپ يۈرىۋېرەي دەمسەن؟ سەن كىچىك ئىش دېگەنگىلا كىچىك بولۇپ قالمايدۇ، ھازىر ئاڭلىغانلىرىم خېلىلا يوغان ئىشلار.

قۇتبىدىن ھاجىم بەك تەپسىلي بولمىسىمۇ بولغان ئىشنى مۇنداقلا سۆزلەپ بەردى.

— دادا، ئانام شۇنداق كۆنۈپ قالغان، ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، بۇ ئىشنى ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئۆزۈم ھەل قىلىمەن.

— ئاناڭ ئۆلگەندە ئاندىن تويىدۇ ! — دېدى باھادىرخان ھاجىم زەردە بىلەن، — گۈلزىننەت خېنىمغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنى بىلمەيمەن، دادا، شەمشىدىن ھاجىم تېلېفون قىلسا تېلېفونى ئېتىكلىك ئىكەن، شۇڭا ئەنسىرەپ، بىرەر ئەھۋالنى بىلەمدىكىن دەپ ماڭا تېلېفون قىپتىكەن، كەچقۇرۇن پەرىدە

خېنىم بىر ئالاقىلىشىپ باقسۇن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ئاناڭ «مىجەزى يوق ئىكەن، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئارام ئالغىلى كەتتى» دەۋاتامتى؟

— كەچتە پەرىدە خېنىم ئالاقىلىشىپ باقسا بىلەلەيمىز، دادا. بەلكىم راستلا ئاغرىپ قالغان بولسا بۇ كەمگىچە ساقىيىپمۇ قالغاندۇ ...

باھادىرخان ھاجىم كۆپ گەپ قىلمىغان بىلەن ئاچچىقى ئوبدانلا كەلدى.

سۇلتاننىسىپ خېنىم كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ شۇنداق شۆھرەتپەرەس ئىدى. تېشىنى پەردازلاش بىلەنلا بولاتتىكى، ئىچىگە ئىلىپىنىڭ سۇنۇقىنى قاچىلاش خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

باھادىرخان ھاجىم سودىگەرچىلىك قىلىش جەريانىدا، ئۆزى بارغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنگەنىدى، شۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن پات - پات ئوقۇپ تۇرىدىغان ھەر خىل كىتابلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن بارا - بارا ئۇ كىتابلىرى يوقىلىپ كەتتى. نەگە كەتكىنىنى كېيىن بىلدى. بەزىلىرىنى سۇلتاننىسىپ خېنىم بالىلىرىغا ئوينىسۇن دەپ تاشلاپ بەرگەن، بەزىلىرىنى بالىلارنىڭ تەرىتىنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىۋەتكەنىدى.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ ياشلىقى كۆڭلى يېرىم ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ زامانلاردا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش دېگەن گەپ يوق بولسىمۇ، يەنىلا ئىلىملىك قىزلارمۇ بار ئىدى.

بىرنەچچە قېتىم بۇ خوتۇندىن ئاجرىشىپ كەتكۈسى كەلدى، لېكىن ئانىسى رەھمەتلىك: «دادىلىرىنىڭ كۆزى كۆرگەن كېلىن، بالىلارنى يېتىم قىلمىسىلا...» دەپ ئۇنى توسۇغاچقا، ھازىرغىچە ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ياشلىقىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ۋاقتى بەك ئاز ئىدى. ئۆيگە كىرسىلا خوتۇنىنىڭ قىلىقلىرى، گەپ - سۆزلىرى ئىچىنى پۇشۇراتتى، قىرىق يىلدىن

بىرى ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان «چاي، تۇي، كىيىم، پۇل، ئالتۇن...»لارنىڭ گېپى بۇ ئادەمنى مۇشۇ يېشىدىمۇ ئۇمىدسىزلەندۈرەتتى.

شۇڭا، شەمشىدىن ھاجىمنى ئۆيلەيدىغاندا نەچچە يىل ساقلىسىمۇ ئۆزىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلغانىدى. «بۇ خوتۇن ئۆزى قېرىسىمۇ خۇيى شۇ پېتى تۇردى.» ھاجىم بارا - بارا خوتۇنى بىلەن گەپ تالىشىشنىمۇ بىر خىل ئاۋارىچىلىك كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، كۆپ ئىشلارنى بالىلارغا بۇيرۇپ قويۇپ نەتىجىسىنى سۈرۈشتە قىلاتتى. ئۆزى خوتۇنى بىلەن ئەر - خوتۇندەك بىر يەرگە كېلىپ ئىشلارنى مەسلىھەت قىلىشمايتتى.

ئۇنىڭ يۈرىكى سانجىلىپ ئاغرىدى، بۇ ئاغرىق پەيدا بولغىلى ئۇزاق يىل بولغانىدى.

شۇ ئىشلارنى ئويلاۋېتىپ مۇھەببەتسىز ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ كۆزىنىڭ جىيەكلىرى قىزاردى.

«كاشكى، ھاياتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولغان بولسا ...»

پەرىدە خېنىم گۈلزىنىنەتتىن ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدى، «ھېچ ئىش بولمىدى، ئۇ ئۆيگە كېيىنرەك بارىمەن» دەپلا باشقا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— يېنىدا ئادەم بولسا گەپ قىلىش بىئەپ ئوخشايدۇ، كېيىن يەنە تېلېفون قىلىپ باقارمەن بولمىسا... — دېدى پەرىدە خېنىم قۇتبىدىن ھاجىمغا.

قۇتبىدىن ھاجىم ئىنىسىگىمۇ، دادىسىغىمۇ تۈزۈك جاۋاب بېرەلمىدى.

— گۈلزىنىنەت خېنىمنى يوقلاپ كەلدىڭمۇ؟ — باھادىرخان ھاجىم تېخىمۇ رايى قايتقان خوتۇنىدىن ناخۇشلا شۇنداق سورىدى.

— ياق...

— نېمىشقا؟ ئادەم دېگەن مۇشۇكى ئۆيدىن چىقىپ كەتسىمۇ دېرىكىنى قىلىدۇ. پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەم ئۆيدىن چىقىپ

كەتكىلى ھەپتە بولۇپ كەتسىمۇ، سۇرۇشتىسىنى قىلىپ قويمايدىغان ئىشما؟

— مېڭىپ چىقىپ كەتكەن ئادەم مېڭىپ قايتىپ كېلەلەيدۇ، ھاجىم. بېشىمنى ئۇرۇپ ئۇ يەرلەرگە بېرىپ يۈرگۈدەك ھالىم يوق مېنىڭ. ئۆز ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايدىڭ، ئاران تۇرىمەن مەنمۇ. نەچچە كۈن بولدى، مىجەزىم يوق، «نېمە بولدۇڭ، قانداق ئەھۋالىڭ» دەپ قويۇش يادىڭلارغا كەلمىدى سىلەرنىڭ! ئەمدى تۇنۇگۈنكى ماڭقا كېلىنلىرىگە شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈپ، غېمىنى يەپ كېتىپلا...

— ئاغزىڭنى يۇم! ساڭا گەپ قىلمىغان بولاي...

پەرىدە خېنىم ئەتىسى تېلېفون قىلىپمۇ گۈلزىنەتتىن بىرەر خەۋەر ئۇقالمىدى. «ئۆزۈم بېرىپلا كۆرۈشۈپ كېلەي» دېۋىدى، ئاينۇر خېنىم: «يېڭى تۇغۇتتىن قوپۇپ تېخى يۆتكەلمىگەن ئادەم تالادا يۈرسە بولمايدۇ» دەپ بارغۇزمىدى.

باھادىرخان ھاجىم پېشىندىن كېيىن تاكسىدىن بىرنى توسۇپ شەھەر سىرتىغا، قۇدىسىنىڭ يېڭى كۆچكەن ئۆيىگە ماڭدى. دادىسىنىڭ نەگە ماڭغىنىنى قۇتبىدىن ھاجىممۇ بىلەلمەيلا قالدى.

باھادىرخان ھاجىم بارغاندىن كېيىن زىبىرنىسا خېنىم دۇكانغا تېلېفون قىلىپ ھەسەن ھاجىمنى چاقىرتىپ كەلدى.

تاماقتىن كېيىن باھادىرخان ھاجىم:

— گۈلزىنەت خېنىم بالام، ئوڭلىنىپ قالغان بولسىلا قايتىپ كېتەيلىمۇ؟ ئاپىلىرىنىڭ مىجەزى يوق، كېلەلمىدى، شۇڭا بۈگۈن ئۆزۈم كەلدىم، — دېدى.

— ......

يەرگە قاراپ ئولتۇرغان گۈلزىنەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئاۋايلىمىسا ئىمتىھان كۈندىكىدەك ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ سۈپىنىڭ لېۋىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئىشلاردىن تېخىچە خەۋەر تاپمىغان زىبىرنىسا خېنىم:
— قوپىسلا، بالام، مىجەزىم يوق دەپ كەلگەنلىرىڭىمۇ بىر ھەپتىدىن ئېشىپ كەتتى. قانداق ئىش بولغان بولسا توگىدى. ھاجىمنى ساقلاتماي كىيىملىرىنى كىيىپ ماڭسىلا، — دەپ گۈلزىنەتنى كېتىشكە دەۋەت قىلىۋاتاتتى.
ھەسەن ھاجىم:
— زىبىرنىساخان، بالىنى ئەچىقىپ كېتىڭلار، مېنىڭ ھاجىم بىلەن قىلىشىدىغان ئازراق پارىڭىم بار ... — دېدى.
زىبىرنىسا خېنىم ئەندىكىپ ئېرىگە قاراپ دەقىقە تۇرۇپ قالدى - يۇ، يەنىلا رايىشلىق بىلەن گۈلزىنەتنى ئاچىقىپ كەتتى.
باھادىرخان ھاجىم بېرىپلا كېلىنىمنى ئەكېلىمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ھەسەن ھاجىمنىڭ ئايرىم پارىڭى بارلىقىنى ئاڭلاپ نېمە دەيدىغانلىقىغا قىزىققاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ قالدى.
ھەسەن ھاجىم گەپنى نەدىن باشلاي دېگەندەك بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى. باشقىلار خىجىل بولماستىن قىلغان ئىشلارنى ئۇ قۇدىسىنىڭ ئالدىدا دېيىشتىن يەنىلا ئويلىنىۋاتاتتى.
— ھاجىم، — ھەسەن ھاجىم ئاخىر گېپىنى باشلىدى، — مەن بالىلىرىمنى خېلى چىداملىق تەربىيەلىگەن، قىزلىرىممۇ ئانچىكى ئىشلارغا يامانلاپ كەلمەيتتى. بۇ بالا بىر كۈنى كەچقۇرۇن كۆز باغلانغاندا پەيدا بولۇپ قالدى. «مىجەزىم يوق» دېگەندىكىن ئارتۇق گەپ قىلمىدۇق. تۇرىۋەردى، كېيىن ئاچىسىدىن ئۇقسام، بالا سىلىنىڭ ئۆيدە خېلى كۆپ كۆڭۈل رەنجى تارتىپ قاپتۇ. بالىنىڭ كۆرگەن كۈنى ئۆزۈمگە ھېساب. لېكىن، سۇلتاننىسىپ خېنىمنىڭ ھاقارىتى يۈرەكلىرىمىزنى ئاغرىتىپ، بىزنى سىل قىلىۋەتتى. سىلى، بىز كۆپنى كۆرگەن، تىجارەت بىلەن جان ساقلاۋاتقان ئادەملەر كۆتۈرۈلۈپمۇ باققان، تۆۋەنلەپمۇ باقتۇق... بۇ ئىشلارنى بالىنىڭ پېشانىسىگە

قويۇشمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بىز ئۆلكىمىزدە بارنى چىقىرىپ تويىنى چىرايلىق قىلدۇق، بالىلار ئەپلىشىپ قالسىلا بولدى دېدۇق، نېمە تەلەپ قىلىشسىلا شۇنى بەجا كەلتۈردۇق، ھېچ نەرسىنى كەم قىلمىدۇق. ئاشۇنداق قىلىشىمىز مۇشۇ قىزىمىزنىڭ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق، تىلى ئۇزۇن بولۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ — ھەسەن ھاجىم ئالدىدىكى داستىخاندىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى، لېكىن تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ھەسەن ھاجىم، — دېدى باھادىرخان ھاجىم، — قىزىمىزنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قاپتۇمۇ؟ ئانىسىدىن سورىسام «مىجەزى يوق، ئارام ئېلىپ كەلگىلى كەتتى» دېسە، ئىشىنىپ، يوقلاپ كېلەي دەپ شۇنداقلا كەپتىمەن ئالدىلىرىغا...

— بولغان ئىشلار تولا، بىزمۇ تېخى ئەمدى ئاڭلىدۇق. ئازىنغا كەلگەنلىرىدە ئۆيدىن قىلىپ بەرگەن زەللە ھەربىرلىرىگە مەنزۇر كەلمەي بوسۇغىدىن قوغلانغان ۋاقىتلىرىمۇ بوپتۇ. پۇل زەللە قىلىنمىسا سىلىنىڭ بوسۇغىدىن كىرگىلى بولمايدىكەن. يېقىندىن بۇيان ئەھۋالىمىز سەل ناچار، شۇڭا بىچارە بالا بىزنى ئاياپ دېمەي كېتىپ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆيگە كىرەلمەي كوچىلاردا يۈرۈپتۇ، ھەربىرلىرىگە يارىغۇدەك زەللە تەييار قىلىش ئۈچۈن باشقىلاردىن پۇل قەرز ئاپتۇ... قىسقىسى، سىلىنىڭ ئۆيدە نان يەپ قېلىشقا شۇنچىلىك تىرىشىپتۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باھادىرخان ھاجىمنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، جۇدۇنى قىرىق گەز ئۆرلىدى، يۈرىكىگە نەشتەر سانجىلغاندەك بىئارام بولدى.

ھەسەن ھاجىم بېشىنى تۆۋەن قىلىپ داستىخانغا قاراپ ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— نەق گەپكە كەلسەم، بۇ ھېيتتا بىز بالىلارغا ھېيتلىق

قىلىپ قويغان نەرسىلەر سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ نەزىرىگە ئىلىنماپتۇ. بىز نوركا پەلتو ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن قىزىمىز يەنە ئۆيدىن قوغلىنىپتۇ. بىزدەك سېرىقتال ئادەملەر سىلەردەك بايلار بىلەن قۇدا بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسكەنمىز، قىزىمىز گۈلزىننەتنىڭ نوركا پەلتوسى يوق بولغاچقا شەمشىدىن هاجىمغا ماس كەلمەيدىكەن... شۇڭا ئۆيدىن هەيدىلىپ قايتىپ كەپتۇ. سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ دېيىشىچە، هەركىم ئۆز خىلى بىلەن ياشىشى لازىممىش، بۇ توي خاتا بولۇپ قالغانىمىش، ئەگەر بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، سىلەرمۇ، بىزمۇ كۆپ قىيىنىلىپ كېتەرىمىشمىز... شۇڭا، قىزىمىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ... هاجىم، بولغان ئىش مۇشۇ. بالىنىڭ سالامەت ئۆيگە كەلگىنىگە شۈكۈر قىلدۇق... كەم ئەقىللىك قىلىپ بىرەر ئىش تېرىپ قويغان بولسا بۇ بالانى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەتتۇق دەيلا.

باھادىرخان هاجىمنىڭ يۈزىدە چۈمۈلە ماڭغاندەك بولدى، قېنى يۈزىگە تېپىپ خىجىلچىلىقتا ۋىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى، نەچچە قېتىم پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.

ئۇ هەممە ئېھتىماللىقنى ئويلاپ كۆرگەنىدى ـ يۇ، خوتۇنىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئاچ كۆزلۈكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. هەرقانچە ئويلاپمۇ بايىقى گەپلەرگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى، لېكىن ئاق ساقال بولۇپ قالغان قۇدىسى ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىمەيتتى.

هەسەن هاجىم گەپىنىڭ داۋامىنى سۆزلەۋاتاتتى:

— قىزىم سىلەرگە يارىمىغان بولسا، ئۆزۈمگە يارايدۇ. ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسى ساق، ئەقىل ـ هوشى جايىدا. ئەگەر ئۇنداق بولماي پەقەت تىنىقى چىقىپ تۇرىدىغانلا هالەتتە بولسىمۇ يەنىلا مېنىڭ قىزىم. تۇنجى قېتىم يامانلاپ كەلگەن قىزنى ئاپىرىپ قويىدىغان قائىدە بار ئىدى، لېكىن بالىنى سۇلتانىنىسىپ خېنىم قولىدىن تۇتۇپ ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ، شۇڭا ئېلىپ بارساقمۇ

كەينىمىزگە سېلىپ قويمىسۇن دەپ ئالدىلىرىغىمۇ بالىنى ئېلىپ بارمىدۇق ... قارىسىلا، ھاجىم، بىز تۇز قويۇپ ئەتكەن تاماقنى يەرگە ئاتقۇدەك ھالغا كەلدۇقمۇ؟ بۇ كۆپۈرلۇق ئەمەسمۇ؟ بالا كىچىكلىكتە خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، لېكىن قىزىق ئاشنى مۇشتتەك بالىنىڭ بېشىغا ئاتىدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟

ھەسەن ھاجىم ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالسىمۇ ئاۋازى تىترەپ كۆزلىرى نەملەشتى، ئىچ ـ ئىچىدىن چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، ئۇ يەنە كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ:

— بالىدىن ئۆتكەن يېرى بولسا مەن ناماقۇل، بىزدىن ئۆتكەن بولسىمۇ رازى بولۇپ كەتسىلە ... بالا قېلىپ قالسۇن، ھاجىم! مەن بالىنى سىلىگە بەرگەن. توغرىسى سىلىگە ھۆرمىتىم بار ئىدى، شۇڭا خۇشاللىق بىلەن قىزىمنى ئۆزلىرىگە باللىققا تۇتقانىدىم. بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمىز. راست، قائىدە ـ يوسۇنلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ، لېكىن بىز ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان ئادەملەرمۇ شامالغا ئەگىشىپ كەتسەك بولمايتتى. بىر قاچا ئاش، بىرەر قۇر كىيىم ئۈچۈن باللىرىمىزنى بەختسىز قىلىۋەتسەك بولمايتتى. ياشلارمۇ ئۆز يولىنى تېپىۋالغۇچە بىزدىن ياخشى ئىشلارنى كۆرسە بولاتتى. خەق نېمە قىلسا بىزمۇ شۇلارنى دورامدۇق، ھاجىم؟ چوڭ ئىش قىلالمىساقمۇ ياخشى ئىشقا باش بولۇشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

ھەسەن ھاجىم يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ باھادىرخان ھاجىمغا تىك قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قەتئىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

نومۇستىن باھادىرخان ھاجىمنىڭ ۋۇجۇدى كۆل بولدى. بۇ ئۆمرىدە ئۇ بۇنداق خىجىلچىلىقتا قېلىپ باقمىغانىدى. ئۇ قىزلىرى يوق ئۆي چۆلدەرەپ تۇرغاندا كۆرگەن بۇ كېلىنلىرىنى ياخشى كۆرەتتى.

ئامۇتتەك ئەتلىمە گۆشنى بېقىپ، چوڭ قىلىپ، بەرنا بىر قىز قىلىپ ساڭا بەرسە، ئۇ قىز ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى تاشلاپ كېلىپ خىزمىتىڭنى قىلسا، بالا تۇغۇپ ئەۋلادلىرىڭنى كۆپەيتىپ بەرسە، يەنە ئۇنى «ئۇنداق، مۇنداق» دېيىشكە ھەققىڭ بارمۇ؟ يەنە شۇنداق ناشۇكۇر گەپلەرنى قىلىشقا تىلىڭ بارامدۇ؟ دىلىڭ كۆيمەمدۇ؟ ئادەمدە ھەممە نەرسە تۈگەپ كەتسە مەيلى، لېكىن يۈرىكىدىكى مۇھەببەت يوقىلىپ كەتسە بولمايدۇ. ئار ـ نومۇس يوقىلىپ كەتسە تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئۇ خوتۇنىنىڭ ئالتۇن جابدۇق، پۇل ـ پۇچەك، لاتا ـ پۇتا، كىيىم ـ كېچەك، چاي، تويلارغا سەۋدايىلارچە ئىشقى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بۇلارنى ھەرقانداق ئائىلىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر بار بولغان بىر خىل نورمال ئىستەك دەپ قاراپ كەلگەن، لېكىن ئائىلىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئاچ، تويماس، قىسقىسى، نومۇسسىزلىشىپ كەتكىنىنى سەزمىگەنىدى.

باھادىرخان ھاجىم ناھايىتى تەستە ئېغىز ئاچتى:

— ھەسەن ھاجىم، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن، ئالدىلىرىدا كۆپ خىجىل بولدۇم. ئۇ ناكەس خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن... سىرتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ بالىلارغا كۆڭۈل بۆلەلمەپتىمەن. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— ھاجىم، سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. قانداق ئائىلىنى قولىدىن تۇتۇپ ئىشىكتىن چىقىرىۋېتىدۇ؟ قىزىمىزنى قايسى گۇناھىغا سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپتۇ؟ بۇ ئىش بىزگە بەك ھار كەلدى. ئەل ـ جامائەت ئاڭلىسا بىزگە نە ئات، نە نومۇس؟ بىرەر چوڭ گۇناھى بولمىسا ئىشىكتىن چىقىرىۋېتەمدۇ دېمەسمۇ؟ ئويلاپ باقسىلا، بۇ كىچىك ئىشمۇ؟

باھادىرخان ھاجىمنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى، خىجىلچىلىقتا تىلى كالۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى :

— ھەسەن ھاجىم، بۇگۈنچە گۈلزىنىنەت خېنىم مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن... ئۆزلىرىگە باشقىدىن ئۆزرە قويىمەن، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

ھەسەن ھاجىمنىڭ قىزىنى بىتەلەي قىلىپ قويغۇسى كەلمەيتتى، لېكىن تارتقانلىرىنى ئويلىسا بوپتۇ دەپ قوشۇپ قويغۇسى يوق ئىدى.



# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## زاۋالدا

ھەسەن ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ، تاشبەگنىڭ ئۆيىگە بارغان باھادىرخان ھاجىم ھەممە ئادەمنى چىقىرىۋېتىپ پەردە خېنىم بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشتى. پەردە خېنىم «ھېچنېمە دېمەيمەن، بولمىسا گەپلىرىمنى ئاڭلىغان قېينئاتام قېينئانامغا خاپا بولسا، ئاران ياخشىلانغان ئارىلىق يەنە بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قېينئانام مېنى باللىرىم بىلەن يەنە ئۆيدىن ھەيدەيدۇ» دەپ قورقۇپ تۇرۇپمۇ يىغاندا بەزىبىر گەپلەرنى قىلىپ سالدى.

باھادىرخان ھاجىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۆمۈر بويى يىغىلغان بارلىق ئاچچىق بوغۇن زەھەرگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغاندەك قىينايتتى.

— سۇلتان! بۇياققا چىق! — دېدى ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ بارلىق زەردىسىنى ئاۋازىغا يىغىپ.

— خوش، ھاجىم، — سۇلتانىسىپ خېنىم بىرەر خۇش خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن تەييارلانغاندەك لەرزان قەدەملەر بىلەن ھويلىغا چىقتى.

— ھەي، دۆيۈز! — دېدى ھاجىم خوتۇنىغا ھېلىلا ئېتىلىدىغان تاپانچىنىڭ ئىستوۋۇلىدەك قادىلىپ، — دېگىنە، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ؟

— ئۆزلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن يۈرۈۋاتىمەنغۇ، ھاجىم، —

ئەندىكىپ سورىدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم، — بىرەر يامان گەپ ئاڭلاپ قالمىغانلا؟ چىچىلمىسىلا، قان بېسىملىرى ئۆرلەپ قالىدۇ.

سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئېرىنىڭ زاۋال ۋاقتىغا ئوخشاش قارىداپ كەتكەن چىرايىغا، ئاچچىقتىن چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان قەھرلىك كۆزلىرىگە ئەيمىنىپقىنا قاراپ قويدى.

— قان بېسىمىمنى ئاللىبۇرۇن ئۆرلىتىپ بولدۇڭ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان تويماس. گېپىمگە جاۋاب بەر ! نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۇرۇۋاتىسەن دەۋاتىمەن؟

سۇلتانىنىسىپ خېنىمنىڭ يۇرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

باھادىرخان ھاجىم خوتۇنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغاندەك تىنىقلىرىدىن ئاتەش پۇركۇلەتتى.

ئالدىنىش ھەر قانداق ئادەمنى ئوق تەگكەن ياۋايى ھايۋاندەك غالجىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بىر ئۆمۈر ئىشەنگەن ئادەملىرى تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلىش تېخىمۇ يامان.

— ھاجىم، ئۇۋال قىلىۋاتىدىلا، مەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، مۇشۇ ھويلىدىن چىقماي ياشاۋاتسام، دۆيۈز دېگەنلىرى نېمىسى؟ !

سۇلتانىنىسىپ خېنىم يۇزىگە قاس قىلىپ تەگكەن تەستەكنىڭ قانداقلارچە تەگكىنىنى بىلىشكىمۇ ئۇلگۇرمەي يۇزىنى تۇتۇپلا قالدى.

— ھويلىدىن چىقماي تۇرۇپ قىلىۋاتقانلىرىڭمۇ بىر جاللاتنىڭ قىلمىشلىرىدىن قېلىشمايدۇ. گەپ ئوينىتماي، راست گەپ قىل ! كېلىنلەرگە نېمە كۇنلەرنى كۆرسەتتىڭ؟ قۇدىلارنى نېمە كويلارغا سالدىڭ؟ مەھەللە ـ كوينىچۇ؟ ھۇ ئاغزىدا قىلىچى بار جاللات !

باھادىرخان ھاجىم ھېچقاچان ئۇنى ئۇرۇپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتىكى چىرايىمۇ شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىدى. سۇلتانىنىسىپ

خېنىم يىغلىغانچە ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەيتتى.

— كېلىنلەرگە نېمە قىپتىمەن؟ ئۆز قىزىمدەك كۆرۈپ، «ۋاي بالام» دەپ ئۆتۈۋاتىمەنغۇ! كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىرەر گەپ قىلىپ باقمىدىم.

— سۇلتان، مەن سېنى قىلغانلىرىنى ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ باقسۇن، دېيىشكە يۈزى چىدامدۇ، چىدىمامدۇ دەپلا سوراۋاتىمەن. قىلىشتىن قورقمىغان ئادەم دېيىشتىن قورقامسەن؟

هاجىم سەل پەسكويغا چۈشتى. ئالەم قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى، شەھەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا سۇلتانىنىسىپ خېنىمغا ھەممىدىن بەك ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئاڭلىناتتى.

— تۈز كورلار! چېقىشتۇرۇپتۇ - دە... — دەپ غودۇڭشىدى سۇلتانىنىسىپ خېنىم، — ھەممىدىن يامىنى شۇ گۈلزىننەت دېگەن مېكىجىن. ئۇ تېخى كىچىك، چوڭ بولۇۋالسۇن دەپ قىلمىغىنىم قالمىدى، يەنە چېقىشتۇرغىنىنى...

ئۇ ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى. لېكىن، ئەمدى قورققان بىلەن ھېچ نەرسىنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى.

— تۈزكور ئۇلار ئەمەس، سەن! — دېدى هاجىم دانە - دانە قىلىپ، — ئۇلار چېقىشتۇرمىدى. ئەكسىچە سېنىڭ قىلغانلىرىڭغا چىدىدى، سۈكۈت قىلدى، سېنى ئىنسابقا كېلىپ قالار دەپ ساقلىدى. سەن مېنى ئاڭلىمايدۇ، بىلمەيدۇ دەپ قىلغان ئۇ سەتچىلىكلەرنى مەن يەنىلا ئاڭلاپ قالدىم، لېكىن تولىمۇ كېچىكىپ ئاڭلىدىم. مەن بىلمىسەملا ھېسابما؟ جاھاننىڭ ئىگىسى يوقمۇ؟ سەن نېمە قىلدىڭ، دەپ باقە، ھەي تويمىغۇر، دەپ باقە! «بالام» دەپ تۇرۇپ ئۇلارغا نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ بالىسىغا كىم شۇنداق قاتتىقلىق قىلىدۇ؟ خەقنىڭ قىزى سېنىڭ قۇلۇڭما؟ سېنىڭ ئىككى قىزىڭغا خەق شۇنداق مۇئامىلە قىلسا سەن چىدامسەن؟... سەن قاچان تويىسەن - ھە؟ سېنىڭ نېمەڭ كەم؟ سەن گۆرۈڭگە ئەكېتىش ئۈچۈن شۇنداق كۆپ لاتا - پۇتا

يىغىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا قانچە قېتىملاپ دېدىم «قۇدىلارغا بېسىم قىلما، خەقنى دورىما، خەق قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى، سەن خەق ئەمەس، مېنىڭ خوتۇنۇم، مېنىڭ دېگىنىمنى قىل» دەپ. جىيەن ئوغۇللىرىڭنىڭ توپلىرىدا شۇنداق سەت قىلىقلارنى قىلىپ، تويىنى بۇزۇپ دەككەكنى يېگەندىن كېيىن تۈزەلگەندۇر دەپ يۈرسەم، ئەمدى خىزمىتىڭنى قىلىپ، ئېشىڭنى ئېتىپ، كىرىڭنى يۇيۇپ يۈرگەن بالىلارغا نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ ئۇلارنى شۇنچە قىيىنىغۇدەك ئۇلار ساڭا نېمە گۇناھ قىلدى؟ سەن كىشىلەر ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمنى قويمىدىڭ. ھەممە ئادەمنىڭ مەسخىرىلىك كۆزلىرى ماڭا قادالسىمۇ بىلمەي يۈرۈپتىمەن، ناكەسلىكلىرىڭنى سەزمەي يۈرگەنلىرىمنى نېمە دەي؟ !...

باھادىرخان ھاجىم بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ خوتۇنىغا قارىدى. خۇددى سۇلتانىسىپ خېنىمنىڭ كۆزلىرىدە قىلمىشلىرى خاتىرىلەپ قويۇلغاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى. سۇلتانىسىپ خېنىم كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ھاجىم كەينىگە ياندى.

— دەپ باقە، گۈلزىنىنەت خېنىم قېنى؟ بۇ ئۆيدىن نېمىشقا كەتتى؟ ئۇنى نېمىشقا ياندۇرۇپ كەلمەيسەن؟ ئەمدى ئۇچۇرما بولغان باچكىدەك ئاشۇ قىز بالىغا نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتتىڭ؟ پەرىدە خېنىم ئۈچ بالا بىلەن نېمىشقا ئۆز ئۆيىگە تېخىچە كېلەلمەيدۇ؟ دېگىنە، سەن ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىنى باشقۇرىدىغان قازىئاخۇنۇم ئەمەسمىدىڭ؟ دەپ باقە... دېمەمسەن ! ئىسىت ! ئىسىت ! سېنىڭ ئادەم بولۇپ قالغىنىڭ، ئىسىت ! ئانا بولۇپ قالغىنىڭ، ئىسىت ! سەن نېمە كۈن كۆرسەڭ نەپسىڭدىن كۆرىسەن. سەن قانداق قىسمەتكە دۇچار بولساڭ، شۆھرەتپەرەسلىكىڭ، تويماسلىقىڭ، پەسلىكىڭدىن كۆرىسەن... — باھادىرخان ھاجىم قوللىرىنى شىلتىپ زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — ھەي ! بىز بىرەر يەردىن زەللە كەلمىسە ئاچ قالغۇدەك ھالەتتىما؟ مەن ھەر يىلى تۇتام ـ تۇمام پۇلنى زاكات

ئايرىيمەن، يېتىملەرگە، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە بېرىمەن. سەن بولساڭ باشقىلاردىن زەللە تىلەپ يۈرىسەن؟... قارا، ماۋۇ نومۇسنى ! قارا، ھەي، كېلىنلەر زەللە دەردىدىن قورقۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگىلىمۇ بارالماس بولۇپ كېتىپتۇ. مۇشۇ مېنىڭ ئۆيۈمدىكى ئىشلارمۇ؟ ئاشۇلار مېنىڭ بەگزادىدەك ئوغۇللىرىمنىڭ خوتۇنلىرىمۇ؟ مەن يەنە يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ مۇشۇ شەھەردە ياشىدىممۇ؟ تېخى ئالىدىغان زەللەڭنىڭ تۈرى، دەرىجىسىنى بېكىتىپ بېرەرمىشسەن . پۇل ! پۇل ! پۇل !... سېنىڭ پۇلۇڭ كەمما؟ سەن پۇل دېسەڭ بەرمىگەن، سېنى قىسىپ قويغان يېرىم بارمۇ؟ مەن بۇ شەھەردە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ئۆزۈمنى ئادەم ئېتىپ يۈرگەن بىلەن سېنىڭ ھاقارىتىڭدىن قۇتۇلالماپتىمەن. سېنىڭ مەندە ئالالمىغان ئۆچۈڭ بارمىدى؟ نېمىشقا مېنى بۇنداق خورلايسەن؟ نېمىشقا غۇرۇرۇم، ئابرۇيۇم بىلەن ئوينىشىسەن؟ ئۆيۈمدىكى، نىكاھىمدىكى قىرىق يىللىق خوتۇنۇمنى گەپكە كىرگۈزەلمەيتىمەن. مەن ئاق قىل دېسەم، سەن قارا قىپسەن. نېمىنى قىلما دېسەم سەن دەل شۇنى قىلىشقا خۇشتار ئىكەنسەن. «قىل» دېگەننى قىلماي، «قىلما» دېگەننى قىلىشقا ئەجەب ئامراقكەنسىنا، سەن؟ ماڭا بۇ شەھەرنى ھارام قىلدىڭ. ئەل ـ جامائەت ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلىكىمنى قويمىدىڭ، سېنىڭ قىلىۋاتقان پەسلىكىڭنى پۈتۈن شەھەر بىلىدىكەن، مەنلا بىلمەيدىكەنمەن. ساڭا گەپ ئاڭلىتالمىغۇدەكمەن، مەن سېنى «ئادەم» قىلىپ بولالمىغۇدەكمەن. مېنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمنى سېنىڭ تويماس نەپسىڭ يەپ بولغۇدەك.

باھادىرخان ھاجىم تۆكۈلگەن ئابرۇيىغا، دەز كەتكەن غۇرۇرىغا، ئالدانغان شۇنچە يىللىق ئەقىدىسىگە ئېچىنىپ كېچىگە تايىن تېپىۋاتقان قاراڭغۇ ئاسمانغا قارىدى. كۆزلىرى قىزىرىپ، چېكىلىرى چىڭقىلىشقا باشلىدى. يۈرىكى يەنە بايىقىدەك قالايمىقان سوقاتتى.

— يوقال ! — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرغان سۇلتانىنىسىپ

خېنىمغا، — مېنىڭ ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال! تالاق! ھازىردىن باشلاپ سەن تالاق!!!...

ھاجىمنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ھاردۇق يەتكەندەك، ماغدۇرى ئۈزۈلگەندەك تولىمۇ بوش چىقتى. لېكىن، يېقىنلا يەردە تۇرغان سۇلتانىنىسىپ خېنىم ئېنىق ئاڭلىدى. قۇلىقى بىلەن ئەمەس، ئات چاپقاندەك تاراسلاپ سوقۇپ مەيدىسىنى ئېچىشتۇرىۋاتقان يۈرىكى بىلەن ئاڭلىدى.

كۈن ئولتۇرۇپ، بۇ يوغان ھويلا تامامەن زاۋال ئاستىدا قالغانىدى. كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان بۇ زەردار ئائىلىدە زاۋالنىڭ قانىتى ئاستىدا مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى.

باھادىرخان ھاجىم قىرىق يىللىق ئايالى، ھاياتىنىكى ھەمراھى، تۆت بالىسىنىڭ ئانىسىنى تالاق قىلىۋەتتى. بۇ گۇناھلىق سۆز ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتتى، ئۆزىمۇ بىلەلمەيلا قالدى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم تۇرغان جايىدا خۇدىنى يوقىتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## دىل رەنجى

دۇكاننى تاقاپ كەلگەن قۇتبىددىن هاجىم هويلىدا سوزۇلۇپ ياتقان، چىرايى، لەۋلىرى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن ئانىسىنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كەتتى:

— ئانا، ئانا! نېمە بوللا، ئانا!

قەددى پۈكۈلگەن، مۈرىلىرى پەسلىگەن، كۆزلىرى خۇننى يوقاتقان باھادىرخان هاجىم روھى چىقىپ كېتىپ تېنىلا قالغاندەك، سۈپىدا ئۇلارغا قاراپ جىممىدە ئولتۇراتتى. جىددىيلىشىپ كەتكەن قۇتبىددىن هاجىم دادىسىنى كۆرمەي شۇنداق ۋارقىراپ كەتكەنىدى.

ئەنسىز چىرقىراپ كەلگەن تېز قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ ماشىنىسى كوچا دوقمۇشىغا ئاچىقىلغان سۈلتاننىسىپ خېنىمنى دوختۇرخانىغا ئەكەتتى. دوختۇرنىڭ: «قان بېسىمى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ. قاننىڭ توختىغان ياكى داۋاملىق چىقىۋاتقانلىقىنى تېخى بىلمەيمىز، ئاۋۋال ئىغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش ئۆيىدە كۆزىتىمىز، تەكشۈرىمىز، داۋالايمىز... لېكىن قانداق ئاقىۋەت كېلىپچىقىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمىز» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئاينىگار خېنىم بىلەن قۇتبىددىن هاجىم ۋە تۇغقانلار يىغلىدى، قاقشىدى، لېكىن ساقلاشتىن باشقا ھېچ ئامال قىلالمىدى.

— قۇتبىددىن هاجىم، مەينىگار خېنىم بىلەن شەمشىددىن

ھاجىمغا تېلېفون قىل، دەرھال كەلسۇن، — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان باھادىرخان ھاجىم.

ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانىنىسىپ خېنىم كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، بۇرۇن، بىلەك، كۆكرەك، پۇتلىرىغا چېتىپ قويۇلغان سىملارنىڭ ئارىسىدا ئۇخلاۋاتقاندەك بىر خىللا ياتاتتى، ئۇلار كۈندە بىر - ئىككى قېتىم كىرىپ يوقلاپ چىقىپ، كارىدوردا ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى.

پۈتۈن جەمەت قوزغىلىپ دوختۇرخانىغا يىغىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەينىگار خېنىم بىلەن شەمشىدىن ھاجىممۇ قايتىپ كەلدى.

باھادىرخان ھاجىم بىر كۈنى ئەتىگەندە بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە يىغدى.

ئۇ، سۇلتانىنىسىپ خېنىم يىقىلىپ چۈشكەن شۇ كۈندىن بۇيان كۆپ گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قارىغان ئادەمگە چوڭقۇر قايغۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بالىلىرىنى چۆرىسىگە يىغىپ ئولتۇرۇپ:

— بالىلىرىم، مەن ئەمدى ھەممە ئىشلارنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى، ھەممىنى! — دېدى بالىلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ، — گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پىكىرىڭلار بولسا ھازىر دەڭلار، ۋاقتىدا دېمەي كېيىن نارازى بولۇپ يۈرمەڭلار، — ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئويچان كۆزلىرى بىلەن بالىلىرىغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى، — قۇتبىدىن ھاجىم، شەمشىدىن ھاجىم، سىلەر بارلىق مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، سەرمايىنى بېكىتىپ، دۇكاننى شىركەت قىلىپ، پىلانلىغىنىڭلار بويىچە ئەنگە ئالدۇرۇڭلار. ئاندىن ئېنىقلاپ چىققان مۈلۈكنى ئالتە ئوق قىلىپ بۆلۈڭلار، بۇ مەندىن سىلەر تۆت بالىغا قالغان مىراس.

ئۇ قىزلىرىغا قارىدى، قىزلار ئۈنسىز يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— مەينىگار خېنىم، ئاينىگار خېنىم قىزلىرىم ... سىلەر

ئۆزۈڭلارغا بۆلۈنگەن تېگىشلىك مىراسنى ئېلىۋالىمىز دېسەڭلارمۇ مەيلى، ئېلىۋالمىساڭلار شىركەتتىكى مەبلىغىڭلار ھېسابىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى رامىزاننىڭ 25 ـ كۈنى ھېساب ـ كىتاب قىلىپ پايدا ئايرىڭلار، ئايرىلغان پايدىنى يەنە ئالتىگە بۆلۈڭلار، پايدىنى ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلار ئىشلەتسۇن، ئىشلەتمەيدىغانلار نىڭكىنى ئەسلىدىكى مەبلىغىگە قوشۇپ قويۇڭلار، شىركەتتە ئايلىنىپ تۇرسۇن. ئاناڭلارنىڭ ھەققىنىمۇ مۇشۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭلار... ساقايغاندىن كېيىن قانداق قىلىشنى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ.

— دادا، بۇ نېمە دېگەنلىرى، سىلىچۇ؟ — مەينىگار خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — سىلى يۇت دەسسەپ تۇرسىلا، بىز مىراس بۆلۈشۈپ يۈرمەيمىز... ئۇنداق گەپ قىلىپ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلمىسىلا. ئانامنىڭ كېسىلىمۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدىغۇ ھازىر ! ئانام ئاغرىپ قالغانغىلا مىراس بۆلۈپ يۈرسىلە بىزگە ئېغىر كەلمەمدۇ؟

مەينىگار خېنىم بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۈلگۈرۈپ بولالمايۋاتاتتى. تېخى ئالدىنقى كۈنى تېلېفوندا خەۋەرنى ئاڭلاپلا يېتىپ كەلگەندىن بېرىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدى. ئەمەلىي ئەھۋالنى باھادىرخان ھاجىم ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدى.

باھادىرخان ھاجىم ھەممىنى ئويلاپ، دىتلاپ قويغاچقا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەينىگار خېنىم، ئاينىگار خېنىم، سىلەر بۈگۈنلا بىرىپ پەرىدە خېنىمنى بالىلىرى بىلەن يۆتكەپ ئەكېلىپ قويۇڭلار. بۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ قالسا بولمايدۇ.

ئۇ شەمشىدىن ھاجىمغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، بۇ ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىغا تەققاسلايتتى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېسە قانداق بولار؟ روھ زېدىسى بولۇپ يۈرەرمۇ ؟ ئۇ ئانىسىغا ھۆرمىتى بار بالا، ئانىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. خوتۇنىنىمۇ بەك

ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدا كېلىپچىققان ئىش بۇ ئائىلىنى باشقىچە بىر ياشاش يولىغا سېلىۋاتىدۇ، ئۇ بۇ ئىشنى بىلسە قانداق مۇئامىلىدە بولار؟ سۇلتاننىسىپ خېنىم ساقايسا گۈلزىننەت خېنىمغا قانداق مۇئامىلە قىلار؟ يەنىلا دېمىگىنى تۈزۈك. شەمشىدىن ھاجىم ئايالى بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدا سىقىلمىسۇن، ئايالىغا يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە سوغۇقلۇق ساقلىنىپ قالمىسۇن. ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى ئۆچۈپ كەتمىسۇن. ئانا بالىنىڭ غۇرۇرى. ئۇ غۇرۇرىنى يەنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ ياشاۋەرسۇن. كۆزى چۈشۈپ كۆڭلى سۆيۈنگەن ئايالىدىنمۇ رايى قايتمىسۇن.

باھادىرخان ھاجىم ئاخىر كۆڭلىدە ئويلىغان قارارىنى ئېيتتى.

— شەمشىدىن ھاجىم، سەن ئايالىڭنى ئېلىپ تۈركىيەگە چىقىپ شۇ يەردىكى دۇكاننى باشقۇرغىن، ھېساب - كىتاب باش شىركەت بىلەن بىردەك بولىدۇ. تۈركىيەدىكى ئۆينى سەن تۇتۇپ قال، كېيىنچە قايتىپ كەلگۈڭ كەلسە قايتىپ كېلەرسەن، ئامال بار ئاچاڭنى ئۇ يەردە يالغۇز تاشلىما. نەچچە ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن بۇ ئۆيدە چىراغ ئۆچۈپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەمدى بۇ چىراغنى قۇتبىدىن ھاجىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز. بۇ ئۆي نەۋرىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا داۋاملىق كۆكلەپ تۇرسۇن. قۇتبىدىن ھاجىم، سەن مۇشۇ ئۆينى تۇتۇپ قال. قېرىنداشلىرىڭ قاچان خالىسا كېلىپ ئازنا قىلىپ، ھېيتلاپ، خالىغاندا كېلىپ - كېتىپ تۇرسۇن. ئىزىمىزنى بېسىپ، چىرىغىمىزنى ئۆچۈرمەي ياشاڭلار.

باھادىرخان ھاجىم سۆزلىگەندەك قىلغان بىلەن ئاۋازى ماغدۇرسىز، كۆزلىرىنىڭ نۇرى كۈچسىز ئىدى. بەزىدە گەپ قىلىۋېتىپمۇ خىيالغا كېتىپ توختاپ قالاتتى.

— قىزلىرىم، سىلەرنى ئۆيلۈك قىلىپ بولغان، شۇڭا بۇگۈن

ئۆي بۆلۈپ بەرمىدىم. مەندىن رەنجىپ قالماڭلار. ئېھتىياجدىن ئارتۇق مۈلۈك ئايال كىشىنى ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، شۆھرەتپەرەس قىلىپ قويىدۇ. مۇھىمى، ئايال كىشىنىڭ بايلىقى كۆپ بولۇپ كەتسە ئېرىگە تىك باقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالام، ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمى، شۇڭا شۇ ئەرنى ئەردەك ياشىغىلى قويۇشى كېرەك. بويۇنتاۋ، بەڭباش، ئېرىنى ھۆرمەتلىمىگەن ئايالنىڭ پەرزەنتى ياخشى تەربىيە ئالالمايدۇ، ئائىلىسى روناق تاپمايدۇ. ئۇنداق ئايال مەڭگۈ ئۆز بەختىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا، قەدىر - قىممىتىڭلارنى ساقلاپ ياشاڭلار ھەم سىلەرنى قەدىرلىگەن ئادەملەرنىمۇ قەدىرلەشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئەرلىرىڭلاردىن يوشۇرۇنچە ئۇلارنىڭ لەۋزىگە يات ئىش قىلماڭلار... ئاناڭلار ساقايسا تاختا كۆۋرۈكتىكى ئۆينى جابدۇپ تۇتۇپ بېرىڭلار، ئۇ شۇنىڭ مۈلكى...

— دادا! بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ سىلىچۇ؟ سىلى نەگە بارىلا؟...

— دادا، نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى دېسىلە ھەل قىلغىلى بولماسمۇ؟ نېمىشقا ئائىلىمىزنى سورۇۋېتىلا؟

— دادا، بىزنى بۇنداق تاشلىۋەتمىسىلە...

بالىلارنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، يۈرىكى پۇچىلاندى. شۇنچە شۆھرەتلىك بىر ئائىلە تۇيۇقسىزلا بۆلۈنۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

— ھەرقانداق يوغان دەرەخمۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭمۇ سايىسى ئۆزىگىمۇ يەتمەيدىغان كۈنلىرى بولىدۇ. مەن بەك چارچاپ كەتتىم. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ تىجارەتنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردىم. مېنىڭ تېگىشلىكىم شىركەتتە تۇرۇۋېرىدۇ، ئۆمرۈم بولسا، قايتىپ كېلەلىسەم خىراجەت قىلارمەن، ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىسا ئۆيلىنەلمىگەن يېتىم ئوغۇللارنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، ياشاش يولى تاپالمىغان قىزلارنى ياخشى يولغا سېلىپ قويۇڭلار... ئاناڭلارنىڭكىنى ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلسۇن.

— دادا ...

— دادا!

— دادا، ئۇنداق قىلمىسىلا، بىزنى بۇنداق تىرىك يېتىم قىلىۋەتمىسىلە، ئانام ئاغرىق ياتىدۇ. ئەمدى سىلى نەگە بارسىلا، دادا؟ بىرەر ئىشتىن قاتتىق رايىلىرى قايتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ... نېمە ئىش بولدى، دادا؟ بىز سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان ۋاقىت كەلگەندە بىزنى بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلمىسىلا، — ئاينىگار خېنىمنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقاتتى، يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىغا يالۋۇراتتى، — دادا، ھەرقانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا بىز بىرلىكتە ھەل قىلايلى. ئۇنداق قىلمىسىلا، دادا! بىزنى يېتىملەردەك باشپاناھسىز تاشلىۋەتمىسىلە... دادا، مەن يالۋۇراي، دادا، ئۇنداق قىلمىسىلا...

مەينىگار خېنىممۇ يىغلاۋاتاتتى، ئوغۇللار يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرەر دېگەندەك دادىسىغا قاراپ مۆڭگۈدەك چۆكۈپ كەتكەنىدى.

قۇتبىدىن ھاجىم ھەر دائىمقىغا ئوخشاش ئۆزى بىلگەن ياكى ھېس قىلغانلىرىنى يەنىلا كۆڭلىگە كۆمۈپ دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

شەمشىدىن ھاجىم ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە قانداق قىلىمىز دېگەندەك قارايتتى، كىمدىن نېمە دەپ مەدەت تىلەشنى، قانداق قىلىپ بۇ ئائىلىنى بۇرۇنقى سەلتەنەتنى بويىچە ساقلاپ قېلىشنى بىلمىگەندەك ئىلاجسىز ھالدا ئىدى.

باھادىرخان ھاجىم ئۆيگە كىرىپ كېتىپ كىچىككىنە بىر قول چامادانىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ياش ۋاقىتلىرىمدا، دادام بىلەن بىللە سودىگەرچىلىك قىلغان يۇرتلارنى بىر ئارىلاپ كېلەي... — ئۇنىڭ كۆزلىرى نامەلۇم نۇقتىلاردا كېزىپ يۈرەتتى، — دادامنى بەك سېغىندىم. ئوغۇللىرىم، پالۋانلىرىم! ئاچىلىرىڭلار ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن سىلەرگە ئامانەت...

ئۇ سەل مۈكچەيگەن، يۈزى سارغىيىپ نەچچە ياش قېرىپ

كەتكەندەك بولۇپ قالغان، نەچچە كۈن ئاۋۋالقى سالاپىتى يوقىلىپ ئاجىز بوۋايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ بالىلىرىنىڭ چىرايىنى يۈرىكىدە ساقلىۋالماقچىدەك سىنچىلاپ، ئۇزاق قاراپ كەتتى.

مەيىنگار خېنىم ئۇنىڭ تۇنجى قىزى، تولىمۇ ئەقىللىك، سۆيۈملۈك مەلىكىسى ئىدى. دادىسى بىلەن تەڭ ئەرلەردەك ئولتۇرۇپ جاھاننىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشالايتتى. سودا، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ مەسلىھەتلىشەلەيتتى. پىكرى ئۆتكۈر، كاللىسى ئوچۇق، ئۆز ئالدىغا خاراكتېرى بار ئىدى. ئۇ بۇ مەلىكىسىنى ئويلىسىلا قەلبىدە قۇياش پارلىغاندەك دىلى يورۇپ، يىراقتىكى قىزىنى ئوتتەك كۆرگۈسى كېلىپ تۇرالماي كېتەتتى.

ئايىنگار خېنىم ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغان مىجەزىنى تارتقان، قەلبى مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان، ئۆزىنى سورايدىغان، قىزغىن، چىداملىق قىزى ئىدى. بۇ قىزى يېنىدا بولسىلا ئۇ خۇددى تولىمۇ پۇختا بىر تال تانىنى تۇتۇپ كەلكۈندە دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندەك خاتىرجەم تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى.

قۇتبىدىن ھاجىمنىڭ ئىسمىنى دادىسى قويۇپ بەرگەنىدى. «قىزلارغا ئۆزلىرى خالىغان ئىسمىنى قويدىلا، ئوغۇللىرىغا مەن ئۆزۈم تاللاپ ئىسىم قويۇپ بېرەي» دېگەنىدى دادىسى تۇنجى قېتىم قۇتبىدىن ھاجىمنى قولىغا ئالغاندا. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ نەزىرى چۈشكەن مۇلايىم، باغرى يۇمشاق، كۆيۈمى بار، ئىچىگە نۇرغۇن خۇشلۇق - خاپىلىقلارنى سىغدۇرۇپ تۇرۇپمۇ كۈلۈپ ياشىيالايدىغان ئېسىل مىجەزلىك بۇ بەردەم ئوغلىغا چىدىمايتتى.

شەمشىدىن ھاجىم ئەقلى توختىغاندا كۆرگەن ئوغلى. بۇ بالا دادىسىغا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى، ئەقىللىكلىكىنى، يىراقنى كۆرەرلىكىنى، چىداملىقلىقىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئوغلى بىلەن مۇڭداشسا، ئازادە تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. پاراڭلىرى تۈگىمەيتتى. جاھاننىڭ قايسى يېرىدىن گەپ بولسا ئىككىلىسى تەڭلا شۇ پاراڭغا چۆكۈپ كېتەتتى.

باھادىرخان ھاجىم ئەمدى ھەممىنى تاشلاپ كەتمەكچى. دادىسىنىڭ نەزىرى چۈشكەن تەۋەررۇك ئوغلىنى، سىرداش چوڭ قىزىنى، ئۆزىگە دۇنيانىڭ غەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويالايدىغان ئايىنىگار خېنىمنى، ياشلىقىنى ئىسىگە سېلىپ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان كىچىك ئوغلىنى، ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ماكانىنى، شۇ ماكاندىكى نەچچە يۈز يىل ئۆچمەي كەلگەن چىراغنى تاشلاپ كەتمەكچى.

ئۇنىڭ يۈرىكى چىممىدە قىلىپ سانجىلدى. ئۇ كىچىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

— دادا !

— دادا ...

بالىلارنىڭ يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تەكرار ـ تەكرار سانجىلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئۇ بۇرۇنقىدەك گۈرسۈلدەپ كوچىنى تىترىتىپ ئەمەس، كەچلىك سەيلىگە ماڭغان ئادەمدەك ئاستا قەدەملەر بىلەن كوچا دوقمۇشىدىن غايىب بولدى...

2014 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەردە تاماملاندى. 2014 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەردە قايتا تۈزىتىلدى.

# ئاي پەسلى ( رومان )

—— رېئال تېمىدىكى ئەسەر

ئاپتورى: ئاتىكەم سىدىق ئايقوت
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ھاشىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13
نەشرى: 2016 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2016 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1-3000
كىتاب نومۇرى ISBN 978 - 7 - 228 - 19557-2
باھاسى: 37.00 يۈەن